سۇلايمان ئابدۇرېھىم




# كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى :جەۋلان جېلىل

ISBN 7-228-06141-1

ISBN7 - 228 - 06141 - 1
I·2265(民文)定价:22.00元





سۇلايمان ئابدۇرېھىم

# كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە

(تارىخىي رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جىلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جەۋلان جىلىل
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت

كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە
(تارىخىي رومان)
سولايمان ئابدۇرېھىم
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
ئۈرۈمچى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 —— 1
ISBN7 —— 228—06141—1/I · 2265
باھاسى: 22.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

يازغۇچى سۇلايمان ئابدۇرېھىم 1936 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىسىدە ۋەتەنپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1944 ـ يىلدىن 1951 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى. 1951 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە قاراشەھەر ۋە چاقىلىق ناھىيىلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1957 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرلار كۇرسىدا بىلىم ئاشۇردى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا تارىخ پېنىگە ئىشتىياق باغلاپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ دەسلەپكى تەتقىقاتىنى باشلىغان بولسىمۇ، ئاپەتلىك يىللاردا ھەر خىل سىياسىي زەربىلەرگە ئۇچراپ، قولىغا قەلەم ئالالمىدى. ئۇ 1979 ـ يىل 4 ـ ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتا تەقسىم قىلىنىپ، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

سۇلايمان ئابدۇرەھىم 1988 ـ يىلى چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە بۇ جەرياندا ئۇ ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى ھەم خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «سۆيگۈخان» دراممىسىنى رەتلەپ چىقتى، كېيىن «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى»دە تۇنجى ئەسىرى بولغان «پونكىت ئالدىدا» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلدى.

سۇلايمان ئابدۇرەھىم كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلاپ، ئۇيغۇر ۋە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىدىن «شاھنامە» قاتارلىقلارنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن مول ئىلمىي ئوزۇق ئالدى. ئۇ يەنە 50 ـ يىللاردىن باشلاپ رۇس، ئۆزبېك، قازاق، تاجىك، تۈركمەن، تاتار، ئەزەربەيجان، تۈرك، ھىندى ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىق يازغۇچىلار. نىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. بولۇپمۇ ئا. س. پۇشكىنىنىڭ «كاپىتان قىزى» ناملىق رومانى ئۇنىڭدا چوڭ. قۇر تەسىر قالدۇردى. مۇشۇ ئاساستا ئۇ تۇرپان، پىچان قاتار. لىق جايلارغا بېرىپ، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئەينى ۋاقىتتىكى نەق مەيداننى بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق تۇنجى قېتىم «گۆر ئاغزىدىن يانغانلار» ناملىق تارىخىي رومانىنى يېزىپ چىقتى.

بۇ كىتابنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى. گە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن يولداش جېلىل مۇھەممەت كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردى.

ئاپتور يەنە ئىككىنچى رومانى «ئۇنتۇلغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغاندىن كېيىن مۇھەررىرلەر. نىڭ ئەستايىدىل پىكىر بېرىشى بىلەن قايتا ئىشلەپ نەشرىياتقا يوللىدى. قولىڭىزدىكى بۇ — «كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە» ئۇنىڭ ئۈچىنچى رومانى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئاپتورغا يەنىمۇ غەيرەت ۋە ئۇتۇق تىلەيمىز! . . .

# ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كىتابخان!

ھەرقانداق ئىشنى ئاياللارسىز قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئايالار پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى. شۇنداقلا پۈتۈن بىر مىللەتنى تۇغىدىغان ئانا. ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ شۇنداق. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپلا ئەرلەر بىلەن بىللە كۈرەش قىلىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ تارىختا شانلىق ئىز قالدۇرغان. لېكىن، ئۇلار تارىختا ئىلاھىيەتچىلىك بىلەن ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشاپ، ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلەردە ئۆز ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، زۇلۇمنى پاچاقلاپ تاشلاپ زالىملارنى يوقىتىش، ئازادلىققا، ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ئەرلەر بىلەن تەڭ مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ كەلگەن.

مەسىلەن، 1765 ـ يىلى ئۈچتۇرپاندىكى قوزغىلاڭدا مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى جەڭ قىلغان يەتتە قىز ۋە 1826 ـ يىلىدىكى باتۇر قەشقەر قىزى نۇزۇگۇم، 1945 ـ يىلى گومىنداڭغا قارشى غۇلجا ھەرەمباغدىكى قانلىق جەڭدە قۇربان بولغان رىزۋانگۈل قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن تارىخقا ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق شەجەرىسىنى يېزىپ قالدۇردى. بۇ توغرۇلۇق يازغۇچىلىرىمىز قولىغا قەلەم ئېلىپ، بۇ قەھرىمان خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدە ناھايىتى

ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش پائالىـ-
يىتى ۋە ئۇلۇغ ئىنقىلابىي خىسلىتىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە تو-
نۇشتۇردى.

«چۈجە خوراز بىلگىنىنى چىللايدۇ» دېگەندەك مەن بۇ ئەسىرىمدە هازىرغىچە هېچكىم تىلغا ئالمىغان — 1933 - يىلدىكى دېهقانلار قوزغىلىڭىدا قولىغا قورال ئېلىپ، ئەرلەر بىلەن تەڭ تۆت يېرىم يىلغىچە قان كېچىپ جەڭ قىلغان دېهقان قىزى هاشىخان توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. ئۇ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشتە ئەرلەر بىلەن تەڭ جەڭ قىلىپ، كۆپلىگەن قەهرىمانلىق ئىشلارنى قىلغان هەم قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا باشـ-
قىلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، هەممەيلەننىڭ «تۆەنجاڭ» دەپ هۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇ چاغلاردا جاهان قاراڭغۇ ئىدى. ئايالـلار «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەپ كەمسىتىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئايال قوزغىلاڭچى ئۈزىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل - پاراستى ۋە جاسارىتى بىلەن هەممىنى قايىل قىلغان.

مەن كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىش پائالىيەتـ-
لىرى هەققىدە ماتېرىيال توپلاپ، خام ماتېرىيالنى قايتا - قايتا ئەمەلىي پاكىتتىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم. يازغانلىرىمنىڭ هەممىسى راست، پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

**ئاپتور**

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كۆك پەيتۇن ...... 3

ئىككىنچى باب قوزغىلاڭ ...... 17

ئۈچىنچى باب يامۇلنىڭ ئېلىنىشى ...... 31

تۆتىنچى باب تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق ... 43

بەشىنچى باب يۇرت بىزنىڭ ...... 51

ئالتىنچى باب تاش يۈرەك ...... 67

يەتتىنچى باب قانلىق جەڭ ...... 80

سەككىزىنچى باب دېھقان قىزى ...... 90

توققۇزىنچى باب مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ...... 112

ئونىنچى باب كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە ... 127

ئون بىرىنچى باب پەرىشتە جەڭگاھتا ...... 145

ئون ئىككىنچى باب تارىم بويىدا ...... 166

ئون ئۈچىنچى باب سۈركىلىش ...... 182

ئون تۆتىنچى باب جامال بىلەن تۇردىجان ...... 199

ئون بەشىنچى باب ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ مەنسەپخورلۇقى .. 213

ئون ئالتىنچى باب قاپقان ...... 236

ئون يەتتىنچى باب «يولۋاس» قەپەستىن چىقتى ... 246

ئون سەككىزىنچى باب «قوزغۇن» نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ... 273

ئون توققۇزىنچى باب جازا ...... 284

يىگىرمىنچى باب غەلىتە كارۋان ······················ 306

يىگىرمە بىرىنچى باب «سوپى هاجى» نىڭ ھىيلىسى ······ 314

يىگىرمە ئىككىنچى باب تاختا پەرە دۆڭدە ················ 329

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئەسىرلىكتىن قېچىش ·············· 346

يىگىرمە تۆتىنچى باب قوزغىلاڭچىلار قورشاۋدا ·········· 360

يىگىرمە بەشىنچى باب مالەنجاڭغا سوۋغا ················ 382

يىگىرمە ئالتىنچى باب سىرلىق دىۋانە ···················· 400

يىگىرمە يەتتىنچى باب ماخۇسەننىڭ بۇيرۇقى چاقىلىقنى تۇزلىۋېتىڭلار· 418

يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئارىغا چايان كىردى ·············· 441

يىگىرمە توققۇزىنچى باب مەلئۇنلار گۇرۇھى ·············· 463

ئوتتۇزىنچى باب سۈيىقەست ························ 472

ئاخىرقى سۆز ···································· 495

— ئابدۇكېرىم ئەلەم قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز هاجىم ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر بىللە كەپتۇ، — دېگەن خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ كەتتى. بۇ خەۋەر كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن - ئېغىزىغا كۆچۈپ خۇش خەۋەر سۈپىتىدە هەممە يەرگە يەتكۈزۈلدى. ئارقىدىنلا يەنە:

— ئۇلار بىلەن يەنە بىر پەرىشتىمۇ بىللە كەپتۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ نۇسرەت تاپالىشىمۇ شۇنىڭدىنمىش. ئۇ كۈندۈزى بېشىغا ياغلىق چىگىپ، بېلىگە تاپانچا ئېسىپ يۈرەرمىش. كېچىسى بولسا غايىب بولارمىش. يەنە ئەتىگىنى سۈبهى كۆتۈرۈلگەن چاغدا بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالارمىش. . . — دېگەن سىرلىق خەۋەر پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ئاياغقا تۇرغۇزۇۋەتتى. ئۇلار ياش - قېرى دېمەي هەممىسى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەهەللىدىكى جايىغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن يۇرت بايرام تۈسىنى ئالدى. كونا يامۇلدىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جايىغىچە بولغان يوللاردا ئادەم مىغىلدايتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەم باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ۋە خوجىنىياز هاجىم ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ باشلىقى تۇردى يىڭجاڭ هەم هاكىم گاجىت بەكرى قاتارلىق كىشىلەر يۇرت خەلقى بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشلۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر هەپتىگىچە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەهەللىدىكى جايىدىن ئادەم ئۈزۈلمىدى. ئەلۋەتتە كەلگەنلەر قۇرۇق قول كەلمەيتتى. ئۇلار كونىلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنئەنىسى بويىچە ئىش قىلاتتى. قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن بەزىلەر قوي، كالا ئېلىپ كەلسە، بەزىلەر ئاشلىق، ماي، يەم - بوغۇز، بېدە - سامان ئېلىپ كېلەتتى. يەنە بەزىلەر كىگىز، كىيىم - كېچەك، چېدىر ئۈچۈن پالاس

ئېلىپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز، تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغىنى چۈجە ـ خوراز» دېگەندەك ھەممە ئادەم ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھالىغا يارىشا قوزغىلاڭچىلارنى قوللايتتى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

قىش كۈنى، ھاۋا سوغۇق بولۇشىغا قارىماي بەزى ئادەملەر ئەتىگەن كېلىپ كەچكىچە شۇ يەردىن كەتمەيتتى. ئۆتكەن ـ كەتكەنلەرگە سەپسالاتتى. ھەممىسى بىرلا ئادەمنى ئىزدەيتتى. ئۇ بولسىمۇ، بېلىگە تاپانچا ئاسقان «پەرىشتە» ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا قورال تۇتقان ئايال زاتىنى تېخى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، ھەممە ئادەم كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا تەرىپلەنگەن ئايالنىڭ «پەرىشتە» ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەنگەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى ۋە ئاجايىپ گۈزەل چىرايىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى. شۇنداقلا «خاسىيەتلىك پەرىشتە» توغرىسىدىكى ھېكايە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى.

# بىرىنچى باب

# كۆك پەيتۇن

ئۇ چاپسان دەسسەپ يېنىمدىن ئۆتكەندى، ئۇنىڭ ئېتىكى ماڭا تېگىپ كەتتى.
— «چىڭگىزخان» رومانىدىن

1933 - يىلى يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.

ھاۋا تۇتۇق ۋە سوغۇق. ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كەتكەن. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان توختىماي قار يېغىۋاتاتتى. قار بەزى جايلاردا تىزغا چىققانىدى. قاش قارايغان چاغدا باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ شەھەردىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىر دانە تۆت ئات قوشقان كۆك پەيتۇن كەلدى. پەيتۇننىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان قارا ئاتلىق:

— كەلدۇق، — دېدى ھارۋىكەشكە، — مۇشۇ ئۆي، مەن كىرىپ خەۋەر قىلاي، — شۇنداق دېگىنىچە ئۇ بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان يوغان دەرۋازىلىق ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

— ۋوھ - ۋوھ، — دەپ ھارۋىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى.

پەيتۇننىڭ توختىشى بىلەن ئارقىدىن كېلىۋاتقان يەتتە - سەككىز ئاتلىق دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار باشلىرىغا ئوخشاش تۈلكە قۇلاقچا، ئۈستىگە قارا سوكنادا تاشلانغان جۇۋا، پۇتلىرىغا پىيما كىيىۋالغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كىيىم -

كېچەكلىرى بىلەن ئاتلىرى قاردا چۆمكىلىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. ئاياغ ئاستىدىكى قار ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ دەسسىشىدىن توختىماي غاچىلدايتتى. شۇ چاغدا پەيتۇن ئىچىدىكى ئادەم يانچۇقىدىن ئالتۇن زەنجىرلىك سائىتىنى چىقىرىپ ھەمراھىغا:
— سائەت بەش بوپتۇ، — دېدى.
بىردىنلا ئالدىدىكى يوغان دەرۋازىنىڭ يەنە بىر قانىتىمۇ قىشنىڭ نەم ھاۋاسىدا غىچىلداپ ئېچىلدى. ئىچكىرىدىن ئوتتۇرا بوي، توغرىلىق، قارا قاش، قاڭشارلىق، يوغان كۆزلۈك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئاتمىش ياشلاردىكى بىر قويۇق ساقاللىق كىشى ۋە شۇ كىشىگە ئوخشايدىغان ئىككى ياش يىگىت ۋە بىرنەچچە مالاي چىقتى. بۇ باھاۋۇدۇن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. باھاۋۇدۇن ھاجىمنى كۆرۈپ پەيتۇننىڭ ئىـ. شىكى ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن ئىككى ئادەم چۈشتى. ئۇنىڭ بىرسى ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، توغرىلىق، يوغان كۆزلىرىدە ئۇلۇغ ئىشلارغا ئۆزىنى ئاتىغان كىشىلەردە بولىدىغان قەتئىيلىك ۋە نۇرانىلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇستىدىكى قاما ياقىلىق سۆـ. سەر جۇۋىسى بىلەن بېشىدىكى قاما تۇمىقى ئۇنىڭ بەستىگە خوپ ياراشقان بولۇپ، چىرايلىق قىلىپ ياستىلغان كالتە ساقىلىنى ئاق ئارىلىغانىدى. ئۇنىڭ كۆپنى كۆرگەن كۆزلىرى دەرۋازىدىن چىققان كىشىلەرگە كۈلۈپ قارايتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنى دەرھال تونۇدى. ئۇ كىشى بولسا تۇرپان ئاستانىلىق مۇھتىلار ئائىلىسىنىڭ چوڭى داڭلىق سودىگەر، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلاڭچىلار باش شتابىنىڭ مەسلىـ. ھەتچىسى موسولباي ئىدى. يەنە بىرسى يېشى ئاتمىشتىن ئاشـ. قان، ئېگىز بويلۇق، شالاڭ ساقاللىق ئورۇق بىر ئادەم بولۇپ، تۇرپاندىكى نامى بار بايلاردىن ۋاڭ نىياز ئىدى. قالغانلار بولسا ئۇلارنىڭ كاتىپ، تەرجىمان ۋە باشقا مۇلازىملىرى ئىدى. يەنە

ئۇلار بىلەن كەلگەنلەر ئارىسىدا ئاتاقلىق زىيالىي تاھىربەگ، تىكەنلىكتىكى غوجەك ھاجىنىڭ ئوغلى يۇسۇپ رەئىس، قاسىم ھاجى دېگەنلەرمۇ بار ئىدى. تۇرپانلىق مېھمانلارنى شۇلار باشلاپ كەلگەن. چۈنكى، ئۇلار ھەر يىلى بىرقانچە قېتىم چاقىلىقتا كېلىپ باھاۋۇدۇن ھاجىلار بىلەن سودا قىلىپ كېتەتتى.

مۇھىتىلار ئائىلىسى بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىلار قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار دەسلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن قۇچاقلىشىپ يۈزلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن باھاۋۇدۇن ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بارلىق مېھمانلار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. چاكارلار مېھمانلارنىڭ قولىدىن ئاتلارنى ئالدى.

— بۇياق ۋاڭ نىياز ئاكام بولىدۇ، — دەپ يېنىدىكى ئادەمنى تونۇشتۇردى موسولباي باھاۋۇدۇن ھاجىمغا، — تۇرپاندىكى ئاتاقلىق تۆگىچى مۆتىۋەرلەردىن بولىدۇ.

— ئۇ زاتنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان. خۇدا بۈگۈن دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ. قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىشسىلا، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجى مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ، — ئىشىكىمىز سىلەرگە ھەر دائىم ئوچۇق.

موسولبايلار ئائىلىسى بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىمىن ھاجىلار قەدىناس دوستلار ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار تىجارەت بىلەن قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچىگە بارسا سىڭگىم ئېغىزىدىن قايرىلىپلا ئاستانىدىكى مۇھىتىلار ئائىلىسىگە كىرمەي ئۆتمەيتتى. سودا ئىشلىرىدا بىر - بىرىنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ تەڭ بەھرىمەن بولۇشاتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ تەكلىپى بىلەن موسولبايلار چاقىلىقتا تۆمۈر ئاخۇن، ئىلى ئاخۇن پالگان دېگەن ئادەملىرىنى تۇرغۇزۇپ، چاقىلىقنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئوۋ مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغا، بۆكەن مۈڭگۈزلىرى، ئەسىرى - سۇلەيسۇن تېرىلىرى، يۇڭ - تېرە ۋە تىۋىتلارنى سېتىۋې-

لىپ سودىنى جانلاندۇرغان ۋە كۆپ مىقداردا پايدا كۆرگەندى. شۇڭا، بۇ قېتىم موسولبايلار، باھاۋۇدۇن ھاجىلارغا ھېچقانداق خەۋەر بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۆز ئۆيىگە كەلگەندەك ئىشەنچ بىلەن كەلگەن ۋە ياخشى قارشى ئېلىنغاندى. كۆپنى كۆرگەن، تالاي ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان بۇ سودىگەر باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ خۇش تەبەسسۇمىغا قاراپلا «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دېگەن شۇ دەپ ئويلاپ ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلمايلا باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ چوڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ، پۇتلىرىدىكى پىيما كالاچلىرىنى سېلىۋېتىپ گىلەم ئۇستىگە سېلىنغان كۆرپە ئۇستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە «ئامىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۈزلىرىنى سىلاشتى.

— ھاجىم تەنلىرى تازا، ئۆيئىچى تىنچ - ئامانمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى موسولباي باھاۋۇدۇن ھاجىمدىن.

— خۇداغا شۈكۈر. خوش كېلىشىپلا مېھمانلار، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجى ئوچۇق چىراي بىلەن، — ئازادە ئولتۇرۇشسىلا. بۇ ئۆينى ئۆز ئۆيىمىز دەپ بىلىشسىلە.

مېھمانلار يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە چوڭ بىر ئەركەك قوي سويۇلۇپ تەييار بولدى. شۇ كېچىسى باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئازادە مېھمانخانىسىدا تۈن نىسپىگىچە چىراغ ئۆچمىدى.

* * *

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ مېھمانخانىسىدىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قالايمىقان ئادەملەرنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ھويلىنىڭ ئالدى ۋە كەينى دەرۋازىسىغا مەخسۇس ئادەم قويۇلدى. بۇ ئىشقا ۋاڭ نىيازنىڭ كاتىپى ياڭ

داۋۇر ئۆزى كۆز ـ قۇلاق بولدى. موسولباي تەجرىبىلىك تىجا-
رەتچى بولۇپلا قالماي، يەنە ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىمۇ
كۆپ تەجرىبىسى بار ئادەم ئىدى. ئۇ، بىر قاراپلا كىمگە قانداق
مۇئامىلە قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، «سۇنى سەپ سىڭ-
گەن يەرگە» دېگەن تەمسىلگە بەك ئەمەل قىلاتتى. بىر ھەپتىدىن
بۇيان ئۇ باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يۇرت چوڭلى-
رىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ سالىمىنى
يەتكۈزدى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. چۈنكى، بۇ يۇرتتا
لوپلۇقلار[1] ۋە ئالتە شەھەرلىكلەر ئارىلىشىپ ئولتۇرغان بولسى-
مۇ، لوپلۇقلارنىڭ باشقىلارنى يەكلەش خاراكتېرى بەك كۈچلۈك
بولغاچقا ئالتە شەھەرلىكلەرنى ئاسان، ئارىغا ئالمايتتى. شۇ
سەۋەبتىن پۇختا مەسلىھەتلىشىپ، ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈ-
رۈش، بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت
ئۇلۇغ ئىنقىلابىي كۈرەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىم
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن موسولباي كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەتلى-
شىپ، يىراقتىكى يېزىلارغا باھاۋۇدۇن ھاجى نامىدىن مەخسۇس
ئادەملەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار ۋاششەرىدىن ئوسمان شاڭيۇ بىلەن
مۇھەممەت قۇربان ئەلەم، مىرەندىن ھاشىم شاڭيۇ، يېڭسۇدىن
ئىمىن ئەلەم، ھىدايەت ئەلەم قاتارلىقلار چاقىرىلدى. ئۇلار
يېتىپ كەلگۈچە ناھىيە ئىچىدىن ئەيسا قازى ئاخۇنۇم بىلەن
ئابدۇكېرىم ئەلەمنى، سودىگەرلەردىن ئىمىن ھاجىم، ناسىر
ھاجىم، ئىلى ھاجىم ۋە قاسىم ھاجىمنى، بەگلەردىن ئېزىز
ھاجىم، مۇھەممەتشاھاجىم، ھاشىمبەگ، ناسىربەگنى، باشقا
يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن نىياز مىراپ، سامساق كۆكبېشى، خۇدا
بەرگەن كۆكبېشى، پولات ھاجى، قادىر موللا، قۇتلۇغمەت

---

① لوپلۇقلار — ئەسلىدە قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان ئۈچ قەبىلىنىڭ بىرى
چىگىللارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىلىۋازلىق خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك.

موللا، باجگىر ئىسمائىل شاڭيۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ پىكىردە بىرلىككە كېلىۋالدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ئوڭۇشلۇق بولدى. چۈنكى، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ خەلق ئىچىدە، «قۇمۇلدا ئاق-مىش، تۇرپاندا كۆكمىش» دېگەن مىش - مىش خەۋەرلەر تارقى-لىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاچىل - ئاچىل، گۇل ئاچىل» دېگەن ناخشا پەيدا بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغانىدى. شۇنداقلا بىرنەچچە يىللار بۇرۇن جەنشىكوي تۇەنجاڭ بولۇپ تۇرغان چاغلاردا خەنزۇلار ئاچقان قاۋاقخانا، ئەپيۇنخانا، گۆرۈخانا ۋە پاھىشىخانىنى تاقاشنى تەلەپ قىلغاندا خەلقنىڭ بۇ ھەققانىي تەلىپى رەت قىلىنغانىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - سېلىق بەك كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق بارغانچە نامراتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ-نىڭ ئۈچۈن موسولبايىنىڭ كىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ھەقىقەتەن نەتىجىلىك بولدى. شۇنداق قىلىپ باشتا قانداق بو-لار؟ دەپ ئەندىشە قىلغان سۆھبەت ياخشى نەتىجە بەردى. بولۇپ-مۇ ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن ئېزىز ھاجى بۇ ئىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. بۇلار «ھە» دەيدىغانلا بولسا پۈتۈن يۇرت ئورنىدىن دەس تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاسانلا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى خوجىنىياز ھاجىم ۋەكىللىرىنى كۆپ خۇشال قىلدى.

*　　　*　　　*

1933 - يىل 1 - فېۋرال. شەرقتىن ئىزغىرىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

ھاۋا سوغۇق. ئەتراپ قارغا كۆمۈلگەن. كوچىدا ئادەم ھەر كۈندىكىدىن سەل كۆپىيىپ قالغان ۋە توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرات-تى. ئاياغ ئاستىدىكى قار توختىماي غاچىلدايتتى. باھاۋۇدۇن

هاجىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى جايى قارىماققا ئادەتتىكى چاغلارغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتە چوڭ ھويلىنىڭ ئىچى بايرام تۈسىنى ئالغانىدى. ھەممە ئادەم ئالدىراش. ئالدى ۋە كەينى دەرۋازىلارغا مەخسۇس قاراۋۇل قويۇلغان. شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى تۇتاش كەتكەنلىكتىن ئۆگزىگىمۇ قاراۋۇل قويۇلغان بولۇپ، بۇ قاراۋۇللار مورىلارنىڭ كەينىدە ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكىپ ھوشيارلىق بىلەن ئولتۇرۇشاتتى ۋە بىر سائەتتە بىر قېتىم ئالمىشاتتى. يەنە كېلىپ قاراۋۇللۇقنى مەخسۇسلا موسولبايىنىڭ يىگىتلىرى قىلاتتى. بۇگۈن مېھمانلار-نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە بارلىق غىزالارنىڭ پادىشاھى — شايى سۇلتان پولو ئېتىلمەي، مېھمانلارنىڭ تەلى-پى بويىچە مەخسۇس شورپا قىلىنىدى. ئاش ۋاقتى بولغاندا كو-چىغا قارىغان چوڭ دەرۋازا «دوك - دوك» قىلىپ قېقىلدى. ئاۋازنى ئاڭلاپ باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى دەرۋازىنىڭ يېقىنىدىكى دوكاندىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ، مېھمانلارنى تونۇدى ۋە كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى-نى ئاچتى:

— مەرھەمەت ئاخۇنۇم، — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— نېمىگە ئانداق دەرۋازىنى تاقىۋالدىڭ غوجام؟ — دېدى يوغان سەللىلىك ئادەم ۋە ئالدى بىلەن كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن باشقىلار ماڭدى. بۇ ئابدۇكېرىم ئەلەم ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئىدى.

— ئېھتىيات قىلدۇق ئاخۇنۇم...

— ھە... ھە ئېھتىيات قىلدۇق دېگىن.

دەرۋازىنى ساقلاشنى موسولباي ھەممە ئادەم بىلەن تونۇش بولغان باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ سودىگەر ئوغلىغا تاپشۇرغانىدى.

— بىز چاقىرمىغان ياكى تونۇمىغان ھەرقانداق ئادەم كىرمىسۇن، — دېگەنىدى تاپىلاپ.

چۈشكە يېقىن ھەممەيلەن يىغىلىپ بولدى. ئۇلار ئىككى چوڭ مېھمانخانىغا يىغىلىپ، راسا پىشىپ تەييار بولغان سېمىز قوي گۆشى بىلەن ساپسېرىق يېغى تېمىپ تۇرىدىغان يۇمشاق قاتلىمىنى ھوزۇرلىنىپ يېيىشتى. دۇئادىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ خوجىنىياز ھاجىم ۋەكىللىرىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كېتىشتى.

*　　　*　　　*

باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئاتمىش كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چوڭ مېھمانخانىسى، ئۆي ناھايىتى ئىسسىق، مەشتە ئوت گۈركىرەپ كۆيمەكتە 鮏 ئىدى. ئۆينىڭ شىمالىي تېمىنىڭ يېرىمىغا يېشىل سىردا سىرلانغان كات قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى ھەر خىل نەقىشلەر بىلەن رەڭمۇ رەڭ قىلىپ بېزەلگەن. بۇ كاتنىڭ ئوتتۇرىسى مەخسۇس ساندۇق، ئىككى بېشىغا مەخسۇس بەشتىن ئون دانە تارتما ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كاتنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە تاۋار - دۇردۇن يوتقان - كۆرپە ۋە ماموق ياستۇقلار يىغىپ قويۇلغان بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا مېھمانلارنىڭ قىممەت باھالىق جۇۋىلىرى قاتلاقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ ئۇدۇل ۋە يان تەرەپلىرىدىكى تاملاردىكى قاتار كەتكەن تەكچىلەردە ھەر خىل جانان قاچىلار ۋە ھەر تۈرلۈك چوڭ - كىچىك كىتابلار تىزىقلىق تۇراتتى. شەرقىي تامدىكى نەقىشلىك چوڭ مورا ئوچاقتىمۇ ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۆي بەكمۇ ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئالدى غەربكە قارىغان چوڭ قوش قاناتلىق ئىشىك تەرەپتىكى تامدا ئىككى دانە چوڭ دېرىزە بولۇپ، پېشايۋان ئاستىدىكى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. شۇنداقلا ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ۋاساجۇپ قىلىنغان تورۇسنىڭ ياغاچ ئويمىلىرى ھەم ئۇستا ھۈنەرۋەننىڭ قولى بىلەن قىلىنغان ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلەرنى ئارانلا

يۇرۇتۇپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ نەقىشلەر كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى. ئۆيگە تولدۇرۇپ سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە تامدىكى ئانار گۈللۈك قارا چىت زەدىۋال تېگىپ تۇراتتى. تام ياقىلىتىپ سېلىنغان يېكەنداز ئۈستىدە كىشىلەر يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. مورا ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرپانلىق مېھمانلاردىن ۋاڭ نىياز، موسولباي، تاھىربەگ ئۇنىڭ يېنىدا بەگلەردىن ئېزىز ھاجىم، ھاشىمبەگ قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ يېنىدىن سودىگەرلەردىن ئىمىن ھاجىم، ناسىر ھاجىملار ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ئاتاغلىق ئۆلىما قادىر ئىشانىم، ئەيسا قازى ئاخۇنۇم، ئابدۇكېرىم ئەلەم ئىمىن ئەلەم، ھىدايەت ئەلەم، مۇھەممەت قۇربان ئەلەم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئولتۇرۇشتى. قالغانلارمۇ ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە ئولتۇرۇشتى. باھاۋۇدۇن ھاجىم ساھىبخان سۈپىتىدە مەشنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە موسولبايغا:

— ھەممەيلەن كېلىپ بولدى، — دېدى.

موسولباي يېنىدا ئولتۇرغانلارغا قاراپ بېشىنى ئەگكەندى.

— خوش ئۆزلىرى بىرنېمە دېسىلە، — دېدى ۋاڭ نىيازمۇ بېشىنى ئېگىپ، — ئاۋۋال قازى ئاخۇنۇم قۇرئان كەرىمدىن بىر نەقىل كەلتۈرۈپ بەرسۇن.

— بەك ياخشى گەپ بولدى، — دېدى موسولبايمۇ، — قېنى قازى ئاخۇنۇم ئىككى ئېغىز گەپ قىلسىلا.

ئەيسا قازى ئاخۇنۇم يېنىدا ئولتۇرغان قادىر ئىشانغا قاراپ:

— قېنى ئۆزلىرى بىر نەرسە دەپ بەرسىلە، — دېدى.

قادىر ئىشان كاتتا ئۆلىما بولغاچقا، تەكەللۇپ قىلماي ۋە قۇرئانغىمۇ قارىماي تۇرۇپلا بىر ئايەتنى ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دەپتۇرلەركى: «ھەربىر مۇسۇلمان بەندىسى كۇپارلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى غا-

زات قىلىشى لازىم. بۇ يولدا ئۆلگەنلەر شېھىت، قالغانلار غازى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ» ئۇ يەنە بىر ئايەتنى ئوقۇپ چۈشەندۈردى: «بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغانلار ئۇدۇل دوزاخقا كىرىدۇ. قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا قارا قوپىدۇ.»

قادىر ئىشاننىڭ تەپسىر قىلىشى تۈگىدى. ئەمدى موسولباي سۆزلىدى:

— مەن ھەربىرلىرىگە خەلقىمىزنىڭ يول باشچىسى غازى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە:

— ئۇ، غازى ئاتىمىزغا ئاللاتائالا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، — دېيىشتى ھەم «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۈزلىرىنى سىلاشتى.

ھەممەيلەن ئۆز جايىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن موسولباي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھۆرمەتلىك جامائەت بىز ۋاڭ نىياز ئاكىمىز بىلەن خوجىنىياز ھاجىمغا ۋەكىل بولۇپ بۇ يەرگە كەلدۇق. خوجىنىياز ھاجىم خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان بىر باتۇر. ئۇ مۇشۇ ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان قۇمۇل خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جىن شۈرىن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قانلىق جەڭ قىلىپ كەلدى. شۇ جەرياندا ئۇلار ئازلىقتىن كۆپەيدى. ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى. نەتىجىدە بىزگە ئازادلىقنىڭ بايرىقىنى تىكلەپ بەردى. شۇ سەۋەبتىن بىز تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىمۇ قوزغالدۇق. جىن شۈرىن ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە ئاق ئورۇسلارنىڭ مىلتىق، پىلىموتلىرىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ جەڭ قىلدۇق. لېكىن، بىزدە قورال - ياراغ بولمىغاچقا نۇرغۇن ئادەم شېھىت بولدى. خۇدا ئۇلارغا جەننەت ئاتا قىلسۇن. شۇنداق بولسىمۇ

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھەممىلا يەردە قوزغىلىپ، قۇمۇللۇق غازىلارغا يار - يۆلەك بولدى ھەم ئاۋاز قوشتى. دۈشمەن ھازىر بىر تەرەپتىن تىترەپ تۇرۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن غالجىرلىشىپ بىگۇناھ خەلقىمىزنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز ۋاڭ نىياز ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چىڭخەيدىكى تۇڭگان قېرىنداشلاردىن ياردەم سوراپ ماڭدۇق① ھەم ھەربىرلىرىگە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدۇق. بۇ يەردىكى خەلقمۇ ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا قاپتۇ. بىر ھەپتىدىن بۇيانقى سۆھبەتتە ھەربىرلىرىنىڭ ھەم پۈتۈن يۇرت خەلقىنىڭ قوزغىلىشقا تەييار ئىكەنلىكلىرى مەلۇم بولدى. مەن ۋاڭ نىياز ئاكام بىلەن خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن تەشەككۇر بىلدۈرىمەن. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ھەممىمىز قوزغىلىپ زالىملارنى يوقىتايلى! ئەگەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرسەك ئىشنى قانداق باشلايمىز؟ ھەممىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئىش كۆرەمدۇق ياكى ئارىمىزدىن بىرقانچە كىشىنى سايلاپ بىر قوزغىلاڭچىلار شتابى قۇرۇپ، شۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە تەرتىپلىك، تەشكىللىك ئاساستا كۆرەش ئېلىپ بارامدۇق؟ شۇ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ باقساق! . . .

— باش بولمىسا تەن قانداق ماڭىدۇ؟ سەركە بولمىسا قوي چېچىلىپ كەتمەمدۇ؟ — دېدى كۆرۈنۈشىدىن باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان سامساق كۆكبېشى، — ئەلۋەتتە باشلىق سايلاپ شۇنىڭ رەھبەرلىكىدە شۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلمىساق، ھەممە ئىشىمىز مالىماتاڭ بولۇپ كېتىپ «موزاينىڭ يۇگۈرۈشى

① بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم تېخى تۇرپانغا كەلمىگەن. قارا نىيەت ماشىمىڭ خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن مەھمۇت مۇھىتىغا بىر پارچە يالغان خەت يېزىپ، ماجوڭيىڭنى ياردەمگە چاقىرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ماجوڭيىڭنى چاقىرىپ چىقىش دېگەن بىر نېمە پەيدا بولۇپ، شىنجاڭ خەلقىگە چوڭ بالايى - قازا ئېلىپ كەلگەن .

ساماندىقچە» بولۇپ قالامدۇ؟ . . .

— سامساق كۆكبېشى راست گەپنى قىلدى، — دېيىشتى ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن، — ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي باشلىقنى سايلايلى.

— ئەمىسە كىمنى باشلىق قىلساق بولۇر؟ كۆپچىلىك ئويلىنىپ بېقىشسىلا، — دېدى موسۇلباي ۋەزمىن ئاۋازدا.

كۆپچىلىك بىردەم غۇلغۇلا قىلىشىپ ھېلى ئۇنى - ھېلى بۇنى كۆرسەتتى. تالاش - تارتىش جەريانىدا ئۆزلىرىمۇ سەزمەگەن ھالدا بەزى تەرەپبازلىق خاھىشلىرىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇڭا، باھاۋۇدۇن ھاجىم موسۇلبايغا مۇراجىئەت قىلدى:

— جانابىي ۋەكىللەر بىر ھەپتىدىن بۇيان نۇرغۇن كىشى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. ئىككىلىرى ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ باقسىلا! كۆپچىلىك ئاڭلاپ باقسۇن.

موسۇلباي ۋاڭ نىيازغا قارىغانىدى. ۋاڭ نىياز:

— سىلەر ئۇيغۇرلاردا «موللا كۆپ يەردە قوي ھارام بولىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. بۇ يەردە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ئاخشامقى تىزىملىكنى ئوقۇپ باقسىلا. كۆپچىلىك ئاڭلاپ باقسۇن، — دېدى.

— ئەمىسە مەن ئوقۇپ باقاي، كۆپچىلىك ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇن بولسا كېسەرمىز قىسقا بولسا قوشارمىز، — دەپ موسۇلباي يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، — ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىز ھاجى، ھاشىمبەگ، قاسىم ھاجى، مەمەتشاھ ھاجى، باھاۋۇدۇن ھاجى، ۋاشھەردىن ئوسمان شاڭيۇ، يېڭىسودىن ئىمىن ئەلەم، مىرەندىن ھاشىم شاڭيو قاتارلىق توققۇز كىشى بىر شتاب بولۇپ قۇرۇلسا، ئۇنىڭغا ئابدۇكېرىم ئەلەم باشلىق، ئېزىز ھاجىم مۇئاۋىن باشلىق، باھاۋۇدۇن ھاجىم مەسلىھەتچى بولسا دېگەن تەكلىپنى بېرىمىز. ھەرقايسىلىرىنىڭ يەنە قانداق تەكلىپلىرى

باركىن؟ ! . . . ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئولتۇرغانلارغا تەكشى قا-راپ چىقتى. بىرەر ئادەمنىڭ چىرايىدىنمۇ نارازىلىق ئىپادىسىنى تاپالمىدى.

— ئوبىدان بوپتۇ. مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئەيسا قازى ئاخۇنۇم. قالغانلارمۇ، — مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن، — دەپ ۋارقىراشتى. شۇنداق قىلىپ موسولبايىنىڭ تەكلىپى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى. ئەسلىدە موسولباي ئېزىز ھاجىمنىڭ ئورنىغا ئالتە شەھەرلىكلەردىن بىرەرىنى قويۇشنى تەكلىپ قىلغاندا باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۇنىمىغانىدى:

— ئېزىز ھاجىم ئەڭ ياخشى نامزات. بىرىنچىدىن، بۇ كىشىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى، تەسىرى چوڭ. ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، باشقا ئا-دەمنى قويساق ئابدۇكېرىم ئەلەم بۆلۈنۈۋېلىپ چاتاق چىقىرىشى مۇمكىن. ئىنقىلاب لاگىرىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولسا، ياخشىلىققا ئېلىپ بارمايدۇ، — دېگەنىدى. شۇڭا، بەزىلەر ئېتىراز بىلدۈر-مەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەيسا قازى ئاخۇنۇم بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ قوللىغانلىقىنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى.

— ھاجىم قۇرئاننى ئېلىپ كەلسىلە، — دەپ موسولباي باھاۋۇدۇن ھاجىمغا قارىدى. ئۇ، بېرىپ كات ساندۇقىنىڭ ئۈس-تىدىن بىر دانە خۇرۇم جىلتلىق قۇرئاننى ئېلىپ موسولبايغا بەردى. قۇرئاننى ئالغان موسولباي كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلدى، — ھەممىڭلارنىڭ تاھارىتى بارمىكىن؟

— تاھارىتىمىز بار، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار بىر ئېغىزدىن.

— ئۇنداق بولسا قازى ئاخۇنۇم قۇرئاننى قوللىرىغا ئالسىلا. باياتىنقى توققۇز كىشى قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىدۇ. قېنى ۋاڭ نىياز ئاكا قەسەمنى ئوقۇڭ، — دەپ قولىدىكى قۇرئاننى ئەيسا قازى ئاخۇنۇمغا بەردى. ۋاڭ نىياز بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ

ئوقۇدى. باشقىلار ئۈنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇدى.

— مەن... ئىسلام دىنىغا سادىق بولۇپ، زۇلۇمنى يوقىتىشقا بەل باغلىدىم. جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، خەلقنى باشلاپ ئاخىرقى نەپىسىمگىچە كۈرەش قىلىمەن. ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. بۆلگۈنچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق قىلمايمەن. ئەگەردە ئۆز ئەھدىمدىن يېنىۋالسام مۇشۇ قۇرئان مېنى ئۇرسۇن. قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا يۈزۈم قارا قوپسۇن...

ھەربىر كىشى ۋاڭ نىيازغا ئەگىشىپ، يۇقىرىقى ئابزاسنى ئوقۇپ قۇرئاننى ئەيسا قازى ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىن ئېلىپ سۆيۈپ، پېشانىسىغا تەككۈزۈپ قايتۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ داغدۇغىلىق قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئاياغلاشتى. موسولباي خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن قوزغىلاڭچىلار شتابىغا ئون دانە مىلتىق، ئىككى ساندۇق ئوق، ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن ئېزىز ھاجىمغا بىردىن تاپانچا تەقدىم قىلدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم شۇ يەردىلا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئوسمان شاڭيۇغا بىر مىلتىق، ھاشىم شاڭيۇغا بىر مىلتىق، ئىمىن ئەلەمگە بىر مىلتىق بەرگەندى. لېكىن، ئىمىن ئەلەم:

— بىزنىڭ يېڭىسۇدا ئەسكەر يوق. ئوۋ مىلتىقلىرىمىز خېلى كۆپ. بۇ مىلتىق مۇشۇ يەردە كۆپرەك ئەسقاتار، — دېدى.

پېشىندىن كېيىن ھەممەيلەن تارقالدى. پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە رەسمىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارار قىلىندى.

# ئىككىنچى باب

# قوزغىلاڭ

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.
—— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

1933 ـ يىل 3 ـ فېۋرال تۈن كېچە.

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ. يەر يۈزى ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن. قار سوغۇقى جاندىن ئۆتەتتى. شەرقتىن چىقىۋاتقان ئىزغىرىن شامال تاڭ ئېتىشقا يېقىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. يېرىم كېچىدىن بۇيان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرالغۇسى بولغان كونا قورغان ئەتراپىغا ئۇستىگە جۇۋا كىيگەن، بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى ئېڭەكتىن ئېتىۋالغان كىشىلەر قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ئالغان ھالدا ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ كېلىشەتتى. لېكىن، ئاياغ ئاستىدىكى قار بولسا توختىماي غىچىلدايتتى. كېلىۋاتقانلارنىڭ گاھى بىرلىرىنىڭ قولتۇقىدا بىر ـ ئىككى تال ئوتۇن بار ئىدى. ھەممەيلەنگە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قورغان ئەتراپىغا يېتىپ بېرىپ، قورغاننى قورشىۋېلىش، بامدات نامىزىغا ئوقۇلغان ئەزاننىڭ ئۈنى ئاڭلانغان ھامان گۈلخان يېقىپ «ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل» دېگەن جەڭ ناخشىسىنى ئېيتىشقا بۇيرۇلغانىدى:

قۇمۇللۇق دېگەن باتۇر، ئاچىل،
تاشنىڭ ئۈستىدە ياتۇر، ئاچىل.
ئۆشىندە پەرەڭ مىلتىق، ئاچىل،
دۈشمەننى خىللاپ ئاتۇر، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل، (قايتۇرما)
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ئاچىل.

دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بىر - بىرىگە مەدەت بېرىش بۇيرۇلغاندى. ھەممەيلەن قورغان بىلەن ئىككى يۈز مېتىرچە ئارىلىق قالدۇرۇپ توختاشتى ۋە تاڭ سەھەردىكى ئەزاننىڭ ئاڭلىنىشىنى كۈتتى. قورغاننىڭ شەرق ۋە شىمالىي تەرەپلىرى قارلىق دالا ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ جۇۋا ۋە قولاقچىلىرىنى ئاپئاق قىرو باغلاپ كەتكەنىدى، قاتتىق سوغۇقتىن قورقۇپ شۇمشىيىپ قالغان جىن شۈرىن ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قورشىۋېلىشقا كەلگەنلىكىنى زادىلا سەزمەيتتى. قىش كېچىسى ئۇزۇن ۋە قاتتىق سوغۇق بولغاچقا قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن بەكمۇ جاپالىق ۋە تاڭ ئاتماس كېچە بولۇپ تۇيۇلاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى شەرقتىن چىقىدىغان چولپان يۇلتۇزدا ئىدى. سوغۇقتىن، بولۇپمۇ شەرقتىن ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئىزغىرىن شامالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلار گوداڭلارغا ياكى سۇ ئويۇۋەتكەن كامارلارغا كىرىۋالاتتى. دالدا جايلاردا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتى. لېكىن، قار بىلەن توشقان مۇنداق جايلاردا ئولتۇرۇش ناھايىتى تەس ئىدى. ئەزاندىن بۇرۇن ئوت قالاش، تاماكا چېكىش قەتئىي مەنئى قىلىنغانىدى.

ئاخىر قوزغىلاڭچىلار تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ۋاقىتقا ئاز قالدى. يىراق شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا چولپان يۇلتۇزى كۆرۈندى. ھەممەيلەن «ئۇھ» دەپ يېنىك نەپەس ئېلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي چولپان يۇلتۇزى خېلى كۆتۈرۈلدى. تەرەپ -

تەرەپتە ئەزان ئېيتىلىشقا باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆز ئۆيلىرىـ
دە تەييارلىغان سۇمايىغا چىلانغان مەشئەللەرگە ئوت يېقىپ،
كېچە ئېلىپ كەلگەن ئوتۇنلاردا گۇلخان يېقىلدى. مىڭلاپ گۇلـ
خان ئوتلىرى ئاسمان گۈمبىزىنى قىزارتىپ، تاڭ ئالدىدىكى
قاراڭغۇلۇقنى يورۇتتى. كونا قورغان ئوت چەمبىرىكى ئىچىدە
قالدى. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان قاراۋۇللار باشلىقلىرىغا
خەۋەر قىلىشقا ئالدىراشتى. كونا قورغان ئاجايىپ بىر غۇلغۇلا
ئىچىدە قالدى. ئوت يالقۇنىدىن شاتلانغان دېھقان قوزغىلاڭچىلىـ
رى گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ئاۋازلىرىنىڭ بارىچە ناخشا
ئېيتماقتا ئىدى. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخـ
شا ئاۋازى سەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلاپ، قورغان تاملىرىدىن
ھالقىپ ئۆتۈپ، جىن شۈرىن ئەسكەرلىرىنىڭ يۈرەكلىرىنى تىتـ
رىتەتتى. كونا قورغان ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى.

ئاستا ـ ئاستا تاڭمۇ ئاتتى. قورغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى
ئادەملەر ئاشكارا كۆرۈندى. جىن شۈرىن ئەسكەرلىرى قورغان
كونگۇرىلىرىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەتـ
راپتا يېقىلغان مىڭلاپ گۇلخانلار قوللىرىغا تاياق ـ توقماق،
پالتا، قىلىچ، قارا مىلتىق ئالغان سانجاق ـ سانجاق ئادەملەرنى
كۆرگەندە ئۇلارغا تىترەك ئولاشتى. مانا شۇلار تۈنۈگۈنلا ئۆزلىـ
رى ئۇچۇن ئوتۇن، سامان، ئاشلىق، گۆش ـ ياغ توشۇيدىغان
قۇللار ئىدى. بۈگۈن بولسا يانار تاغ پارتلىغاندەك ھۆركىرەشـ
مەكتە. . .

بۇ قورغان 1888 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، سەل كەم
يېرىم ئەسىر بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا زوزوڭتاڭ شىنجاڭنى
بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن بۇ يەر ئەسلىدە ياقۇپبەگنى
قەستلەپ ئۆلتۈرگەن خوتەن ھۆكۈمرانى نىياز ھېكىمبەگكە سۇـ
يۇرغال قىلىپ بېرىلگەنىدى. كېيىنرەك نىياز ھېكىمبەگنىڭ
ئىككى يۈزلىمىلىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى

تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئادىمى توقسۇنبەگ مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلانغان. ئۇ چاغلاردا چاقىلىق 1888 ـ يىلى قۇرۇلغان شىڭ پىڭ ناھىيە قارمىقىدىكى بىر بەگلىك بولۇپ، كۆنچىدىكى ناسىر بەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ يەرنى ناسىر بەگنىڭ ئورنىدا قۇربان غوجابەگ باشقۇرغان ھەم تۇرپانلىق زايىتبەگ نازارەتچى بولغان. شۇ يىلى ناسىر بەگ مۇشۇ قورغاننى سالدۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دورالدا[1] تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمىنى يۆتكەپ كەلگەن. بۇ قورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، شەرققە سوزۇلغان چوڭ كوچىنىڭ ئاخىرىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرق، شىمال تەرەپلىرى تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن، غەرب تەرىپى كوچا، جەنۇب تەرىپى چوڭ يول ۋە باغلار بىلەن ئورالغان. بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇش بىلەن خەلق ئۇستىدىكى ئالۋاڭ ـ سېلىق تېخىمۇ كۆپىيىپ، زۇلۇم كۈچىيىپ كەتكەن.

مىنگو قۇرۇلۇپ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر كۆپىيىپ بىر پولكقا يەتكەن. جەنشىكۇي تۇەنجاڭ بولۇپ تۇرغان زامانلاردا ئۇ گەنسۇدىكى ئۆز يۇرتلۇقلىرىدىن تەكلىپ قىلىپ مۇشۇ قورغانغا يېقىن جايدا ئەسكەرلەر ئۈچۈن پاھىشىخانا، قاۋاقخانا، قىمارخانا، ئەپيۇنخانا ۋە گۆرۈخانا ئاچقان. بۇ قىمارخانا، گۆرۈخانىلار ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەمنى مال ـ دۇنيادىن ئايرىپ تۇرغان. پاھىشىخانا، قاۋاقخانىلار ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. يەرلىك كىشىلەر ھاراقنى «ھارام» دەپ بىلگەچكە قاۋاقخانا خوجايىنلىرىنىڭ تاپاۋىتى ئانچە ياخشى بولمىغان. لېكىن، بەزى ئوغرى ـ قاراقچىلار پاھىشىخانىغا كىرىپ تەتەيلەرنى «تېتىپ»

---

① دورال — چاقىلىقتىن ئىككى يۈز كىلومېتىر شىمالدا، كورلا — چاقىلىق تاشيولىنىڭ بويىدا — ئاپتور.

باقڧان ھەم ئۆزلىرىنىڭ بۇ «تېتىپ» باقڧانلىقىنى داۋراڭ سې-
لىشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ پاھىشىخانىغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن
قاۋاقخانا خوجايىنلىرى پاھىشىخانا خوجايىنلىرى بىلەن تىل بى-
رىكتۇرۇپ، ئۇلارغا ھاراقنى ھەقسىز بەرگەن ۋە ھاراق ئىچكەندە
تەتەيلەرنىڭ تەمىنىڭ باشقىچە بولىدىغانلىقىنى چۇشەندۇرگەن.
شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ھەم ھاراققا، ھەم جالاپقا ئۆگىنىپ قال-
غان. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلۇپ، بەزى شاللاق
ياشلار يولدىن چىققان. شۇنداقلا پاھىشىخانىلار جەنۇبىي شىن-
جاڭدىن ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان ئاياللارنى ھەر خىل
ۋاستىلەر ئارقىلىق قولغا چۇشۇرۇۋېلىپ، ئۇياق - بۇياققا
ئۆتۈپ تۇرغان كارۋانلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشتا دەسمايە
قىلىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پاھىشىخانا، گۆرۈخانا، قاۋاقخا-
نا، قىمارخانا، ئەپيۇنخانىلار پۈتۈن خەلقنىڭ لەنەت نەپرىتىگە
قالغان. غەزەپلەنگەن خەلق ئۇلارنى تاقاشنى تەلەپ قىلغان بول-
سىمۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدە جەنشىكۇي[1]بولغاچقا ئۇلارغا ھېچكىم-
نىڭ كۈچى يەتمىگەن.

ياڭ زىڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جىن شۇرېن ھوقۇق تۇتقاندىن
كېيىن، جەنشىكۇي لۇيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، كورلىغا يۆتكەپ
كېتىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا جاڭ فامىلىلىك دۇمچەك بىر كىشى
كوماندىر بولۇپ قالغان. ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى «دوك يىڭجاڭ»
دەپ ئاتىغان. مانا بۇ «دوك يىڭجاڭ» قوماندانلىقىدىكى جىن
شۇرېن ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان كونا قورغاننىڭ ئېگىزلىكى
ئون مېتىر، ئايلانمىسى بىر كىلومېتىر، تۆت بۇرجىكىدە تۆت
دانە پوتەي، تاملىرى قېلىن ھەم كونگورىلىق، ناھايىتى يوغان،
ھەم قېلىن دەرۋازىسى جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ ئۈس-

---

[1] جەنشىكۇي 1933 - يىل 1 - ئايدا كورلىدا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلگەن.

ـتىدە ئالاھىدە ياسالغان راۋاق بار. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا يولنىڭ جەنۇبىدا چوڭ بىر كۆل بار. ئەسكەرلەر مۇشۇ كۆلدىن سۇ ئىچەتتى. قوزغىلاڭچىلار شتابى دۈشمەننى كۆلگە يېقىن كەلتۈر ـ مەسلىك ئۈچۈن كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى ناسىر ھاجىمنىڭ بېغىغا موسولباي ئېلىپ كەلگەن قوراللار ۋە ئوۋ مىلتىقلىرى بىلەن قوراللانغان مەرگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار باغنىڭ تېمى ـ دىن تۆشۈك ئېچىپ قورغان دەرۋازىسىنى قارىغا ئېلىشتى.

*　　　*　　　*

چۈش مەزگىلى. قۇياش پارقىراپ تۇرسىمۇ پۈتۈن جاھان ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەنىدى. شەرقتىن ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامال يۈزلەرنى يالاپ ئېچىشتۇرۇپ ئۆتەتتى. بۇنداق بولۇش ھەر يىلى باھار كېلىشتىن بۇرۇنقى بىر خىل ھادىسە ئىدى. دېمەك، ئۇزاق ئۆتمەي ھاۋا ئىللىپ باھار كېلىشتىن بېرىلگەن شەپە ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇ يەر، بۇ يەردىكى گۈلخان ئەتراپلىرىدا ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن نانلىرىنى ئوتقا قاقلاپ يۇمشىتىپ غاجاپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار پۈتۈن كېچە ئۇخلىمىغاچقا ھازىر گۈلخان ئوتلىرىنىڭ ئىسسىقىدا بەدەنلىرى بوشاپ مۈگدىشەتتى. ھەربىر مەھەللە بىر توپ بولۇپ قورشاۋغا قاتناشقانلىقتىن ئۇلار ـ نىڭ بەزىلىرى ئۇخلاپ يەنە بەزىلىرى قورغاندىن كۆز ئۈزمەيت ـ تى. پەقەت قورغان دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ناسىرھاجىمنىڭ بېغىغا جايلاشقان قوزغىلاڭچىلار جىددىي ھالەتتە ئىدى. ئۇلار ـ نىڭ كۆپچىلىكى ئوۋچى مەرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارغا دۈشمەننى دەرۋازىدىن چىقىشقا يول قويماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگە ـ نىدى. ئەگەر دەۋازىدىنلا چىقمىسا دۈشمەنلەر قورغان تېمىدىن سىيرىلىپ چۈشەلمەيتتى. ئەگەردە چۈشمەكچى بولغانلار سېزى ـ لىپ قالسا ئېگىز تامدىن چۈشۈپ بولغۇچە ئۇنى قوزغىلاڭچىلار

جەھەننەمگە يولغا سالاتتى. شۇڭا، قورغان دەرۋازىسىنى كۆزد-
تىش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ئەگەردە سەللا بىخەستەلىك
قىلىنسا ياخشى قوراللانغان دۈشمەن دەرۋازىدىن چىقىپ قوزغى-
لاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىشى ياكى قورغان ئالدىدىكى كۆلدىن سۇ
ئېلىپ پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا مەرگەنلەر ئۆز
زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ دەرۋازىدىن
كۆز ئۈزمەيتتى. قۇياش چىڭ چۈش بولغاندا بازار تەرەپتىن
قوللىرىغا ئاق بايراق تۇتقان ھالدا بىرمۇنچە ئادەم قورغانغا قاراپ
كەلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى دەرھال تونۇدى. بايراق كۆتۈر-
گىنى سامساق كۆكبېشى، قالغانلار ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىز
ھاجى، قاسىم ھاجى، ھاشىمبەگ، مەمەتشاھ ھاجى قاتارلىقلار
بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يۈسۈپ رەئىس، تەرجىمان سۈپىتىدە
ۋاڭ نىيازنىڭ كاتىپى ياڭ داۋۇر قاتارلىق ئون نەچچە كىشى
ئىدى. بۇلار قورشاۋدا قالغان دۈشمەنلەرگە بەلگىلىك ۋاقىت
ئىچىدە جاۋاب بېرىدىغان — خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن يېزىل-
غان خەتنى (ئولتىماتومنى) تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن قوزغى-
لاڭچىلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىدى. ئۇلار قورغان دەرۋازىسى-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ قورغان كونگورىلىرىدىن قاراپ تۇرغان جىن
شۇرىن ئەسكەرلىرىگە ۋارقىرىدى:
— بىز قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىلى، جاڭ يىڭجاڭ بىلەن
كۆرۈشمىز ھەم مۇھىم خەت ئېلىپ كەلدۇق. دەرۋازىنى ئې-
چىڭلار. ياڭ داۋۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان قاراۋۇل:
— سىلەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن يىڭجاڭغا خەۋەر
قىلاي، — دېدى.
ئارىدىن ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. دەرۋازا قىيا ئېچىل-
دى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بىر - بىرلەپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار
كىرگەن چاغدا دوك يىڭجاڭ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى
بىلەن ئىچكىرىكى ھويلىدا قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا تۇرات-

تى. لېكىن، ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆڭگىسلى يوق ئىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇھاپىزەتچى قىسىم تۇرىدىغان تاشقىرىقى هويلىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىكى هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— نېمە گەپ؟ — دېدى دوك يىڭجاڭ هېچقانداق تەكەللۇپ قىلمايلا.

— بىز خوجىنىياز هاجىمدىن خەت ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم يانچۇقىدىن بىر دانە لىپاپىنى چىقىرىپ. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ياڭ داۋۇر دانىمۇ دانە قىلىپ تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— هە. . . هە مەن سىزنى تونۇيدۇ دا ئاخۇن، — دەپ دوك يىڭجاڭ ئۆزى كېلىپ خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن، ئۇنىڭ خەتنى تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى. ئۇ ۋەكىللەرنى بىر چوڭ ئۆيگە باشلىدى. ئۆي سوغۇق بولسىمۇ تالادىن ياخشى ئىدى. ئۇ لىپاپىنى ئېچىپ خەتنى كۆردى. خەت ئۇيغۇرچە بولغاچقا ئوقۇيالماي ياڭ داۋۇرغا بەردى.

— مەن ئوقۇيالمىدىم.

بۇ خەت باهاۋۇدۇن هاجىنىڭ ئۆيىدە موسولباي تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، دۈشمەننى تېز چۆكتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىر ئىدى. خەتنى ئابدۇكېرىم ئەلەم خۇددى بۇيرۇق بېرىۋاتقان كوماندىردەك كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا ئالدىرىماي جۈملىمۇ جۈملە ئوقۇدى. ياڭ داۋۇر جۈملىمۇ جۈملە تەرجىمە قىلدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ كوماندىرى جاڭ يىڭجاڭغا:

مەنكى خوجىنىياز هاجى بەش مىڭ لەشكەر بىلەن تىكەنلىككە يېتىپ كەلدىم. سىلەر دەرهال قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار سىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىڭلار قوغدىلىدۇ. مال ـ مۈلكۈڭلارغا تەگمەيمىز. خالىغان يەرگە كەتمەك-

چى بولساڭلار يولغا سېلىپ قويىمىز. ئەگەردە قارشىلىق كۆر-
سەتسەڭلار كۈكۈم ـ تالقان بولىسىلەر. بىزدىن ھەرگىز شەپقەت
كۈتمەڭلار.

خوجىنىياز ھاجى. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ
25 ـ كۈنى.»

ــ جاڭ كاتىپ، ــ دەپ توۋلىدى دوك يىڭجاڭ خەت
ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ياش بىر ئەسكەرگە، ــ ماۋۇ كىشى
ئېيتىپ بەرسۇن. سەن خەتنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى يېزىۋال.

ــ مانا ھازىر، ــ دەپ جاڭ كاتىپ بىرىپ بۇلۇڭدىكى
شىرە ئۈستىدە تۇرغان يۇڭ قەلەم، سىيا ۋە بىرنەچچە ۋاراق
قەغەزنى ئېلىپ تەييارلاندى. ياڭ داۋۇر خەتنىڭ مەزمۇنىنى
ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. لېكىن، سىيا توڭلاپ قالغاچقا نېرد-
قى ئۆيدىن باشقا سىيا ئېلىپ چىقتى.

ــ ماقۇل مەن باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋابىنى
بېرەي. ئەتە ئەتىگەندە جاۋابىنى بېرىمەن، ــ دېدى ئۇ خەتنى
كۆرۈپ بولۇپ.

ــ ئۇنداق بولسا مۆھلەت بىر كېچە كۈندۈز، ــ دېدى
ئابدۇكېرىم ئەلەم موسولباينىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەسلەپ، ــ ئەتە
چۈشتە مۆھلەت توشىدۇ.

ئۇلار قايتىپ چىققان چاغدا قوزغىلاڭچىلار جىددىيلىشىپ
قالغانىدى. چۈنكى، ئۆز باشلىقلىرىنى دۈشمەنىنىڭ ئۆلتۈرۈۋې-
تىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى قاي-
تىپ كېتىش بىلەن دۈشمەنلەر غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

ــ ئۇلارنى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ قالغان بولساق ھاياتىمىز
كاپالەتكە ئىگە بولاتتى، ــ دېدى ئەپيۇننى تولا چەككەچكە چىرا-
يى سارغىيىپ كەتكەن ۋاڭ لەنجاڭ.

ــ بولمايدۇ، ــ دېدى دوك يىڭجاڭ تاماكا چېكىۋېتىپ.

ــ نېمىشقا بولمايدىكەن. ئۇلار قولىمىزدا بولسا ئەتراپتىد-

كىلەر بىزگە هۇجۇم قىلالمايتتى. هۇجۇم قىلسا بىزمۇ ئۇلار-
نى. . . پىخ، — دەپ ۋاڭ لەنجاڭ بارمىقىنى كارنىيىغا سۇركىدى.
— سەن ئۆلتۇرمەكچىمۇ؟ ئەخمەق، هەربىي قانۇندا ئەل-
چىگە ئۆلۇم يوق. ئەگەردە سەن ئۇلارنى ئۆلتۇرسەڭ، قوزغى-
لاڭچىلار بىزنى ساق قويامدۇ؟ مەن ماۋۇ بەش يۈز ئادەمنىڭ
هاياتىغا مەسئۇل.
— سىز مۇشۇ ياۋايىلار بىزنى يېڭەلەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟
— بۇلار يېڭەلمىگەن تەقدىردىمۇ كېلىۋاتقان بەش مىڭ
نەپەر قوشۇن ئازمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟
— ئۇ گەپ يالغان بولسىچۇ؟
— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يېقىندا كورلىدا
بىزنىڭ قەدىردان لۇيجاڭ ئۆلتۈرۈلدى. قول ئاستىدىكىلەرمۇ
قىرىپ تاشلاندى. ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلگەن ئوخشايدۇ. نۆ-
ۋەتچى ئوفىتسېردىن باشقا كوماندىرلارنىڭ هەممىسى يىغىل-
سۇن. ماۋۇ خەتنى مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى، — ئۇ شۇنداق
دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇنى ئەپيۇن خۇمارى تۇتقانىدى. باش-
قىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

* * *

قورشاۋ ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. بەلگىلەنگەن مۇد-
دەتمۇ ئېشىپ كەتتى. دۈشمەندىن تېخىچە جاۋاب يوق. تۈنۈگۈن
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ ۋەكىللىرى سۈرۈك خەتكە جاۋاب
بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە هېچ-
كىم چىقمىدى. پەقەت قورغان كونگورىسىدىن:
— يىڭجاڭ ئاغرىپ قالدى. هېچكىم بىلەن كۆرۈش-
مەيدۇ، — دېگەن جاۋابنى ئالدى. بۈگۈن قۇياش غەلىتە چېچى-
لىپ چىقتى. بۇنىڭدىن چوڭ ياشتىكى پېشقەدەملەر شۇرغان

بولىدىغانلىقىنى جەزم قىلىشتى. بۇ ھەر يىلى ئاخىرقى قىشتا بولىدىغان ھادىسە ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي قار توزىڭى پەيدا بولدى. قوزغىلاڭچىلار ئەتىگەندىلا مەھەللە - مەھەللىدىن كەلگەن ئىس- سىق نان بىلەن ناشتا قىلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. چۈن- كى، دۈشمەن يەنە جاھىللىق قىلسا قورغانغا ھۇجۇم قىلىش لازىملىقىنى ھەممەيلەن چۈشىنەتتى. ئۇرۇش دېگەن قانسىز بولمايدۇ - دە...

سائەت توققۇزلاردا قورغان دەرۋازىسى ئېچىلىپ، مۇرىسىدە بىردىن ئەپكەشتە ئىككىدىن سۇغا[1]كۆتۈرگەن سەككىز ئەسكەر چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆلگە سۇغا چىققانلىقى ئېنىق ئىدى، شۇن- داقلا قوزغىلاڭچىلارنى سىناپ باقماقچى بولغانلىقىمۇ ئېنىق ئى- دى. ئۇلار قورغان دەرۋازىسىدىن ئون قەدەمچە ماڭا - ماڭمايلا قورشاۋدا تۇرۇۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ دەرۋازا بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرى كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى ناسىر ھاجىمنىڭ بېغىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ سۇنى ئوغۇشلۇق ئېلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ ئات- قان ئوقلىرى قوزغىلاڭچى مەرگەنلەرنى دەرھال ھەرىكەتكە كەل- تۈردى. لېكىن، قېلىن لاي تامدىن ئوق ئۆتمىدى ۋە قوزغىلاڭ- چىلارغا زىيان يەتكۈزەلمىدى. ئۇلار دەرھال ئۆزلىرى تامدىن ئېچىۋالغان ئېتىش تۆشۈكلىرىدىن سۇغا چىققان دۈشمەن ئەس- كەرلىرىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئالتە ئادەمگە ئوق تېگىپ يىقىلدى. ئۇلارنىڭ «ئەييو» لىغان ئاۋازلىرى سەھەر ئاسمىنىدا يىراقلارغا كەتتى. ساق قالغان ئىككى دۈشمەن ئەس- كىرى ئەپكەشنى تاشلاپ قورغان دەرۋازىسىدىن قېچىپ كىرىپ كەتتى. دۈشمەننىڭ قورغان ئۈستىدىكى ئوت كۈچىمۇ ئېتىشتىن توختىدى. قورغان ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىنى ئالدى. قوز-

---

① سوغا — ياغاچ چېلەك.

غىلاڭچىلار شتابى قورغان ئۈستىدە كۆرۈنگەن دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. سائەت ئونلاردا يارىلانغان بىر دۈشمەن ئەسكىرى ئىڭراشقا باشلىدى. ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر نەپەر دۈشمەن قورغان كونگورىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىغا- نىدى، «پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ قورغان تېمىغا ئارتىلىپ بېشى ساڭگىلاپ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلەر كۆرۈنگەن هامان قوز- غىلاڭچىلار ئوققا تۇتۇپ تۇردى. چۈش ۋاقتىغا كەلگەندە قورغان ئۈستىدە ئادەم ئەمەس بىرەر سايىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش توغرىسىدا بېرىلگەن سۈرۈك ۋاق- تىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە يەنە بىر سوتكا بولۇپ قالدى. جۇدۇن چىقىپ قار قۇيۇنى چۆرگىلەشكە باشلىدى. هاۋا بەكلا سوغۇق بولغاچقا قوزغىلاڭچىلارنى سوغۇق قىيناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچىلاردا قورال - ياراغ بەك ئاز بولغاچقا، بىر قىسىم پىدائىيلار كېتىپ قالسا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش تەسكە توختايتتى. شۇنداقلا ئۇياق - بۇياقتىن قاچقان دۈشمەنلەر كې- لىپ قالغان تەقدىردە ئىش تېخىمۇ چاتاق بولاتتى. شۇڭا، بۇ- گۈن كېچىدىن قالدۇرماي قورغانغا هۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچى- لار شتابى بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرماي قورغاننى ئېلىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قورغان دەرۋازىسىنى بۇزۇش ياكى تامنى پارتلىتىش لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە پارتلاتقۇچ دورا ياكى بىر گرانات باغلىمى كېرەك ئىدى. لې- كىن، بۇنداق نەرسىلەر قوزغىلاڭچىلاردا يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر شوتا قويۇپ قورغان تېمىغا يامىشىپ چىقسىچۇ؟ بۇنداق قىلىش بىكاردىن - بىكار ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان

ئويلاپ ئاخىر قورغاننى ئېلىشتا تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، دەرۋازىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، يول ئېچىش قارار قىلىندى. بۇ ئىشنى قىلىشقا ساماساق كۆكبېشى بىلەن ئابدۇكېرىم ۋە موسولبايىنىڭ يىگىتلىرىدىن بىر كىشى بارىدىغان بولدى. ئۇلار ناھايىتى باتۇر كىشىلەر بولۇپ، ئاسانلىقچە تۆت ـ بەش كىشىگە بوي بەرمەيدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار يېرىم كېچە بولغاندا باشلىرىغا ئوقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن كىگىزنى ئارتىۋېلىپ مايغا چىلانغان بىرنەچچە ماتا بىرئاز قومۇش ۋە ئوتۇن ئېلىپ بېرىپ دەرۋازىغا ئوت قويىدىغان بولدى. قالغانلاردىن بارلىق مەرگەنلەر دەرۋازىغا ئوت يېقىلغان ھامان ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قورغانغا باستۇرۇپ كىرىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئىشنى تۈگىتىش قارار قىلىندى.

لېكىن، بۇ قارار ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپلا دۈشمەن تەسلىم بولدى. قۇياش ئەمدىلا چۈشتىن قايرىلغان چاغدا قورغان ئۈستىدە ئاق بايراق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى دەرۋازا ئۈستىگە قالغانلىرى تۆت بۇرجەكتىكى پوتەيلەرگە ئېسىلدى. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەن چاغدا قوزغىلاڭچىلار شتابىدا مۇزاكىرە ئاياغلىشىپ، كىشىلەر تارقىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

— دۈشمەن ئاق بايراق چىقاردى.

ئابدۇكېرىم ئەلەم باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى يېتىپ كەلگەن چاغدا قورغان دەرۋازىسى ئوچۇق تۇراتتى. قورغاننىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا قوراللار يىغىپ قويۇلغان. ئەسكەرلەر بىر چەتتە تىزىلىپ تۇراتتى. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى كۆرۈپ، دوك يىگجاڭ دەرھال يېتىپ كېلىپ، دوكلات قىلدى:

— دا ئاخۇن بىز تەسلىم بولدۇق. بۇ ئۈچ كۈندە بىزدىن توققۇز ئادەم چىقىم بولدى. بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى. ئۆلگەنلەردىن ئىككى ئادەمنى قول ئاستىدىكىلەر ئېتىپ تاشلىدى. قالغانلار سىلەردىن شەپقەت كۈتىدۇ. بىزگە بەرگەن ۋەدەڭلەرنى

ئۇنتۇماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. يەنە بىر ئىلتىماسىم ئادەم- لىرىم ئۇسسۇزلۇقتىن ھالىدىن كەتتى. رۇخسەت قىلساڭلار! سۇ ئىچىۋالسا...

— ماقۇل، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — ئاۋۋال قورال - ياراغلارنى كۆرەيلى.

ئۇلار بېرىپ قورال - ياراغلارنى كۆزدىن كەچۈردى. جەم- ئىي تۆت يۈز توقسان دانە مىلتىق، ئون ئالتە دانە چوڭ - كىچىك تاپانچا، ئوق خالتىلىرىدىكىدىن باشقا يىگىرمە بەش ساندۇق ئوق، بىر دانە دۇربۇن. مىلتىقلارنىڭ كۆپىنچىسى كونا رۇس مىلتىقلىرى بولۇپ، بۇ مىلتىقلار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى- دا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بولغان مىلتىقلار ئىدى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممە ياقنى ئاختۇرۇپ چىقتى. لې- كىن، باشقا نەرسە تېپىلمىدى. شۇ كۈنى كەچكىچە تەسلىم بولغان ھەربىي ئەسىرلەرگە ئون بەش كۈنلۈكتىن ئوزۇق بېرىل- دى. شەخسىي مۈلكىگە تەگمىدى. ئۇلار ھايات قالغىنىغا خۇش بولۇپ شۇ كېچىسىلا كۆزدىن يوقالدى.

شۇ كۈنى كەچتە تەسلىم بولغان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى- دىن غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلاردىن بىر قىسمىنى قوزغىلاڭچىلارغا تارقىتىپ بەردى. قالغان قىسمىنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايىغا توشۇدى. كونا قورغاد- نىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئۆيلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ ياغاچ - تاشلى- رى ئېلىپ كېتىلدى ياكى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

# ئۈچىنچى باب

# يامۇلنىڭ ئېلىنىشى

ئەجىلىڭنىڭ يېتىشى ــ قىلغان ئەيىبىڭدىن
ئەمەس، بەگ ئاكاڭنىڭ قانىسىرىشىدىن. . .
—— ئابدۇللا قادىرى

6 ـ فېۋرال.

كەچتە كونا قورغاننى ئالغان دېھقان قوزغىلاڭچىلىرى روھ-لىنىپ ئەتىسى زالىملارنىڭ ئۇگىسى بولغان شەنگەن يامۇلىغا يۇرۇش قىلدى. شەنگەن يامۇلى 3 ـ فېۋرال كۈنىلا كونا قورغان بىلەن تەڭ قورشىۋېلىنغانىدى. لېكىن، ئادەم ئاز، قورال ـ ياراغ يېتىشمىگەچكە شەنگەن يامۇلىدىكىلەر قارشىلىق كۆرسە-تىپ يېقىن كەلتۈرمەيۋاتاتتى. شۇڭا، بۇ ئىشتا ئىلگىرىلەش بولمىدى. چۈنكى، يامۇلنىڭ تاملىرى خۇددى كونا قورغاندەك ئېگىز ھەم قېلىن. دەرۋازىلىرى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. ھاكىم ناھايىتى جاھىل ھەم زالىم بىر ئادەم بولۇپ، ھەربىيلەر-نىڭ ئۆزلىرىنى قوتقۇزۇۋالىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى.

ــ بۇنداق گادايلارنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟ ــ دەيتتى ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە، ــ ئۇلار ئېلىشىپ قاپتۇ. «تۇ-خۇمنى تاشقا ئۇرۇپ بولماس» دېگەن تەمسىلنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىرمۇنچىسى دارغا ئېسىلغاندا ئاندىن ھوشىنى تاپىدۇ، بىز ئۇلارنى ئەقلىگە كەلتۈرۈپ قويىمىز.

شۇڭا، ئۇ جاھىللىق بىلەن يامۇلنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى ھەربىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئاشۇ ئېگىز ھەم قېلىن تاملارغا تايىنىپ قوغدىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار قۇرۇق قول ھەم تەجرىبىسىز بولغاچقا ئامالسىز قالغانىدى. شۇنداقلا يامۇلنىڭ ئىچىدە ئاشلىق ئامبىرى، كۆل قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار يەيدىغان ئاشلىق، ئىچىدىغان سۇدىن غەم قىلمايتتى. شۇنداق سەۋەبلەردىن شەنگەن يامۇلىغا بېكىنىۋالغانلارنىڭ يۈرىكى توق ئىدى. پەقەت كونا قورغان بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ ھەربىي قىسىملارنىڭ قورال تاشلىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

7 ـ فېۋرال كۈنى چۈشكىچە قوزغىلاڭچىلار يامۇل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغىچە قىستاپ كەلدى. لېكىن، دەرۋازا ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىدى. قوزغىلاڭچىلار بولسا توختىماي ۋارقىرىشاتتى.

— دەرۋازىغا ئوت قويايلى.

— دەرۋازىنى قومۇرۇۋېتەيلى.

— تامنى كولاپ ئۆرۈۋېتىپ باستۇرۇپ كىرەيلى.

لېكىن، ئۇنۇملۇك بىرەر چارە تاپماي توختىماي ۋارقىرايتتى. بۇ ئاۋازلار بىردە توختاپ، بىردە كۈچىيىپ باراتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ ئاۋازىنى ئاڭلىغان خەن دارىن ئامبال ۋە ئۇنىڭ بىر ئوچۇم جاھىل شايكىسى قورقۇنچ ئىچىدە لاغىلداپ تىترەپ تۇرسىمۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىۋاتاتتى. ئامبال بولسا:

— چىڭ تۇرۇڭلار، قۇرۇق قول گادايلار بىزنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. جاڭ يىڭجاڭ بىزنى چوقۇم قۇتقۇزۇۋالىدۇ —

دەيتتى. لېكىن، ئۇ ھازىرغىچە ھەربىيلەرنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ياكى بۇ گادايلارنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ قوغلىمىغانلىقىدىن ھەيران بولاتتى، بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئۇ ئاخىر يامۇل تېمىنىڭ كونا قورغانغا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان كۆزىتىش مۇنارىغا ئۆزى چىقىپ قاراپ باقتى. قورغان كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ئەتراپىدا ئىند-

سى جىن يوق ئىدى. ئۇ تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. دوك
يىڭجاڭنىڭ قورال تاپشۇرۇش ئېھتىمالىنى خىيال قىلغاندا قارا
تەرگە چۆمۈپ كەتتى.
— يائاللا نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق؟! . . . — دېگىنىچە
جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماسلىق قارا-
رىغا كەلدى.

قۇياش چۈشتىن قايرىلغان چاغ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەزەپ -
نەپرەتلىك ۋارقىراشلىرىغا قوشۇلۇپ، شەرقتىن چىقىۋاتقان شا-
مال بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. شامال قار - مۇزلارنى
توپا بىلەن كۆمۈپ ئاپتاپ ئوبدان تەككەن جايلاردا ئەگىز پەيدا
قىلغانىدى. بۈگۈن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى موسولباي باشچىلى-
قىدىكى خوجىنىياز ھاجىم ۋەكىللىرىنى چىڭخەيگە يولغا سېلىش
بىلەن ئالدىراش بولغاچقا كېلەلمىگەنىدى. قوزغىلاڭچىلارنى مە-
ھەللە ئاقساقاللىرى بىلەن ئونبېشىلار باشقۇرۇپ تۇراتتى. چۈش-
كە يېقىن ئالتۇن تاغدىكى موڭغۇللار ۋە گەنسۇ - چىڭخەيدىكى
كۆپلىگەن تۇڭگان، خەنزۇ مۆتىۋەرلەر بىلەن تونۇش بولغان
باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئىنىسى ئىمىن ھاجىمنىڭ يول باشلىشى
بىلەن موسولبايلار يولغا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭ-
چىلار شتابىنىڭ قارارى بويىچە سامساق كۆكبېشى، رۇستەم
قاتارلىق بەش كىشىنى ئامبالنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا
ئەۋەتتى. ئۇلار شامال راسا كۈچەيگەن چاغدا قوللىرىغا ئاق
بايراق تۇتقان ھالدا پەيدا بولدى. ئۇلار يامۇلنىڭ قارا دەرۋازىسى
ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى قاقتى.

— كىم؟ سىلەر نېمە ئادەم؟ — دېدى ئىچكىرىدىن بىر
تىترەڭگۈ ئاۋاز.

— بىز قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى. ئامبال بىلەن
كۆرۈشكىلى كەلدۇق.

— توختاپ تۇرۇڭلار! مەن ئامبالغا خەۋەر قىلاي، —

دېدى ئىچكىرىدىكى ئادەم. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋارقى-
راش - چاقىراشلىرى توختاپ قالغانىدى. ئون بەش مىنۇتلاردىن
كېيىن يامۇلنىڭ ئىچىدىن ئاۋاز ئاڭلاندى:
— خەن دارىن ئامبالنىڭ بۇيرۇقى: «مەن بىلەن كۆرۈش-
مەكچى بولسا، ئادەملىرىڭلار يامۇلنىڭ ئالدىدىن ئەللىك قەدەم
چېكىنسۇن. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى قورال - ياراغ،
پىچاق قاتارلىقلارنى ئېلىپ كىرمەسلىكى لازىم. شۇ شەرتلەر
ئورۇندالسا ئاندىن كۆرۈشىمەن. بولمىسا. . . » دەپ گەپ توخ-
تاپ قالدى.
— چېكىنىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى سامساق كۆكبې-
شى قوزغىلاڭچىلارغا، — يولنىڭ ئو قېتىغا ئۆتۈپ تۇرۇڭلار.
بىز قايتىپ چىققۇچە دەرۋازىغا يېقىن كەلمەڭلار.
سامساق كۆكبېشىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار
يامۇلنىڭ ئالدىدىن چېكىنىپ يولنىڭ غەربتىكى باغنىڭ تېمىنىڭ
تۈۋىگە بېرىپ تۇرۇشتى. بەزىلەر سامساقنىڭ بۇيرۇقىدىن نارا-
زى بولدى.
— ئۆزى يوغان پالۋان بولغىنى بىلەن توخوچىلىك ئەقلى
يوقكەن. «چېكىنىڭلار!» دېگۈچە دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن كەي-
نىمدىن مېڭىڭلار دېسە بولمامدۇ. . .
— ئۇ چاغدا باستۇرۇپ كىرىپ ئامبال دېگەن جاھىل
كاپىرنى قىيما - چىيما قىلىۋېتەتتۇق. . .
— ئېگىز ئادەم ئەخمەق كېلىدۇ، — دېگەن شۇدە. . .
قوزغىلاڭچىلار مانا شۇنداق غودۇڭشىغاچ چېكىنىپ بول-
دى. بۇنى كۆرگەن سامساق كۆكبېشى دەرۋازىۋەنگە ۋارقىرىدى:
— ئادەملەر چېكىنىپ بولدى. ئىشىكنى ئاچ.
يامۇلنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ جىمىپ
قالدى. دەرۋازىۋەن خەۋەر قىلغىلى ماڭغان بولسا كېرەك. قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ھايال بولمايلا:

— نېرى تۇرۇڭلار، بىز قاراپ باقايلى، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم چېكىندى. دەۋازىنىڭ تاقاقلىرى ئېلىنىپ غىچىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ دەرۋازا قىيا ئېچىلدى. ئۇ يەردىن بىر پاقما باش كۆرۈنۈپ، پىت كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاق بايراق كۆتۈرگەنلەرگە:

— قېنى كىرىڭلار، — دېدى.

ئالدىدا ئاق بايراق كۆتۈرگەن سامساق كۆكبېشى، ئۇنىڭ كەينىدىن باشقىلار كىرىپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ئوتتۇز ياشلاردىكى بۇرۇتلۇق بىر چېرىك كىرىپ كەتتى. بۇ ئىسكەندەر دېگەن گۇچۇڭلۇق ئادەم بولۇپ، ئۇنى قوزغىلاڭچىلار تەرجىمانلىققا ئېلىپ كەلگەنىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەن دەرۋازا تاقالدى. ئىككى يايى كېلىپ ئۇلارنى ئاختۇرۇپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ئامبالنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار يامۇلنىڭ يايلار تۇرىدىغان تاشقىرىقى ھويلىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھۆكۈمەت مەھكىمىسى جايلاشقان ئىككىنچى ھويلىغا كىردى. بۇ يەرنى ھەممەيلەن ئوبدان بىلەتتى. خەن دارىن ئامبال ئېگىز بويلۇق، يۈز گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، مۇشۇكنىڭكىدەك بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ تۇرىدىغان، ئاچچىقى يامان ئادەم بولسىمۇ لېكىن مۇشۇ ئۆتكەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئورۇقلاپ مۈكچىيىپ قالغانىدى. ئۇ سامساق كۆكبېشىنى دەرھال تونۇدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئادەمنى كۆپ قېتىم ياۋا توڭگۇز ئوۋلاشقا بىللە ئېلىپ چىققانىدى. ئامبال بىر قولىدا پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر قولى ئۇزۇن چاپىنىنىڭ يان يانچۇقىدىكى تاپانچىدا ئىدى. ئۇ كۈمۈش ساپلىق كۆزەينەكنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىگە ياخشى تونۇش بولغان سامساق كۆكبېشىغا قارىدى. بۇ ئادەمنىڭ خاتىرجەم

كۆرۈنۈشى ئۇنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. باشقىلارمۇ ھەممىسى خاتىرجەم تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ كۆزى ھەربىي كىيىم كىيگەن ئىسكەندەرگە چۈشتى.

— سەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن سەن بىزنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالىسەن؟

— مەن ئىسكەندەر. بۇرۇن سىلەرنىڭ ئەسكىرىڭلار ئىدىم. ھازىر ئاددىي پۇقرامەن. بۇ يەرگە قوزغىلاڭچىلارغا تەرجىمان بولۇپ كەلدىم.

— سەن تەسلىم بولدۇڭ؟ — ئامبالنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەپيۇن تەسىرىدىن سارغىيىپ كەتكەن چىرايى بەئەينى ئۆلۈكنى ئەسلىتەتتى.

— بىز ھەممىمىز تەسلىم بولدۇق، — دېدى ئىسكەندەر.

— يالغان! — ۋارقىرىدى ئامبال، — جاڭ يىڭجاڭ ناھايىتى قەيسەر ئادەم. ئۇ ھەرگىز بۇ گادايلارغا تەسلىم بولمايدۇ. مەن سېنى . . . — ئۇ يېنىنى ئاختۇرۇپ تاپانچىنى قولىغا ئالدى.

— ئۇ راست ئېيتىدۇ، — دېدى سامساق كۆكبېشى سىلەرنىڭ ئەسكەرلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولدى. قورال - ياراغلارنى يىغىۋالدۇق ئۆزلىرىگە ئوزۇق بېرىپ يولغا سېلىپ قويدۇق. ئەمدى سېنىڭ قۇرۇق گەپ قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ياخشىلىقچە تەسلىم بولساڭ ساق قالىسەن بولمىسا تۈگىشىسەن.

بۇ گەپلەرنى ئىسكەندەر تەرجىمە قىلغانىدى. ئامبال ئاڭلاشنى رەت قىلدى. شۇڭا، شەنگەن يامۇلىنىڭ خەنزۇ ئوقۇتقۇچىسى تولىمى دېگەن ئادەم خىرقىراپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئامبالنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ بىلەكچىلا شۇمشىيىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماسلىققا

تىرىشىۋاتاتتى.

— سەنلەر مېنى ئالدىماقچىمۇ؟ يىڭجاڭنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئۇ ئاسان تەسلىم بولمايدۇ. ئۇ دېگەن قەھرىمان جەڭچى، قەيسەر ھەربىي...

— مانا پاكىت ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، — دەپ سامساق كۆك-بېشى يېنىدا تۇرغان ئىسكەندەرنى كۆرسەتتى.

— ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش چەنتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەي-مەن. ئۇ بەلكى قورغاندىن قېچىپ چىققان قاچقۇن بولۇشى مۇمكىن.

— ئانداق بولسا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ باقساڭ بولىدۇ.

— قانداق تەكشۈرىمەن، مېنىڭ ئادىمىمنى كوچىدىكى گادايلار تۇتۇۋالامدۇ؟ — دېدى ئامبال ئىككىلىنىپ.

— ياق تۇتۇۋالمايدۇ، مەن ئادەم قوشۇپ بېرىمەن، — دېدى ئىشەنچە بىلەن سامساق كۆكبېشى.

— ئۆزۈڭچۇ؟ سەنمۇ بىللە بارامسەن؟

— ياق مەن مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمەن، — دېدى. ئۇ قان تۆكۈلمەي ئىش پۈتىدىغان بولسا ھەرقانداق شەرتكە رازى ئىدى. بۇ شتابنىڭ بۇيرۇقى ئىدى.

— بۇ، بولىدىغان گەپكەن. ئويلىنىپ باقسام بولغۇدەك، — دەپ ئامبال قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغاندىن كېيىن جاڭ سىيا، — دەپ چاقىردى. ئامبالنىڭ كەينىدىكى ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن ياش بىر خادىم چىقتى. ئۇيقۇسىز-لىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— سەن قورغانغا بېرىپ كەل، ئەھۋال قانداقكىن.

— تالادا شۇنچىۋالا ئادەم تۇرسا مەن... مەن قانداق ئۆتىمەن؟ — دېدى ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.

— قورقما ماۋۇلاردىن بىرسى بىللە بارىدۇ. ساڭا ئۇلار

چېقىلسا بۇلار ھەرگىز تىرىك قالمايدۇ. قېنى سىلەردىن كىم بارىدۇ؟ — دەپ ئامبال سامساق كۆكبېشىغا قارىدى.
— رۇستەم ئاخۇن بارسۇن، — دېدى سامساق دەرھال بېرىپ كېلىڭلار. ئارىدىن ئېگىز بويلۇق، قوي كۆزلۈك ئوتتۇز ياشلاردا، قارا ساقال پالۋان سۈپەت ئادەم چىقىپ جاڭ سىيا بىلەن كەتتى. ئامبال قالغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ھازىرلا جاڭ سىيا چىققان ئۆيگە باشلاپ كىردى:
— مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دەپ ئامبال چىقىپ كەتتى. لېكىن، سىرتتا پايلاقچىلار يۈرەتتى.
يامۇل بىلەن قورغاننىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىرچە كېلەتتى. كەتكەنلەر يېرىم سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ كەلدى. بۇ يېرىم سائەتلىك ۋاقىت قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن يېرىم كۈندەك بىلىنىپ كەتتى. قايتىپ كەلگەن جاڭ سىيا خەن دارىن ئامبالغا دوكلات قىلدى:
— بارساق قورغان دەرۋازىسى ئوچۇقكەن. ئىچىدە بىرمۇ ئادەم يوق. ھەممە نەرسە ۋەيران قىلىنغان.
— بولدى، يېتەرلىك بولدى. سىلەر قورال - ياراغلارنى يىغىپ تۇرۇڭلار دەپ ئامبال مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئائىلىسى جايلاشقان ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ كەتتى. باشقىلار نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇشاتتى. بىردىنلا ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان بەش پاي ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئىچكىرىكى ھويلىغا يۈگۈردى. ئۇلار كىرگەندە ئامبالنىڭ ئۆزى، خوتۇنى، ئۈچ بالىسى پۇتۇنلەي قان ئىچىدە ياتاتتى. خەن دارىن ئامبال خوتۇنى بىلەن ئۈچ بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.
قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرى قورال - ياراغلارنى، ئاشلىق ئامبىرىنى، يامۇلنىڭ خەزىنىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئارقى-

ـدىن دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. قوزغىلاڭچىلار قورال ـ ياراغلارنى، ئامبالنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايىغا توشۇدى. بۇ ئامبالنىڭ كەلگەن ۋاقتى ھەمـ ـمە ئادەمنىڭ ئېسىدە بار ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇنى كۈتۈۋالغىلى ناھىيە بازىرىدىن ئون كىلومېتىر شىمالدىكى «كەسكەن توغـ ـراق» دېگەن جايدىكى «شەنجاڭ چۈشكەن سايلىق» دېگەن تۈزـ لەڭلىككە شاڭيۈلارنىڭ ھەيدىشى بىلەن ھەممە ئادەم چىققان. بۇنىڭدىن توت يىل بۇرۇن مۇشۇ ئامبال بىر يار ـ يار ھارۋىدا ئەر ـ خوتۇن، ئىككى بالىسى بىلەن ئاران تىترەپ كەلگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھارۋا ـ ھارۋا زىلچا گىلەم، نەچچە يۈز دانە ئەسرى ـ سۇلەيسۇن، بۆرى، تۈلكە تېرىلىرى، زور مىقداردىكى بوغا، بۆكەن مۈڭگۈزلىرى، بىر نەچچە ئون قۇردىن تاۋار ـ دۇردۇن كىيىم ـ كېچەك، كۆرپە، تۈلكە، بۆرى تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلار، ساندۇق ـ ساندۇق ئالتۇن ـ كۈمۈش چىقتى. بۇنى كۆرۈپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئاشتى. شۇڭا، بۇ زالىملارنىڭ ئۆگىسىنى بۇزۇپ، كۆيدۈرۈپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. بىر ھەپتىگىچە بۇ يەردىن ئىس ـ تۈتەك ۋە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. پەقەت بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئىشخانىسىلا ساق قالدى.

*　　　*　　　*

8 ـ فېۋرال كۈنى ھاۋا ئوچۇق ۋە سۈزۈك لېكىن ناھايىتى سوغۇق بىر كۈن بولدى. ئۆتكەن بىر ھەپتىدىن بۇيان جاننى ئالىقانغا ئېلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۆزلىرىنى ئىزىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلـ ـغان ھۆكۈمرانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى ھەربىي قىسىملارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ھەربىي قورغان ھەم يامۇلنى ۋەيران قىلـ

غان قوزغىلاڭچى خەلق روھلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ئىكەنلى-
كىنى، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارسا چەكسىز
كۈچلىنىپ ھېچكىمگە بوزەك بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس
قىلىشتى. مۇنداق روھلانغان خەلقنى ئەمدى ھېچكىم ۋە ھېچ
نەرسە توختىتىپ ئالالمايتتى. بۈگۈن ئۇلار ھاۋانىڭ سوغۇق
بولۇشىغا قارىماي سەھەردىلا يىغىلدى. ئەمدىكى نىشان ئەپيۇنخا-
نا، گۆرۈخانا، پاھىشىخانا، قىمارخانا ۋە ھاراقخانا ئىدى. ئۇلار
نەچچە يىلدىن بۇيان يەرلىك خەلقنى زەھەرلەپ، بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى كۆز-
گە ئىلماي ئاياغ ئاستى قىلىپ، ياشلارنى بۇزۇپ يولدىن چىقار-
غان، ئۆز دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى بۇلغىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەق-
قانىي تەلىپىنى قارا كۈچلەرگە يۆلىنىپ رەت قىلغان جىنايەتچى-
لەر گۇرۇھىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن باستۇرۇپ كىردى.
بۇنداق جىنايەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى.
يەنە بەزىلىرى تەتۈر ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە گىرىم قىلى-
ۋالغانىدى. غەزەپلەنگەن خەلق ئۇلارنى ئۇرۇپ دەسسەپ ئانىسى-
دىن تۇغۇلغان يەرگە ئاپىرىۋەتتى. مانا خالايىق پاھىشىخانا خو-
جايىنىنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ يۈرمەكتە. مۇنداق كەلكۈن سۇدەك
كېلىۋاتقان، يانار تاغدەك غەزەپلەنگەن خەلققە كىممۇ تەڭ كېلە-
لىسۇن! . . . ئالدىنىپ قېلىپ پاھىشىخانىدا تېنىنى سېتىپ
يۈرگەن ئاياللارمۇ ساق قالمىدى. ئۇلارمۇ ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ
كەينىدىن دوزاققا يول ئالدى. غەزەپلەنگەن خەلق پاھىشىخانا
خوجايىنىنىڭ كەينىدىن ئايشىخان دېگەن ئايالنى بازارنىڭ غەربى-
دىكى دەريا بويىغا سۆرەپ ئاپىرىپ تاش بوران قىلىشتى.
— كاپىرغا خوتۇن بولغان بۇ جالاپنى تاش - بوران
قىلايلى.
— ئۆلۈكى قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولسۇن. پەقەت
ھارامدىن تاپقان دۇنياسىنى خەلق ئالدىغا تۆكۈپ، تىزلىنىپ

يىغلاپ تۇرۇپ توۋا قىلغان ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ساق قالدى.

* * *

ئۇلار قىمارخانا، پاھىشىخانا، گۆرۈخانا، ئەپيۇنخانا، ھاراقخانىلارنى ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن، نۆۋەت بۇتخانىغا كەلدى.

— بۇتخانىنى چاقايلى!

— كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرايلى!

مانا بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ شوئارى ئىدى، ئۇلار بۇتخانىغا باستۇرۇپ باردى. بۇ بۇتخانا 1899 ـ يىلى سېلىنىشقا باشلاپ 1903 ـ يىلى پۈتكەن بولۇپ، بۇتخانىغا تۇنجى ئامبال چەن دارىنىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغانىدى. ۋېيىدىن كەلگەن ھەربىر ئامبال ئاشۇ ھەيكەلگە باش قويۇپ، كۈجە كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق سالغاندىن كېيىن ئىش باشلايتتى. بۇ ناھىيىدە مانا شۇ بىرلا بۇتخانا بار ئىدى. بۇتخانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ خېلى ھەشەمەتلىك ئىدى.

قوزغىلاڭچىلار بۇتخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بۇتخانىنىڭ شەيخى دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى. بۇتخانىنىڭ قارا سىردا سىرلانغان يوغان قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان ھالقىغا بىر دانە سىرىق تۈچ قۇلۇپ ئېسىقلىق تۇراتتى. يېتىپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلار ئەڭ ئاۋۋال بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان ئىككى دانە تاش شىرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

— قۇلۇپنى چاق...

— دەرۋازىغا ئوت قوي، — دەپ ۋارقىرىشاتتى ئۇلار.

بولقا بىلەن قاتتىق ئۇرۇلغان قۇلۇپ ئاجراپ يەرگە چۈشتى. كىشىلەر دەۋازىنى ئېچىپ بۇتخانىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە چوڭ ـ كىچىك بۇت، ئىسرىقدان، شامدانلارنى چېقىپ تاشلىدى.

ـدى. بىرقانچە ياش يىگىتلەر ئۆگزىگە چىقىپ ھۆكۇمرانلارنىڭ
سىموۋولى بولغان تۆت بۇرجەكتىكى ئەجدىھالارنى ئاجرىتىپ
يەرگە تاشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن جىن ئولىشىپ قالماسلىق
ئۈچۈن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

# تۆتىنچى باب

# تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق

هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئا-
لىسى ئىچىدە.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئىككى ئاي ئۆتتى.

ئاپرېل ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىللىق ھەممە ياق باھار قۇياشىنىڭ نۇرىغا چۈمگەن. پۈتكۈل كائىنات باھار تۈسىگە كىرگەنىدى. ئىسسىق ياقلارغا كەتكەن سانسىزلىغان سۇ قۇشلىرى «غاق - غاق» قىلىشىپ لەشكەر تارتىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كۆللەرگە قاراپ ئۇچۇشاتتى. ھەممە ياقتا قارلىغاچلار ۋىچىرلىشاتتى. ھەممىلا يەردە چېچەك - چوكان ئېچىلغان بولۇپ، قىز - چوكانلار قۇلاقلىرىغا قىستۇرۇۋالغانىدى. ئۇششاق باللار تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينىشاتتى. يەر - زېمىن قىشلىق ئۇيقۇدىن كېيىن يېڭىدىن يېشىل مەخمەلدىن لىباس كىيگەنىدى. يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان ياپيېشىل بۇغداي مايسىلىرى كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەل-تۈرەتتى. شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن باھار شامىلى كىشىلەر-نىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. تاغدا ئېرىگەن قار سۇلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى لايلىتىپ تېشىپ ئاقاتتى. دېھقانلار قوغۇن، كې-ۋەز، قوناق تېرىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش

ئىدى. كۆپچىلىكى ئاختامىلارنى قىرلاپ ئوسا قىلىش ئۇچۇن ئالدىرايتتى.

قۇياش چۇشكە يېقىنلاشقان چاغدا ئەتىگەندىن بۇيان ئېتىزدا ئىشلەپ ھارغان ياكى قورساقلىرى ئاچقان دېھقانلار تاماكا چې-كىش ياكى ئانچە ـ مۇنچە قورساقلىرىنى ئەستەرلىۋېلىش ئۇچۇن قوشنىلىرىنىڭ قىر باشلىرىغا يىغىلىپ دەم ئالاتتى. بۇگۇن ئۇلار ئەخمەتنىڭ ئېتىزىغا يىغىلدى. بۇ چاغدا قۇياش چۇشكە ياماشقانىدى. ئۇلار ئەمدىلا بىر ئورام تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. ئەخمەتنىڭ ئايالى نىساخان داستىخان كۆتۇرۇپ كەلدى. قولىدا بىر تاۋاق قېتىقمۇ بار ئىدى. بۇنى كۆرۇپ ئەخمەت قوشنىلىرىنى چاقىردى:

— ھاي روزىكا مايەرگە كېلىڭلار، بىرەر چىشلەم نان يەيلى، قورساقمۇ ئاچقاندۇ؟ ! . . .

روزى ئىنىسى توختى بىلەن ئەخمەتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— چاقىرغىنىڭغا قارىغاندا نىساخان سوقتا كۆمەچ ئەكەل-گەن ئوخشىمامدۇ ئۇكام، — دەپ چاقچاق قىلدى روزى، — نىساخان قالتىس خوتۇنده، سېنى بەك باقىدۇ. «خوتۇننىڭ ياخشىسى ئەرنى باقىدۇ، دېھقاننىڭ ياخشىسى ئۆينى باقىدۇ» دېگەن تەمسىلنى بەك ئاڭلاپتىكەن.

— جان سانىمىز كۆپ روزىكا، — دېدى نىساخان كۇ ـ لۇمسىرەپ، — باللار ئۇششاق. بۇ ئادەم ھېرىپ قالسا كۇند-مىز تەس بولىدۇ. شۇڭا، ھەر كۇنكى نامىزىمدا بۇ ئادەمگە ئامانلىق تىلەيمەن.

— خۇدايىم تىلىكىڭىزنى ئىجابەت قىلسۇن، — دېدى روزى ۋە نىساخاننىڭ داستىخاننى يايغانلىقىنى كۆرۇپ، — ئاپلا قولىمىزنى يۇماپتۇق.

— سۇ تەييار، — دەپ نىساخان ئۇلارنىڭ قولىغا قاپاق-تىن سۇ قۇيۇپ بەردى.

ئۇلار داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. يۇمشاق نان بىلەن تاۋاقتىكى قېتىقنى ئېلىپ يېگەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارغا ياسىن تاتۇقمۇ كېلىپ قوشۇلدى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى روزى — ئىككى ئاي بۇرۇنقى ئىشلارغا قاراپ بۇ يىل دېھقانچىلىق قىلالمايدىغان ئوخشايمىز دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم.

— سەن قورقساڭ بىز قانداق قىلارمىز روزىكا. سېنىڭ ئاشلىقىڭ ھەر يىلى ئېشىپ تۇرىدۇ. مەندەك يالغۇز ئەمەس، — دېدى ئەخمەت.

— سەنمۇ يالغۇز ئەمەس ئۇكام. سېنىڭ بۇ خوتۇنۇڭ ھەرقانداق ئەركىشىدىن قېلىشمايدۇ. «ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، بىرەر ھاشارغا ھەيدىسە ياكى كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە چاتاق بولىدۇ. باللار بەك كىچىك. شۇنداق بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، خوتۇن كىشى دېگەن نېمە قىلالايدۇ دەيسەن؟ — دېدى ئەخمەت

— ئانداق بولۇپ كەتمەس ئۇكام. چېرىكلەرنى يوقاتتۇق. ئامبالمۇ پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ تۈگەشتى. قالغان ھارام تاماقلارمۇ يوقالدى. خۇدا بۇيرۇسا ئەمدى بىزگىمۇ ئارامچىلىق بولار، — دېدى روزى ئالدىرىماي.

— ناتايىن، — دېدى ئەخمەت بېشىنى چايقاپ، — قوزغىلاڭنى كۆپچىلىك قىلسا، پايدىسىنى ئاخۇن قارىغۇ كۆردى.

— قانداق دەيسەن ئۇكام ؟ — دېدى روزى ھەيران بولۇپ.

— سەن جاڭگالغا كېتىپ نۇرغۇن ئىشتىن خەۋەرسىز قالدىڭ روزىكا. قوزغىلاڭ ۋاقتىدا چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان

قورال - ياراغ ۋە مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قازنىقىغا كىرىپ كەتتى. شەنگەن يامۇلدىن تارتىۋال- غان مال - مۈلۈك، گۆرۈكەشلەر، ئەپيۇنخانا، پاھىشخانا، ھاراقخانا، قىمارخانىلاردىن مۇسادىرە قىلغان مال - مۈلۈكلەر- نىڭ ھەممىسى شۇنىڭ قازنىقىغا كىرىپ كەتتى. ئەڭ ياخشى قوراللارنى تاللاپ ئۈچ يۈز نەپەر ئاتلىق ئەسكەر قۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ئۇنىڭ مەخسۇس بەش نەپەر مۇھاپىزەتچىسى بار ئىكەن. ھەتتا ھاجەتكە چىقسىمۇ، شۇلار مىلتىق تۇتۇپ تۇرغۇ - دەك، — دېدى ئەخمەت.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دېدى روزى ئىشەنمىگەن ھالدا، — سەن بۇ ئاپقاچتى گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ ئۇكام؟

— سامساق كۆكبېشىدىن. ئۇ مەجبۇرلاپ ئېتىمنى ئېلىپ كەتتى. مېنى بالىلىرى ئۇششاق دەپ ئەسكەرلىكتىن قالدۇرۇپتۇ.

— توۋا خۇدايىم ماۋۇ ئىشنى... — دېدى ھەيران بول- غان روزى.

— دادامنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى شۇ چاغقىچە گەپكە ئارىلاشماي جىم ئولتۇرغان ياسىن تاتۇق، — قوزغىلاڭ باشلان- غاندا ئابدۇكېرىم ئەلەم باشلىق، ئېزىز ھاجىم ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپتىكەن. بىراق ئاخىرىغا كەلگەندە ئەلەم ئاخۇنۇم ھەممىنى ئىگىلىۋاپتۇ. ئېزىز ھاجىمغا بىرقانچە قارا مىلتىق، كونا قىلىچ بىلەن ئەللىك - ئاتمىشچە ئادەمنى بېرىپتۇ. شۇڭا، توقسۇنبەگ- نىڭ ياسىنئاخۇن:

ئېزىز ھاجىمنىڭ ئەسكىرى،
قېرى - چۈرى پىيادە.
ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئەسكىرى،
قىزىل گۈلدىن زىيادە،
دەپ قوشاق قېتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى بۇ گەپلەردىن ھەيران بولغان روزى، — بۇنىڭغا باشقا چوڭلار بىر نەرسە دېمەپتىمۇ؟

— دادامنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپ گەپ باشلىدى ياسىن تاتۇق يەنە، — ئىزىز ھاجىم بېرىپ باھاۋۇدۇن ھاجىمغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى توسۇشنى تەلەپ قىلىپتىكەن، باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۇنىماپتۇ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى روزى.

— ئىش ئەمدى باشلاندى. ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن دەۋالاشسا ئىتتىپاق بۇزۇلىدۇ. بۇ ئىشلىرىمىزغا پايدىسىز. ئۆزى بىر ئۆلىما تۇرۇپ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەنىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلمىغان يەردە بىزنىڭ نەسىھەتىمىزنى ئاڭلايتتى - مۇ؟ — دەپتۇ باھاۋۇدۇن ھاجىم، — يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇق كۈچى، بايلىقىنى ئاشۇرۇش خىيالىدا يۈرگەن ئادەم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، — ھەممە ئادەم ياسىن-نىڭ سۆزلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلىدى. ياسىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — باھاۋۇدۇن ھاجىم بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرايلى. ئەگەردە موسولبايلار يەنە مۇشۇ يول بىلەن قايتىپ كەلسە شۇ چاغدا بىر نەرسە دېيىشەيلى دەپتۇ.

— مۇنداق گەپ ئىكەن - دە، — دېدى روزى خىيالچان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — شەرىئەت ئۆلىماسى بولغان بىر ئادەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن غەلىتە ئىشلىرىغا ئادەم ھەيران بولىدۇ. ئۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بىزنى چاقىرغاندا «زالىملار-نى يوقىتىپ، ئازادلىققا ئېرىشىمىز»، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار دېگەن چىرايلىق گەپلەرنى قىلغانىدى. بىر ئايدىن بۇيان، جاڭ-گالدا قوي بېقىپ يۈرۈپ ھېچنېمىنى ئۇقماپتىمەن. «ئات ئايلى-خانغا يول سارىخانغا» بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ . . .

— دادامنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپ يەنە گەپ باشلىدى ياسىن ئېزىز ھاجىم، — ھە... ھېلىقى نېمىتا؟!... ھە، ھە دوڭ باڭگىدا خوشاجا ئالسا بەرمەس كۆكۆرەك دېگەندەك ئىش بولدى دەپ بەكلا خاپا بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئۇ نېمىدېگەن گېپىڭ؟ — دەپ شۇ چاغقىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان توختى سوئال قويدى، — دوڭ باڭگا، فوڭ باڭگا دېگىنىڭ نېمە؟

— مەنمۇ ئۇقمۇدۇم، — دېدى ياسىن چۈشەندۈرۈپ، — بۇرۇن ئىچكىرىدىن بىر سودىگەر چىقىپ ماللىرىنى نەخ پۇل بەرسىمۇ، نىسى بولسىمۇ سېتىۋېرىپتۇ، نىسى ئالغۇچىلار ھۆججەت يېزىپ بېرىپتۇ. ھۆججەت يېزىپ بەرگۈچىلەردىن بەزىلەر خامان ۋاقتىدا، بەزىلەر مېۋە پىشقىدا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. پەقەت بىرلا ھۆججەتنىڭ ئىگىسى كەلمەپتۇ. ئاخىر سودىگەر ئامبالغا ئەرز قىلىپتۇ. ئامبال ھۆججەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ-دە، سودىگەرگە كايىپتۇ:

— ھەي ئەخمەق سودىگەر، مال ئالغۇچى راست گەپنى قىلىپتۇغۇ، «ئالسا بەرمەس كۆكۆرەك» دېگەنىكەن، بۇ ھەرگىز بەرمەيمەن دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئەرزنى سوراشنى رەت قىلىپتۇ. سودىگەر ئۆزىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ياسىننىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

* * *

دېھقانلارنىڭ ئېتىز ئۈستىدە دېيىشكەن گەپلىرى ھەقىقەتەن راست ئىدى. موسۇلبايلار چىڭخەي تەرەپكە كېتىشى بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەم ھەممە ئىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا باشلىدى. بارلىق قورال-ياراغ ۋە باشقا مال-مۈلۈكلەرنى ئۆزد-

نىڭ قازنىقىغا توشۇۋالدى. موسولبايىنىڭ نەسىھەت قىلىپ:
— خوجىنىياز ھاجىملارنىڭمۇ قولىدا قورال ـ ياراغ يوق. شۇڭا غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللارنىڭ يېرىمىنى ئۆزۈڭلار ئىشلىتىپ قالغان يېرىمىنى كورلىغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار، — دېگەن ئىلتىجاسىنىمۇ قۇلاقتا تۇتمىدى.

ناھىيە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ يۈز نەپەر ياشنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئۆزىلا قوماندانلىق قىلدى. بۇ قوراللىق قوزغىلاڭچىلاردىن ئۆزىنىڭ ئېتى بارلار ئۆز ئېتىنى مىندى. ئۆزىنىڭ ئېتى يوقلارغا باشقىلارنىڭ ئېتىنى ئېلىپ بەردى. بۇ قوشۇننىڭ ھەر دەرىجىلىك باشلىقلىقىنى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى يېقىنلىرى قىلدى. ئېزىز ھاجىمغا بىر قانچە تال قارا مىلتىق، ئون نەچچە تال قىلىچ بەردى. كونىراپ ئىشتىن چىققان يۈز دانە مىلتىقنى كالا ھارۋىسىغا بېسىپ كورلىغا خوجىنىياز ھاجىم ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئۆزىگە بەش نەپەر مۇھاپىزەتچى تاللاپ ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ نەگە بارسا بىللە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايى قوزغىلاڭچىلار شتابى قىلىنىپ رەسمىي ھەربىي گازارمىغا ئايلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى كېچە ـ كۈندۈز قوراللىق ئادەملەر ساقلىدى.

دېھقانلار بۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى بېقىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ناھىيىنىڭ ھەممە جايىدىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جايىغا بېدە، سامان، يەم ـ بوغۇز، ئوتۇن ـ ياغاچ، يېمەك ـ ئىچمەك توشۇلۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق ئۇستىدىكى ئالۋاڭ ـ سېلىق تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇ ئىشلار خەلق ئارىسىدا نارازىلىقنى قوزغاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى بۇرۇنقىدەك ھۆرمەتلەپ «ئەلەم ئاخۇنۇم» دېمەي ئۆزئارا گەپلەشكەندە «ئاخۇن قارىغۇ» دەيدىغان بولۇۋالدى.

يېقىندىن بۇيان ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن ئېزىز هاجى ئوتـ
تۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كۈچەيدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم:
— مەن ئاخۇن، شەرىئەت نامىدىن يۇرتنى مەن سو -
رايمەن، — دېسە، ئېزىزهاجى:
— مەن بەگ، يۇرتنى مەن سورايمەن، — دېدى.
ئۇرۇشنىڭ قۇدرىتى بىلەن شۆهرىتى قارارسىز بىر ئىش
ئىدى. هەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى. مەنسەپ، كۈچ قوغلاشـ
قان تەمەخورلار، خۇشامەتچىلەر هەربىي كۈچ جەهەتتە ئۈستۈنـ
لۈككە ئېرىشىپ هەممىنى ئىگىلىۋالغان ئابدۇكېرىم ئەلەم تەـ
رەپكە ئېغىشقا باشلىدى. هەممىلا يەردە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن،
قىلغىنى قىلغان بولۇپ ئۆزى يۇرتقا پاتماي قالدى. لېكىن،
خەلق ئۇچۇن قۇياش يەنىلا شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتتى.
ئاھ! بۇ جاهان نېمە دېگەن غەلىتە - هە؟!... قەدىمكىلەر
بىكارغا «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېمەپتىكەن. بۇ گەپ
هازىرقى ئەھۋالغا تولىمۇ ماس كېلەتتى.

# بەشىنچى باب

# يۇرت بىزنىڭ

هازىرقى يۇرتۋازلىق، تەرەپبازلىقلار قە-
دىمكى قەبىلىۋازلىق خاھىشىنىڭ ساقىندىسى.
—— ف. ئېنگېلس

ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى.

باھار قۇياشى ئالەمنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ھاۋا ئوچۇق ۋە سۈزۈك، شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال كىشىلەرنىڭ يۈز كۆزلىرىنى سۆيۈپ، راھەتلەندۈرۈپ ئۆتەتتى. بۇ يازنىڭ باشلىنىشى بولغاچقا ھەممە ياق گۈل - چېچەككە كۆمۈلگەن. تەبىئەت ياپيېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى. يېڭىدىن ئېچىلغان قىزىل گۈل قىز - چوكانلارنىڭ قۇلىقىغا، ئوسمىلار قېشىغا چىققانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت پارلاپ تۇرغان گۈزەل چىرايلىرىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشۇلغانىدى. ئۇششاق باللار تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناشتىن ئۆستەڭدىكى لاي سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناشقا ئۆتكەنىدى. ھەممە ياقتا قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ ئۇۋا ياسىشاتتى. بۇلبۇللار سايرىشاتتى. كاككۇكلار بىر - بىرىنى چاقىرىشاتتى. ئەتىگەن - ئاخشامدا ئاق قۇلار، تۇرنىلار غاقىلدىشىپ سەپ - سەپ بولۇپ جەنۇب تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ، تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى كۆللەرگە ئۆتۇپ كېتەتتى.

بۈگۈن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايى-

دا قوراللىق ئادەملەر كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىشەتتى. بۇ جاينىڭ جەنۇبقا قارىغان ناھايىتى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئادەم قوراللىق پوستا تۇراتتى. ئۇلار باشلىرىغا كىگىز قالپاق، ئۇستىگە پاختەك تۇكى ماتادا ئىشتان ـ چاپان، پۇتىغا ئاقىرىپ كەتكەن كونا ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، ئوق خالتىلىرىنى مۇرىسىگە ئارتىلدۇرۇپ، بېلىنى ئوق خالتىسىنىڭ ئۇستىدىن ئاق ماتا بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئۇلار ھەرگىزمۇ ھەربىيگە ئوخشىمايتتى. لېكىن، سىرتتىن كىرگەن ھەربىر ئادەمنى قاراۋۇللار دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ كىرگۈزەتتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى تام ياقىلىتىپ ئورنىتىلغان تۈۋرۈكلەرگە خېلى كۆپ ئات باغلاقلىق تۇراتتى. دەرۋازىدىن ناھايىتى چوڭ ھويلىغا كىرگەندە سول قول تەرەپتە تېگىنى كۆتۈرمە قىلىپ سالغان ئىككى ئېغىز ئالاھىدە ياسىداق ۋاسا جۈپ ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆي ئەسلىدە ئابدۇكىرىم ئەلەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشخانىسى ئىدى. ھازىر بولسا قوزغىلاڭچىلار شتابى مۇشۇ ئۆيگە جايلاشقانىدى. ئۇ يەردىمۇ بىر قورالLIق پوس بار ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئايۋاننىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى . بۇ ئايۋان سەكسەن كۋادىرات مېتىر چوڭلۇقتا بولۇپ پۇتۇنلەي ۋاسا جۈپ قىلىپ سېلىنغان. تورۇسنى ئوتتۇرىدا تۆت دانە چوڭ تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تۆت تال چوڭ تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىنى شامال ئۆتۈشىدىغان ۋە قۇياش نۇرى چۈشىدىغان قىلىپ بىر مېتىر ئېگىزلىكتە چۆرىسىنى دەرۋازىدىن، ئۇستىنى ۋاسا جۈپ قىلىپ يايقان بولۇپ، بۇ ئايۋاننىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. ئايۋاننىڭ ئىچى چۆرگىلىتىپ چىقىرىلغان سوپىلار بىلەن تۇشقان بولۇپ، بۇ سوپىلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە چوڭ ياغاچلاردا زەگۇندە قىلىنغان. ئايۋاننىڭ ئىشىكىدىن كىرىش بىلەن ئوڭ تەرەپتە بىر ئىشىك بولۇپ بۇ قازناق ئىدى. بۇ قازناقنىڭ ئاچقۇچى ئابدۇكېرىم ئەلەمدە ئىدى. بۇ قازناقتا قورال ـ ياراغ

ۋە باشقا بايلىقلار بار ئىدى. ئايۋاننىڭ تۆرىدە ئاشخانا، ئۇنىڭغا يانداش قەپەس ئايۋان، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تاملىرى ئالاھىدە نەقىشلەنگەن مېھمانخانا بار ئىدى. بۇ مېھمانخانا مەخسۇس كاتتا مېھمانلارنى كۈتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. قەپەس ئايۋاندىن ئۇدۇل ماڭسا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ھەرەمخانىسى ئىدى. بۇ ھەرەمخانىنىڭ ئىچىدە يەنە بىرقانچە كىچىك ـ كىچىك قازناقلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئەلەمنىڭ ئايالىدا ئىدى. چوڭ ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىدە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىنىلىرى، چوڭ ئوغۇللىرى تۇرىدىغان كاتتا ئۆيلەر بولغاندىن تاشقىرى مالايلار ياتىقى، جوۋازخانا، ئاختاخانا، قوي ـ كالا قوتانلىرى، يەم ـ خەشەك قويىدىغان ئامبارلار بار ئىدى.

بۈگۈن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئاشۇ چوڭ ئايۋاندىكى سۇپىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە ئون نەچچە ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇ-شاتتى. ئۇلار ئۈستىلىرىگە ئۇزۇن تون كېيىپ، بەللىرىگە «دوك يىڭجاڭ» دىن غەنىيمەت ئېلىنغان تاپانچىلارنى ئېسىۋالغا-نىدى. ئۇلارنى بۈگۈن ئابدۇكېرىم ئەلەم ئالاھىدە چاقىرتقانىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەلەمنىڭ تۇغقانلىرى، يەنە بىر قىسمى يېقىنلىرى بولۇپ ھەممىسى ھازىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۈرلۈك دەرىجىدىكى باشلىقلىرى ئىدى ھەمدە ئابدۇكېرىم ئەلەمگە ناھايى-تى سادىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ كىرد-شىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. راستىنى ئېيت-قاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا قورساق، نادان ھەم ئۇچىغا چىق-قان قارام، تەلۋە كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بىرەر سائەتچە ساقلىغان-دىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز ئىشخانىسىدىن خۇددى خا-رەزم شاھىدەك كىدىيىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران، باشقىلارنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىل-دۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاپئاق شايى سەلە، ئۈستىدە يېنىك چەكمەن تون بار ئىدى. ئۆزى ئارا بوي، سەل ـ پەل دۈمچەكرەك،

سېرىق چىراي، شالاڭ ساقاللىق، بىر كۆزى چېقىر ھەم قىسىق-
راق، يەنە بىر كۆزى قوي كۆز ئادەم ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ
بۇ كۆزلىرى ھەممە نەرسىگە جىددىي قارايتتى. شۇڭا، بەزى
كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ قىسىق كۆزىگە قاراپ ئاچچىقى كەلگەندە
«ئاخۇن قارىغۇ» دەپ كەينىدىن تىللايتتى. ئالدىدا بولسا ئىتتقا
ئوخشاش كۇچۇكلىنىپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالاتتى. ئاب-
دۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆز ئىشخانىسىدىن چىققانلىقىنى كۆرگەن
ئايۋاندىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پەگاغا چۇشۇپ قول باغلاپ
تۇرۇشتى. ئاخۇنۇم بەش مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئايۋانغا كىرىپ
كەلدى. مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ مۈرىسىدە ياغاچ قاپلىق تاپانچا
(بەلدەڭگە) بار ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلـەيكۇم جامـائەت ،تىنچ - ئامان تۇ -
رۇپسىلەرمۇ؟ — دېدى ئەلەم

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاخۇنۇم، ئاۋۋال خۇدا ئاندىن
قالسا سىنىڭ دۆلىتىڭدە سالامەت تۇردۇق، — دېيىشتى كۆپ-
چىلىك. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئايۋان تاملىرىدا ئەكس ئەتتى. ئابدۇ-
كېرىم ئەلەم تۆرگە ئۆتۈپ ئەتلەس كۆرپىنىڭ ئۈستىدە يۇكۇنۇپ
ئولتۇردى.

— ئىجازەت ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم.
ھەممەيلەن ئولتۇردى. پەقەت مۇھاپىزەتچىلەر ئۆرە تۇردى.
ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەم:

— ئامىن! — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، — ئاللاھۇ
ئەكبەر، — دەپ يۇزلىرىنى سىلىدى. باشقىلارمۇ تەڭلا يۇزلى-
رىنى سىلاشتى.

— سىلەرنى مۇنداق جىددىي چاقىرتىشىمنىڭ سەۋەبى، —
دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم تەكەللۇپ قىلمايلا ھەممەيلەنگە تەكشى
قاراپ، — ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا خوتەن
تەرەپتىن كامال داموللا دېگەن بىر كىشى ئەسكەر تارتىپ كېلى-

ۋاتقۇدەك. ئامبالنى ئۆلتۈرۈپ چىرىكلەرنى يوقاتقانىدۇق. ئەمدى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا باشقىلارنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ. مەسلىھەتلىشىپ باقايلى. بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

— سەن بىزنىڭ باش پاناھىمىز، — دەپ ۋارقىراشتى ئولتۇرغانلار، — سەن نېمە دېسەڭ شۇ. سەن ئوتقا دېسەڭ ئوتقا، سۇغا دېسەڭ سۇغا كىرىمىز.

— يۇرت بىزنىڭ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم كېسىپلا، — يۇرتنى ئۆزىمىز سورىشىمىز كېرەك. بىراق، خېلى زامانلاردىن بۇيان قارا قوشۇنلۇقلارغا[1] يۇرتىمىزدىن ئورۇن بەردۇق. ئەمدىزە بىز يۇرت سورىساق ئۇلار كېلىپ ھوقۇقنى بىزدىن تارتىۋالىمىز دېسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھوقۇقنى بىز قان تۆكۈپ ئالغان . . .

دېمىسىمۇ ئابدۇكېرىم ئەلەم بۇ يۇرتتا، ئۈچ ئەۋلادتىن بۇيان ئەلەملىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. بەگلىك ھوقۇقىمۇ شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. پەقەت قازىلىق ھوقۇقىلا قارا قوشۇنلۇقلارنىڭ قولىدا ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردا قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرگۈدەك ئادەم يوق ئىدى. بۈگۈن بولسا ئابدۇكېرىم ئەلەم ھەممىنى قېتىپ قوچۇپ «ھوقۇقنى بىزدىن تارتىۋالماقچى» دەپ ئوماچ قىلىۋەتتى.

— «راھماننىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغاندى» دېگەن شۇ ـ دە، — دېدى سامساق كۆكبېشى، — خوتەنلىكلەرگە ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويايلى.

— قېنى باشقىلار نېمە دەيسىلەر؟ — سورىدى ئابدۇكېرىم ئەلەم.

— سامساق كۆكبېشى راست گەپنى قىلدى، — دېدى مۇھەممەت شاھ ھاجى، — «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال»

---

[1] لوپلۇقلار ئالتە شەھەرلىكلەرنى «قارا قوشۇنلۇق» دەيدۇ.

دېگەن گەپ بار. ئاۋۋال خوتەنلىكلەر بىلەن بىر كۆچ سىنىشىپ كۆرمەمدۇق.

— توغرا، توغرا، — دەپ ۋارقىراشتى باشقىلار، — بىزنىمۇ ئانىمىز «ئوغۇل» دەپ توغقان. ماۋۇ كۆسەيلەر داتلىشىپ قالمىسۇن.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن تارقالدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم سامساق كۆكبېشى، مۇھەممەت شاھ ھاجى قاتارلىق بىرقانچە كىشىنى ئېلىپ قېلىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشتى.

* * *

ئۇلارنىڭ ئۈچ يۈز ئادەم بىلەن «چاپان قالدى» غا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. بۇ بىر ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقى بولۇپ ئارىلىقلىرىدا بولۇق ئوتلاقلار بار ئىدى. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى چەرچەن دەرياسى ۋە چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى، جەنۇبىي تەرىپى «بوستان توغراق» بولۇپ بۇ جايلار كەڭ كەتكەن يايلاق ئىدى. بۇ يايلاقلار ھەر يىلى ياز ۋاقتىدا ئالتۇن تاغدىن كېلىدىغان قار - يامغۇر سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان زور كەلكۈن سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىلاتتى. قالغان چاغلاردا چارۋىچىلار قۇدۇق قېزىپ شۇ ئارقىلىق چارۋا مال باقاتتى. دېھقان قوزغىلاڭچىلار بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا بىر قىسىم چارۋىچىلار قىشلىق يايلاقلاردىن ياكى يۇرت ئىچىدىن كۆچۈپ كەلگەنىدى. بۇ يەرگە قۇياش نۇرى ئوبدان چۈشكەچكە ھەم ھەر دائىم ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا ماي قۇياشى قۇملۇقنى قىزىتىپ تۇراتتى. شۇڭا، يىللاردىن بۇيان قۇرۇپ قالغان كونا ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن يېڭى ئوت - چۆپلەر كۆكىرىپ چىققانىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەمىناتلىرى، ئاتلارنىڭ يەم - بوغۇزلىرى ھەر ئېھتىمالغا قارشى «بوستان توغراق» تا قالغانىدى.

ئۆزلىرى بولسا «چاپان قالدى»غا بېرىپ يول توسۇپ ياتتى. بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپ، سۈيى، ئوتۇن، ياغىچى مول بولسىمۇ، پاشا - كۆمۈت بەك يامان ئىدى. ئۇلار ئاتلارنى باققاچ ئوسمان شاڭيۇغا تۆت نەپەر ئادەم قوشۇپ چەرچەندە تۇرۇۋاتقان كامال داموللىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنداقلا ئابدۇ- كېرىم ئەلەم چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرى نامىدىن خەت يېزىپ كامال داموللىنى چاقىلىققا كەلمەسلىكنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئوسمان شاڭيۇغا كامال داموللىغا نەسىھەت قىلىپ چاقىلىققا كەلتۈرمەسلىك توغرىسىدا يول يورۇق بەردى. ئوسمان شاڭيۇ نۇرغۇن سوۋغا سالام بىلەن يولغا چىقتى.

ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەتكەن ئوسمان شاڭيۇ ئون كۈن دېگەندە ئاران قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن كامال داموللىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىللە كەلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئېگىز بويلۇق، سەل توغرىلىق، دوقا پېشانە، چاڭگا ساقال، ئىلمەك بۇرۇن، رەڭگى قارا، ئورا كۆز، قوشۇما قاش بىر ئاۋغان بولۇپ ئىسمى دىلدىر شاخان، ئوغلىنىڭ ئىسمى ئابلەيخان ئىدى. قالغانلار ئۇيغۇر بولۇپ خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ئىدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم ھەر ھالدا ئەلچىلەرنى خېلى ئوبدان كۈتۈۋالدى. لېكىن، سۆھبەت داۋامىدا قىلچە يۈز - خاتىر قىلمىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىنى رەت قىلدى.

— يۇرت بىزنىڭ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئەل - چىلەرگە، — بۇ يۇرتنى بىز قان تۆكۈپ كۈپارلاردىن تازىلى- غان، ئۇ چاغدا خوتەنلىكلەر قەيەردە ئىكەن؟ ئەمدىزە «تەييارغا ھەييار» بولۇپ كەپتۇ - دە؟!...

— ئاخۇنۇم جانابلىرى، بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزلىرى دېگەندەك ئاددىيلا بىر ئىش ئەمەس. كامال داموللا بولسا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ بۇ تەرەپكە ئەۋەتكەن ۋەكىلى، — دېدى دىلدىر

شاخان ئالدىرىماستىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، سىلىنىڭ يۇرت خىتاي ئىچىگە يېقىن. ئەلھال گەنسۇ ـ چىڭخەي دېگەن ئۆلكىلەرنىڭ چېگراسىدۇر. مۇبادا شۇ ياقتىن ئەسكەر كېلىپ قالسا، سىلىنىڭ بۇ ئازغىنە قوشۇنلىرى بىلەن بۇ يۇرتنى ساقلىماق بەسى مۇشكۈل. شۇڭا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ مەقسىتى ھەر بىرلىرىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ قاچقان دۈشمەنلەرنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈندۇر.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كامال داموللىنىڭ باشقا ۋەكىللىرى «ئەلھەق، ئەلھەق» دېيىشتى. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى:

— جانابىي ۋەكىل راستىنلا سىلى دېگەندەك مەغلۇپ بولغان دۈشمەن قايتا باش كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولسا مانا بىز تەييار، — دەپ ئابدۇكېرىم ئەلەم مەيدىسىگە مۇشتلىدى، — ئۈچ ئاي بۇرۇن بىز قۇرۇق قول بىلەن ئۇلارنىڭ قورغانلىرى بىلەن يامۇللىرىنى ئالغاندۇق. ئىنشائاللا ھازىر قولىمىزدا خېلى كۆپ قورال ـ ياراغ ۋە ئەسكەر بار. ئەمدى ئۇلاردىن ھەرگىز قورقمايمىز.

— ئاخۇنۇم جانابلىرى، بۇ گەپلەرنى دېمەك ئاسان بولغان بىلەن ئورۇندىماق ناھايىتى مۇشكۈلدۇر، — دېدى دىلدىر شاخان، — ھەممەيلەن بىر مۇسۇلمان ھەم بىر مىللەت تۇرۇپ ئانداق قىلمىساق ياخشى بولۇرمىكىن! . . . ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارساق، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. كامال دامولىنىڭ كېلىشى ھەرگىزمۇ يۇرت سوراش ئۈچۈن ئەمەس. يۇرتنى يەنىلا سىلى سورايلا، ئۇلار ساقلاپ بېرىدۇ.

— قىزىق گەپ بولدى، «ئالداشقا بالا ياخشى، خودا ئۇرسۇن قاقۋاشنى» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ بىزنى كىچىك بالا كۆرۈۋاتاملا ۋەكىل جانابلىرى؟ ! . . . — دېدى ئابدۇكېرىم

ئەلەم.

— يوغۇسۇ، يوغۇسۇ ئانداق بولامدىغان، — دېدى دىلدىر شاخان، — مەن راست گەپنى قىلدىم.

— توغرا سىلى راست گەپ قىلدىلا، خوتەن ھۆكۈمىتى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ، مەن يۇرت سورايمەن شۇنداقمۇ؟ بۇ بىزنىڭ بۆكىمىزگە جىگدە سالغانلىق ئەمەسمۇ؟

— يوغسۇ، مېنىڭ گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قاپلا ئاخۇنۇم.

— خاتا ئەمەس، ناھايىتى توغرا چۈشىنىۋاتىمەن. مەن جانابلىرىدىن شۇنى سوراپ باقاي، مەن يۇرتنى سورىسام، خوتەنلىكلەر ئەسكەر تۇرغۇزسا ئەمەلىي ھوقۇق كىمدە بولىدۇ؟

— ئەلۋەتتە جانابلىرىدا بولىدۇ - دە.

— قۇرۇق گەپ، — دەپ دېمىغىنى قاقتى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — ئەزەلدىن ئەسكىرىي كۈچ كىمدە بولسا ئەمەلىي ھوقۇق شۇنىڭدا بولۇپ كەلگەن. بىز ئەخمەقمىدۇق، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ بولغىلى.

— توغرا، توغرا، — دەپ ۋارقىراشتى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار، — بىزنى ئەخمەق كۆرمىسۇن.

ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ چېدىرنىڭ سىرتىدا يۈرگەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يىگىتلىرى يۈگۈرۈپ كېلىشتى. چەرچەنلىك ۋەكىللەر جىددىيلىشىپ قالدى.

— كېتىڭلار ھېچ گەپ يوق، — دېدى سامساق كۆكبېشى. ئۇلار كەتتى. كامال داموللىنىڭ ۋەكىللىرى يېنىك نەپەس ئېلىشتى.

— ئاخۇنۇم جانابلىرى شۇنى سەمىلىرىگە سېلىپ قويۇش مەن ئۈچۈن پەرھىزدۇركى، — دېدى دىلدىر شاخان گەپنى دانە - دانە قىلىشقا تىرىشىپ، — ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتمەكلىك لازىمدۇر. بۇ يەردە خوتەنلىك، لوپلۇق، قەشقەرلىك دېگىلى تۇرساق، ئوتتۇ-

رىمىزدا يەكلىمچىلىك، پىتنە ـ ئىغۋا پەيدا قىلساق ئىشىمىز هەرگىز ئوڭغا تارتمايدۇ. ئارىمىزدىكى هەربىر ىزا ـ جاڭجال-دىن دۈشمەنلەر ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كېتىدۇ، . . . ئۇ يەنە سۆزلىمەكچى بولغانىدى، ئابدۇكېرىم ئەلەم گەپنىڭ بېلىگە تەپتى:

— پىتنە ـ ئىغۋا قىلمايلى دېگەن نېمە گەپ؟ بىز پىتنە ـ ئىغۋا قىلدۇقمۇ؟ ياكى سىلەر يولسىزلىق بىلەن بىزنى بۆزەك ئەتكىلى كەلدىڭلارمۇ؟ . . .

— سەۋر قىلسىلا ئاخۇنۇم، سەۋر قىلسىلا. كونىلار «ئې-غىرلىق رەهمانى، يېنىكلىك شەيتانى» دەپتىكەن. ئېغىر بولاي-لى ئاخۇنۇم. سىلى ئۇيغۇرلاردا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن هالۋا پۈتىدۇ» دەيدىغان ناهايىتى ياخشى تەمسىل بار. سەۋر قىلايلى. مەن هەرگىز هەر بىرلىرىنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس. پەقەت ئىتتىپاق بولايلى، ئىناق بولايلى دېمەكچى. بىز ئاۋغانلارمۇ سىلەر كۆرگەن كۈننى كۆرگەن. بۇنىڭدىن يۈز يىللار بۇرۇن ئېنگلىزلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئافغانىستانغا باستۇرۇپ كەلدى[1] بىزنىڭ خان زادىلىرىمىز، بەگلىرىمىز، ئۆلۈمالىرىمىزنىڭ هەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا خان بولغۇسى كېلىپ هوقۇق تالاشتى. نەتىجىدە ئېنگلىزلارغا قارشى ئۇرۇش مەغلۇپ بولدى. هەر بىرلىرىمۇ ئەمدىلا كۆپارلارنى يوقىتىشتىلا. بىر هاكىمىيەت ئاستىغا بىرلەشمەي هەممىلا ئادەم ئۆز ئالدىغا بولۇۋالسا، پۇقرا-نى ئويلىمىسا بۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە بولۇر؟ . . . — دەپ دىلدىر شاخان گەپنى تۇگىتىپ ئالدىدىكى چاينى ئوتلىدى.

— ئۇۋالى كىمگە بولسا سىلىگە نېمىتى؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئەلپازىنى بۇزۇپ، — بېرىپ كامال داموللى-غا ئېيتسىلا، يۇرت بىزنىڭ، خوتەنلىكلەرنى كىرگۈزمەيمىز.

---

[1] بۇ يەردە 1838 ـ، 1839 ـ يىللاردىكى ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مېنىڭ گېپىم شۇ، يوللىرىغا ماڭىسلا . . .
ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بۇ قوپال گەپلىرى كامال داموللىنىڭ ۋەكىللىرىگە ناھايىتى ھار كەلدى بولغاي، ئۇلار شۇ كۈنىلا يولغا چىقىپ كەتتى. ئۇلارنى ئوسمان شاڭيۇ ئاقتازغىچە ئۇزىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەم مۇشۇ نۆۋەتتىكى سۆھبىتىنى ئويلىسا ئوسمان شاڭيۇغا ناھايىتى ئاچچىقى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئوسمان شاڭيۇنىڭ دادىسى رازاق ئاخۇنۇن كىرىيىلىك بولۇپ 1904 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى چاقىلىقتا ئاھالە كۆچۈرگەندە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كەلگەن.
— ۋاي ئىست، — دەيتتى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — بىكار ئوسمان شاڭيۇغا ئىشىنىپ ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپتىمەن. ئۇ كامال دامولىغا مېنى چاققان ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ خوتەنلىكتە؟! . . . ئۇ مانا شۇنداق ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى ئوسمان شاڭيۇغا بەكلا ئۆچ بولۇپ كەتتى.

* * *

دىلدىر شاخانىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغان كامال داموللا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يۇرتۋازلىق قىلىپ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئالمىغانلىقى ۋە يولسىزلىق قىلىپ ئۆز ۋەكىللىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇ دەرھال قول ئاستىدىكى يۈزبېشى ھەم ئونبېشىلارنى چاقىرىپ مەسلىھەت يىغىنى ئاچتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىردەك چاقىلىققا باستۇرۇپ بېرىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يولسىزلىق قىلغانلىقىنى يۈزىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. نەتىجىدە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك جاكارلاندى. ئەسلىدە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يېرىمىنى چاقىلىققا ئېلىپ بارماقچى بولۇپ يۈرگەن كامال

داموللا پىلاننى ئۆزگەرتىپ، چەرچەندە ئازغىنە ئادەم قالدۇ-رۇپ، قوشۇننىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

كامال داموللىنىڭ ۋەكىللىرى قايتىپ كېتىپ سەككىز كۈن بولغاندا «چاپان قالدى» دا تۇرۇۋاتقان ئابدۇكېرىم ئەلەم چەرچەندىكى ئايغاقچىدىن: «كامال داموللا يولغا چىقتى. ئەس-كىرى ناھايىتى كۆپ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. نەتىجىدە ئابدۇكېرىم ئەلەم دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى. ئىككىنچى كۈنى چۈش ۋاقتىدا ئاقتازدىكى قاراۋۇللاردىن خەۋەر كەلدى:

— كامال داموللا كېلىۋاتىدۇ. ئادىمى مىڭدىن ئارتۇق.

— چېكىنەيلى، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز ئادەملىرىگە، — بۇ يەر چۆل. شۇنداقلا ئۇلار كۆپ ئىكەن، بىزنى قورشىۋالسا چاتاق بولىدۇ. ھەرنېمە بولساق يۇرت خەلقى ئالدىدا بولايلى. ئۆلۈكىمىز چۆلدە قالمىسۇن.

شۇنداق قىلىپ ئاغزىدا پو ئاتقان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يۇرتۋاز قوشۇنى كامال داموللىنىڭ «ئىسلام قوشۇنى» نى كۆر-مەي تۇرۇپلا تىكىۋەتتى. ئۇلار «بوستان توغراق» تىكى نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ ئالغىنىنى ئېلىپ، ئالالماي قالغىنىنى تاشلىۋەت-تى. چوڭ سۆزلىگەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرى پاتىپا-راقچىلىق ئىچىدە قاچماقتا ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز ئادەملىرى بىلەن قېچىپ كېلىپلا تەرەپ - تەرەپكە چاپارمەن ئەۋەتىپ خەلقنى «خوتەنلىكلەرگە قارشى «غازات قىلىشقا» چاقىردى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ چاقىرى-قى ئانچە ئۇنۇم بەرمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دەسلەپتىلا ئېزىز ھاجىدەك ئۆز ياردەمچىسىنى، يەنە كېلىپ ئومۇمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بىر مۆتىۋەرنى يەكلىشى ئومۇمنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغا-نىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇرۇشتا باراك كۆرسىتىشكە ياراپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن بىر قىسىم پۇقرانى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقتى. چاقىلىق بازىرىنىڭ غەربىدە بىر كىلومېتىر كەڭلىكتە

بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريادا ياز ۋاقتىدىكى كەلكۈن ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتتا سۇ يوق ئىدى. بۇ ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم جاي بولۇپ قايسى تەرەپتىن بولسۇن ھۇجۇم قىلىش تەس. مۇداپىئە كۆرۈش ئاسان ئىدى. چۈنكى، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىر يار بولۇپ، يار تۆپىسىدە تۇرغان ئادەمگە ۋە ئىككى تەرەپتىكى سايدا تۇرغان ئادەمگە بىر تال يىڭنىمۇ «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئابدۇكېرىم ئەلەم مانا شۇ ئوتتۇرا يارغا ئەللىك نەپەر مەرگەننى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەننى توسۇشنى بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا قالغان قوشۇننى ئېلىپ ئۇنىڭدىن بىر كىلومېتىرچە شىمالدىكى دەريانىڭ يارلىقلىرى كۆپ تار جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەردىكى دەريانىڭ كەڭلىكى يۈز مېتىردەك بولۇپ، دەريانىڭ غەربىدىكى بەگ مەھەللىسى بىلەن شەرقتىدىكى تىكەنلىك مەھەللىسى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى جايلاشقانىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى، يارلىقلارنىڭ كۆپلۈكى، سۇ ئويۇۋەتكەن ئازگاللارنىڭ، يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك بولغان كامارلارنىڭ كۆپ بولۇشى، ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولغان تەبىئىي ئاكوپ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردەك بۇ قېتىممۇ ئۇرۇشنىڭ مۇشۇ يەردە بولۇشى، كامال داموللىنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتۈشى چوقۇم ئىدى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز قوشۇنىنى مۇشۇ يارلىقلارنىڭ شەرق تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ كامال داموللىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

ئىككىنچى كۈنى كامال داموللا دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ توختاپ قالدى ۋە بۇ جاينىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇلار كېرىيە، نىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇرۇش ۋاقتىدا تۇزلەڭلىك بەك خەتەرلىك بولۇپ، ھەممىلا جايدا ئەزرائىل ئەجەل خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ يۈرۈيدىغان-

لىقنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى.

— بۇ جاي بەك خەتەرلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇدۇل ماڭساق سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئالدىمىزدىن ئوقفا تۇتۇپ بىزنى قىرىپ تاشلىشى مۇمكىن، — دېدى كامال داموللا يېنىدىكى چاڭگا ساقال مۇشاۋىرغا.

— شۇنداق ھەزرىتىم، — دېدى قېرى مۇشاۋىرمۇ.

ئارقىدىن يېنىدىكى ياش يىگىتكە، — ساۋۇت كارۋاننى چا - قىرتىڭ، — دەپ بۇيرۇق بەردى. ئۇلارنىڭ يېنىغا ئېگىز بويلۇق قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر قارا ئاتلىق كەلدى.

— ساۋۇت ئاخۇن، — دەپ قارا ئاتلىققا مۇراجىئەت قىلدى مۇشاۋىر، — بۇ سايىنىڭ تارراق جايى يوقمۇ؟ بىر قامچا بىلەن ئات دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان.

— دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە بار، — دېدى ساۋۇت كارۋان شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ، — مەن ئۇ يەردە بىر قانچە قېتىم قونغان.

— ياخشى گەپ، ئەمىسە باشلاڭ.

ئۇلار دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قومۇلۇق بىلەن مېڭىپ دەل - دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

* * *

ئىككى تەرەپتىن بولغان ئېتىشمىلار يېرىم كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلدى. كامال دامولللىنىڭ ئەسكەرلىرى بىردە ئېتىپ، بىردە توختاپ ئۇرۇشنى داۋام قىلدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم تەرەپ ئوق - دورىنى ئايىمايتتى. قۇياش چۈشتىن قايرىلغان چاغدا كامال داموللا ئەسكەرلىرىنىڭ ئوت كۈچى ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. دەريانىڭ غەربىي قىرغىقى تىك يارلىق، شەرقىي قىر- غىقى يانتۇلۇقنى ھاسىل قىلغانىدى. كامال داموللا ئەسكەرلىرى

بۇنداق تەبىئىي ئارتۇقچىلىقتىن ئالاھىدە پايدىلاندى. ئۇلار يار-
لىقلارغا قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە، دۆڭلۈكلەرگە، سۇ ئويۇ-
ۋەتكەن ئازگاللارغا، كامارلارغا جايلىشىۋېلىپ، ئابدۇكېرىم ئە-
لەمنىڭ ئەسكەرلىرىنى باش كۆتۈرتكۈزمىدى.
— ئات، جاھىل لوپلۇقلارنى، — دەپ ۋارقىرايتتى كامال
داموللا جاھىللىقىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن.
كەچ پېشىن بولغاندا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بىرقانچە ئادى-
مىگە ئوق تېگىپ يارىلاندى. بۇنى كۆرۈپ بىر قىسىملارنىڭ
روھى چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار كامارلارغا كىرىپ تۈگۈلۈپ يېتى-
ۋېلىشتى ياكى جان قۇتقۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇلارنىڭ ئوقلىرى بارغانچە ئاز قېلىۋاتاتتى. بەزى مىلتىق-
لار بىرنەچچە پاي ئوق ئاتا - ئاتمايلا قىزىپ كېتىپ ئوق نەچچە
مېتىر جايغا بارمايلا يەرگە چۈشەتتى. كامال داموللا بولسا
جەڭنى پاتراق ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى. بىردىنلا ئۇ تەرەپ-
تىن:
— ئاللاھۇ ئەكبەر، — دېگەن تەكبىر ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئارقىدىن تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان تەكبىر ئاۋازى بىلەن
ئەسكەرلەرنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە چاقىرغان كانايلار چېلىنىشقا
باشلىدى. كامال داموللا ئەسكەرلىرى ئاتلارغا مىنىشكە باشلى-
دى. بۇنى كۆرۈپ قارشى قىرغاقتىكىلەر پىتىراپ قېچىشقا
باشلىدى. ئەمدى تەربىيە كۆرمىگەن بۇ نادان ئادەملەرنى توسۇۋې-
لىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— چېكىنىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئىلاجسىز قالغان
ئابدۇكېرىم ئەلەمۇ، — مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، ئۇ
ھەممىنىڭ ئالدىدا شىمالغا قاراپ ئات سالدى. شۇنداق قىلىپ
قاچ - قاچ باشلىنىپ كەتتى. لېكىن، كامال داموللا ئادەملىرى-
گە ئوق چىقارماسلىق، قوغلىماسلىقنى بۇيرۇدى.
— ئۇلار نادان. كېيىنچە چۈشىنىپ قالىدۇ. قوغلاشنىڭ

هاجىتى يوق.

قاچقان ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز ئادەملىرى بىلەن تۆت كۈندە تىكەنلىككە يېتىپ باردى. ئۇلار ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئەللىك نەپەر مەرگەننى تاللاپ ئېلىپ خوجىنىياز هاجىمغا قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. لېكىن، ئۇلار بارغاندا خوجىنىياز هاجىم، مەھمۇت مۇھىتىلار كۇچا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇدۇل كۇچاغا ماڭدى.

# ئالتىنچى باب

# تاش يۈرەك

ئىتتىپاقسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىق پۈ-
تۈنلەي نادانلىقتۇر.

— ۋ. ئى. لېنىن

ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىسسىق.

تەبىئەت ئۆزىنىڭ باش يازغا خاس خۇسۇسىيىتى بىلەن ھەممە ياقنى يېشىللىققا پۈركىگەنىدى. قاراڭغۇلاشقان دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئىچىدە كاككۇكلار سايرىشاتتى. قارلىغاچلار ۋى-چىرلىشىپ ئوينايتتى. دېھقانلار ئېتىزلىقلاردا ئىشلەيتتى. يى-راقتىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىناتتى:

ئاھ، يايرىم جېنىم ئايشە،
بىلمەيمەن ئۆيۈڭ نەدە؟
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ نەدە؟! . . .

ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قوغلاپ ماڭغان كامال داموللىنىڭ ئەسكەرلىرى مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپلا توختاپ قالدى. پە-قەت جامال باشلىغان ئازغىنە ئادەم بۇيرۇققا بويسۇنماي قوغلاپ كەتتى. مەھەللىنىڭ سىرتىدا ئوت - چۆپمۇ، ئوتۇن - ياغاچمۇ

كۆپ ئىدى. بۇگۇن ھەش - پەش دېگۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ئەمدى چارچىغان قوشۇننى دەم ئالدۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇلارنى غىزالاندۇرۇش لازىم ئىدى. شۇڭا، بۇگۇن ئاخشاش كامال داموللا دالىدا تۇنەشنى قارار قىلدى. ئۇلار «ساي سۇلاغ» دېگەن جايغا بېرىپ چۈشتى ۋە ئەتراپقا قاراۋۇل قويۇپ ئاتلارنى توقايلىققا قويۇۋەتتى. ئۇلار بۇلاق سۈيىدە قاتتىق - قۇرۇق نان بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇشتى. لېكىن، بۇنداق مەزگىلدە بۇ يەرلەردە پاشا - كۇمۇتا كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار كۆپ قىينالدى. بەزىلەر نۆۋەت بىلەن ئىس سېلىپ، نۆۋەت بىلەن ئۇخلاشتى.

قۇياش چاشكا ۋاقتى بولغاندا كامال داموللىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى سەپ - سەپ بولۇپ چاقىلىق بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى پۇتۇن خەلق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۇرگەن ھالدا قارشى ئالدى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا بېشىغا شاپتۇل چېچەكى شايى سەللە ئورد-غان، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، چەكمەن توننىڭ ئۇستىدىن ماۋزىر ئاسقان، كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، قارا يورغىغا مىنگەن ئاتمىش ياشلاردىكى كامال داموللا، ئۇنىڭ كەينىدە يەك تاپان جەدە ئاتقا مىنگەن قارا قويۇق ساقاللىق، بېشىغا شايى سەللە ئوراپ، پەتلىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئىلاخون ئەمىر ۋە چىلان تورۇق ئاتقا مىنگەن روزى ئەمىر كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تۆتتىن رەت بولۇپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەت-كەن ئادەملەر كەلمەكتە ئىدى، ئۇلار باشلىرىغا ئوخشاشلا ئاق ماتادا سەللە ئورىغان بولۇپ ئۇلارنىڭ يۇزلىرى ئاپتاپتا قارىداپ، يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار «ئامىن!» دەپ تۇرغان خالايىقنى كۆرۇپ، ئوڭ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ سالام بېرىپ مېڭىش-تى. ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاۋازى پۇتۇن يۇرتنى قاپلاپ كەتتى.

كامال داموللار ئەسكەرلىرىنى ئۇچكە بۆلۇپ ئورۇنلاشتۇر-

دى. بىر قىسمىنى ئىمىن ھاجىمنىڭ مەدرىسىگە، ھاشىمبەگ، ئىمىنبەگنىڭ جايىغا، يەنە بىر قىسمىنى كارۋان سارايلارغا، ئاخىرقى قىسمىنى جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنىڭ تەمىنات پونكىتىغا ئورۇنلاشتۇردى. كامال دامولىلىنىڭ ئۆزى بولسا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. باھاۋۇدۇن ھاجىم مېھماننى ئۆتكەن قېتىم موسولباي بىلەن ۋاڭ نىياز چۈشكەن مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. كامال داموللا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ كوچىغا چىقىدىغان دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە «ھۆكۈمىتى ئىسلامىيە خوتەن، چاقىلىق تارماق مەھكىمىسى» دېگەن ۋىۋىسكىسىنى ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن روسۇلىللاھ» دېگەن ئايەت يېزىلغان كۆك بايراقنى ئېسىپ قويدى.

كامال دامولىلا ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، باھاۋۇدۇن ھاجىمغا بىر پارچە خەت تاپشۇردى. خەت باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ چەرچەندىكى تاغىسى كېرەم ئەلەم ئاخۇنۇم نامىدىن يېزىلغانىدى. خەت تولىمۇ چىرايلىق قىلىپ چاغاتايچە ھۆسنىخەت شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، خەتتە سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«. . . ھاجىم بۇ قېتىم كامال دامولىلا خوتەندىكى ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي چېگراسىنى ساقلاش ئۈچۈن سىلىنىڭ يۇرتقا ماڭدى. ئۇ يەردىكى خەلقمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىل قىلىشىپلا، بىز كامال دامولىلىغا چاقىلىقتا بارماسلىقنى نەسىھەت قىلساق، ئۇ كىشى: «مەندە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماقتىن باشقا ئامال يوق» دەيدۇ. شۇڭا، چاقىلىق تەرەپكە خەۋەر قىلىپ ئىناق ئۆتۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۇنىماپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان كامال دامولىلا خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ھاجىم

ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك. «ئىككى كالا ئۇسۇشسە، تىگىدىكى ھەممە نەرسە نابۇت بولىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. ئەگەردە راسـتىنلا ئۇرۇش بولۇپ قالسا پۇقرالار زىيان تارتىدۇ. دۈشمەنلەرىمىز تاماشا كۆرىدۇ. شۇڭا، ھەر ئىككى تەرەپكە سالا قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويۇرلا. شۇنداق بولسا يەنە بىر قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالغان بولاتتىلا. ئۇ چاغدا قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆرگەن بولاتتىلا. ھاجىم كامال داموللا ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مورىتى ھەم مۇسۇلمانلارنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۇچۇن جان تىككەن غازىلارنىڭ بىرسى. شۇڭا، بۇ ئادەمگىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ قويارلا.

خەير ـ خوش، تاغىلىرى كېرەم ئەلەم ئاخۇنۇمدىن.

تارىخي ھىجرىيە 1352 ـ يىلى رەجەپ ئايىنىڭ ئون ئالتىسى.»

— . بۇ خەتنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرالمىدىم، — دېدى كامال داموللا ئۆزرە ئېيتىپ.

— شۇنداق، ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەرقانداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم، — بۇ ئىشتا سىلى ئەيىبلىك ئەمەس.

كامال داموللا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ھەر كۈنكى بەش ۋاخ نامازنى پۈتۈن ئەسكىرىي قىسىم بىلەن بىللە ئوقۇدى. ئۇلار دەسلەپتە كىشىلەرگە ئەدەپلىك ۋە سىپايە مۇئامىلە قىلدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي خەلق تەرىپىدىن «ھەقىقىي ئىسلام لەشكەرلىرى ئىكەن» دېگەن ھۆرمەت نامغا ئېرىشتى.

* * *

كۈز ۋاقتى. ھەممە جايدىن مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى

كېلىپ تۇراتتى. بۇ كىچىككىنە يۇرت مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى باقالمايۋاتاتتى. خەلق ئۇستىدىكى ئالۋاڭ - سېلىق كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئەسكەرلەرنى ۋە ئاتلارنى بېقىش بارغانسې-رى تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دېھقانلار ھەر كۈنى «ئىسلام لەش-كەرلىرى» ئۈچۈن ئوتۇن، سامان، بېدە، قوي، كالا، يەم - بوغۇز يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى. لېكىن، ئاشلىق بولسا زادىلا يېتىش-مەيتتى. كامال داموللىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇرۇنقىدەك ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ تۇرسىمۇ لېكىن ھەربىي مەشىق قىلماي بىكار بولسىلا قىمار ئويناپ، نەشە چېكىپ، ئاياللارنى بۇزۇپ، ناھايىتى ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. ھەر جۈمە كۈنى ئادەت بويىچە دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى كامال داموللا ئەسكەرلىرىنىڭ ناخشا ئاۋازى ھەممىلا جايدىن ئاڭلىنىپ تۇرات-تى. بۇگۈنمۇ ئۆتكەنكى ھەرقايسى جۈمە كۈنلىرىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

قەشقەر ھاۋاخان،
يەكەن زۇلەيخان.
بار پۇلۇمنى يوقاتقان،
ئالتۇن پاشاخان.

ئۆگزەڭدە كەپتەر،
چەللەڭدە پەخەز.
خان ئاچاڭنى كۆيدۇرگەن،
ئەللىك سەر قەغەز.

مانا شۇنداق ناخشىلارنى ئېيتىپ چىققان كامال داموللا ئەسكەرلىرىنى كۆرگەن خالايىق ئۇلارغا بۇرۇنقىدەك ئىللىق چى-راي بەرمەي، ئالۋاستىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئەسكەرلەر بىر

پۇل بەرمەي باغلارغا باستۇرۇپ كىرىپ مېۋە - چېۋىلەرنى قوغۇن -
تاۋۇزلارنى ئۈزۈپ يەۋېرەتتى. قوناقلىقلاردىن قوناق ئوغۇرلايت-
تى. بۇ توغرۇلۇق ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ باھاۋۇدۇن
ھاجىمنىڭ ھويلىسىدىن ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كەلگۈچىلەر ھەر-
گىز كامال داموللىنى، ئىلاخۇن ئەمىرنى ياكى روزى ئەمىرنى
ئىزدىمەي باھاۋۇدۇن ھاجىمغا ئەرز قىلاتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىم
بولسا ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن
يولغا سالاتتى.

* * *

بۈگۈن كۈز ئېيىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى بو-
لۇپ، كۈنگە جۈمە ئىدى. ئادەتتە جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغانلار
بازاردىكى چوڭ جامەنىڭ يېرىمىغا كېلەتتى. لېكىن، بۈگۈن
بولسا جامەنىڭ ئىچى - تېشى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى.
ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۈگۈن بۇ يەردە بىرەر ئىشنىڭ بولۇشى
ئېھتىمالغا بەك يېقىن ئىدى. جۈمە نامىزى ئادەتتىكىچە ئوقۇلۇپ
بولدى. كىشىلەر تارقاش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا ئى-
مام قاسىم ھاجىمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— جامائەت كېتىپ قالمايلى. بۈگۈن جامەنىڭ ھويلىسى-
دا، «ئىسلام لەشكەرلىرى» نىڭ باشلىقى كامال داموللام ھەز-
رەتلىرى ئىنتىزامنى بۇزۇپ ئوغرىلىق قىلغان، ئۆزىنىڭ غازى-
لىق سالاھىيىتىنى ساقلىمىغان جىنايەتچىلەرگە جازا بەرمەكچى.
ھەممە ئادەم جامەنىڭ ھويلىسىغا چىقتى. جامەنىڭ ھويلى-
سىدا بىر قانچە تۈپ چوڭ ئۈجمە بار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى
بىر تۈپ چوڭ ئۈجمىنىڭ تېگىگە كىگىز، گىلەملەر سېلىنىپ
ئۇنىڭ ئۈستىگە كامال داموللا، ئىلاخۇن ئەمىر، روزى ئەمىر،
يەرلىكلەردىن ئەيسا قازى ئاخۇنۇم، قادىر ئىشان، بەگلەردىن

ئېزىز ھاجىم، ھاشىمبەگ، مۆتىۋەرلەردىن باھاۋۇدۇن ھاجىم، ناسىر ھاجىم، جامەنىڭ ئىمامى قاسىم ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر جايلاشتى. قالغانلار ئەتراپنى ئوراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. شۇ يەردە بىر نەچچە كېسەكتە ئوچاق ياسىلىپ، ئۇنىڭغا بىر دانە قازان ئېسىقلىق بولۇپ ئىچىدە سۇماي تۇراتتى. ماي قاينىغىچە قادىر ئىشان يوغان كىتابنى ئېچىپ ئەمرى - مەرۇپ قىلدى. ياغ قايندى. كامال داموللا ئىلاخۇن ئەمىرگە قارىغاندى.

— ئوغرىلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئىلا-خۇن ئەمىر.

تۆت نەپەر ئەسكەر ئىككى ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئوتتۇز بەش ياشلاردا بولۇپ، يەنە بىرى يىگىرمە بىر - يىگىرمە ئىككى ياشلاردا ئىدى. ئۇلار كېلىپ خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى. كامال داموللا قۇرئاننى ئې-چىپ، قانداقتۇر بىر ئايەتنى ئوقۇدى ۋە كۆپچىلىككە چۈشەندۈردى:

— پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دەپتۇرلەركى؛ ئوغرىلار مۇسۇلمانلارغا زىيان سالغۇ-چىلاردۇر. ئۇلار دىنى ئىسلام بىلەن چىقىشالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. نە ئۆزوبىللا، بۈگۈن بىز بۇ ئىككى ئوغرىنى — دەپ ئۆرە تۇرغان ئىككىيلەننى كۆرسەتتى كامال داموللا، — قۇرئان كېرىمنىڭ ھۆكۈمى بويىچە جازالاي-مىز. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ غازىلىق سالاھىيىتىد-نى ساقلىماي، ئىنتىزامنى بۇزغان ھەمدە بىزنىڭ نەسىھەتلىرى-مىزنى ئاڭلىماي ھەربىرى بەش قېتىمدىن ئوغرىلىق قىلىپ خەلقنى قاقشاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ بىردىن قولى كې-سىلىدۇ. جاللات بۇلارنىڭ بىردىن قولى كېسىلسۇن.

بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاپ ئىككى جىنايەتچى ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىپ:

— ھەزرىتىم بىز توۋا قىلدۇق، بىلمەپتىمىز، بىزنى

كەچۈرسىلە، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى. جاللاتلار ئىككى جىنايەت-چىنى يەرگە بېسىپ بىردىن قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ تاشلى-دى ۋە كېسىلگەن يەرنى قايناپ تۇرغان ياغقا چىلىدى. جازالانغۇ-چىلارنىڭ «ۋايجان» دەپ توۋلىغان ئاۋازى پۈتۈن جامائەتنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ پاجىئەنى كۆرۈشكە چىداپ تۇرالماي يەرگە قاربۇالدى. رشۇ ئەسنادا جامە دەرۋازىسى-نىڭ ئالدىدا بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ھەممەيلەن بويۇنلى-رىنى سوزۇپ قارىغاندى. يۈزىنى ئاق ياغلىقتا يۆگىۋالغان بىر ئايال بىر ئەرنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ جامەنىڭ ئىچىگە سۆرەۋاتاتتى. ئەر بولسا ئۇياققا تارتاتتى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى كامال داموللا.

شۇ ھامان ئۇنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرغان بىر ساقاللىق ئادەم يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە ھايال بولمايلا يېنىپ كېلىپ دوكلات قىلدى:

— دوكلات ھەزرىتىم، ئاۋۇ خوتۇن يېنىدىكى لەشكەرنى بىر تاۋاق قېتىقىمنى ئىچىۋېلىپ پۇلىنى بەرمىدى دەيدۇ.

— چاقىرىڭ ئۇلارنى، — بۇيرۇدى كامال داموللا. چا-پارمەن ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدى. خالايىق ئەمدى قانداق ئىش يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ جىمجىت ئولتۇراتتى.

— ھە. . . نېمە گەپ؟ — دېدى كامال داموللا. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن غەزەپلەنگىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھەزرەتلىرى بۇ ئادەم مېنىڭ بىر تاۋاق قېتىقىمنى ئىچىۋېلىپ پۇلىنى بەرمىدى، مېنىڭ بەش بالام بار، ئۆزۈم تۇل خوتۇن.

— نېمىشقا پۇل بەرمىدىڭ؟ — دەپ ئەسكەردىن سورىدى كامال داموللا.

— ھەزرەتلىرى مۇتلەق پۇلۇم يوق، بولمىسا بېرەت -

تىم، — دېدى ئەسكەر ئارانلا. ئۇنىڭ قورققانلىقتىن دىمى
ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
— «مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق» دېگەن شۇ -
دە، هەي خوتۇن، دېگەن گېپىڭ راستمۇ؟
— راست هەزرەتلىرى
— بۇنىڭ قارنىنى يېرىڭلار، ماۋۇ خوتۇن قېتىقىنى ئې -
لىۋالسۇن، — دېدى كامال داموللا، بۇ هۆكۈمنى ئاڭلاپ
ئەسكەرنىڭ رەڭگى ئۆلۈكتەك بولۇپ كەتتى. جاللاتلار تەييارلاندى.
— جانابلىرى توختىسىلا بىزدە «ئاچچىق ئەقلىنى كېسىپ-
تۇ» دېگەن ماقال بار، — دېدى باھاۋۇدۇن هاجىم هەم يانچۇ-
قىدىن بىر تەڭگە پۇل چىقىرىپ هېلىقى خوتۇننىڭ ئالدىغا تاش -
لىدى، — بۇ پۇلنى ئېلىپ دەرهال يوقىلىڭ. بىر تاۋاق
قېتىققا بىر ئادەمنى تېگىشكىلى بولمايدۇ. بۇ قېتىم بۇ ئادەم-
نىڭ گۇناهىدىن ئۆتسىلە تەقسىر.
— هاجىم راست ئېيتىدۇ. بۇ بىر كۆكەمە خوتۇن. ئۇ شۇنداق
قىلىپ بىر نەرسە ئۇندۇرمەكچى، — دېدى ئېزىز هاجىم، —
جازالاشتا كىشىلەر ئۇستىدىن يېنىكلىك بىلەن هۆكۈم چىقارماي-
لى. ئۇ شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئېگىز بوي،
شالاڭ ساقىلى، كىچىك هەم يۇمۇقراق كۆزلىرى هەممىگە تو-
نۇش ئىدى. لېكىن، ئۇ ناهايىتى قارنى - كۆكسى كەڭ ئادەم
ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئارىسىدا يۇكسەك ئابرويغا ئىگە ئىدى.
ئۇ سىمىز قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە مۇراجىئەت
قىلدى:
— خالايىق بۇگۈنكى ئىش هەممەيلەنگە ساۋاق بولسۇن.
ئەسكەرلەر بىلەن ئارازلاشمايلى. داموللامنىڭ بېشىنى ئاغرىت-
مايلى. ئەسكەرلەرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالسۇن.
— توغرا، توغرا، هاجىم راست ئېيتىدۇ، — دېگەن
سۆزلەر تۆۋەندىن ئاڭلىنىپ تۇردى. ئېزىز هاجىمنىڭ سۆزى

تۈگىگەندىن كېيىن، قادىر ئىشان

— ئامىن، — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئارقىدىن جامائەتمۇ ئامىن، ئامىن! ئاللاھۇ ئەكبەر، دەپ يۈزلىرىنى سىلاشتى. دۇئادىن كېيىن ھەممە ئادەم تارقالدى. ئۇزاققا قالماي خەلق ئارىسىدا «كامال داموللا رەھىمسىز ئىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى.

*　　*　　*

— ھاجىم، ئەسكەرلەر ئېتىمنى قىمار پۇلىغا تارتىۋالدى.
— ھاجىم، ئەسكەرلەر خوتۇنۇمنى تارتىۋالدى.
— ھاجىم، ئەسكەرلەر قويۇمنى ئوغرىلاپ كەتتى.
— ھاجىم، ئەسكەرلەر ئېنىمنى ئوغرىلاپ كەتتى.

مانا شۇنداق دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەستىن باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ تۇردى. ئەمدى پۇقرالار كامال داموللىنىڭ ئەسكەرلىرىنى بۇرۇنقىدەك «ھەقىقىي ئىسلام لەشكەرلىرى» دېمەستىن «ئوغرىلار، قىمارۋازلار، بەڭگىلەر» دەپ تىللايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا قىش قىستاپ كېلىۋاتاتتى. تەبىئەت ئۆزىنىڭ يېشىل مەخمەل تونىنى سېلىپ تاشلاپ، ئالتۇن رەڭ كىمخاب تونىنى كىيگەنىدى. جەنۇبتىكى ئالتۇن تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرى قار بىلەن قاپلانغانىدى. ئەتىگەن ئاخشامدا خېلىلا سوغۇق بولۇپ، كۆز شامىلى يوپۇرماقلارنى ئۈچۈرۈپ دەل ـ دەرەخلەرنى يالىڭاچلىماقتا ئىدى. باھاۋۇدۇن ھاجىم خەلقنىڭ كامال داموللا ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن قىلغان ئەرز ـ شىكايەتچىلىرىنى ئۇزاق ئويلاندى ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇمنى يوقىتىشقا ئىرادە باغلاپ چىققان تورۇغلۇق ئۆزلىرىنىڭ غازىلىق سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىغا بەكمۇ ئېچىندى. دېمىسىمۇ ئاشلىق يېتىشمەي ئەس-

كەرلەرنىڭ قورسىقى تويمىغاچقا ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلىش ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەندى. ئۆتكەن ئايدا ئىككى ئادەمنىڭ قولىنى كېسىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلدى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى ئۇزاققا بارمىدى. ئەسكەرلەر:

ئەل ئامان، ئوتىڭىز يامان،
ھەممىدىن قورساق يامان.

دەپ ناخشا ئېيتىپ ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمدى كامال داموللىمۇ بۇرۇنقىدەك «تاش يۈرەك» لىك قىلمىدى. ئەگەردە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىنى كېسىۋەرسە مىلتىقنى كىم تۇتىدۇ؟ بۇ چولاقلارنى كىم باقىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەندىكى «ھۆكۈمىتى ئىسلامىيە» نىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قىسمىنى تەمىنلەش تولىمۇ تەس بولۇۋاتاتتى. چۈنكى، مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ۋە ئات يېتىپ يەۋەرسە ھېچ نەرسە توشمايتتى. ئەگەردە بۇ «ئىسلام لەشكەرلىرى» بۇ يەردە تۇرىۋەرسە ئەتىيازغا بارمايلا چوڭ ئاچارچىلىق يۈز بېرىشى چوقۇم ئىدى. شۇنداقلا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالغاچقا باشقا جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە، قورسىقى تويمىغان ئەسكەرلەر ئەقىلسىزلىق قىلىپ پۇقرالارنى بۇلاپ - تالىسا، ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ بۇ بىر بالايىئاپەت بولمامدۇ؟ مانا شۇنداق ئېغىر خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتكەن باھاۋۇدۇن ھاجىم كۆپ قېتىم ئىككىلەنگەندىن كېيىن ئاخىر كامال داموللا ھۇزۇرىغا كىرىپ، خەلقنىڭ ئەرز ھالىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى.

— داموللام ھەزرەتلىرى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىدىن پۈ-

تۇن يۇرت نامىدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، بىزنىمۇ قىيىن-
ماي، ئەسكەرلەرنىمۇ قىينىماي دەرھال بۇ يۇرتتىن كەتسىلە،
بولمىسا بۇ يىل قىش ئاچارچىلىقتىن ھەممىمىز قىرىلىپ كېتى-
مىز، «بوش تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ»، ئاچ قالغان ئەسكەرلەر
ئۇرۇش قىلالمايدۇ. مۇشۇ ئۆتكەن يېرىم يىل جەريانىدا ھەممى-
مىز تارتقان دىشۋارچىلىق يېتىپ ئاشىدۇ. كەتسىلە، قانچە تېز
كەتسىلە شۇنچە ياخشى، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

— ئەگەر مەن كەتسەم ئىچكىرىدىن ئادەم چىقىپ بۇ
يۇرتنى قايتا بېسىۋالسا، مەن خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قانداق
جاۋاب بېرىمەن؟ بۇنى ئويلاپ باقتىلىمۇ؟

— قانداق جاۋاب بېرىمەن، دېگەنلىرى نېمىسى داموللام؟
ئاچلىقتىن پۇت - قولىمىزدا دەرمان قالمىدى. يۇرت كىچىك
ئىكەن، بىزنى تەمىن ئېتەلمىدى دېمەمىلا...

— ئۇ چاغدا مېنىڭ بېشىم كەتمەمدۇ؟ — دېدى كامال
داموللا.

— ئۆلۈمدىن قورقسىلا نېمىشقا مەيدانغا چىقتىلا؟ سىلى
ئۆزلىرىنى دەپ پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ شۇنداق
بولۇپ قالسا قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا ئاللانىڭ ئالدىدا قانداق
جاۋاب بېرىلا؟ — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم. ئۇنىڭ گەپلىرىنى
ئاڭلاپ كامال داموللا ئۇزاققىچە جىم - جىت ئولتۇرۇپ قالدى.

— بولىدۇ، مەن ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ
باقاي، — دېدى كامال داموللا بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، —
مەن سىلىگە ئەتە جاۋاب بېرەي.

— ماقۇل، دېگەنلىرىدەك بولسۇن، — دېدى باھاۋۇدۇن
ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — نېمىلا بولسۇن كىشىلىرى
كېرەك، بولمىســا ئاچتىن ئۆلگــەنلەرنىڭ قاتىلى سىلــى بولۇپ
قالىلا، ھاجىلىق سالاھىيىتىم بىلەن جانابلىرىغا شۇنىمۇ ئېيتىپ
قويايكى، مۇبادا شۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالىدىغان بولسا قىيا-
مەت كۈنى ئاللانىڭ ئالدىدا ياقىلىرىدىن مەن ئالىمەن. گۇۋاھ-
لىقتىن ئۆزۈم ئۆتىمەن، ئۇ چاغدا پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ھەر-

گىز ئۆتەلمەيلا.

باھاۋۇدۇن ھاجىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كامال دا-موللا خېلى ئۇزاققىچە كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. پەقەت مۇھاپىزەتچى كىرىپ پېشىن نامازنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندىلا ئاندىن ئورنىدىن تۇردى.

— مىجەزىم يوق، مەسچىتكە چىقالمايمەن، — دېدى ئۇ مۇھاپىزەتچىگە، — كەچتە روزى ئەمىر بىلەن ئىلاخۇن ئەمىر كەلسۇن. مەسلىھەت قىلىشىدىغان ئىش بار.

— خوش تەقسىر، — دەپ خادىم چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچىسى كامال داموللا ئولتۇرغان باھاۋۇدۇن ھاجىم-نىڭ ئازادە مېھمانخانىسىدا يېرىم كېچىگىچە چىراغ ئۆچمىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇلار يول تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

# يەتتىنچى باب

# قانلىق جەڭ

نەسىردىن ئەپەندى:
دۈشمىنىڭنى قورقۇتۇش ئۈچۈن،
ئۆزۈڭ قورقمىغىن دېگەن.
— «قازاق سولدىتى» رومانىدىن

خوجىنىياز ھاجىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئىزدەپ كەتكەن ئابدۇكېرىم ئەلەم ھەم ئۇنىڭ ئازغىنە قوشۇنى كۇچادا ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ باردى ھەمدە ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى چۈشەندۈردى.

لېكىن، ھازىرقى بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە يەنە كېلىپ ناھايىتى چوڭ دۈشمەن ئالدىدا تۇرغان بىر چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خوجىنىياز ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر ئابدۇكېرىم ئەلەمگە نەسىھەت قىلدى ۋە تەسەللى بەردى. ئەمما، نادانلىق بىلەن قەبىلىۋازلىق خاراكتېرى كۆز پەردىسىنى تورىۋالغان، يۈرىكى ئىنتىقام ئوتىدا يانغان ئابدۇكېرىم ئەلەم قايىل بولمىدى. شۇڭا، ئۇ موسۇلباينى ئىزدىدى. لېكىن، ئۇ دەماللىققا موسۇلباينى تاپالمىدى. چۈنكى، ئۇ ئىزدىگەن ئادەم پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت تولىمۇ مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاچقا ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. شورالار ھۆكۈمىتى قورال ـ ياراغ سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجىملارنىڭ قولىدا نەق پۇل يوق ئىدى. مۇھتىلار ئائىلىسىنىڭ زاماـ

لاردىن بۇيان يىغىپ كېلىۋاتقان بايلىقمۇ خوراپ تۈگىگەنىدى. شۇڭا، ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئىقتىسادىي ئىشلارنى ھەل قىلىش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن موسولباي خوجىنىياز ھاجىم ۋە باش شتابنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن كۇچا، توقسۇن، شايار، باي قاتارلىق جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بەرگەن ئىئانە ئارقىلىق شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرۇپ، بۇ ئادالەتسىز سودا ئارقىلىق ئۇلارغا كۆپ مىقداردا پايدا بېرىپ، ناھايىتى ئاز بولسىمۇ قورال ـ ياراغقا ئىگە بولماقچى بولدى. شۇڭا، موسولباي دەم ئالماستىن يول يۈرۈپ، يەنە دەم ئالماستىن كىشىلەرنى زىيارەت قىلاتتى. سۆھبەتلىشەتتى، يالۋۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كەمدىنكەم باش شتابتا بولاتتى ۋە ھەر خىل مەسىلىلەر توغرىسىدا خوجىنىياز ھاجىم ياكى ئىنىسى مەھمۇت موھىتى[①]بىلەن سۆزلىشىپ يولىورۇق ياكى مەسلىھەت ئېلىپ يەنە يولغا چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق شورالار ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزىدىغان سەكسەن مىڭ قوي ھەل بولدى. بۇنىڭغا شورالار ھۆكۈمىتى ئاران مىڭ دانە مىلتىق بەرمەكچى بولدى.[②]يەنە ئازراق قوي قوشۇننىڭ تەمىناتى ئۈچۈن قالدى. بۇ قېتىمقى ئىئانە توپلاشتا ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابنى سۆيىدىغان مىللەتپەرۋەرلىكىنى، ئازادلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ھەقىقىي ئىپادىلىدى.

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتىۋەردى. ئاستا ـ ئاستا كەچ كۈزمۇ كىرىپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە غەربكە قاراپ يولغا چىققان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى:

---

① مەھمۇت موھىتى دەسلەپ خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى، كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزگەن.

② بىر مىلتىقنى سەكسەن قويغا ئالدى.

— مافۇيۇەن جاللا باشچىلىقىدىكى تۆڭگانلار قوشۇنى كې-لىۋاتقۇدەك.

بۇ گەپ راست ئىدى. چۈنكى، بۇ خەۋەرنى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ باش ئەگىمدە تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللىرىدىن ئىككى ئا-دەم كېلىپ خەۋەر قىلغانىدى. ئۇرۇش زورمۇ زور ئۇلارنى قوغلاپ كەلدى. شۇڭا، خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن قورال - ياراغلىرى ناچار بولسىمۇ مافۇيۇەن قوشۇنى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى. شۇڭا، قوزغى-لاڭچىلار قوشۇنى ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى قارا يۇلغۇن دېگەن جايغا توپلاندى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بىللە قۇمۇلدىن چىققان چېنىققان قوزغىلاڭچىلار بولغاندىن تاشقىرى يەنە مەھمۇت موھىتى، نەمەت خەلپەت باشچىلىقىدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇنلۇق قوزغىلاڭچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ خېلى-لا جەڭ تەجرىبىسى بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە تۇرپان، پىچاندا جاللات شېڭ شىسەي ۋە ئاق ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇشقان. كې-يىنچە خوجىنىياز ھاجىمغا ئەگىشىپ گۇچۇڭ، جىمسار، مورى-لاردا جەڭ قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم كورلا، بۈگۈر، كۇچا، شايار، توقسۇن، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن پىدائىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ جەڭ تەج-رىبىسى يوق. ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن كىشىلەر ئىدى. يەنە بىر قىسىم تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئالدىغا چىققان خوتەنلىك پىدائىيلار بولۇپ، جەمئىي بەش - ئالتە مىڭچە ئادەم يىغىلغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قوراللىرى بەكلا ناچــار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېتىز ئۈستىدىن ياكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىدىن كەلگەنىدى.

باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەن بولسا ناھايىتى قۇۋ، ھىيى-لىگەر، رەھىمسىز، ئۇچىغا چىققان ۋەھشىي ئىدى. ئۇلار مۇ-سۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ «دىنىمىز بىر» دەپ قەسەم ئىچىپ، قۇرئان تۇتۇپ، باشقىلارنى كۆرسە «تىلى-مىز بىر» دەپ ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ ئىككى يۈزلىمىلىك

قىلاتتى. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن چېكىنىشكە مۇتلەق يول يوق ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. بۇ دۈشمەن قوزغىلاڭ-چىلارنىڭ يېرىمچىلىك بولسىمۇ، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىدا خېلى تەجرىبە ـ ساۋاقتا ئىگە بولغان، ئالاھىدە ھەربىي تەلىم كۆرگەن قوراللىرى ئۆز زامانىسىغا لايىق ئالاھىدە خىل قوراللار بولۇپ، پۇتونلەي ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن، مىلتىق، ئاپتومات، پىلموت بىلەن قوراللانغان، ھەتتا زەمبىرەكلىرىمۇ بار، بۇلاڭچىلىق ۋاستىسى بىلەن توپلىغان ھەربىي تەمىناتى يېتەرلىك، ئوق ـ دورىسى تولۇق قوشۇن ئىدى. شۇنداقلا ھەربىي ئىنتىزامى قات-تىق، باشلىقلىرى ھەربىي ئىلىمدىن ئالاھىدە خەۋەردار كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەدىسىلا ئىسلام دىنىنى نىقاپ قىلىپ، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئارقىلىق ئەڭ رەزىل ئىشلارنى قىلىشقىمۇ ناھايىتى ئۇستا ئىدى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى بولسا كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل، ھازىرقى زامان ھەربىي ئىلمىدىن خەۋەرسىز، ئۆز دىنىنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭ مىزانلى-رىنى قانۇن دەپ بىلىدىغان كىشىلەر ئىدى، شۇڭا ئۇلار تۇڭگان-لارغا بىر نەچچە قېتىم ئالدانغانىدى.

شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار قو-شۇنى قارا يۇلغۇنغا توپلاندى. ئاھالىلەر رايوندىن يىراقراق بولغان جايدا قاراقچى مافۇيۇەن قوشۇنىنى كۇتۇۋالماقچى بولدى. دەسلەپتە باشقىلار سەل ئىككىلەنگەنىدى.

— «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دەپتىكەن كونىلار، — دېدى خوجىنىياز ھاجىم، — بىزنىمۇ ئانىمىز «ئوغۇل» دەپ تۇغقان. باشقا كەلگەننى كۆرمەيمىزمۇ؟! . . . شۇنىڭ بىلەن قارا يۇلغۇننىڭ شەرقىدىكى «ئاق ئېشەك لەڭگىرى» دېگەن ئۆ-تەڭ ئالدىنقى سەپ بولىدىغان بولدى. سالى دورغا باشچىلىقىدى-كى قۇمۇللۇق قوزغىلاڭچىلارنى ئاساسىي كۈچ قىلغان، باي سىجاڭ باشچىلىقىدىكى ئاقسۇ، بايلىق پىدائىيلار، ئەخمەت پاد-سات باشچىلىقىدىكى خوتەنلىك پىدائىيلار ئوڭ قانات بولۇپ جەنۇبىي سەپكە ئورۇنلاشتى. قۇمۇللۇق مەرگەنلەر ئالدىنقى

سەپتە پوزىتسىيە تۇتتى. سول قاناتتا مەھمۇت سىجاڭ باشچىلى-
قىدىكى تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىن كەلگەن خېلى جەڭ تەجرى-
بىلىرى بار قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېرىمى بىلەن كورلا، بۈگۈر،
كۇچادىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار شىمال تەرەپتە تۇردى. خوجى-
نىياز ھاجىم بىر قىسىم مۇھاپىزەتچى قىسىم يەنە تۇرپان،
پىچان، توقسۇنلۇق پېشقەدەم قوزغىلاڭچىلار، كۇچا، شايار،
توقسۇندىن كەلگەن پىدائىيلار بىلەن ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، ئۇرۇشقا
قوماندانلىق قىلدى.

قارا يۇلغۇن ۋە «ئاق ئېشەك لەڭگىرى» نىڭ شەرق تەرىپى-
دە شىمالدىكى تەڭرى تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن ئېقىپ
كېلىدىغان بىر دەريا بولۇپ، يازدىكى كەلكۈن ۋاقتىدىن باشقا
چاغدا سۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ھازىر بولسا ئازراقلا سۇ ئېقىپ
تۇراتتى. بۇ دەريانىڭ غەربىي قىرغىقى سۇنىڭ مەركەزدىن قې-
چىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئېگىز يارلىقنى ھاسىل قىلغان تەبى-
ئىي قوغدىنىش ئىستىھكامى ئىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئالدىن-
قى قىسمىنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. تۇڭگانلار مۇشۇ
دەريانى كېسىپ ئۆتۈشى لازىم ئىدى. ئۇ چاغدا مەرگەنلەرنىڭ
ئوقلىرى ھەرگىز زايە كەتمەيتتى.

دەريانىڭ شەرقى قىرغىقى يانتۇلۇقتىن ئىبارەت بولسىمۇ،
كەينى تەرىپى پارچە تاغلىق ۋە دۆڭلۈكتىن ئىبارەت بولۇپ،
بۇمۇ مافۇيۇەن قوشۇنىنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئەپلىك
ئىدى. لېكىن، تۇڭگانلار قوزغىلاڭچىلارنى بىخەۋەر تۇرغاندا
قىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئات سالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يانتاق
قۇدۇقنىڭ سېپىدىن ئۆتۈپ — دەريانىڭ شەرقىدىكى تاغنىڭ
ئەگمىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ — دەرياغا چۈشۈشكە يارلىقلار-
دىن ئېتىلغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقىدىن دەسلەپكى تالاپەتكە
ئۇچرىدى، نەتىجىدە ئۇنلاپ ئات ۋە تۇڭگانىنىڭ ئۆلۈكى دەريادا
قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېكىنىپ زەمبىرەكلىرىنى تاغ
باغرىغا، پىلموتلىرىنى قۇم دۆڭلىرىنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ، غەربىي قىرغاقتىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ پوزىتسىيىلىرىنى

ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. پىلىموت ئوقلىرىنىڭ ئۆلۈم چاچقۇچى
تاتاتلاشلىرى، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ چىرقىراپ ئۆتۈپ گۈل-
دۈرلەپ يېرىلىشلىرى يەر زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرەتتى، پارت-
لاشتىن ھاسىل بولغان توپا قۇيۇنى بىلەن چاڭ - تۇزاننى كۆز
شامىلى ئەرش ئەلاغا ئۇچۇراتتى. ھەربىر پارتلاشتىن كېيىن
يارىدارلارنىڭ «ۋايجان، ۋايەي» لىرى بىلەن ئاتلارنىڭ كىشنەش-
لىرى ئەتراپقا ۋەھىمە سالاتتى. زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھاۋاغا ئۇ-
چۇرغان تاش توپىلىرىنىڭ ئاستىدا قالغان قوزغىلاڭچىلار بېشى-
نى كۆتۈرگەندە مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرەتتى:
— سا. . . سا، — دەپ ۋارقىرىشىپ ھۇجۇم قىلىپ
كېلىۋاتقان تۇڭگان ئاتلىقلىرىنىڭ قولىدىكى قىلىچلار قۇياش
نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كىشىلەرنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەت-
تى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ:
— بىزنىڭ يەرلىرىمىز، بايلىقلىرىمىز ساڭا، روسلارغا
يەنە باشقىلارغا كېرەك ئىكەن، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە كېرەك ئە -
مەسمۇ؟ — دېگەن بىر ئاچچىق خىيال بىلەن ھۇجۇم قىلىپ
كېلىۋاتقان مافۇيۇەن ئاتلىقلىرىنى غەزەپ بىلەن ئوققا تۇتاتتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەريادا بىر مۇنچە ئۆلۈكلەرنى قالدۇرۇپ
چېكىنەتتى، قوزغىلاڭچىلار قاچقانلارنى كەينىدىن ئوققا تۇتتى.
بۈگۈن مافۇيۇەن قوشۇنى زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھىمايىسىدە
ئارقا - ئارقىدىن تۆت قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ ھەر
نۆۋەتلىك ھۇجۇم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇلار خېلى
كۆپ ئادەم ۋە ئات چىقىم تارتتى. كەچ بولۇش بىلەن جەڭ
مەيداندىن چېكىنىپ كەتتى.

* * *

جەڭ ئىككىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. قۇياش شەرقتىن
كۆتۈرۈلۈشكە مافۇيۇەن ئەسكەرلىرى زەمبىرەك ۋە پىلىموت بى-
لەن غەربىي قىرغاقتىكى قوزغىلاڭچىلارنى شىددەتلىك ئوققا

تۇتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىدىن ئەجەل ئوقلىرى ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. يارىدارلارنىڭ ئاھ - ۋاھلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ چىرقىراپ ئۆتۈپ، گۈلدۈرلەپ پارتلاشلىرى كىشىلەرگە دەھشەت سالاتتى. ئەزرائىل ئەجەل خاتىرىسىنى ئېچىپ كىشىلەرنى ئايرىلاپ يۈرەتتى، بۈگۈن كىملەرنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى يېتىپ قالغاندۇر - ھە؟

تۇڭگانلار راسا بىر سائەتچە ئوققا تۇتقاندىن كېيىن زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئاتقا مىنىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— سا! سا! — ئاۋازلار سەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلاپ يىراقتىكى تاغلاردا ئەكس سادا قايتۇردى. لېكىن، ئىككى ئۈچ كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇرۇش لىنىيىسىدە مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇلارنى يېقىتىپ تۇردى. بولۇپمۇ ئالدىنقى پوزىتسىيىدە تۇرۇۋاتقان قۇمۇللۇق، تۇرپانلىق مەرگەنلەر تۇڭگان ئاتلىقلىرىنى زادىلا ئۆزلىرى جايلاشقان يار تۈۋىگە يېقىنلاشتۇرمىدى. ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ھەرگىز زايە كەتمەيتتى. ئاخىر مافۇيۈەن قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ چۈشكىچە مافۇيۈەن قوشۇنى يەنە بىر قېتىم چېكىندۈرۈلدى. ئۇرۇش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. دۈشمەننىڭ ھالسىراپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمدى ھۇجۇم نۆۋىتى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا كەلگەنىدى.

— ئالغا! كاناي چېلىنسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى خوجىنىياز ھاجىم. ھۇجۇمغا كاناي چېلىندى. لېكىن، شۇ مەزگىلدە سالى دورغا قوماندانلىقىدىكى جەنۇبىي سەپتىكى ئاقسۇلۇق، خوتەنلىك پىدائىيلار خۇددى قۇرغۇيدىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇچقاچتەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ چېكىنىشكە باشلىدى.

— چېكىنمەڭلا! ئالغا! — دەپ ۋارقىرايتتى سالى دورغا، — كىم چېكىنسە ئېتىپ تاشلايمەن. ئۇ قولىدىكى تاپانچىدىن ھاۋاغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى.

— باي سىجاڭغا ئوق تەگدى . . . باي سىجاڭغا ئوق تەگدى . . .

— ئارقىسىدىن ئاتتى، — دەپ ۋارقىراشتى قاچقانلار،

بۇ ئەھۋال خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قولىغىغا يېتىپ بولغۇچە جەنۇبىي سەپ پۈتۈنلەي قالايمىغان بولۇپ كەتتى. بۇ مالىمانچىلىقنى كۆرۈپ خوجىنىياز ھاجىم بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار قاچقانلارنى توسۇپ ئالدىنقى سەپنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئىككى كۈندىن بۇيان ناھايىتى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان، ھەر قېتىمقى ھۇجۇمدا مەغلۇپ بولغان تۇڭگانلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ پۇت - قولىغا جان كىردى. ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ قاچقانلارنىڭ ئۈستىگە ئات سالدى ۋە ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى چاناشقا باشلىدى. خوجىنىياز ھاجىم ۋە مەھمۇت سىجاڭلارنىڭ جەنۇبىي سەپنى ئوڭشاشقا ئەۋەتكەن ئادەملىرى يېتىپ كېلىپ مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن گىرەلەشمە جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. قۇياش چۈشكە ياماشقان چاغدا بۇ قېتىمقى جەڭ مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇلار قارا مىلتىق، قىلىچ، نەيزە، تاياق - توقماق بىلەن قوراللانغان ئاقسۇلۇق پىدائىيلار بىلەن خوتەنلىك پىدائىيلارنى قانلىق قىرغىن قىلدى. غەلىبە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغاندا باي سىجاڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن كېلىپ چىققان بۇ مالىمانچىلىق ئەنە شۇنداق پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئىنقىلاب يولباشچىلىرىنىڭ سىياسىي ئېڭىنىڭ، ھەربىي بىلىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، قورال - ياراغلارنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە ناچارلىقى، قاتتىق ھەربىي ئىنتىزامنىڭ ئورنىتىلمىغانلىقى، مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشقان بىر قوماندانلىق مەركەزنىڭ بولمىغانلىقى، پىدائىيلارغا ۋاقتىدا تەلىم - تەربىيە بېرىلمىگەنلىكى، ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق، كۆرەلمەسلىك، مەنسەپپەرەسلىك قاتارلىق نادانلىق خاھىشىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكى، شورالار ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن جاسۇسلارنىڭ يوشۇرۇن بۇزغۇنچىلىقلىرى، ئىنقىلاب يولباشچىلىرىدا زۇلۇم-

نى يوقىتىپ ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئىدىيىسى بولسىمۇ، شۇنىڭغا
كاپالەتلىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت تۇتۇش كۆز قارىشىنىڭ تىك-
لەنمىگەنلىكى، زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن چوقۇم زالىملارنى
ئۈزۈل - كېسىل تازىلايدىغان مۇستەھكەم بىر ھاكىمىيەتنىڭ
بولمىغانلىقىدىن بولدى. بۇ شۇ چاغدىكى ئىنقىلابىي قوشۇندىكى
زور ئاجىزلىق ئىدى. ئۇلاردىكى مۇنداق ئاجىزلىقتىن شورالار
ھۆكۈمىتىمۇ، شېڭ شىسەيمۇ، ماجۇڭيىڭمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك
پايدىلىنىپ كەتتى.

ئەمدى قوزغىلاڭچىلارغا چېكىنىپ جاننى ساقلاشتىن باشقا
ئامال قالمىغانىدى. مافۇيۇەن ئەسكەرلىرى بىلەن داۋاملىق گى-
رەلەشمە جەڭ قىلىش ئۆز - ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش
بىلەن تەڭ ئىدى.

— تاغ تەرەپكە چېكىنىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى خو-
جىنىياز ھاجىم.

ھاجىمنىڭ بۇيرۇقى ئېغىزدىن - ئېغىزغا يەتكۈزۈلدى ھەم
چېكىنىشكە كاناي چېلىندى. قوزغىلاڭچىلار چېكىنىپ تاغ تە-
رەپكە قاراپ ئات سالدى. سالى دورغا قوماندانلىقىدىكى قۇمۇل-
لۇق پىشقەدەم قوزغىلاڭچىلار چېكىنىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ
تۇڭگانلارنى توسۇۋالدى. شۇڭا، مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرى قى-
لىچنى تاشلاپ مىلتىق ئاپتوماتتىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. شۇ
چاغدا دۇربۇن ئارقىلىق چېكىنىشنى كۆزىتىپ تۇرغان مەھمۇت
سىجاڭ بىر بايراقچىنىڭ يىقىلغانلىقىنى ئېنىق كۆردى ۋە شۇ
ھامان يەنە بىر جەڭچىنىڭ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ يىقىلغان
بايراقنى ئېلىپ يەنە چاققانلىق بىلەن ئاتقا مىنگەنلىكىنى كۆرۈپ
كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشىدا ياغلىق،
ئۈستىدە ئۇزۇن كۆڭلەك بار ئىدى.

— بۇ كىمدۇ؟ — ھەيران بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئاۋازى
ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى.

— قايسى؟ — دېدى نەمەت خەلپەت ئەجەبلىنىپ.

مەھمۇت سىجاڭ قولىدىكى دۇربۇننى نەمەت خەلپەتكە بې-

ـرىپ ئوڭ قولىدا شىمال تەرەپنى كۆرسەتتى. نەمەت خەلپەت دۇربۇننى شۇ ياققا توغرىلىدى.

— بىر خوتۇن ئىكەن، بۇ خوتۇن نەدىن پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟

— ۋاي تاڭەي، — دەپ مەھمۇت سىجاڭ مۇرىسىنى قىدىسىپ قويدى.

سالى دورغا قوماندانلىقىدىكى قۇمۇللۇق مەرگەنلەر مافۇيۇەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنگەن قوزغىلاڭچىلارنى داۋاملىق قوغلاپ قىرغىن قىلىشىغا يول قويمىدى ھەم مافۇيۇەن قوشۇنى خېلى نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۇرۇپ، قان ئىچىپ تويغانىدى. ئەمەدى يەنە ئىلگىرىلىمەكچى بولسا ئىككى يىلدىن بۇيان كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن قۇمۇللۇق باتۇرلار بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا نۇرغۇن تۇڭگاننىڭ ئۆلۈكى مۇشۇ چۆلدە قېلىشى چوقۇم، شۇلارنى ئويلىغان مافۇيۇەن جەڭنى توختىتىش قارارىغا كەلدى - دە:

— ھەممەيلەن جەڭ مەيدانىدىن چېكىنسۇن، — دېدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاياغلاشتى.

# سەككىزىنچى باب

# دېھقان قىزى

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
كۆلگە چۈشتى شولىسى.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
نەزەرباغدا ھويلىسى.
——ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى

نويابىر. قۇياشى يەر يۈزىنى ئازراق ئىللىتىپ تۇرسىمۇ، كېچىلىرى خېلىلا سوغۇق ئىدى.

چۈنكى، تەڭرى تېغىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. تاغ باغرىدىكى چىمەنلىكلەر ساپسېرىق تۈس ئالغانىدى. ئاخشاملىرى «ھۆكەر يۇلتۇزى» خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ «جام» دېگەن يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يانتۇلۇققا جايلىشىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم باي ئاخۇن سىجاڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باشلانغان تەرتىپسىزلىك ۋە پاتىپاراقچىلىق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا ناھايىتى زور زىيان سالغانىدى. ئۇلارنىڭ باش ئەگىم جىلغىسىدىن ئۆتكەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق زور زىيانغا ئۇچرىشى ئىدى. ئەگەردە ۋاقتىدا بۇ ئىشنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا بۇنىڭدىن كېيىنكى جەڭلەرنىڭ غەلىبىسىدىن ئېغىز ئې-

چىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى قوزغىلاڭچىلار خەلق-
نىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئىنقىلاب-
نى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى خەلق-
نىڭ قوزغىلاڭچىلاردىن كۈتۈۋاتقان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئاقلا-
شمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ نۆۋەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن كې-
يىن خوجىنىياز ھاجىم غەزەپلىنىپ ناھايىتى تىت - تىت
بولدى.
— ئەگەر باي سىجاڭغا ئوق ئاتقان لومودىنى تېپىۋالىدىغان
بولسام تېنىنى پارچە - پارچە قىلىپ ئىتقا تاشلاپ بېرەتتىم.
— ھەي بۇ كېلىشمەسچىلىكنى . . . بۇ قېچىرلارنىڭ راسا
ئەدىبىنى بېرىدىغان چاغدا. . .
— خۇدا مېنى كەچۈرگەيسەن پەرۋەردىگارىم.
— خوتەنلىك قېرىنداشلارغا ئۇگال بولدى. بەك ئۇگال
بولدى.
ھاجىم ئاشۇنداق تىت - تىت بولاتتى. باشقىلار ئۇنىڭغا
تەسەللى بېرەتتى.
— سەۋر قىلسىلا ھاجىم، شېھىتلارنىڭ ياتقان يېرى جەن-
نەتتە بولغاي، — دېدى نەمەت خەلپەت، — تەقدىر شۇنداق
ئوخشايدۇ.
— سەۋر قىلمايمۇ نېمە ئامال، — دېدى ھاجىم
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ناھەق ئۆلۈپ
كەتكىنىگە يۈرىكىم ئېچىشىدۇ.
— شۇنداق، بىزنىڭمۇ ئېچىشىۋاتىدۇ، — دېدى مەھمۇت
موھىتى، — قازاغا رازى، بالاغا سەۋر قىلىش ھەربىر مۇسۇل-
مان بەندىسى ئۈچۈن پەرزدۇر.
ھاجىم «ھىم» دەپ قاپىقىنى تۈرۈپ جىم بولۇپ قالدى.
شۇ چاغدا خەۋەرچى كىرىپ مىرول پوگەنىنىڭ ئاقسۇ كونا شەھەر
خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتكەنلى-

كىنى مەلۇم قىلدى. خوجىنىياز ھاجىم باشلىق كىشىلەر سىرتقا ماڭدى.

*  *  *

باش شتابتا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا مەھمۇت موھىتى بىردىنلا بايراقچى ئايالنى ئەسلەپ قالدى ۋە يىغىن تارقالغاندا يېنىدىكىلەردىن سورىدى:

— بىزنىڭ ئارىمىزدا جەڭگە قاتناشقان خوتۇن - قىزلارمۇ بارمۇ نېمە؟

— سىجاڭغا مەلۇم بولغاي, بىزدە بىرى بار، — دېدى كورلىلىق ئابدۇراخمان تۆەنجاڭ.

— ئۆتكەن كۈنى بايراقچىغا ئوق تېگىپ يىقىلغاندا، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بايراقنى قولىغا ئالغان شۇ بولمىسۇن يەنە؟ — سورىدى مەھمۇت سىجاڭ.

— سىجاڭ ھەممىنى كۆرۈپلا. نەق شۇ خوتۇن، — دېدى ئابدۇراخمان تۆەنجاڭ.

— ئۇ، نېمىشقا ئاياللار بىلەن بىللە تۇرماي جەڭ مەيدانىدا يۈرۈيدۇ؟ ئۇ يەرنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بىلمەمدىكەن؟

— بىلىدىكەن. لېكىن، بىز كۆپ نەسىھەت قىلدۇق، زادىلا ئۇنىمىدى، — دېدى ئابدۇراخمان تۆەنجاڭ، — مەن جەڭ قىلغىلى كەلگەن، بولمىسا ئۆيۈمدىن چىقمايتتىم، دەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ . . . ئۇنىڭ ئېرى بارمۇ؟

— ئۇنىڭ ئېرى بىزنىڭ قىسمىدا يىگجاڭ. تۇردى بەكرىنى سىلى تونۇيلا.

— ھە . . . ھە ھېلىقى ئېگىز بويلۇق باتۇرمۇ؟ باشئەگمىدىكى پالۋان يىگىت، — دەپ ئېسىگە ئالدى مەھمۇت سىجاڭ — بۇ قېتىمقى گىرەلەشمە جەڭدە تۆت نەپەر دۈشمەننى

ئۆلتۇرگەن شۇغۇ دەيمەن.
— نەق شۇنىڭ ئۆزى.
— تۇردى يىڭجاڭ خوتۇننىڭ جەڭگە قاتنىششىغا رۇخ-سەت قىلىپتىمۇ؟
— رۇخسەت قىلىپتۇ. ئۇ «بىز قۇرئان تۇتۇپ ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز دەپ قەسەم قىلىشقان» دەيدۇ، — دەپ چۈشەن-دۈردى ئابدۇراخمان تۇەنجاڭ.
— شۇنداقمۇ؟ بۇ گەپچە ئۇلار ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇق ئىكەن - دە؟! . . . ئۇ ناھايىتى قەيسەر ئايال ئىكەن - دە؟ — دەپ مەھمۇت سىجاڭنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.
— شۇنداق. ناھايىتى قەيسەر ھەم ئەقىللىق ئايال، چىرايى پەرىزاتقا ئوخشايدۇ، — ماختاپ كەتتى ئابدۇراخمان تۇەنجاڭ، — غەيرەت - شىجائەتتە ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ.
— ئۇنى ئۆتكەنكى خىزمىتى ئۈچۈن مۇكاپاتلىساق ئەر-زىيدۇ، — دېدى مەھمۇت سىجاڭ، — ئۆزلەچە نېمە مۇكاپات بەرسەك بولار؟
— ئۇنىڭ مىلتىقى ئېغىرلىق قىلىپ قاپتۇ، بولسا بىر دانە تاپانچا بەرگەن بولساق ئوبدان بولاتتى.
— بولىدۇ، پۇرسەت تېپىپ بۇ ئىشنى ھەل قىلايلى، — دېدى مەھمۇت سىجاڭ.
شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن تارقالدى.

*　　　*　　　*

ئىككى كۈن ئۆتتى. مەھمۇت سىجاڭ، نەمەت خەلپەت، سالى دورغا قاتارلىق چوڭلار قوشۇننى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇلار جەڭچىلەر تۇرمۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، يارىدارلارنىڭ كۈ-تۈلۈشى، ئاتلارنىڭ بېقىلىشى قاتارلىق ئىشلارنى كۆرۈپ يۈرەت-

تى. بىردىنلا مەھمۇت سىجاڭنىڭ كۆزى مىلتىقنى تازىلاپ ئولتۇرغان بىر ئايالغا چۈشۈپ توختاپ قالدى. ئايالمۇ باشلىقلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىتتىك يۈزىنى يۆگىۋالدى. ئۇنىڭغىچە ئۇلار ئۇنىڭ ھۆسنى جامالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ قالغانىدى. مانا ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلاردىكى زىلۋا بويلۇق، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى كاسىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان، يوغان، يوغان قارا كۆزلىرى كىشىلەرگە كۈلۈپ قارايدىغان بىر پەرىزات تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلەن قاپقارا، يېڭى چىققان ھىلال ئايدەك ئەگمە قاشلىرى ۋە ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى بىلەن سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىنى ياغلىق ئاستىدىن كۆرەلمىگەن بولسىمۇ بۇ ھال ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كونىراپ كەتكەن قارا تاۋار پاختىلىق چاپان، ئاق ماتا كۆڭلەك، پۇتىدا نىمكەش ئۆتۈك بار ئىدى.

— سىڭلىم سىز قەيەرلىك؟ — دەپ سورىدى مەھمۇت سىجاڭ.

— بۇگۇرلۇك، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— ھاشىخان.

— ئۆيىڭىزدە يەنە كىملەر بار؟

— ھېچكىمىم يوق.

— ئۇگال بىچارە، — دەپ مەھمۇت سىجاڭ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئالدى. مىلتىق ناھايىتى ئېغىر، كونا روس مىلتىقى ئىدى. ئۇنىڭدا «1891» دېگەن نومۇر تۇراتتى.

— بۇ مىلتىق ئېغىرلىق قىلمىدىمۇ؟ — دېدى مەھمۇت سىجاڭ.

— ئېغىرلىق قىلدى. لېكىن، بارىغا شۈكۈر، — دېدى

هاشىخان. ئۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىسىدىن تەنبىھ ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك قورۇنۇپ تۇ-راتتى. نەقەدەر قانائەتچان ئايال ـ ھە؟! دەپ ئويلىغان مەھمۇت سىجاڭ:

— ئۆتكەنكى جەڭدە بايراقنى قۇتقۇزۇۋالغان سىزمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق مەن. لېكىن، ئۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەھمۇت سىجاڭ يېنىدىكىلەرگە كۆز قىسىپ قويدى.

— سىز جەڭدە ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقامسىز؟ ئۆلۈم ھەر ۋاقىت بېشىڭىزدا ئەگىپ يۈرۈيدۇ.

— قورقىمەن. لېكىن، نومۇس ئۆلۈمدىن يامان «جاندىن كەچمىسە جانانغا يەتمەس» دەپتىكەن كونىلار. جاندىن كەچمىسەك زۇلۇم يوقالمايدۇ. شۇڭا، زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن جاندىن كېچىپ ئۆيدىن چىقتىم.

— ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن، بۇ مىلتىقنى تۇەنجاڭ بەرگەنمۇ؟

— ياق، ئوغرىلىغان، — دەپ ھاشىخان راست گەپنى قىلدىيۇ، ئىزا تارتىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

— بۇ مىلتىقنى يامۇلدىن ئوغرىلاپ چىقىپتىكەن. ئاتنى قاچقان جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنىڭ مۇئاۋىن لۈيجاڭىنى تۇتۇۋې-لىپ ئۇنىڭدىن تارتىۋاپتىكەن، — دېدى شۇ يەردە تۇرغان ئابدۇراخمان تۇەنجاڭ چۈشەندۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ؟ قالتىس باتۇر ئىكەنسىزغۇ قىزىم. خۇدايىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ، — دەپ مەھمۇت سىجاڭ ئۇنىڭغا ياخشى تىلەك تىلىدى. ئۇنىڭ بۇ تىلەكلىرىدىن ئاتىنىڭ ئۆز قىزىغا بولغان مېھرىبانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەھمۇت سىجاڭمۇ مېنىڭ يېنىمدا مۇشۇنداق بىر باتۇر قىزىم بولغان بولسا دەپ ئويلاپ

كېتىپ باراتتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ نەمەت خەلپەتكە:
— ئۆتكەنكى تاپانچىدىن ئۇ قىزغا بىرنى بېرەيلى ئەمما مۇشۇنچىۋالا «مۇشۇك» بار يەردە، — دەپ ئاستاغىنە ئەتراپتىكى يىگىتلەرنى كۆرسەتتى، — بۇ «خام گۆش» ساق تۇرارمۇ؟
— خاتىرجەم بولسىلا سىجاڭ، — دېدى ئابدۇراخمان تۇەنجاڭ، — ئۇ قىز ئەخمەق قىزلاردىن ئەمەس. يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىدۇ...
— ئانداق بولسىغۇ ياخشى، پەرىشتەنىڭ ئۆزىلا ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك، بەڭۋاش باللار بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسا بىر خوتۇن ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئېتىپ قويۇشتىن يانمايدۇ. ئۇ چاغدا ناھايىتى سەتچىلىك بولىدۇ.
— ناھايىتى ئوبدان گەپ بولدى. پەخەس بولايلى، — دېدى نەمەت خەلپەتمۇ.
— خوپ. مەن بۇ ئىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاي، — دېدى ئابدۇراخمان تۇەنجاڭ، — دىققەت قىلىشلا يەتمەيدۇ. يىگىتلەرگە چۈشەندۈرەيلى، — دېدى مەھمۇت سىجاڭ. — قوشۇندىمىزدا مۇنداق «پەرىشتە» لەر قانچە كۆپ بولسا، بەزى بىز قىلىشقا ئەپسىز بولغان ئىشلارنى ئۇلار قىلالايدۇ. بۇنى مەرھۇم دوستىمىز ئابدۇخالىق ئەپەندى شۇنداق دېگەن. شورالار جۇمھۇرىيىتىدە كۆپ ئىشلارنى ئايالالار قىلىدىكەن.
شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايالنى ھەممە ئادەم مەھمۇت سىجاڭنى دوراپ «پەرىشتە» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

* * *

ھاشىخان ئىسىملىك بۇ ئايال بۇگۇرنىڭ «چۇمپاق» دېگەن يېزىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى تۇرسۇن باتۇش ئۇستا ياغاچچى ئىدى، دېھقانچىلىقتىن ئارا بول-

غان چاغلاردا ئاز ـ تولا ياغاچچىلىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئېھتى-
ياجىدىن چىقاتتى. ئۇلارنىڭ بىر نەچچە تاناپ يېرى، مېۋىلىك
بېغى، ئالتە ئېغىزلىق چىرايلىق ئۆيى ۋە پېشايۋانلىق ھويلىسى
بار ئىدى. ھاشىخاننىڭ دادىسى ئۆزى نىيەت قىلغان ئىشنى ئاخى-
رىغا يەتكۈزمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان، راستچىل، غەيرەت-
لىك، قەيسەر ئادەم ئىدى. شۇڭا، يۇرت ئىچىدە ئۇنىڭ ئالاھىدە
ئابرويى بار ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ كېلەت-
تى ۋە ياردەم سورايتتى. ئۇمۇ كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سو-
زۇشنى «ساۋاب» دەپ بىلەتتى. ئۇ ھەر دائىم:

— ئادەم بولساڭ ھالال ئىشلەپ ياشا، ياماندىن قورقما، ياۋاشنى بوزەك ئەتمە، — دەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىلەر-
نىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. شۇڭا، ئۇ ياش چاغلاردا نۇرغۇن قىزلار
ئۇنى تالىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىر تاللاپ يۇرۇپ گۈزەللىكتە
تېڭى يوق، قولى چىۋەر بىر قىزغا ئۆيلەندى. ئۇلارنىڭ توينى
ياخشى ئادەملەر: «ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز» دېسە، بەزى
ئىچى تار، زەھەرخەندە كىشىلەر: «ئالا ئىنەككە دىڭگىل بۇقا»
دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئائىلە خېلى بەختلىك تۇرمۇش
كەچۈردى. لېكىن، كونىلارنىڭ «ئەقىللىقتا بالا بولماس، ھو-
رۇندا نان» دېگەندەك ھاشىخان يالغۇز قىز بولۇپ قالدى.

ھاشىخان كىچىك چاغلاردا دادىسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى،
ئانىسىنىڭ تىرىشچانلىقىدا بۇ ئائىلە خېلى ئوبدان تۇرمۇش كە-
چۈرۈپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىناق، بەختىيار
تۇرمۇشى ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. چۈنكى، يېزىدىكى بىر قىسىم
قارا كۈچلەر بۇ ئاتاغلىق ھۈنەرۋەننى يامان كۆرۈپ قالدى. بۇ
چاغدا شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن بو-
لۇپ نامدا جۇمھۇرىيەت بولسىمۇ ئەمەلدە ئۇمۇ بۇرۇنقى ھۆكۈم-
رانلارغا ئوخشاش خەلقنى نادان قالدۇرۇش بىلەن قانلىق باستۇ-
رۇشتىن ئىبارەت ئىككى بىسلىق سىياسەت يۈرگۈزگەنىدى.

ھاشىخاننىڭ دادىسى ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپلا قالماي يەنە ئۆز زامانىسىغا لايىق خەت ساۋادى بار خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ قولى بوش ۋاقىتلاردا بولۇپمۇ قىشنىڭ ئۇزۇن كېچە-لىرىدە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، قىش كۈنلىرى يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، قەدىمدىن قالغان جەڭنا-مىلارنى ئوقۇيتتى. مەشرەپلىرىدە يىگىتۋېشى قىلىنۋالاتتى، بۇ ھال ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىدى. 1920 - يىلى قارا شەھەر ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. بۇ ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قارا شەھەر، كورلا، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنى ھەم قاۋۇل دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتتى. ئۇلارنى ئۈچ يىلغىچە ۋالىي مەھكىمە قۇرۇلۇشى بىلەن قارا شەھەرنىڭ سېپىلىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشىغا سالدى. ھاشىخاننىڭ دادىسى شۇ قېتىمقى ھاشاردىن زادىلا قاي-تىپ كەلمىدى. ئەمدى بۇ بەختلىك ئائىلە ئېغىر ئەھۋالدا قال-دى. ئالۋاڭ - سېلىق تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا ھاشىخان ئون بىر ياشقا كىرگەنىدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن يىغلاپ - قاقشاپ ئۆتۈشكە باشلىدى، بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆر-گەن ھاشىخاننىڭ تاغىسى توختاخۇن يەتتە ياشلىق ئوغلىنى يەڭ-گىسىگە بەردى.

— يەڭگە قىز بالا چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ. دېمەك، ئۇ خەقنىڭ بالىسى، ماۋۇ بالىنى سىزگە بەردىم، ئۆمۈرۋايەت ئاغزىمغا ئالمايمەن، — دېدى ئۇ.

— رەھمەت ئۇكام، — دەپ يەڭگىسى يىغلىۋەتتى. شۇ-نىڭ بىلەن ئۇلار ئۈچ جان بولۇپ قالدى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆز يولى بىلەن ئۆتىۋەردى. قۇياش-مۇ ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىپ، غەربكە ئولتۇردى. ھاشىخان ئون ئالتە ياشقا كىردى. ئۇ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر قىز بولدى. شۇنداقلا ئەقىل - پاراسەت ۋە غەيرەت - شىجائەتتە

دادىسىنى دوراپ چىقتى «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۆچۈڭنى خار قىل» دەپ ئانا ـ بالا كەچتىن ـ كەچكە ئىتىزدا ئىشلەيتتى. «قىز بالا ئاتىسىنى دورايدۇ» دېگەن راستكەن. ھاشىخاننىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئەمدى يېزىلىق ياشلار ھاشىخاندىن كۆز ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئاتاپ ناخشىلارنى توقۇدى، ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشتى. ئانىنىڭ بىر ئىچ كۆيئوغۇل تاپقۇسى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەلچىلەر رەت قىلىندى. ئىچ كۆيئوغۇل تېپىلدى. لېكىن، ئۇلار يارىماس بىر نەرسىلەر ئىدى. ھەتتا بىر پۇتى كۆرگە ساڭگىلىغان مۇشتۇمزورلار، دىياكار مولللىلارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ لەۋلىرىنى يالاشتى. بەزى قارا نىيەت زۇمىگەرلەر ئۇلارنى ئالۋاڭ ـ سېلىقنىڭ بېسىمى ئاستىدا تىز پۈكتۈرمەكچى بولدى. مەھەللىنىڭ ئىمامى بىلەن يېزا دۆپبېگى كېلىپ قىزنىڭ ئانىسىغا تەھدىت سالدى.

— ئايشىخان قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، دۆلەت كۆرىسىز، — دېدى دۆپبېگى.

— قىزىڭىزنىڭ بەختى كەپتۇ، — دېدى ئىمام، — بېگىمدەك ئادەمگە بەرسىڭىز بەختى ئېچىلىدۇ. ئۇ دۇنياغا بارماي تۇرۇپلا جەننەتكە كىرىدۇ. جەننەتكە...

— بېگىمنىڭ ئۈچ خوتۇنى بار. مېنىڭ قىزىمدىن چوڭ نەۋرىلىرى بار. ئۈچ خوتۇننىڭ ئۈستىگە تەگسە، تىرىك تۇرۇپ دوزاققا كىرمەمدۇ؟!...

— ھەي جەددال ئىمانىڭدىن ئازدىڭ، — دەپ ھۆركىرىدى ئىمام، — بىلىپ قوي پەيغەمبىرىمىز توققۇز خوتۇن ئالغان.

— قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق، بېرەلمەيمەن، — دېدى ئايشىخان.

— كىمكەن ئۇ مەندىن قىزنى تارتىۋالالايدىغان؟ — دەپ

ھۆركىرىدى بەگ، — جۇرسىلە ئاخۇنۇم ھازىر قايتىپ تۇراي-لى، ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن ئوتنېشى — دور-غىلار كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئالۋاڭ - سېلىقنىڭ دەستىدىن باش كۆتۈرەلمەي قالدى.

كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئوتنېشىلارنىڭ ئالۋاڭ-غا زورلىشى بىلەن بىر ئېشەك ئوتۇننى ئالدىغا سېلىپ، بىتاب بولۇپ قالغان ئانىسىغا دورا ئېلىش نىيىتىدە ھاشىخان بازارغا ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق-چى بولدى. بەلگىلىمە بويىچە ئوتۇننى ئەسكەرخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇ بۇ يەرگە بۇرۇنمۇ بىرقانچە قېتىم كەلگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ئوتۇن، سامان ئالىدىغان قىرىق بەش ياش-لاردىكى بىر ھەربىي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالاتتى. بۇگۈنمۇ ھاشىخان ئوتۇنخانىغا ئوتۇننى چۈشۈردى. بۇ چاغدا ھېلىقى ھەر-بىي ئىشخانىسىدىن چىقىپ ئۇنى چاقىردى:

— ھەي قىز بالاڭ، پۇل بېرىدۇ، پۇل، — دەپ ئۇيغۇر-چىنى بۇزۇپ سۆزلىدى ئۇ.

— نېمە دەيسەن؟ نېمە پۇل؟ — سورىدى ھاشىخان چۈشەن-مەي. ئۇ ئالدىرايتتى. شۇڭا، ئارغامچىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— ھەي سەن ئوتۇن ئەكەلدى. مەن پۇل بېرىدۇ، — ئۇنىڭ گېپى سىپايە ئىدى.

— ھە. . . ئوتۇنغا پۇل بېرەمسەن؟ — ئۇ ئاخىر چۈشەن-دى ۋە خېلى خۇش بولدى.

ھاشىخان ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى ئادەم بېرىپ جوزىنىڭ تارتمىسىدىن ئىككى تەڭگە كۆمۈش پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. ئارقىدىن جوزا ئۈستىدىكى يۇڭ قەلەمدە بىر ۋاراق قەغەزگە نېمىلەرنىدۇ يازدى - دە، ھاشىخانغا

قاراپ يۇملاق قۇتىدىكى سۇرۇقنى كۆرسىتىپ:

— مانداق، مانداق، — دەپ بارماق بېسىشنى ئىشارەت قىلدى. ھاشىخان ئىككىلەنگەن ھالدا جوزىنىڭ يېنىغا باردى ۋە قولىنى سوزۇپ قۇتىدىكى سۇرۇققا بارمىقىنى تەككۈزۈشكە كاپلا قىلىپ ھېلىقى ھەربىي قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ نېرىسىدىكى كارۋاتقا باستى. ئۇنىڭ تىنىقىدىن سېسىق سامساق ۋە ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. سېسىقچىلىقتىن قىزنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ تېپچەكلىدى، ۋارقىرىدى، مەستنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلىدى. مەست بولسا ھەدەپ قىزنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

— ئادامۇ يوكا، ئادامۇ يوكا، — دەپ ھىجىياتتى.

ھاشىخان بۇنداق قىلىش بىلەن مەستكە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭغا بىر ئەقىل كەلدى. چۈنكى، تەۋەككۇل قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— ماقۇل، سەن ئورنىڭدىن تۇر، كىيىمىمنى ئۆزۈم سالاي، كىيىملىرىم يىرتىلىپ كەتمىسۇن، — دېدى ئۇ.

— راستمۇ؟ — دېدى مەست ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي.

— راست، ساڭا كۆچۈم يەتمىگۈدەك. ئامالسىز رازى بولدۇم، — دېدى قىز.

مەست بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ، بۇرۇن قارا شەھەردە ئىشلىگەن چاغدا:

— مۇڭغۇل ئاياللىرى ئەرلەر نىيىتىنى بۇزۇپ ئۆزىنى بېسىۋالسا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ... دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدى.

شۇڭا، بۇ قېتىم قىزنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ قالدى ۋە «غالىب كەلدىم» دەپ ئويلىدى. شۇ خىيال بىلەن ئۇ شۇنداقلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا قىز ئۇنىڭ چاترىقىغا شۇنداق قاتتىق تەپتىكى، ئۇ ئاغرىقتىن «ئەييۇ» دېگىنىچە لەيلەپ بېرىپ، ئارقىسىغا ئوڭدا چۈشۈپ، ئارقا مېڭىسى تام تۈۋىدىكى پاكار شىرەنىڭ

بۇرجىكىگە تېگىپ، ئۇيۇپ كىرىپ كەتتى، شىرە ئۇستىدە تىز-
زىقلىق تۇرغان تۆت بۇرجەك شىشىخالىلار چېچىلىپ كەتتى. قىز
ئۇچقاندەك يۇگۇرگىنىچە بېرىپ ئېشىكىنى ئالدى ـ دە، بىر
سەكرەپلا ئېشەككە مىندى ۋە ئېشەككە تاياق سالدى. ئۇنىڭ
ئېشىكى ناھايىتى ياخشى ئېشەك ئىدى. شۇڭا، چاپتۇرۇپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ يۇرىكى دۇكۇلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ چۇمپاق
يولىغا چىققاندىن كېيىن پات ـ پات كەينىگە قاراپ قوياتتى.
لېكىن، ئۇنى ھېچكىم قوغلىمىغانىدى. ئۇنى ھازىرلا بىرسى
تۇتۇۋالىدىغاندەك دەككە ـ دۇككە ئىچىدە ھەدەپ ئېشەككە تاياق
سالاتتى. ئېشەكمۇ تەرلەپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئېشەك
ماڭمايۋاتقاندەك بىلىنەتتە. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيىگە يېتىپ
كېلىپلا دەرۋازىنى تاقاپ ئۆيدە بىتاب ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى
ئاتتى.

قىز ئۆيگە كىرىپلا ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ
ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى ۋە خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان
ئانىسىغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.
قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىپ كەتتى.
دۇنيادا قىز بالىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاھانەت يوق ئىدى. ئۇلار
ئانا ـ بالا يەنە بىر ھازاغىچە يىغلاشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر
ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىشتى.

— ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر قىزىمنىڭ نومۇسى ئاياغ ـ
ئاستى بولماپتۇ، — دېدى ئانا، — بۇ ئىشنى بىرەرسىگە
ھەرگىزمۇ تىنىپ سالما.

— ماقۇل، — دېدى قىزمۇ يىغلامسىراپ. ئانىسىنىڭ
گېپى راست ئەمەسمۇ؟ ئەگەردە «قول تەككەن» دېگەن بىر
ئېغىز گەپ كوچىغا چىقىپ قالىدىغان بولسا قانداق باشنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇنى كىم خوتۇن قىلىپ

ئالدۇ؟ چۈنكى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆز پۈتۈن يۇرتقا پۇركېتىشى، بۇ بىر ئېغىز سۆزنى غەيۋەتخورلار، ھەسەتخورلار بىرنى مىڭ قىلىپ كوچىغا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئابرويى يەر بىلەن يەكسان بولمامدۇ؟ قىز بالىنىڭ ئاجىزلىقى نەق مۇشۇ يەردە ئەمەسمۇ؟ تېخى ھېلىقى مەست ئىززەپ كېلىپ جېدەل قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسا ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمىگەن مەست بىر ئېغىزلا گەپ قىلسا ئىش تېخىمۇ چاتاق بولۇشى ۋە تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئىمام بىلەن دۆپپېگى ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن. ئىمام دېگەن ھېلىقى ئىسسىقتى[①] «دوپپېگى قىزىڭنى تارتىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىر كېچىلىكىگە مەن دۇئا قىلاي» دەپ نەچچە قېتىم كەلمىدىمۇ؟

ئانا مانا شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، ئوغلىنى ئېرىنىڭ ئىنىسى توختاخۇننى چاقىرىشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى شۇ يەردە ئىدى.

توختاخۇن ئۆيگە كىرىپلا جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا يەڭگىسى بىلەن جىيەنىنىڭ يىغىدىن قاپاقلىرىنىڭ ئىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. توختاخۇننى كۆرۈپ ئانا قىزىنى ئۇكىسى بىلەن ئۇخلاشقا بۇيرۇدى. ئىككى بالا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن توختاخۇنغا قىزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. يەڭگىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان توختاخۇن كالتە ساقىلىنى تۇتاملاپ ئولتۇرۇپ خېلىغىچە خىيال سۇرۇپ قالدى. ئەڭ ئاخىر مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى يامان ئىش بوپتۇ. قىز بالىنىڭ ئاجىزلىقىمۇ نەق مۇشۇ يەردە. ئۆمۈرۋايەت ھاقارەتكە قالغىلى تاس قاپتۇق. ئوغۇل بالا دېگەن ئۆلمىسىلا ھېچ گەپ يوق. قىز بالا دېگەننىڭ

① موللىلارغا خەلق قويغان يامان ئات.

چىرايىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ. توي قىلماستىن بۇرۇن نو-
مۇسى تۆكۈلسە ئۆمۈرۋايەت باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ھېلىمۇ خۇدا-
يىم بىر ساقلاپتۇ، — دېدى توختاخۇن، — مېنىڭ مەسلىھە-
تىم مۇنداق، ئەمدى بىزگە تۇردى ئاخۇننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل
قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. ھېلىقى مەست كاپىر بىزنى تېپىپ
بولغۇچە قىزنى جايىغا يەتكۈزۈپ بېرەيلى.

— ئانداق قىلساق قانداق بولار ئۇكام؟ قىزنىڭ ئابرويى
بولارمۇ؟ — دېدى ئانا.

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا يەڭگە، تۇردى ئاخۇن مەرد،
ئەقىللىق، كەڭ قورساق ئادەم. ئۇ، ئۆتكەن يىلى «مەن قاچان
قىز ماقۇل بولغۇچە كۈتىمەن» دېگەنىدى. ھازىر بىز قىزنى
ئۇنىڭغا بېرىمىز دېسەك «جان» دەپ قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى
توختاخۇن. ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ئىشەنچلىك ئىدى.

— ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى قانداق يەتكۈزىمىز؟ ئۇنىڭغىچە
ھېلىقى مەلئۇن بۇ يەرگە كېلىپ قالسىچۇ؟ — ئانىنىڭ ئەنسى-
رەۋاتقانلىقى ئورۇنسىز ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق ئەنسىز ئەھۋالدا
قالغان چاغدا ھېلىقى مەلئۇننىڭ بېشى جوزىنىڭ بۇرجىكىگە
قاتتىق تەگكەنلىكتىن ئارقا مېڭىسى يېرىلىپ ئاللىقاچان دوزاققا
يول ئالغانىدى. ئەتىسى باشقىلار ئۇنىڭ قېتىپ قالغان جەستى-
نى كۆرۈشتى ۋە «ھاراقنىڭ مەستلىكىدىن ئۆلۈپتۇ» دې-
يىشتى.

— خاتىرجەم بولسىلا يەڭگە. مەن ئەتىلا قىزنى ئېلىپ يولغا
چىقاي. سىلىگە چوقۇم ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى
توختاخۇن.

— خۇدايىم دېگەنلىرى كەلسۇن. `قىزىمنىڭ دادىسى سىلى
ئۇكام.

ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىدىن ئېقىپ ئېتىكىگە چۈشتى.
شۇنداق قىلىپ «يۈگۈرگەن قالار، بۇيرۇغان ئالار» دېگەندەك

تەقدىر شۇنداق ئىكەن. ئۇلار كورلىلىق بەكرى قارىينىڭ بەڭۋاش ئوغلىغا قىزىنى بېرىدىغان، يەنە كېلىپ ئۆزى ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى.

ــــ ئەمىسە مەن چىقىپ يول تەرەددۇتىنى قىلاي. سىلىمۇ قىزنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى جايلاپ بەرسىلە. ئەزان ۋاقتىدا مەن سىلەرنى ئويغىتىمەن، ــــ دەپ توختاخۇن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، ھەر ئىككى ئۆيدە يولدا يېگۈدەك نان يوق ئىدى. شۇنداقلا ئېشەكلەرنىڭ تاقىسى يوق ئىدى. شۇڭا، سەپەر بىر كۈن كېچىكتى. ئۇلار بۇ بىر كۈننى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە بەكمۇ تەس كەچ قىلدى. «تىرىق» قىلغان ھەربىر ئاۋاز، ھەربىر شەپىدىن ئۇلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. بىر كۈندىلا توختاخۇن ھەممە ئىشنى پۈتكۈزدى ۋە ئەتىسى يېرىم كېچىدىلا يولغا چىقىپ كەتتى.

*　　　*　　　*

ئۇلار بىرنەچچە كۈنلۈك جاپالىق سەپەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ قاش قارايغان چاغدا كورلىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدىكى بەكرى قارىينىڭ كەڭ ـ كەڭرى باغلىق جايىغا كېلىپ چۈشتى. بەكرى قارىي خەلق ئارىسىدا يۈز ئابرۇيلۇق، تەڭ ۋادار كىشىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز كېلىشى ياش يىگىتنى چەكسىز خۇشال قىلغان بولسا، ئاتا ـ ئانىلارنى تەئەججۈپلەندۈردى. چۈنكى، ياش ئاشىق يىگىت ئۆزى ئارزۇ قىلغان مەشۇقىنى ئۆز ئۆيىدە كۆردى. ئەلۋەتتە بۇ ئىش ۋىسال ئارزۇسىدا يۈرگەن ئاشىق يىگىت ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىدى. لېكىن، چوڭلار بولسا بۇ ئىشنى باشقىچە چۈشەندى. چۈنكى، كىچىككىنە بىر قىزنىڭ يۇرت ئاتلاپ ئەر ئىزدەپ كېلىشى زادىلا ئەقىلگە سىغمايتتى. دەماللىققا بىر نەرسە دېيىش تولىمۇ ئەپسىز ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بولغۇسى كېلىنىنى كۆرۈپ ئوغلىنىڭ گۈلقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكى، كۈنلەپ بازاردىن كەلمەيدىغان يىگىتنىڭ ئۆيدىن ھېچ يەرگە بارماي، سىڭىللىرىغا ئۇ، بۇ ئىشلارنى بۇيرۇپ ئۆزىمۇ قول سېلىپ ئىشلەپ ئۆيلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاتا - ئانا جىم بولۇشقا، سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

تۇردى ئاخۇن ئېگىز بويلۇق (بىر مېتىر توقسان)، تەمبەل، چېچى قوڭۇر، كۆزى كۆك، بىر قاراشتا پەرەڭلەرگە[1] ئوخشاپ كېتىدىغان، پالۋان سۈپەت، گېپى ئوچۇق، كەڭ قورساق، ئالىقىنى ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق ۋە قەيسەر، مەرد يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن توختاخۇن كۈچا سەپىرىدە تونۇشۇپ قالغان. بۇ چاغدا بەكرى قارىينىڭ بۇ ئوغلى كورلىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى كىشىلەردەك دېھقانچىلىق ھەم قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ قازانچىدا خېلى كەڭرى نەشپۈتلۈك بېغى بار ئىدى. ھەر يىلى كۈزدە نەشپۈت پىشقاندا بۇ نەشپۈتلەرنى قارا شەھەر، خوتۇنسۇمۇل، بۈگۈر ھەتتا كۈچاغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۇ يۇرتلاردىن كورلىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. بۇ قېتىم ئۇ كۈچادىن خېلى كۆپ قاق، خورما، ياڭاق قاتارلىق يەل - يېمىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار مۇشۇ قېتىم قوش ئاۋاتتا بىر كېچە بىللە قونۇپ قالدى ھەم ئۆزئارا تونۇشۇپ، ئارىدا ياش پەرقى بولسىمۇ، بىر - بىرىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار بۈگۈرگە كېلىپ توختاخۇننىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ چۈمپاقتىكى جايىغا چۈشتى چۈمپاق ئەتراپىدا كارۋانلار ئۈچۈن ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز كەڭرى ئىدى. توختاخۇننىڭ كۈچادىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھاشىخان ۋە ئۇنىڭ ئۈكىسى تاغدى-

① ياۋروپالىقلارغا دېمەكچى.

سىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى. شۇ يەردە بۇ قىز تۇردى ئاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇن تۆت ياشلىق قىزنىڭ يۈزى ئو- چۇق بولغاچقا بۇ گۈزەل قىز تۇردى ئاخۇننىڭ كۆزىگە سەھەردە پارلىغان چولپاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. قىزنىڭ يەردىن ئۈستۈن قارىماي تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇشى يىگىتنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغىدى.

— بۇ قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ توختا- خۇندىن.

— ئاكامنىڭ قىزى.

— ھە... ئاكىلىرى مۇشۇ يەردىمۇ؟

— ئاكامنىڭ ئۆيى مۇشۇ يەردە. ئۆزى ئۈچ يىل بۇرۇن ھاشارغا تۇتۇلۇپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى.

— ئىسىت بىچارىلەرگە ئۇگال بوپتۇ، — دېدىيۇ لېكىن يۈرىكىگە بىر ئوت تۇتۇشقاندەك بولدى. گەپ شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولسىمۇ، قىزنىڭ گۈزەل سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدى- دىن زادىلا كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەقىقەتتىنى ئېيتقاندا ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەتىسى يولغا چىقىش ۋاقتىدا توختاخۇن بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ:

— توختاخۇن ئاكا مەن يەنە كېلىمەن، — دېدى.

— ئىشىكىمىز سىلىگە ھەر دائىم ئوچۇق، — دېدى توختاخۇن مېھماننى ھۆرمەتلەپ، لېكىن ئۇ تۇردى ئاخۇننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمىگەنىدى.

ئەسلىدە تۇردى ئاخۇن بۇ يىل ئۆيلەنمەكچىدى. تويىنىڭ ۋاقتى بېكىتىلىپ بولغان — مۇشۇ قېتىم ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن توي بولماقچىدى. لېكىن، ئۇ ئۆيگە قايتىپلا ئانىسىغا ھازىرچە ئۆيلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپلا، ئەكەلگەن مالنى ئېلىپ قارا شەھەرگە كەتتى ۋە بىر ھەپتىدە قايتىپ كېلىدىغانلى- قىنى. ئۇنىڭغىچە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ تويىنى

ياندۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

— ۋۇي جىن ئۇرغۇر شۇم. كۇچاغا بېرىپلا نېمە بولۇپ كەلدىڭ؟ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۇرتتا يۈز ئابرويلۇق كىشىلەر، ھەممە ئىش تەييار بولغاندا قانداق يېنىۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى ئانىسى.

— نېمىشقا يېنىۋالغىلى بولمايدىكەن؟ تېخى نىكاھ ئوقۇلـمىسا...

— نىكاھ ئوقۇلمىسىمۇ ھەممە ئىش بېكىتىلىپ بولغان. ئەمدى توينى قىلىساقلا بولىدۇ. لەۋزى دېگەن لەۋزى. بەكرى قاري لەۋزىدىن يانالمايدۇ، — دېدى ئاتا.

— بەكرى قاري يانالمىسا مانا مەن يانىمەن. خوتۇننى دادامغا ئەمەس ماڭا گەپلەشكەن، شۇڭا مەن يېنىۋالدىم، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ بۇ قوپال گەپلىرى ئانىسىنى ئەجەبلەندۈردى ۋە ناھايىتى ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئوغلى بۇ چاغقىچە مۇنداق ئەدەپسىز ئەمەس ئىدى.

— ھوي شۇم، نېمانچە يوغان باش بولۇپ كەتتىڭ؟ بىزنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك؟ سەن يېنىۋالغان بولساڭ ئۆزۈڭ بېرىپ دېگىن، — ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ كەتتى ـ ئۇنىڭ ئوغلى نېمانچە تەلۋىلىشىپ كەتتى ـ ھە؟!...

— ماقۇل مەن بېرىپ ئۆزۈم دەي، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

— توختا نەگە بارىسەن؟

— قىزنىڭكىگە.

— نېمىشقا؟

— توينى ياندۇرغىلى.

— داداڭ خۇپتەندىن كەلسە موللام مۇشۇك بولۇپ كېتىدـسەن، مېنى ئاني تاپقىنىڭ بىلەن ھارامزادە، ياكى... ياكى... — دەپ توختاپ قالدى. چۈنكى، گەپنىڭ ئايىغىنى

چۇشۇرۇشكە نومۇس قىلدى.
— ئاني تاپمىدىم جېنىم ئانا، — دەپ يالۋۇردى تۇردى ئاخۇن، — راستىنىلا ئۇ قىزنى ئالغۇم يوق.
— نېمىشقا؟ ئۇ قىز ساراڭمىكەن؟ ياكى سەتمىكەن ۋە ياكى قارىغۇمىكەن؟ سەن يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەندىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەمسەن؟ مەن داداڭ بىلەن جاھانغا تۈۋرۈك بولمايمىز، كېلىنىم بولسا، مېنىڭ قولۇمدىكى ئۆي ئىشلىرىنى قولىغا ئالسا، مەن نەۋرەمنى بېقىپ، بوينۇمغا مىن-گۈزۈپ ئۆيدە ئولتۇرسام بولمامدۇ؟ هاماقەت، — دەپ ئانىسى يىغلىۋەتتى.
— يىغلىمىغىن جېنىم ئانا! مەن ئۇ قىزنى ئالمايمەن. ساڭا يارىغۇدەك كېلىن تېپىپ بېرىمەن.
— قوي ئانداق گېپىڭنى بىز لەۋزىمىزدىن يانالمايمىز. سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭنى داداڭ ئاڭلىسا قاتتىق خاپا بولىدۇ. قېرىغاندا بىزنى خاتىرجەم ياشىغىلى قوي.
— بوپتۇ ئەمسە، مېنىڭ تەلىپىمنى دادامغا يەتكۈزۈپ قوي، دادامنىڭ ئەقلى سەندىن ئۇزۇن. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنەر دەپ ئويلايمەن. مەن قارا شەھەردىن يېنىپ كەلگۈچە توينى ياندۇرۇۋېتىڭلار، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئانا بولسا ئوغلىغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى.
بەكرى قارىي ئائىلىسىدە مۇشۇ ماجرانىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە توپتوغرا ئىككى يىل بولدى. ئاتا - ئانىسى ئوغلىنى ئۆزلىرى تاپقان قىزغا ئۆيلىنىشكە زادىلا ماقۇل قىلالمىدى. ئوغلى بولسا ئەتىيازدىكى تېرىقچىلىق ۋە كۈزلۈك يىغىمنىڭ جىددىي ۋاقتى-دىن باشقا چاغدا سودا باھانىسى بىلەن ئۆيدە تۇرمايدىغان بولۇ-ۋالدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى توپتوغرا بىر يىل ساقلىغاندىن كېيىن «تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايدۇ» دەپ بۇ تويدىن ۋاز

كەچتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قىزنى ياتلىق قىلىۋەتتى. بەكرى قارىيـ. لار بىر ئاز خىجالەتچىلىك تارتقان بولسىمۇ، ئۆلارنىڭ بەختىۋاش ئوغلى بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ مۇشۇ ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا ھەر ئايدا بىر قېتىم چۇمپاقتىكى توختاخۇننىڭ ئىشىد. گىدە پەيدا بولاتتى ۋە ھەپتىلەپ تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ دەسلەپكى ئىككى قېتىم كەلگەندىن كېيىن توختاخۇنغا ئۆز ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى.

— مېنىڭ يەڭگىلىرى ئايشىخان ئاچامغا بالا بولۇش ئارزۇ. يۇم بارئىدى. مېنى بالا قىلىۋالارمۇ؟ — دېدى ئۇ ناھايىتى تەستە.

— بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ ئىكەن. ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ. قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ. بۇ ئۇزاق زامانلار. دىن بۇيانقى ئۆرپ - ئادەت، — دېدى توختاخۇن ئالدىرىماي سۆزلەپ، — لېكىن بىرىنچىدىن قىز تېخى كىچىك. ئىككىنـ. چىدىن سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىز يىراق، يەڭگەم يالغۇز، بۇ ئىش ئەپلىشەرمۇ؟ بولمىسا سىلىدەك يىگىت كۈيئوغۇل بولسا بىزمۇ خاتىرجەم بولاتتۇق.

— بۇنىڭغا ئامال تاپىمىز. تويدىن كېيىن ھەممىمىز كور. لىغـا كۆچۈپ كەتسەكمـۇ بولىدۇ. مـەن كۆچۈپ كېلەي دېسەم ئاتا - ئانام قېرى ھەم كېسەلچان سىڭىللىرىم كىچىك، — دېدى تۇردى ئاخۇن.

توختاخۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئايشىخان بىر ئاز ئويلانغاند. دىن كېيىن:

— بىرىنچىدىن ئارىلىق يىراق. ئىككىنچىدىن دادىسىنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالىدۇ. ئۈچىنچىدىن ئۆي - جايىمىز ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. تۆتىنچىدىن كۈيئوغۇلغا بېقىندى بولۇش نو. مۇس. شۇڭا، بىزنى تەڭلىك قىلمىسۇن، — دېدى. لېكىن، كۈيئوغۇل بولغۇچى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى:

— مەن قاچان قىز تەرەپ ماقۇل بولغۇچە ساقلايمەن. چاچ -
ساقىلىم ئاقىرىپ كەتسىمۇ مەيلى، — دېدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پات - پات كۆپ سوۋغا - سالام بىلەن
كېلىپ ھەپتىلەپ تۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا
توختاخۇننى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ بىر نەچچە قېتىم ئاپى-
رىپ كەلدى ۋە كۆپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. مانا ئەمدى تۇردى
ئاخۇننىڭ ئىشىق ئوتى ئاللانىمۇ تەسىرلەندۇرۇپ ئۆز دەرگاھىدا
قوبۇل بولغان ئوخشايدۇ. تاسادىپىي ئىش يۈز بېرىپ، قىز ئۆز
ئايىغى بىلەن كېلىپ بەكرى قارىيىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇر-
ماقتا. ئاتا - ئانىسىنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن ئوغلىنىڭ كارى
يوق. ئوغلىنىڭ خۇشاللىقى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ. ئۇ
مېھمان كۈتۈش بىلەن پايپېتەك بولـۇپ كەتتـى. «بۇيرۇغـان
ئالار، ئالدىرىغان قالار» دېگەن شۇ بولسا كېرەك.

# توققۇزىنچى باب

# مەڭگۇلۇك مۇھەببەت

دۇنيادا ھەممە نەرسە قالىدۇ قورۇپ،
ساپ مۇھەببەت قالىدۇ مەڭگۇلۇك بولۇپ.
—— پاكىستان ھېكايە فىلىمى
«مەڭگۇلۇك مۇھەببەت» تىن

قازانچىدىكى بەكرى قارىينىڭ ھويلىسىغا ئادەملەر كىرىپ چىقىپ تۇراتتى.

ياسانغان قىز - چوكانلار، بوۋاي - مومايلار، ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى «تاپقىنى گۇل كەلتۇرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز، تاپقىنى قوي ئۆلتۇرەر، تاپالمىغىنى چۇجە خوراز» دېگەندەك چوڭ - كىچىك سوۋغا - سالاملارنى كۆتۇرۇپ كېلىشەتتى. ھويلىنىڭ ئىچىدە توي نەغمىسى ئاسمان پەلەككە كۆتۇرۇلگەنىدى. كۆتۇرەڭگۇ روھ بىلەن ئېيتىلغان «كورلا سەنىمى» گە ئوينالغان ئۇسسۇل قىزىپ كەتكەنىدى.

مەن ئاتىمنى سالمايمەن،
دەريا بويى لۆم - لۆمگە.
ھەسرەت تارتىپ يىغلايمەن،
ئۆتۇپ كەتكەن ئۆمرۇمگە.

ھەممەيلەن خۇشال بولۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر كۈندە پەقەت بىرلا كىشى يەنى بەكرى قارىينىڭ ئايالى، ئوغۇلنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئۇنى پەقەت بىرلا سوئال قىينايتتى. ئەگەر-دە قىز - ساقچىقمىسچۇ؟ ئۇ بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇپ، ئۆز يۇرتىدا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي، ئىلاجسىز مېنىڭ ئوغلۇم-نى ئەخمەق قىلغىلى كەلگەن بولسىچۇ؟ ئۇنداق بولمىسا ھېچنېمە-مىدىن ھېچنېمە يوق يۈزى ئېچىلمىغان قىزنى بىرونىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز ئېلىپ كەلگەن ئىش نەدە بار؟ راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارماقتىن ئۆزگە چارە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى يوق بىر نېمە ئىكەن، «ئانا باشلىمىغاننىڭ ئەمچىكى چوڭ، دادا باشلىمىغاننىڭ بىر نېمد-سى. . . » دېگەن گەپ بار. بىرەر گۇمانى بولمىسا ئانىسى ئۆزى كەلمەي نېمىشقا بىرونى ئەۋەتىدۇ؟ ياكى بىزگە خەۋەر بېرىپ قائىدە بويىچە توي قىلىپ يۇرت خەلقى ئالدىدا ئۇزىتىپ قويماي-دۇ؟ مانا شۇنداق ئېغىر گۇمانىي خىياللار ئانىنى قىينايتتى. لېكىن، ئوغلى بولسا ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي تويغا تۇتۇش قىلدى ۋە ئۇدەپ - بۇدەپ يۈرۈپ دادىسىنىمۇ ماقۇل قىلدى. ئانا ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ بەزى ئىشلارنى ئوچۇق ئېيتالمد-سىمۇ، ئاز - تولا پۈرۈتۈپ باققانىدى. لېكىن، ئوغلى:

— قېنى بۇ ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز، — دېدى.

— ھەي ئەخمەق پاختا باش بولۇپ قالما يەنە، — دېدى - دە، ئانا تويدىن بۇرۇن باش قاتۇرۇپ مەھەللىدىكى ئەڭ زېرەك ۋە تاپقۇر ئايالدىن ئىككىنى تېپىپ كېلىپ ئۆز مۇددىئا-سىنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇلاردىن يەڭگە بولۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى ھەمدە يەڭگىلىك ئىشنى ئوبدان قىلىپ راست گەپ قىلسا ئۇلارنى ياخشى رازى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— بەك ئوبدان بىز مەقسەتنى ئۇقتۇق، — دېيىشتى ھەر

ئىككىيلەن.

ـــ ئەمما، خانىلىرىم، ـــ دېدى ئانا، ـــ مەندە ئوغلۇمـ-نىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىش خىيالى يوق. ھەر بىرلىرى كۆ-رۈپ تۇرۇپلا، بۇ توي بىز ئۈچۈن تاسادىپىي بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن مەندە بىر خىل خىيال يەنى گۇمان تۇغۇلۇپ قالدى. شۇڭا، راست گەپنى قىلىشسىلا. قىيامەت كۈنى يۈزىمىز قارا بولۇپ قالمىسۇن.

ـــ ئوبدان، بىز راستىنى سىلىگە يەتكۈزىمىز، ـــ ئۇلار خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

*    *    *

ـــ قىز كەن دېدى، ـــ توينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى ئىككى يەڭگە خوتەن قەغىزىگە ئورالغان ئاق ماتانى ئانىنىڭ ئالدىغا قويۇپ. ماتادا قان داغلىرى تۇراتتى يۈيۈنۈش ۋاقتىدىمۇ بۇ ئىش مەلۇم بولدى.

ـــ قىلغان خىزمىتىڭلارغا رەھمەت، ـــ دېدى ئانىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ـــ مېنى بىر ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلدۇردۇڭـ-لار، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇلۇڭدىكى يوغان ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ئوخشاش ئىككى كېيىملىك مەنپۇ گۇللۇك ھاۋارەڭ شاڭخادەننى ئېلىپ يەڭگىلەرنىڭ ئالدىدا قويدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى خېلى تېتىكلىشىپ قالغانىدى.

ـــ ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىشسىلا، كېلىنىمنىڭ يۈزىنى ئاقلاشتىلا. ئوغلۇمنىڭ بەختىنى ساقلاپ قېلىشتىلا، ـــ دېدى مىننەتدار بولۇپ. ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلغاچ ئۆزى يەڭگىلەرنىڭ قولىغا سۇ تۇتتى ۋە داستىخان سېلىپ ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن يەڭگىلەر خوشلىشىپ

چىقىپ كەتتى.

موماي يەڭگىلەرنى ئەمدىلا ئۇزىتىپ تۇراتتى، بەكرى قارىي كىرىپ كەلدى.

— كېلىنىمىز قىزكەن. يەڭگىلەر ئۇنىڭ قىزلىقىنى ئىسپاتلىدى، — دېدى خوتۇنى

— شۇنداقمۇ؟! . . . سەن نېمە دەپ ئويلىغانىدىڭ؟

— مەن ئۇنى چاتاق تېرىپ قويغان قىزمىكىن دەپ ئويلىغان.

— هەي ئەخمەق خوتۇن «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئانا سۇتى ئاغزىدىن كەتمىگەن قىز شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرەرمۇ؟ ئەگەردە ئۇلارنىڭ گۇمانى بولسا، شۇنچە يىراقتىن بىزنى ئادەم ئېتىپ كېلەتتىمۇ؟ هەي گالۋاڭ خوتۇن، سېنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يەڭگە تاللاپ يۈرۈشۈڭ بىكار ئەمەسكەن - دە؟ — بەكرى قارىي ئايالىغا ئاشۇنداق كايىپ كەتتى.

— شۇنداق مەن ئوغلۇمنىڭ بەختىنى كۆزلىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ . . . هېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر ئۇلار راست گەپنى قىپتۇ. ئەگەردە بىرەرى دۈشمەنلىك قىلىپ باشقىچە جۆيلۈپ قويسا، ئۆز ئېشىمىزغا ئۆزىمىز توپا چاچقان بولمامدۇق ئەقىلسىز خوتۇن؟! ئۇ چاغدا ئۆز گۆشىمىزنى ئۆزىمىز يەپ، بىكاردىن - بىكار باش ئاغرىقىنى پۇلغا سېتىۋالاتتۇق. ئۇ چاغدا «ئوياقتا تارتساڭ هارۋا سۇنىدۇ، بۇياقتا تارتساڭ ئات ئۆلىدۇ» دېگەندەك بولاتتى. بۇنداق ئىشتا قاتتىق ئېهتىيات قىلىش كېرەك، ئەمدى هەرگىز بۇنداق گەپنى قىلىشمايلى، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم دادىسى، مەن. . .

— ئۇققان بولساڭ بولدى. مەن توختاخۇننى چاقىراي. سەن داستىخان تەييارلا، — دەپ بەكرى قارىي تالاغا ماڭدى.

* * *

«ئادەمنىڭ بولۇشى كىچىكىدىن مەلۇم» دېگەندەك بەكرى قارىينىڭ كېلىنىنىڭ چىۋەرلىكى ۋە گۈزەللىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن قازانچىغا پۇر كەتتى. دېمىسىمۇ توي بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئۇششاق ـ چوڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى جۈملىدىن تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ياماش، ھويلا ـ ئارام ۋە ئۆيلەرنى تازىلاش ئىشلىرىنى ھاشىخانىنىڭ بىر ئۆزى قىلىپ يېتىشتى. قاچا ـ قۇچىلارنى گۈچ ـ گۈچ قىلىپ يۇيۇپ بىر تال داغ قالدۇرمايتتى. بولۇپمۇ «خوتۇنىڭنىڭ قېشىغا قارىغىچە، چىنىسىنىڭ تېشىغا قارا» دېگەن ماقالىنى يادىدا تۇتاتتى. ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ قېينانا، قېيناتىسى تۇرۇشىغىلا ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغىپ، ئۇلار بامدات نامىزىدىن يېنىشىغا ئالدىغا داستىخان ھازىر بولاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەربىر نەرسىنى تۇتقاندا «بىسمىللا» — دېيىشلىرى كۈندە بىر ۋاخ بولسىمۇ ناماز ئوقۇپ تۇرۇشى چوڭلارغا بەك ياققاندى. يېڭى كېلىن يىڭنە ئىشىغىمۇ بەك ماھىر ئىكەن. بىكار بولسىلا ئۆيدىكى ياستۇق قېپى، لۆڭگە، پەردىلەرگە گۈل چېكىپ تىكىشكە باشلىدى. ئەڭ مۇھىمى ئېرىنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان ئىككى سىڭلىسى بىلەن خۇددى بىر قورساقتىن چىققان ئاچا ـ سىڭىلدەك بولۇپ كەتتى. بۇ ئىشلار قېيناتىسى بىلەن قېينانىسى بەك رازى قىلدى. بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئېرىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە كۆيۈمچانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. تاماق ۋاقتىدا ئېرى ئۈلگۈرۈپ كەلمىسە، ئېرى كەلگۈچە تاماق يېمەي ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئەر ـ خوتۇن ئولتۇرۇپ تاماق يېمىسە تاماق يېگەندەك بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەكرى قارىينىڭ بۇ بەڭۋاش ئوغلى — يەنە كېلىپ تويدىن بۇرۇن كۈنلەپ،

ھەپتىلەپ ئۆيگە كەلمەيدىغان توسۇن يىگىت ئەمدى خۇددى ئۆيگە سېھىرلىنىپ قالغاندەك ھېچ يەرگە بارمايتتى. بارسىمۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ دەرھال قايتىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق بەختلىك تۇرمۇشىدىن ئاتا - ئانىسى بەكلا رازى ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەممە يەردە سورىغانلارغا كېلىنىنى ماختىشاتتى. شۇڭا، كىشى-لەرنىڭ ھاشىخانغا بولغان ھۆرمىتى كۈندىن - كۈنگە ئاشتى ۋە مۇشۇنداق قىزنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئانىغا ھەۋەس قىلى-شاتتى.

ھاشىخانىنىڭ تاغىسى توختاخۇن تويدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ بۇگۇرگە قايتماقچى بولغانىدى. لېكىن، بەكرى قارىي ئۇنىمىدى. شۇڭا، كورلىدا ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالدى. قاي-تىش ۋاقتىدا ئۇ بەكرى قارىي بىلەن كۈيئوغلىنى ئايرىم چاقى-رىپ قىزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— بولغان ئەھۋال شۇ «بۇيرۇغان ئالار، ئالدىرىغان قا-لار» دېگەن گەپ راستكەن، قىزىمىزنىڭ پېشانىسىغا تۇردى ئاخۇن پۈتۈلۈپتىكەن. ئاشۇنداق سەۋەب بىلەن ئىككىيلەننىڭ رىسقى قوشۇلدى. مەن بېرىپ ئۇقۇشۇپ باقاي ئۇ تەرەپلەر تىنچلىق بولسا، خەت يازىمەن. قائىدە بويىچە قىزنى ئاپىرىپ يەڭگەمگە كۆرسىتىپ كېلىشەلا، چۈنكى ھاشىخان يالغۇز قىز، يەڭگەممۇ يالغۇز قالدى، — دېدى.

— ئوبدان ئۇكام، ئانىسى بىلەن مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇ، بىزنى كەچۈرۈشەلا. ئەمما، مەن باللارنى چوقۇم ئەۋەتىمەن، — دېدى بەكرى قارىي.

— ناھايىتى ئوبدان قارىيكا، ئەمىسە ھاشىخاننى ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن قالسا ھەربىرلىرىگە تاپشۇردۇم، — دېدى توختا-خۇن كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا، باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۆز

بالاڭدىن ئېزىز كۆرگەندىلا ئاندىن بالا قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى بەكرى قارىيمۇ.

*　　　*　　　*

بىر ئاي ئۆتتى. قىشنىڭ سوغۇقى راسا ئۇچىغا چىققان ئىدى. پۈتكۈل جاھان ئاق رەختتىن لىباس كىيگەنىدى. ئىزغىرىن شامال ئىسقىرتاتتى. بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ مۇھەببىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. ئۇلار شۇ ئۇزۇن قىش كېچىسىدىمۇ مۇھەببەت لەززىتىگە قانمايتتى. ھاشىخاننى ئۆز يۇرتىدا تالاي يىگىتلەر ئۆزىگە سوراتقان. لېكىن، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالالماي كۆيۈك ئوتىدا زەپىرەڭدەك سارغىيىشقانىدى. ئەگەردە ئۇ «ھە» دەيدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشقا تەييار تۇرغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. «نىكاھ غايىب» دېگەن شۇكەن. كىچىككىنە بىر ۋەقە ئۇنى كورلىدىكى بەكرى قارىينىڭ بەڭۋاش ئوغلى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغۇزدى. ئۇنىڭ ئىشىق پىراقىدا كۆيۈپ ئۆزىنى «جاھاندا بىر» دەپ يۈرگەن نى - نى يىگىتلەر بىردىنلا قىزنىڭ غايىب بولغانلىقىدىن ھەيران بولۇشتى ھەم تىت - تىت بولۇپ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىشتى ياكى دەللاللارغا پۇل خەجلەپ سۈرۈشتە قىلىشتى. لېكىن، ھېچ يەردىن خەۋەر ئېلىشالمىدى. قىزنىڭ ئانىسى بولسا: «قىزىم بىتاب» دېگەندىن باشقا ھېچنېمە دېمەيتتى. سۈرۈشتۈرگۈچىلەر كەتكەندىن كېيىن قىزىنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ خۇداغا يالۋۇراتتى.

— خۇدا، شۇ ناتىۋان قىزىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...

توختاخۇن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىر ئاي دېگەندە كۆپلىگەن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ يالغۇز قايتىپ كەلدى. بۇ بىر

ئاي بىچارە ئانا ئۇچۇن بىر يىلدەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ قېينى ئىنىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ يۈرىكى جايىغا چۈشكەن بولسىمۇ:

— يۈرەك پارەم، جېنىم قىزىم، تويۇڭنى داداڭ ياكى مەن كۆرەلمىدۇق، — دەپ يىغلايتتى ۋە بۇ تەتۈر كاژ پەلەكنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن قىسمىتىدىن زارلىناتتى.

— سەۋر قىلسىلا يەڭگە، — دەپ تەسەللى بەردى توختاخۇن ھېلىمۇ قىزىمىزنىڭ بەختى بار ئىكەن. خېلى ئوبدان ئائىلىگە كېلىن بولدى. كۈيئوغۇلنى سىلى ئوبدان بىلىدىلا. مەرد، ئەقىللىق، جەسۇر ھەم ئىشچان يىگىت. بىزدە «تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ باللار خۇدا قوشقان بىر جۈپلەردەك تۇرىدۇ.

— خۇدايىم ئاغزىڭغا ياغ ئۇكام. خۇدايىم قىزىمنىڭ بەختىنى بەرسۇن، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، — دېدى ئايشىخان.

— ئاچا دېدى ئەڭ ئاخىرىدا توختاخۇن، — ئۆتكەنكى بىزنى ئەنسىرەتكەن ئىش توغرىسىدا مەن كەتكەندىن كېيىن بىرەر گەپ - سۆز بولدىمۇ؟

— ياق، مەن كىچە - كۈندۈز دەككە - دۈككىدە يۈرگەچكە باشقىلاردىن ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ ئەمىسە مەن قايتاي. جۈمە كۈنى بازارغا كىرگەندە تىڭ - تىڭلاپ باقارمەن، — دەپ توختاخۇن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— جۈمە كۈنى توختاخۇن مەھەللىنىڭ ئونبېشىسى بىلەن بازارغا بىللە كىردى. گەپ ئارىسىدا ئونبېشى ئەسكەرلەر ئۇچۇن ئوتۇن، سامان ئالدىغان ئەسكەرنىڭ ھاراق ئىچىپ ئۆلگەنلىكىنى، ھازىرقى لاۋازىماتچى (سىۋۇجاڭ) نىڭ گىجىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا دادلاپ بەردى.

— ئۇياقتا قارىسا ھۆكۈمەت ئادىمى، بۇ ياقتا قارىسا ئۆز ئادەملىرىمىز. بىرسى «ئالىمەن» دەيدۇ. بىرسى «بېرىشكە قۇربىمىز يەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئەمدى بىز ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلارمىز، — دېدى ئونبېشى، — دېمىسىمۇ پۇقراغا ئۇۋال بولدى. بۇ ئىشنى قىلماي دېسەم بەگلەر ئۇنىمايدۇ.

— ئىشنىڭ يۇرۇشىگە قاراپ بىر ئىش قىلالا، — دېدى توختاخۇن.

— سىلىدەك بىلگەنلەرغۇ مۇشۇنداق گەپ قىلىدۇ. بىلمىگەنلەر ھەممە ئىشنى بىزدىن كۆرىدۇ ئەمەسمۇ بۇرادەر — دەپ ئۇلۇق - كىچىك تىندى ئونبېشى.

ئۇ ئونبېشىدىن ئايرىلىپ زادى بۇ ئىشنى ئىنىقلاپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلگىنى راست بولسا بۇ چوقۇم بىر خۇش خەۋەر ئىدى. شۇڭا، بازاردىن ئون دانە تۇخۇمنى ئېلىپ بەلۋېغىغا تۇگدى - دە ئۇدۇل ئەسكەرلەر ئۇچۇن ئوتۇن، سامان ئالىدىغان جايغا باردى.

— ھە. . . نېمە دەيسەن؟ — دېدى ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر توڭكاي چىش ھەربىي.

— مەن سىۋۇجاڭنى ئىزدەيتتىم، — دېدى توختاخۇن.

— مەن شۇ، نېمە دەيسەن؟

— سىز ئەمەس، ئۇ دېگەن سىزدىن قېرى، مەن ئۇنىڭغا تۇخۇم ئەكەلگەن.

— ئۇ ئۆلدى، ئەكەل تۇخۇمنى، مەن ئۇنى دوزاقتا ئەۋەتىپ بېرەي.

توختاخۇن تۇخۇمنى ھېلىقى توڭكاي چىشقا بەردى - دە، دەرھال ئۆيگە قايتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى يەڭگىسى ئايشىخانغا يەتكۈزۇشكە، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ خېتىنى كۈتۈۋاتقان كورلىدىكى جى-

يەنى ھاشىخانغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى.
توختاخۇننىڭ ئائىلىسىدە ھەممە ئادەم ساۋاتسىز ئىدى. شۇڭا، ھېلىقىنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا بىرەرسىگە خەت يازدۇرۇش تولىمۇ ئەپسىز بىر ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتى. بازارغا كىرىپ بىر تەڭگە پۇل بېرىپ خەت يازدۇردى. خەتنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق گەپلەرنى قوشۇپ قويدى:
«. . . سىزدىن ئوتۇن ئالغان ئەسكەر ئۆلۈپتۇ، سۈرۈشتۈرسەم راست ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى. ھەقنىمۇ ئالالمىدىم، قالغان گەپنى سىلەر كەلگەندە قىلىشارمىز.» توختاخۇن خەتنى پوچتا ئارقىلىق ئەمەس، كارۋانلار ئارقىلىق ئەۋەتتى. بۇ خەت ئون كۈندە بەكرى قارىيلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. ئۇلار خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇپ دەسلەپتە يۈقىرىقى ئابزاسنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدى. كېيىن مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق گەپنىڭ تېگىگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بەكرى قارىيلار ئوغلى بىلەن كېلىننى كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا قۇدىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە يولغا سالدى.
ئارىدىن ئۈچ ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندى. بۇ چاغدا ھاشىخان بوي تارتىپ، خېلى تولۇپ، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر قىزغا ئايلانغاندى. پۈتۈن چۈمپاقلىقلار ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قېلىشتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيۈپ يۈرگەنلەرنىڭ يۈرىكى داغدا قالدى. ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئىچى تار، كۆرەلمەسلەر ئۇنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىشتى. بۇ دۇنيا شۇنداق ئىكەن. «ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دېگەن گەپمۇ بىكار ئەمەسكەن. شۇنداق بولسىمۇ قۇياش يەنىلا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىپ تەبىئەت ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە كېتىپ باراتتى.

* * *

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئارقا - ئارقىدىن ئۆتىۋەردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى بارغانسېرى يالقۇنلىنىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلار توي قىلغىلى بىر نەچچە يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىر - بىرىنىڭ مۇھەببەت لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ قانالمايتتى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى بارغانسېرى راۋاج تېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چاغلاردا ھەممە ئادەم «خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلى قىسقا، چېچى ئۇزۇن» دېگەن سۆزگە بەك ئىشىنىدىغان زامان بولسىمۇ، بەكرى قارىينىڭ ئائىلىسىدە ھاشىخان ئەقىل كۆرسەتكەن نۇرغۇن ئىشلار ئوبدانلا ئۇنۇم بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرى ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭغا ھەممەيلەن قايىل بولماي تۇرالمايتتى. بۈگۈن بوۋاي بىلەن موماي كېلىنىنى ماختاپ ئولتۇرۇشاتتى.

— تۇۋا خۇدايىم بىزنىڭ ئۆيگە ئادەم ئەمەس، پەرىشتە كېلىن بولۇپ كەپتۇ، — دېدى بەكرى قارىي خوتۇنىغا، — ئوغلۇمنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. كېلىنىمىز تەڭدىشى يوق گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، بەكمۇ ئەقىللىق قىزكەن.

— راست دەيلا دادىسى ئوغلۇمنى بىر سەھرالىق بۇزۇق خوتۇننى تاپقان ئوخشايدۇ دەپ قىل قاپتىمەن تويىنى بۇزغىلى.

— شۇنى دېمەمسەن خوتۇن، مەنمۇ تاسلا قاپتىمەن سەن خوتۇننىڭ گېپىگە كىرىپ ئەخمەقلىق قىلغىلى. ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ. بولمىسا ئۆمۈرۋايەت پۇشايماندا قالاركەنمىز.

— شۇنى دېمەملا، ئەگەردە بۇ تويغا رازىلىق بەرمىگەن بولساق ئوغلىمىزنىڭ بېشى ساقايمايدىكەن، — دېدى ئايالى.

ـــ ئانــام رەھمىتــى شۇنداق دەيدىغان، ـــ دېــدى بەكـ
ـرى قارىي، ـــ خوتۇن كىشى دېگەن بىر سامانلىقتىكى سامانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تال يىڭنە بار. قولۇڭغا شۇنچىۋالا سامان ئىچىدىن ئاشۇ يىڭنە چىقسا تەلىيىڭنىڭ كەلگىنى. ئەگەرـ دە سامان چىقىپ قالسا، رەڭگىڭمۇ ساماندەك سارغىيىدۇ. ئوغـ لىمىز سامانىنى ئەمەس، يىڭنىنى تېپىپ ئاپتۇ. تاپقاندىمۇ ئالـ تۇن يىڭنىنى تېپىۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ـــ خۇشاللىقتىن بوۋاينىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. موماي بولسا گەپ قىستۇرۇشقا ئالدىرىدى.
ـــ راست دەيلا ئوغلىمىزنىڭ كۆزى بەك ئۆتكۈر ئىكەن.
ـــ ئۇنــىڭ ئىشچانلىقىنــى دېمەمسەن، ـــ دېــدى بەكرى قارىي، ـــ ئۇ كەلگەندىن بۇيان باغنىڭ مېۋىلىرى ھەرگىز زايە بولمىدى. نەشپۈتلەرنى ئاۋايلاپ ئۈزگەچكە سېسىپ كەتمىدى. ئۆيىمىزگە ئامەت كەپتۇ، ئامەت. . .
ـــ لېكىنزە. . . ـــ توختاپ قالدى موماي.
ـــ نېمە لېكىنزە؟ ـــ دەپ تېرىكتى بەكرى قارىي، ـــ يەنە يارىمىغان قەيىرى بار؟
ـــ بالىلىق بولسا بولاتتى. نەۋرە كۆرسەك دېمەكچىمەن.
ـــ نەۋرىمۇ كۆرەرمىز خوتۇن. بەزى قىزلار «ئەسكى خوـ تۇن بالدۇر تۇغىدۇ» دېگەندەك بالدۇرلا تۇغىدۇ. بەزىلىرى كېـ چىكىپ تۇغۇدۇ. بىز ئالدىرىغان بىلەن خۇدايىم ئالدىرىمىسا نېمە ئامال بار؟ . . .
ـــ داخاننى چاقىرىپ بىر ئەپسۇن توقىچى پۈتكۈزۈپ بېـ ـرەيمىكىن دەيمەن؟
ـــ ئىختىيارىڭ خوتۇن، ـــ دېدى بەكرى قارىي ئويلانغان ھالدا، ـــ ئەرمەن دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقايلىمۇ يا؟
ـــ توۋا دېسىلە، بالا دېگەننى خۇدا بەرمىسە ئۇنداق كاپىر نېمىنى بىلەتتى؟ ! . . .
شۇ چاغدا ھاشىخان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىردى.

— تاماق پىشتى، — دېدى ۋە قېيىناتا بىلەن قېيىنانىسى-
نىڭ قولىغا سۇ قۇيدى.

*   *   *

بۇ ئائىلىدە تۇردىنىڭ خۇشاللىقى ھەممىدىن ئارتۇق ئىدى.
ئۇ كونا ئەنئەنىنى بۇزۇپ ئۆزى تاللىغان ناھايىتى چىرايلىق ھەم
ئەقىللىق، ئىشچان خوتۇنغا ئېرىشكەنىدى. يەنە بىر جەھەتتىن
ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئائىلىنىڭ غېمىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. چۈن-
كى، ئائىلە ئىشلىرىنى، باغلارنى خوتۇنى باشقۇرىدىغان بولۇپ
قالدى.
— سىلى بىر ئاز دەسمايە سېلىپ تىجارەت قىلسىلا، —
دەپ مەسلىھەت بەردى ئېرىگە، — «پۇلنى پۇل تاپىدۇ، بىكار
يۈرگەن خۇدانىڭ دۈشمىنى» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس.
شۇنىڭدىن كېيىن تۇردى ئاخۇن بىر ئاز دەسمايە سېلىپ،
چەرچىن مال سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. كۈز ۋاقتىدىكى مېۋە
پىششىقىدا مېۋىلەرنى قارا شەھەر، خوتۇنسۇمۇل قاتارلىق جاي-
لارغا توشۇپ خېلى پۇل قىلدى. يىلدا بىر نەچچە قېتىم بۈگۈر-
گىمۇ بېرىپ كەلدى. دېمەك، بەكرى قارىيلار ئائىلىسىگە ھاشى-
خاننىڭ ئايىغى يارىشىپ ئىش - ئوقىتى ئالغا باستى، مانا
شۇنداق ئالدىراشچىلىق ۋە لەززەتلىك مۇھەببەت ئىچىدە بىر قانچە
يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى بارلىق
ئاددىي ئائىلە كىشىلىرىگە ئورتاق بولغان مۇھەببەت ئىدى. بەك-
رى قارىيلار ئائىلىسى مۇشۇنداق بەختىيارلىق ئىچىدە يۈرۈپ
ئۆيدىكى ئىككى قىزنىمۇ ياتلىق قىلىپ ئۇزىتىۋەتتى. شۇ چاغ-
دىلا ھاشىخان يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئېرى-
نىڭ سىڭىللىرى بىلەن بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. توي
قىلغاندىن كېيىن بىرەر قېتىممۇ ئاشۇ قىزلارسىز ياكى قېيىنان-

ـسىز دەرۋازىدىن چىقىپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى قىزلار كەتـ
ـتى. قېينانىسى ئاغرىقچان بولغاچقا، ھاسىراپ بىر يەرگە بارالـ
ـمايتتى. كېلىنىنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرگەن بەكرى قارىي:
— ھەي كېلىنگە يامان بولدى، زېرىكىپ قالدى. بىزلەر
قېرى ھەم ئاتا - ئانا، بىزگە كۆرگەنلا گېپىنى قىلالمايدۇ.
ئېرى بولسا ئىشتا. كەچتىن - كەچكە ئىشلا قىلىدۇ، —
دېدى.
— ئەمىسە تۇردى ئاخۇن دۇكاننى تاقىسۇن، — دېدى
ئايالى.
— جۆيلۇمە خوتۇن. بىر ئوبدان يۈرۈشۈۋاتقان تىجارەتنى
نېمىشقا توختىتىدۇ؟
— ھېلى كېلىن زېرىكىپ قالدى دېمىدىڭمۇ؟
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ھاشىخان ئۆيگە كىردى.
— ئەڭ ياخشىسى قىزلاردىن بىرنى كۆچۈرۈپ كېلەيلى.
سىلەردىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن. ئۆيلىرىمىز كەڭ - كەڭرى
بولغاندىن كېيىن ئەتىـە - ئاخشامدا گۇڭگۇر - مۇڭگۇر ئۆتمەمـ
ـدۇق، — دېدى ئۇ.
— شۇنداق قىلساق بولارمۇ قىزىم؟ — دېدى بەكرى
قارىي ئويچان ھالدا.
— بولمايدىغان نېمىسى بار دادا، — دېدى ھاشىـ
ـخان، — سىلى ھەرگىز قىزىم كېلىنىنىڭ ئالدىدا قىسىلىپ
قالارمۇ؟ دەپ ئويلىمىسىلا. ۋاييەي كىملەردىن قالمىغان جاھان
بۇ؟ بۈرۈنقىدەك ئاچا - سىڭىل بولۇپ، تاپقاننى تەڭ كۆرۈپ
ئۆتۈۋېرىمىز.
— ماقۇل قىزىم، ماقۇل، مەن قىزلار بىلەن كۆيئوغۇللار
بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى بەكرى قارىي.
نېمە دېگەن قارنى - كۆكسى كەڭ خوتۇن - ھە؟!...
دەپ ئويلايتتى بەكرى قارىي كېلىنى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن

ياكى بىزنى سىناۋاتامدۇ؟ لېكىن، ئۇنىڭدىن بىرەر ساختىلىق ياكى ياسالمىلىق كۆرۈنمەيدىغۇ؟! ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «كىمـ-لەردىن قالمىغان جاھان بۇ؟» دېگەن سۆز جاراڭلايتتى. بۇ گەپنى بىزگە قارىتىپ ئېيتىۋاتامدۇ يا؟ ئانداق بولسا «تاپقاننى تەڭ كۆرۈمىز» دېگىنىچۇ؟ ئۇ ئويلا - ئويلا كېلىندە بىرەر باشقىچە پىكىرنىڭ بولۇشىغا زادىلا ئىشەنمىدى.

— ئوغۇلغا بەرگۈسىز قىز - دە، — دەۋەتتى ئاخىر.

*　　　*　　　*

بەكرى قاري ۋە ئۇنىڭ ئاغرىقچان خوتۇنىغا نەۋرە يۈزى كۆرۈش نېسىــپ بولمىدى. ئۇلار كېيىنكــى يىلــى ئەتىيازدا كەينى - كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. بەكرى قاري ھايات ۋاقتىدا پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى ۋە ئۆي جايىنى ئىككى ئۇلۇش قىلىپ، شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىر ئۆلۈشىنى ئوغلىغا. يەنە بىر ئۇلۇشىنى ئىككى قىزغا مىراس قىلىپ قالدۇردى. بۇ مىراسنى «مەھكىمە شەرئى» دە قازىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ، رەسمىيـ-لەشتۈرۈپ كۈچكە ئىگە قىلدى. «بەخت بىلەن بەختسىزلىك ئۆزئارا ھەمراھ» دېگەن راست گەپكەن. بۇ ئىناق، بەختلىك ئائىلە ئىككى قىزنىڭ ياتلىق قىلىنىشى بىلەن غېرىبلىق ئىچىگە چۆمۈپ قالغان بولسا، ئاتا - ئانىنىڭ ۋاپاتى ئۇلارنى ئېغىر قايغۇغا سالدى. ئەمدى ئۇلارنى قانداق قىسمەت كۈتۈۋاتقاندۇ؟

. . .

# ئونىنچى باب

# كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە

گۈزەللىكتە تېڭى يوق،
چېچى قارا قۇندۇزدەك.
بىلىكىدە ئوقياسى،
ئۈچۈپ بارار يۇلتۇزدەك.

—— قەدىمكى موڭغۇل قوشىقى

ياڭ زېڭشىن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كېلىپ زۇلۇم بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى.

ئۇمۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش خەلقنى «قاتتىق باستۇرۇش بىلەن نادان قالدۇرۇش» سىياسىتىنى يۇرگۈزدى. بۇ ئىش ئەزەلدىن ئۆزىنى ئاشلىق ۋە گۆش - ياغ بىلەن تەمىن ئېتەلمەيدىغان كورلا رايونى ئۈچۈن كۈلپەت ئېلىپ كەلدى. خەلقنى باستۇرىدىغان قوراللىق كۈچلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئالۋاڭ - سېلىق، باج خىراجىتىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئائىلىلەر ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى. جەن شىكوي قوماندانلىقىدىكى بىر بىرىگادا (لوي) ئەسكەر كورلىدا تۇرغۇزۇلۇپ يېتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق قوزغىلىڭىغا تاقابىل تۇرماقچى بولۇشتى. لېكىن، بۇ بىر چىرىك تۈزۈمنىڭ جان

تالىشىشى ئىدى. چۈنكى، ئۇزاقتىن بۇيان كورلىدا زۇلۇمغا قارشى كۆرەش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ئىشلىرى مەخپىي تۈردە قانات يېيىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدا قەشقەردىن كېلىدىغان «ئويۇغىنىش گېزىتى» ناھايىتى مۇھىم رول ئويىنىدى. شۇنداقلا بىر قىسىم چەت ئەلگە چىقىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەمدى داۋاملىق مۇنداق ئۆتۈۋېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا، كورلىدىكى زور كۆپچىلىك خەلق زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇلارنى مۇھەممەت ئىسلامخان[1] نىڭ روھى جەڭگە چاقىرماقتا ئىدى. ئۇششاق تىجارەتچى تۇردى بەكرى كوچىدا بولغان گەپ ـ سۆزلەردىن ئايالىنى خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى. ئەقىللىق ھاشىخان دادىسىنىڭ بېشىغا چىققان. ئۆزىنى مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر قىلغان بۇ جەمئىيەتنى چۈشىنىپ يەتمەكتە ئىدى. مانا بۇ شۇ چاغدىكى تارىخىي رېئاللىق ئىدى.

— ئەگەردە شۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالسا، مەن چوقۇم سىز بىلەن بىر سەپتە بولىمەن، — دېدى ھاشىخان خۇددى قەسەم بېرىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا.

— نېمە دەۋاتىسەن ئۇمىقىم، — دېدى ئېرى، — بۇ ھەرگىز قىزلارنىڭ ئوسما قويۇشىغا ئوخشىمايدۇ جۇمۇ؟!...

— ئۇنى چۈشىنىمەن. لېكىن، مېنىڭ گېپىم گەپ.

— قېنى بۇ ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز، ھازىرچە ئۇخلايلى، — دېدى ئېرى.

* * *

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆز يولى بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى. قۇياش يەنىلا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي

---

[1] مۇھەممەت ئىسلامخان 1864 ـ يىلىدىكى كورلا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى.

خەلقنىڭ كۆڭلىگە بىر ئۈمىدۋارلىق ئوتى تۇتاشتى، دەسلەپتە قۇمۇل پالانمىش، تۇرپان پۇستانمىش دەيدىغان گەپ - سۆزلەر پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا:

— قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى دېگەن بىر كىشى چىقىپ خەلقنى باشلاپ، جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپتۇمىش...

— تۇرپاندا موسولبايلار تۇرپان خەلقىنى باشلاپ جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپتۇمىش...

— پىچاندا ئورۇسلار نۇرغۇن خەلقنى قىرىۋېتىپتۇمىش...

— خوجىنىياز ھاجىم ئەسكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇمىش...

مانا مۇشۇنداق سۆزلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى. مەھەللە، مەسچىت، بازاردا مۇشۇ گەپ تەكرارلىناتتى. ئائىلىلەردە ياكى تۆت - بەش ئادەم يىغىلغان جاينىڭ ھەممىسىدە گەپنىڭ تېمىسى قۇمۇل، تۇرپانلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە بولاتتى. لېكىن، بۇ ئىشقا ئورۇسلارنىڭ ئارىلاشقانلىقى ھەققىدە گەپ بولغاندا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشە پەيدا بولاتتى ۋە ئۇلارنىڭ رەھىمسىزلىكى، ۋەھشىيلىكى ھەققىدە سۆزلىشەتتى.

— ئورۇسلار مۇسۇلمانلارغا بەكمۇ ئۆچمىش...

— ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدىكەن.

— رەھىمجانبايلارنىڭ ئېيتىشىچە ئون يىل بۇرۇن ئالموتا دېگەن جايدا ئورۇسلار نۇرغۇن ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلاپتىكەن. ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىمۇ تىرىك قويماپتىكەن.

— ئىلاخۇننىڭ ئوغلى كەنجى ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە بۇلار باشقا ئورۇسلارمىش...

— قويساڭا ئۇنداق گەپلەرنى «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چال قۇيرۇق» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس. ھەممىسى ئوخشاش بىر

ئىت، ھەممىسى چىشلەيدۇ.

مانا شۇنداق گەپلەر ھەممىلا يەردە ئېقىپ يۈرەتتى. راستىنى ئېيتقاندا خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن گەپلەر يالغان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» ئەمەسمۇ؟! مۇشۇ گەپ ـ سۆزلەر پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر ناخشا پەيدا بولغانىدى. ئۇنى ھۆكۈمەت دەرھال چەكلىدى.

ئىسلام ئاچىلاي دەيدۇ،
قۇمۇل تاغىدىن باشلاپ.
كۇپارلار قاچاي دەيدۇ،
تەتەيلىرىنى تاشلاپ.

ئەمدى بولسا، باشقىچە سۆزلەر. بۇ سۆزلەرنى خەلق بىر ـ بىرىگە خۇش خەۋەر سۈپىتىدە مەخپىي يەتكۈزۈشەتتى ھەم بۇ خۇش خەۋەرنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشاتتى. ئاران تۇرغان خەلق قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىسىمۇ، ئاللاغا سىغىنىپ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ 1932 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى.

* * *

قىش كىرىپ يەر جاھان مۇز بولۇپ قاتقانىدى. پۈتۈن كورلا شىمالدىكى تاغلاردىن تارتىپ جەنۇبتىكى سايلىقلارغىچە ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. باش قىشتىلا يوپۇرماقلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن قاقشال دەرەخلەر شىمالدىن ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامالدا مىسكىن ئاۋاز چىقىرىپ توختىماي غىڭىلدايتتى. كۆمۈر بولمىغانلىقتىن ئوتۇن ـ ياغاچنىڭ باھاسى ناھايىتى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. پۇقرالار بۇ يىلقى دەھشەتلىك

قىشتىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئامال ئىزدىشەتتى. دەرەخلەرنى كېسىپ قالايتتى، كونا ئۆيلەرنى بۇزاتتى. ھەممە ئادەم «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېيىشەتتى ۋە قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. لېكىن، ھۆكۈمەت بولسا، سوغۇق ۋە يوقسۇزچىلىق دەستىدىن ئۆلۈم گىرداۋىدا جان تالىشىۋاتقان خەلق بىلەن قىلچە كارى بولماستىن، يېتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق قوزغىلىڭىنى توسۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇلار بارلىق ئامال ـ چارىلەر بىلەن ھەربىي كۈچلىرىنى كۈچەيتىپ، خەۋەرلەرنى قامال قىلىپ خەلقنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدى. كېچىدە يورۇشنى مەنئى قىلدى. پايلاقچىلار ھەممىلا جايغا يامراپ كەتتى. بۇ چىرىگەن تۈزۈمنىڭ جان تالىشىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى يىلتىزى چىرىپ كەتكەن پور سۆگەتنىڭ چۆرىسىگە توپا دۆۋىلەپ قويغاندەك بىر ئىش ئىدى. يېتىلىپ كېلىۋاتقان خەلق قوزغىلىڭىنى ئەمدى ھېچكىم، ھەرقانداق قارا كۈچمۇ توسىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، خەلقتە قورال يوق ئىدى.

يېقىندىن بۇيان ھاشىخان ئېرىدىن كۆپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرى مەخپىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا گاھى كېچىلىرى ئۆيگە كەلمەيتتى. مۇنداق كېچىلىرى ئۇ تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممايتتى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ نۇرغۇن تۆمۈرچى دوستلىرى بولۇپ، ئۇلار كېچىلىرى نەيزە، قىلىچ قاتارلىق جەڭ قوراللىرىنى سوقاتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا بۇ بىر كۈلكىلىك گەپ بولسىمۇ، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا كىشىلەر ھاۋادا ئۇچۇۋاتسا بىز تېخى بەش مىڭ يىل بۇرۇنقىدەك ئېشەك مىنىپ، كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ يۈرەتتۇق. ئاشۇ نەيزە، قىلىچتەك ئىپتىدائىي قوراللارنى سوقۇۋاتقان تۆ-

مۇرمۇ بىزدە يوق ئىدى، تۇردى بەكرى كۇندۇزلىرى تىجارەت
قىلغاچ كىشىلەر بىلەن ئۇقۇشۇپ، تاشلىۋەتكەن ئەسكى تۆمۈر-
لەرنى كېچىسى يىغىپ تۆمۈرچىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. مۇن-
داق ئۇلۇق ئىشقا ھېچكىم ھېچ نەرسىنى ئايىمايتتى. بۈگۈن
ئۇ ئۆيىگە ناھايىتى كەچ قايتتى، بۇ چاغدا ھاشىخان كەچلىك
غىزانى تەييارلاپ قويۇپ، ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ بىر نەچچە
قېتىم ھويلىغا چىقىپ تىڭشاپ باقتى. ھەممە ياقتا قاردىن باشقا
نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىردەم يېتىپ ئارام ئالماقچى بولغان
بولسىمۇ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. شۇڭا، پىلىلداپ تۇرغان
جىنچىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ ئېرىگە ئاتاپ تىككەن كەشتىلىك
بەلۋاغنىڭ چالىسىنى تىكىشكە باشلىدى. ئۇ كەشتە تىككەچ،
پات - پات كوچا تەرەپتىن ئاياغ ئاۋازى كېلەرمىكىن دەپ تىڭشاپ
باقاتتى. لېكىن، ھەممە ياق جىمجىت ئىدى. خېلى بىر كەمدە
قارنىڭ ئادەم ئايىغى ئاستىدا غاچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئار-
قىدىنلا دەرۋازا قېقىلدى.

— مانا، — دېدى ھاشىخان ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازى-
نى ئاچتى. ئېرىنىڭ بېشىدىكى تۇمىقىنى جۇۋىسىنىڭ ياقىلىرى-
نى، بۇرۇتلىرىنى قىرو باغلاپ كەتكەنىدى.

— ساقلىتىۋەتتىم جېنىم، — دەپ ئېرى خوتۇنىنىڭ
مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى. ئېرىنىڭ تىنىقى ئوتتەك بولسىمۇ،
مەڭزى ناھايىتى سوغۇق ئىدى ئۇ ئېرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى
چۈشىنەتتى. شۇڭا، كەچ كەلگىنى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىمىدى،
بەلكى ئىچى ئاغرىدى. كىمنىڭ ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرغۇسى
يوق - ھە؟!... ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئېرىنىڭ جۇۋىسىنى سالدۇ-
رۇپ، قېقىپ جايىغا قويدى. تۇمىقىنى قوزۇقا ئىلدى. ئارقى-
دىن پۇتىدىكى ئۆتۈكىنى تارتىپ سالدۇرۇپ كارىۋاتتا ئولتۇر-
غۇزدى ھەم ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان مەشنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇر-
دى. بۇ ئىشلارنى شۇنداق چاققانلىق بىلەن قىلدىكى، ئېرى ئۇنى

ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى. تۇردى بەكرىنىڭ كەيپى ناھايىتى چاغ ئىدى. ئارقىدىنلا خوتۇنى ئېلىپ كەلگەن ئىسسىق سۇ بىلەن قوللىرىنى يۇيۇپ كەچلىك غىزاغا ئولتۇردى.

— بۈگۈن بەكلا خۇشال كۆرۈنىدىلا؟ — دېدى ھاشىخان ئېرىگە.

— شۇنداق، بۈگۈن خېلى ئوبدان ئولجىغا ئېرىشتىم، — دېدى ئېرى.

— ئولجىغا؟ قانداق ئولجا ئۇ؟ — ھاشىخان ھەيران بولۇپ قالدى.

— تېكىچىدىن بىر ئاز تۇمۇر تېپىپ، قايتىشتا ئۆز جايىغا يەتكۈزدۈم.

— شۇمۇ ئولجا بولدىمۇ؟ ئولجا دېگەن قورال - ياراغ ياكى بايلىق بولمامدۇ؟

— ئۇمۇ ئولجا، بۇ ئولجىغا دوستلىرىم ياردەم قىلدى. بىز ئۇنىڭدا سەن دېگەن قورال - ياراغ ياسايمىز.

— ئانداق بولسا، راستتىنلا ئۇنى «ئولجا» دېگەن تۇ - زۇككەن، — دەپ ھاشىخان كۈلدى. كۈلگەندە ئۇنىڭ يۈزىدىكى زىناقلىرى بىلىنىپ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتتى.

— ئۇخلايلى ئاپپىقىم، ئەتە يەنە سەھەر تۇرىمىز، — دەپ تۇردى بەكرى ئەسنىدى.

*　　*　　*

«. . . ئايشىخان يەڭگەم ئاغرىق دەرھال كېلىڭلار. . .» دېگەن خەتنى توختاخۇن ئەۋەتكەنىدى. بۇ خەۋەر ھاشىخان بىلەن ئۇنىڭ ئېرى تۇردى بەكرىگە خۇددى چاقماق تەككەندەك بىلىندى. شۇڭا، ئۇلار دەرھال يولغا چىقتى. قىش سوغۇق، كۈن

قىسقا بولسىمۇ، ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشكىچە يول يۈرۈپ، چۆللەردە مەنزىل تاشلاپ بىر ھەپتىدە ئاران بۇگۇرگە يېتىپ باردى. ھاشىخان ئانىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ھۆلدىۋەتتى. ئۇ بىر- نەچچە قېتىم ئانىسىنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئانىسى ئۇنىمىغانىدى. چۈنكى، كونا ئەنئەنە بويىچە كۈيئوغلىغا بېقىندى بولۇش نومۇس ھېسابلىناتتى. ئەمدى ئۇ ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغانىدى.

— مەن ئەمدى ئۇزاق ياشىيالمايمەن، — دېدى ئانا، — بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر - بىرىڭلارنى ھۆرمەتلەپ ناھايىتى ياخشى ئۆتۈڭلار بالىلىرىم. مەن سىلەردىن رازى بولاي.

— بىز چوقۇم سىلى دېگەندەك قىلىمىز، — دېدى تۇردى بەكرى. لېكىن، ھاشىخان يىغىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇ ھامان يىغلايتتى. راست دېگەندەك ئىككى كۈندىن كېيىن ئايشىخان ئالەمدىن ئۆتتى.

— ۋاپاسىز قىزىڭنى كەچۈر، — دەپ يىغلايتتى ھاشىخان، — بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم ئانام. . .

ئۇنىڭ يىغىسى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئەزدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يىغلاشتى، قاقشاشتى. ئۆلگەن ئادەم تىرىلمەيتتى. ھەممە ئادەم:

— تەقدىر شۇنداق. قازاغا رازى بولۇش ھەر بىر مۇسۇلمان بەندىسى ئۈچۈن ۋاجىپتۇر، — دەپ ئۇلارغا تەسەللى بەردى. ئامال قانچە ئۇلارمۇ تەقدىرگە تەن بەردى. ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتتى. قىرىق نەزىرىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈپ قايتماقچى بولۇشتى. چۈنكى، كورلىدىن تۇردى بەكرىنى چاقىرىپ ئادەم كەلگەنىدى.

ھاشىخاننىڭ بىر شىرەم تۇغقىنى يامۇلدا يايى ئىدى. ئۇ خېلى ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىدى. بۇرۇن ھاشىخاننىڭ دادىسى

بار چاغدا، دائىم ئىزدىشىپ تۇراتتى. تۇرسۇن باتۇشنى ھاشارغا تۇتۇپ كەتكەندە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنغانىدى. بۈگۈن ھاشىخان شۇ تۇغقىنى بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن قاش قارايغان چاغدا ئەر ـ خوتۇن يامۇلنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا كەلدى. ھاشىخان دەرازىدىن كىرىپ كەتتى. ئېرى بولسا ئىككى ئېشەكنى تۇتۇپ دەرۋازا ئالدىدا قالدى. ھاشىخان يايلار ياتىقىغا ئاستا ۋە ئەيمەنگەن ھالدا كىردى. بۇ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆي بولۇپ، تاشقىرىقى ئۆيدە جىنچىراغ يېنىپ تۇراتتى. بىر دانە مىلتىق تامغا يۆلەكلىك ئىدى. ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئادەملەرنىڭ «دەتتىكام» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، ھاشىخاننىڭ كىرگىنىنى ھېچكىم سەزمىدى، «چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ» دېگەن شۇ دەپ ئويلىغان ھاشىخان ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىك يۇچۇقىدىن مارىلىدى. ئۇ يەردە تۇغقىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆيدىن نەشىنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلەتتى بىر قانچە ئادەم قىمار ئويناۋاتاتتى. قىمارۋازلارنىڭ «تىكە، تىكە» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئارقىسىغا ياندى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تامغا يۆلەكلىك تۇرغان مىلتىقنى ئېلىپ، ئۇزۇن مەخمەل پەلتوسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ چىڭ قۇچاقلاپ غىپپىدە ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈكۈلدەپ سوقۇشلىرى ئۆزىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ غەيرەت قىلىپ بىرنەچچە چامداپلا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئېرىنىڭ يېنىغا چىقىپ «ئۇھ» دەپ بىر تىنىۋالدى ۋە مىلتىقنى ئېرىگە بەردى. تۇردى بەكرى مىلتىقنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولدى، ھەم ئەجەبلەندى.

— چاققان بولۇڭ ئېشەككە مىنىڭ، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ ئېرىگە، ئۆزىمۇ بىر سەكرەپلا ئېشەككە مىنىپ، ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تاياق سالدى. تۇردى بەكرى ئېشەككە مىنىپ، مىلتىقنى ئۇزۇن جۇۋىسىغا يۆگىدى ۋە خوتۇنىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا خېلى قاراڭغۇ

چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئاندا ـ ساندا ئادەملەر ئۇچراپ تۇرسىمۇ ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. ئۇلار شۇ كېچىسىلا يولغا چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر دانە مىلتىققا ئىگە بولۇپ قالدى.

* * *

1933 ـ يىل 1 ـ ئاي. ھاۋا سوغۇق. يەر ـ يۈزىنى قار قاپلاپ كەتكەن. ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ، دەل ـ دەرەخلەرنى قىرو باغلاپ كەتكەنىدى. كورلىنىڭ بازار ئەتراپى رايونلىرىدىكى كىشىلەر قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە بولىدىغان پارچە ـ پۇرات تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئىشلار ناھايىتى جىددىي ئىدى.

«خوجىنىيازْ ھاجىم نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ كېلىۋاتىدىمىش.» دېگەن خەۋەر ھەممە جايغا تارقىلىپ كەتكەنىدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بۇ خەۋەرنى قاتتىق قامال قىلغان بولسىمۇ، «ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس»، «بىگىز تاغاردا تۇرماس» دېگەندەك «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ھەممىلا يەرگە ماراقچىلار تارقاپ كەتكەنىدى. ئەمەلدارلار پۇتى كۆيگەن توخۇدەك توختىماي چېپىشاتتى. سەللا بىخەستەلىك قىلغان ئادەم ئۆزىنى زىنداندا كۆرەتتى ياكى بېشى كېسىلەتتى. قارا شەھەردە خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى، ۋالىي نيوشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىسىدىكى خەۋەر كورلا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ پىلتىسى بولدى. كورلا خەلقى شۇ قاتتىق سوغۇقتا قارىماي تاغنى تالقان قىلىدىغان غەيرەت، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئىرادە بىلەن تەشكىللىنىپ ئۆزلىرى ياسىۋالغان نەيزە، قىلىچ، تاياق ـ توقماقلار بىلەن جىن شۇرېننىڭ مىلتىق، ئاپتومات، پىلموت بىلەن قوراللانغان جەنشىكوي قوماندانلىقىدى.

كى بىر بىرىگادا (لۈي) ئەسكىرىنى قورشىۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى. يانۋار ئېيىنىڭ ئاشۇ سوغۇق كۈنلىرىدە كورلا خەلقى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن تارىخ بېتىگە ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق شەجەرىسىنى يېزىپ قالدۇردى. دۈشمەن بولسا خەنچىلىڭ قورغانىغا كىرىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ئەتراپتىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىرلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ قۇلىقى ئاشۇ ئاۋاز چىققان تەرەپتە، كۆزلىرى يولدا ئىدى. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ ئاتىلىرى، بەزىلەرنىڭ ئوغۇللىرى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئەرلىرى ئاشۇ يەردە قان كېچىپ كۈرەش قىلماقتا، جان بېرىپ جان ئالماقتا ئىدى. ئۆيدە قالغانلارنىڭ ھەممىسى جەڭ قىلىۋاتقانلارغا ئاللانىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيتتى. مانا شۇلارنىڭ بىرسى ھاشىخان ئىدى. ئۇنىڭ قەدىردان ئېرى، ھاياتىنىڭ تايانچىسى ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە توپتوغرا ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئۇ بۇ ئۈچ كۈننى ئەندىشە، خاتىرجەمسىزلىنىش، تەقەززالىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ غۇسۇل قىلىپ، جەيناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاللادىن ئېرىگە ۋە بارلىق قوزغىلاڭچى خەلققە نۇسرەت ئاتا قىلىشنى، دۈشمەنلەرنى پاتراق زاۋال تاپقۇزۇشنى تىلىدى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭغا ئۇيقۇ، تاماق ھارام بولدى. خاۋاتىرلىنىش ئۇنى ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىپ تاماقتىن قالدۇرغانىدى. «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسا دەرھال دەرۋازىغا يۈگۈرۈيتتى. ئاۋۋال دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن مارايتتى. ئارقىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ باقاتتى.

بۈگۈن ھاۋا خېلى ئوچۇق، قۇياش چېچىلىپ چىققان بولسىمۇ يەنىلا قاتتىق سوغۇق ئىدى. ئالەم چاشكا ۋاقتى بولۇپ قالدى. غەم ـ قايغۇ، ئەندىشە ئىچىدە جەينامازدا ئولتۇرغان

هاشىخان ئىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ خۇداغا يېلىنىۋاتاتتى. بىردىنلا ئاستا ماڭغان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ شۇ يەردىلا جەيناماز ئۇستىگە قولىقىنى قويۇپ تىڭشىدى. يەر ئاستىدىن دۇك ـ دۇك قىلغان ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئېرىم كەلگەن ئوخشايدۇ، دېگەن خىيال بىلەن دەرۋازىغا ئۆزىنى ئاتتى. زەنجىرنى چىقىرىپ، دەرۋازىنى ئاچماي تۇرۇپ:

ــ تۇردىئاخۇن، ــ دەپ ئېرىنى چاقىردى. لېكىن، جىمجىت. ئىشىكنى ئاچايمۇ، ئاچمايمۇ دېگەن خىيال بىلەن تۇرۇپ قالدى. دەرۋازىغا قولىقىنى يېقىپ تىڭشاپ باقتى. يەنىلا جىمجىت. دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ باقتى. لېكىن، كوچا جىمجىت. بۇ نېمە ئىش؟ ياكى مەن بەكلا ئەنسىرەپ كەتكەچكە قولىقىمغا شۇنداق ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ ئۆيگە كىرىپ كېتەيمۇ يا؟ ئۇ مانا شۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرغاندا بىردىنلا ئاتنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ تەۋەككۇل، ــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ــ پېشانەمگە كەلگەننى كۆرەرمەن. شۇنداق دېگىنىچە دەرۋازىنى ئېچىپ بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. ئۆلارنىڭ ئۆيىدىن ئون بەش مېتىرچە نېرىدا يولدا بىر ئاق بوز ئات تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ھەربىي كىيىم كىيگەن ئادەم ئىگەرگە يېتىۋالغان. ئۇنىڭ بىر مۇرىسىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. يالاڭ بېشىدىكى پاقماق چاچلىرى ئاتنىڭ يايلىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. ئاتنىڭ چۇلۋۇرى پۇتىغا كىرىپ قالغاچقا ماڭالمايۋاتاتتى. ھاشىخان بۇنىڭ قاچقان دۇشمەن ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملىدى. ئۇ بىر ئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ تونۇر بېشىدىكى كۆسەينى قولىغا ئالدى ۋە قورقۇشنىمۇ ئۇنتۇپ ئاتنىڭ يېنىغا باردى. بەلكىم بۇ ئېرىمنى ئۆلتۈرگەندۇ ياكى باشقا بىرقانچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ئاندىن قاچقاندۇ دېگەن بىر خىل ئاچچىق خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئۆتتى ۋە دۇشمەننى ھەر نەرسە قىلىپ بولسىمۇ

تۇتۇۋېلىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا ئىككىلەنمەي ئاتقا يېقىنلاش-
تى. ئات هاشىخاننى كۆرۈپ خارتىلدىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئات
ئۈستىدىكى دۈشمەن كۆزىنى ئاچتى ۋە هاشىخاننى كۆرۈپ دەر-
مانسىز قوللىرى بىلەن بەلۋېغىدىكى تاپانچىسىنى ئىزدىدى. لې-
كىن، قاپ قۇرۇق ئىدى. ئۇ قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۇ
يەردىن بىر دانە تاپانچىنى ئېلىپ هاشىخاننى ئاتماقچى بولدى ۋە
تاپانچىنىڭ قۇلۇپىغا قولىنى تەككۈزۈشىگە هاشىخان چاققانلىق
بىلەن دۈشمەننىڭ تاپانچا تۇتقان قولىغا كۆسەي بىلەن بىرنى
سالدى. تاپانچا يەرگە چۈشتى. ئات كالتەكتىن ئۈركۈپ كەينىگە
ياندى. هاشىخان ئەمدى كۆسەينى تاشلاپ ئاتقا يېقىنلاشتى - دە،
چاققانلىق بىلەن يۈگەننىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ تاغىسى
توختاخۇننى دوراپ «ۋوھ - ۋوھ» دېدى. ئات ئانچە شاش
ئەمەسكەن. بىر - ئىككى قېتىم سىلكىنىپ جىم بولدى. هاشى-
خان بىر قولىدا دۈشمەننى ئات ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈردى.
ئۇ قار ئۈستىدە ئۆلۈكتەك ياتاتتى. هاشىخان ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى
پۇتىدىن چىقاردى. ئۇنىڭغىچە ئازراق ئېسىگە كەلگەن دۈشمەن
يانچۇقىدىن بىر دانە يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ هاشىخانغا تەڭ-
لىدى ۋە يالۋۇرغان قىياپەتتە بىر نەرسىلەرنى دەپ كالدىرلىدى.
هاشىخان هېلىقى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، دۈشمەننىڭ نېمە دې-
گەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدى. ئۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەي
تۇرغاندا، بازار تەرەپتىن بەش ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئۇلار
هاشىخاننى، قار ئۈستىدە ياتقان دۈشمەننى، يېرىمى قارغا كۆمۈ-
لۈپ تۇرغان تاپانچىنى كۆرۈپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار بېشىغا
ئاق ياغلىق چىگىپ، ئۈستىگە ئۇزۇن قارا مەخمەل پەلتو، پۇتىغا
ئۆتۈك كىيگەن بۇ ئايالغا قاراپ هەيران بولۇپ قېلىشقانىدى.
— بۇنى سىز تۇتتىڭىزمۇ؟ — دېدى يىگىتلەردىن بىرسى.
هاشىخان «هەئە» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.
— بۇنى بىز ئېلىپ كېتەيلى. بىزگە بېرەمسىز؟ —

دېدى يەنە ھېلىقى يىگىت. ھاشىخان يەنە «ئىختىيارىڭلار» دې-
گەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەردىكى
تاپانچىنى، سائەتنى يىغىۋالدى. ھېلىقى دۈشمەننى بىرسىنىڭ
ئېگىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى.

— بۇنى ئاپىرىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۆلتۈرۈۋەتسەك تۈگى-
مىدىمۇ؟ — دېدى بىرەيلەن.

— ياق. بۇنىڭ تاپانچىسىغا، سائىتىگە قارىغاندا، بۇ باش-
لىق بولسا كېرەك. بۇنى تىرىك ئاپىرىپ باشقىلارنى خۇش
قىلىۋەتمەمدۇق، — دېيىشىپ ئۇنىمىدى قالغانلار. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار كەتتى. ئات ھاشىخاننىڭ قولىدا قالدى. ئۇ ئېرىنى
ھېلىقى يىگىتلەردىن سورىماقچى بولغان بولسىمۇ سورىيالمى-
دى. چۈنكى، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەن بولسا ئۆزىنىڭ
قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماي بولمايتتى.
بازار تەرەپكە كېتىۋاتقان يىگىتلەر پات - پات ئارقىسىغا
قاراپ - قاراپ قوياتتى ۋە غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

— ئۇ، كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە بولسا كېرەك، —
دېدى ئۇلاردىن بىرسى كەينىگە قاراۋېتىپ.

— قانداق دەيسەن؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— ئۇنىڭ كىيىملىرىگە قارىماسەن. يۈزلىرى يۆگەكلىك
بولسىمۇ كۆزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقچۇ تېخى؟! . . . ئادەم بالى-
سىنىڭ كۆزى ئۇنداق بولمايدۇ.

— قويغىنا سەن ئەزەلدىن بۇزۇق بىر نېمە بولغاچقا ساڭا
شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ، — دېدى يېنىدىكى يىگىت.

— ئابلىز راست ئېيتىدۇ. ئۇ بىزگە بىر ئېغىزمۇ گەپ
قىلمىدى. بىز سورىغان سوئالغا پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپلا
جاۋاب بەردى. شۇنىڭغا قارىغاندا راستىنلا پەرىشتە بولسا
كېرەك. يەنە بىر يىگىت:

— ياقەي ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەردە ئۇ

پەرىشتە بولسا ئاتنى نېمە قىلىدۇ؟ ئاتنى بىزگە بېرىۋەتمە-دىغۇ؟ — دېدى بىر ۋىجىكرەك يىگىت.

— بىز ئاتنى ئۆزىمىز ئالمىدۇق. بۇنىڭغا ئۇ ئەيىبلىك ئەمەستە؟! . . .

ئۇلار شۇنداق تالىشا - تالىشا ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا قارىغاندا يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭدىن كې-يىن ئۇلار بۇنىڭ ھەقىقەتەن «پەرىشتە» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدى. ئۇلار شتابقا بارغاندا قازانچى يولدا كۆرگەن «پەرىشتە» توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەر بىر دەمدىلا پۈتۈن يۇرتقا پۇركەتتى. ھاشىخاننىڭ تۇتۇۋالغىنى مۇئاۋىن لۈي-جاڭ ئىدى.

خەنچىڭدا قورشاۋدا قالغان جىن شۇرىن ئەسكەرلىرى ھەر-قانچە كۈچەپمۇ قوزغىلاڭچىلارنى چېكىندۈرەلمىدى. ئۈچ كۈن-دىن بۇيان قوراللىرى ناچار بولسىمۇ ئۇلار جانپىدالىق بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. مائاۋىن بىرىگادا كوماندىرى ۋاڭ يەنمىننىڭ بۇ يەردە ھايات قېلىشىغا كۆزى يەتمەي ئاخىر تەۋەككۇل قىلىپ قېچىپ كېتىشكە بەل باغلىدى. شۇڭا بۈگۈن ئاخشام ئۇ شەخسەن ئۆزى نۆۋەتچىلىك قىلماقچى بولدى ۋە ئۇ جەنشىكوينىڭ يېنىغا كىرىپ:

— لۈيجاڭ سىز ئىككى كېچە ئۇخلىمىدىڭىز. بۈگۈن ئاخ-شام ئۆزۈم نۆۋەتچىلىك قىلاي، سىز ئۇخلىۋېلىڭ. جىددىي ئىش يۈز بەرسە سىزگە ئۆزۈم خەۋەر قىلىمەن، — دېدى جەنشىكوي بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ، ھەممە ئىش سىزگە قالدى، بىرەر ئىش يۈز بەرسە مېنى دەرھال ئويغىتىڭ دەپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ۋاڭ يەنمىن كېچىچە پۇرسەت كۈتتى. تاڭ ئاتاي دېگەندە قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆلخانىلىرىمۇ ئۆچتى. ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى-گىمۇ ھارغىنلىق يېتىپ، مۈگدەپ ھەتتا بەزىلىرى خورەك

تارتىشقا باشلىدى. ئۇ ئاتخانىغا كىرىپ جەنشىكويىنىڭ مىنىدىغان ئاق بوز ئېتىنى تەييارلاپ قېچىشقا تەييارلاندى. بۇ ئات ياۋاش بولسىمۇ ئۇچقۇر ئىدى. ئەمدى دەرۋازىدىن قانداق چىقىش كې-رەك؟ ئۇ بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇ يەردىكىلەرگە:

— جەن لۇيجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قارا شەھەردىن چىكىد-نىپ چىقىپ باشئەگىمدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنى باشلاپ كەل-گىلى ماڭدىم، ئۇ چاغدا ھەممىمىز قۇتۇلۇپ كېتىمىز، دەرۋازى-نى ئېچىڭلار، — دېدى.

جەنشىكويىنىڭ مىنىدىغان ئېتىنى كۆرگەن ئەسكەرلەر دەر-ۋازىنى ئاچتى. ۋاڭ يەنىمىن تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدى-لىنىپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. لېكىن، ئۇنى قوزغىلاڭچىلار سې-زىپ قېلىپ، تەۋەككۇلسىگە ئاتقان ئوق ئۇنىڭ سول تاغىقىنى تېشىپ ئۆتتى. ئۇ، قورشاۋدىن بۆسۈپ ئۆتكەن بولسىمۇ يارىسى ئېغىر بولغاچقا ھوشىنى يوقىتىپ ئىگەرگە يېتىۋالدى. ئات قاياققا مېڭىشنى بىلمەي ئۇياققا مېڭىپ، بۇ ياققا مېڭىپ قازاند-چى مەھەللىسىگە كېلىپ قالدى. نەتىجىدە ھاشىخان ئۇنى تۇتۇ-ۋالدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ ماڭغان قوزغىلاڭچى-لار قازانچى مەھەللىسىدە ئۇنى تاپتى. قازانچىدىكى ئىش توغرى-سىدىكى گەپ - سۆزلەر تۇردى بەكرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارغاندا ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق يىگىتكە باش بولۇپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. يىگىتلەرنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنىدەك «كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە» نىڭ ئۆز ئايالى ئىكەنى-لىكىدىن گۇمان قىلمىدى.

ھاشىخانىنىڭ قىلغان خىزمىتى ناھايىتى چوڭ ئىدى. دۈش-مەننىڭ بۇ ياردار كوماندىرى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزى-نىڭ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۆز نامىدىن قورشاۋ-دا قالغانلارغا تەسلىم بولۇش توغرىسىدا بىر تەۋسىيە خەت ياز-

دى. لېكىن، بۇ خەتنى دۈشمەن تەرەپ كۆرۈپ بولغۇچە قارا شەھەردىن كەلگەن تۇرپان، توقسۇنلۇق قوزغىلاڭچىلار خەنچىڭغا باستۇرۇپ كىرىپ دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. جەنىش-كوي بولسا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئەتىسى تۇردى بەكرى قوزغىلاڭچىلار شتابىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ دەرۋازىنى ئاچقان خوتۇنىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ماختاپ كەتتى:

— يارايسەن مېنىڭ باتۇرۇم. سەن بىر ۋاپادار خوتۇن بولۇپلا قالماي يەنە دۈشمەن بىلەن ئېلىشالايدىغان پالۋان ئىكەن-سەن.

— ۋيەي نېمىگە مېنى مۇنداق ماختاپ كېتىدىلا؟ مەن پەقەت بىر ياردار بولغان ئۆلۈمتۈكنى تۇتۇۋالدىم، — دېدى هاشىخانمۇ ئېرىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— ئۆلـۈمتۈك ئەمـەس، ئۇ دېگـەن دۈشمەنـنىڭ باش-لىقى، — دەپ تۈزەتتى ئېرى.

— هە. . . مۇنداق دېسىلە، — دېدى هەيران بولغان ها-شىخان.

— شۇنداق. سەن ئۇنى تۇتۇۋالغاچقا، بىز دۈشمەننىڭ باشلىقلىرىنى قاچۇرۇۋەتمىدۇق، بىز غەلىبە قىلدۇق. بۇ غەلە-بىدە سېنىڭمۇ بىر ئۈلۈشۈڭ بار.

— راستمۇ؟ لېكىن ئۇلار ئاتنى ئېلىپ كەتمىدىغۇ؟

— قانداق ئات؟ — هەيران بولدى ئېرى.

— مەن دۈشمەندىن تارتىۋالغان ئات، — دېدى هاشىخان چۈشەندۈرۈپ ئۇ هازىر قوتاندا.

— شۇنداقمۇ؟ هەقىقەتەن باتۇر خوتۇن - دە، سەن، — دەپ تۇردى بەكرى خوتۇنىنى يەنىمۇ قۇچاقلىغانىدى هاشىخانىنىڭ ئۈستىخانلىرى غىرىسلاپ كەتتى.

— ۋيەي قورسۇغۇمنىڭ ئاچلىقى ئەمدى بىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ بېقىپ چۈنكى،

بىرەر يېرىدە يارا ئىزى بارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ھازىر-چە پۈتۈنلەي ساق ئىدى. خوتۇنىنىڭ ئەندىشىدە گېلىدىن غىزا ئۆتمىگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەن تۇردى بەكرىنىڭ ھاشىخانىغا ناھايىتى ئىچى ئاغرىدى.

— قېنى يۈر تاماق يەيلى، — دېدى تۇردى بەكرى ۋە خوتۇنىنى بېلىدىن قۇچاقلىغانچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ، دۈشمەننى قانداق تۇتۇۋالغانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. تۇردى بەكرى بولسا ھاشىخانىنىڭ جاسارىتىدىن چىن قەلبىدىن سۆيۈندى.

# ئون بىرىنچى باب

# پەرىشتە جەڭگاھتا

ھايات ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
كېچىمەن ھەر ئىككىلىسىدىن،
ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت.

— فىتوفى

ھاۋا ئوچۇق، ئەتراپ ياپيېشىل.

ماي قۇياشى ھاۋانى قىزىتىپ تۇراتتى. ئەتراپتىن ھەر خىل گۈل - چېچەكلەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. خەلق قوزغىلىشىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەندەك كاككۇك توختىماي كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك دەپ سايرايتتى. . . .

دەرۋازىدىن ھاسىراپ كىرگەن تۇردى بەكرى ئۆزىنى زاردقىپ كۈتۈۋاتقان، ئىشىككە تولا قاراپ كۆزلىرى تىشىلەي دەپ قالغان خوتۇنىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى.

— ئاپپىقىم، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ، — يولغا چىقىدىغان بولۇپ قالدۇق.

— قەيەرگە يولغا چىقىدىلا؟ — دەپ سورىدى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان ھاشىخان. ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭ بېشىدىكى ياغلىقى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەردىكى ياغلىقنى ئېلىپ بېشىغا

سالدى ـ دە، ئېرىگە ئۆزىنى ئاتتى. تۇردى بەكرى خوتۇننى چىلىڭ قۇچاقلىدى ۋە ئۇنى سۆيمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ھاشىم- خان باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى قاچۇر- دى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئېرىنى تېخىمۇ بەكرەك ئۆزىگە تارتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ خوتۇنىغا يول قويىدى ۋە خوتۇنى- نىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— كۇچاغا ئاپىرىمىز، كۇچاغا، — دېدى تۇردى بەكرى، — ھازىرچە كۇچاغا بارىدىكەنمىز، كېيىنرەك ئاقسۇ، قەشقەر تەرەپلەرگە بارىدىغان ئوخشايمىز. ئۇ بىر نەچچە ئايدىن بۇيان باشئەگمەدە تۇنگانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى. ئېرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىدىن ھاشىمخان پەخىرلى- نەتتى.

— قاچان يولغا چىقىدىكەنلا؟

— ئۈچ كۈندىن كېيىن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ھاشىمخان مەنىلىك قىلىپ، — مەنمۇ سىلى بىلەن يولغا چىقىمەن.

— نېمە دەۋاتىسەنوي خوتۇن، — دېدى تۇردى بەكرى جىددىي ھالدا، — بىز ئۇ يەرگە ئوينىغىلى ئەمەس، جەڭ قىلغىلى بارىمىز، جەڭ ئۇقتۇڭمۇ؟

— بىلىمەن، ھەممە ئادەم جەڭ قىلىپ «ئازادلىققا ئېرى- شىمىز» دەۋاتىدۇ.

— بىلگەن بولساڭ ئۆيدە جىم ئولتۇر. بۇ دېگەن خوتۇن خەقنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۇ يەرگە پۇتۇنلەي ئەرلەر بارىدۇ، — دېدى تۇردى بەكرى.

— ئەرلەر جەڭ قىلسا بولىدىكەنو، ئاياللار جەڭ قىلسا بولمامدىكەن؟ ياكى ئاياللارنىڭ قولىدا مىلتىق توختىمامدى- كەن؟ — ھاشىمخان بوش كەلمىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا ماۋۇ خوتۇننى . . . مەن خوتۇن خەقنىڭ

قولىدا مىلتىق توختىمايدۇ دېمىدىم. سىلەرنى بۇنداق چاپاغا چىدىمايدۇ دېمەكچىمەن، ـــ دېدى. ئۇلار ھازىرغىچە مۇنداق گەپلىشىپ باقمىغانىدى.

ـــ نېمىشقا چىدىمايدىكەن؟ مانا مەن چىدايمەن، ـــ دېدى كەسكىنلىك بىلەن ھاشىخان.

ـــ ھەي خوتۇن يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بۇيان ناھايىتى چىرايلىق ئۆتتۇق. ھېلىمۇ كاجلىق قىلما. ناھايىتى چىرايلىق خوشلىشايلى.

ـــ ئارىمىزدا سەت بولىدىغان ھېچ ئىش يوق. سىلى كەتسىلە، مەن بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئېرىمىنىڭ ئۆلىكى كېلەرمۇ؟ ياكى تىرىكمۇ؟ دەپ كېچە ـ كۈندۈز غەم قىلىپ تۈگۈشۈپ كەتمەمدىمەن؟ مېنىڭ سىلىدىن باشقا نېمەم بار؟ ئاتا ـ ئانام ئۆلدى. سىلىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ ئۆلدى. ماڭا تەسەللى بېرىدىغان كىم بار؟ ئۆلسەك بىللە ئۆلۈمىز. ياشىساقمۇ بىللە ياشايمىز. سىلى ئۆلسىلە مەن كۆمۈمەن، مەن ئۆلسەم سىلى كۆمسىلە. ھايات قالساق بىللە ياشارمىز. بۇ ئۆيدە يالغۇز قالسام مېنىي غەم ـ غۇسسە يەپ تۈگەتمىسىمۇ بۇزۇق ئادەملەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىمامدىمەن؟ ـــ دەپ ھاشىخان يىغلىۋەتتى. ئېرى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا قاراپ تاشلىنى تامشىپ يۈرگەنلەر ئازمۇ؟ شۇنداقلا خوتۇنىنىڭ قەتئىي بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ھاشىخان ناھايىتى ئۆز سۆزلۈك ئايال ئىدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنى قىلماي قويمايتتى. بۇگۈن ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىگە قىل سىغمايتتى. شۇڭا، تۇردى بەكرى ئويلىنىپ قالدى.

ـــ ئۇغۇ شۇنداق، ـــ دېدى مۇجمەل قىلىپ، ـــ بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەر كىشى، يەنە كېلىپ ھەممىسى ياش يىگىتلەر تۇرسا بىئەپ بولارمىكىن دەيمىنا. . .

— قورقمىسىلا، — دېدى هاشىخان ئېرىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ، — مەن هەرگىز باشقىلارغا قاراپ هىجىيىدىغانلاردىن ئەمەس. باشقىلار هىجايسا ئۆزىنىڭ ئىشى: لېكىن، مەن سىلىگىلا مەنسۇپ. تېخىغىچە مېنى چۈشەنمىدىلىمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تۇردى بەكرى خىجالەت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمە دېگەن پاك ـ هە؟! . . . دېمىسىمۇ خوتۇن ئالغان ئادەم ئۆزى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان خوتۇننى يېرىم يىل، يەتتە ـ سەككىز ئاي هەتتا بىر يىلغىچە كۆزىتىپ، سىناپ ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئەر بولغان ئادەم شۇنىڭدىن كېيىن بىر پىكىرگە كېلىپ شۇ ئاساستا ئۆز خوتۇنىغا مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ خوتۇن ئۆزى ناهايىتى چىرايلىق. قانچىلىغان يىگىتلەر ئۇنىڭغا كۆز سېلىپ يۈرگەن بولسىمۇ هازىرغىچە بىرەر گۇمانلىق ئىش قىلىپ قويغىنى يوق. شۇلارنى ئويلىغان تۇردى بەكرىنىڭ خىيالىغا ئانىسىنىڭ ئاگاهلاندۇرۇشلىرى كەلدى.

— چىرايلىقتا ۋاپا يوق، هوشيار بولۇشۇڭ كېرەك. بۇ ۋالىلداپ تۇرغان قىزىلگۈل، ئۇنى ئۇزۇشكە هەممەيلەن تەييار. دۇنياغا جىگدە سالمىسۇن يەنە، — دېگەنىدى هەمدە مۇنداق بىر هېكايىنى ئېيتىپ بېرىپ ئۆز ئوغلىنى ئاگاهلاندۇرغانىدى. بۇ توي بولۇپ بىر يىلدىن كېيىنكى ئىش ئىدى.

مومايىنىڭ هېكايىسى:

— بۇرۇنقى زاماندا بىزنىڭ مۇشۇ كورلىدا دەيلى، بىر سودىگەر بارئىكەن. ئۇنىڭمۇ خۇددى سېنىڭ خوتۇنىڭغا ئوخشاش شۇنداق چىرايلىق، ئەقىللىق هەم شوخ بىر خوتۇنى بارئىكەن. سودىگەر خوتۇنىدىن ئەندىشە قىلىپ هېچ يەرگە بارمايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن سودىگەرنىڭ سودىسى راسا روناق تاپماپتۇ. ئېرىنىڭ ئۆزىدىن خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالغان خوتۇن ئېرىنىڭ ئەندىشىسىنى يوقىتىپ، ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشكە ئامال

ئىزدەشكە باشلاپتۇ. شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئەتىگىنى ئىشىك ئالدىغا دىۋانە كەپتۇ:
— ھەق دوست بالايى گەردان، — دەپ توۋلاپتۇ دىۋانە.
— ماۋۇ پۇلنى دىۋانىگە بەرگىن، — دەپ جەينامازدا ئول-تۇرغان سودىگەر خوتۇنىغا بىر ئاز پارچە پۇلنى بېرىپتۇ. خوتۇن پۇلنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقماي تۇرۇپلا مىلەڭزىنىڭ ئارىلىقى-دىن پۇلنى دىۋانىگە سۇنۇپ بېرىپتۇ - دە، دەرھال ئېرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.
— قولۇمنى بېغىشىدىن كېسىۋېتىڭ — دەپتۇ ئۇ ئېرىگە.
— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپتۇ ئېرى ھەيران بولۇپ.
— قولۇمنى دىۋانە كۆرۈپ قالدى. قولۇمنىڭ ئۈچى نامەھ-رەم بولۇپ قالدى.
— كېرەك يوق خوتــۇن ھېچنېمــە بولمايدۇ، — دەپتۇ ئېرى.
— ياق، — دەپتۇ خوتۇنى، — قەتئىي كېسىۋېتىڭ، بولمىسا ئۆزۈم كېسىۋېتىمەن. ئۇ قولىغا ئېلىۋالغان پىچاق بىلەن قولىنى راستىنلا كەسمەكچى بولغان قىياپەتكە كىرىۋاپ-تۇ. ئېرى بولسا خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ پىچاقنى تارتىۋاپتۇ. خو-تۇن بولسا غۇسلى قىلىپ جايىنامازغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئاللادىن گۇناھىنى تىلەپ قاتتىق يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ سودىگەر ئۆزد-نىڭ شۇنداق پاك بىر خوتۇنىدىن گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزد-نى كايىپتۇ ۋە سەپەرگە چىقىش تەرەددۇتىغا كىرىشىپتۇ.
— كۆچاغا بېرىپ مال ئېلىپ كېلەي دەيمەن، — دەپ خوتۇنىغا مەسلىھەت ساپتۇ سودىگەر، — سودىمىز تازا يۈرۈش-مىدى. باشقىلاردىن ئالغان مالنىڭ قىممەتلىكىدىن پايدا تەگمىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم ئۆزۈم بېرىپ مال ئېلىپ كېلەيمىكىن!...
— سىلى كەتسىلە مەن قانداق چىدايمەن جېنىم، — دەپتۇ خوتۇنى ئېرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ۋە كۆز ياشلىرى

بىلەن ئېرىنىڭ يۇزلىرىنى ھۆلدەپتۇ، — يۈرىكىمنى يېرىپ
كۆرستەيمۇ يا سىلىگە؟ . . . يۈرىكىم ھازىرغىچە سىلىگە قائىمد-
دى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ ئاپئاق كۆكرىكىنى
ئېرىگە كۆرسىتىپتۇ. سودىگەر ھازىرغىچە خوتۇنىنىڭ بەدىنىنى
كۇندۇزى كۆرمىگەنىكەن. خوتۇنىنىڭ ئاپئاق كۆكرىكىنى كۆ-
رۈپ خوتۇنىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ ھەم خوتۇنىنى
دەرھال باغرىغا بېسىپ تەسەللى بېرىپتۇ. لېكىن، خوتۇنى چاڭ-
دۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئەمما،
ئاق كۆڭۈل سودىگەر پاتلا قايتىپ كېلىشنى ۋەدە قىلىپ، يالۋۇ-
رۇپ يۈرۈپ مىڭ تەستە خوتۇنىنى ماقۇل قىلىپتۇ. ئۇ ھايال
بولمايلا يولغا چىقىپتۇ ۋە بىر كۈنلۈك سەپەرنى تۈگىتىپ بىر
مەنزىلگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. سودىگەر ناھايىتى تەقۋادار ئادەم
ئىكەن. بەش ۋاخ ناماز بىلەن قۇرئان تالاۋەتنى زادىلا تەرك
ئەتمەيدىكەن. ئۇ قونغان يېرىدە ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ بامدات
نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئوقۇيدىغان قۇرئاننى
ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، دەرھال ئاتلىنىپ
قاش - قارايغان چاغدا ئۆز ئۆيىنىڭ دەۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ.
ھويلىغا كىرسە ئۆي ئىچىدىن نەغمە - ناۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىد-
ۋاتقۇدەك. ئەجەبلەنگەن سودىگەر «ئالدىراشچىلىقتا باشقىلارنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ قالغان ئوخشايمەن» دېگەن خىيال بىلەن كوچىغا
قايتىپ چىقىپ قارىسا ئۆزىنىڭ ئۆيى. ئۇ تەۋەككۈل قىلىپ
ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا مېھمانخانىدا لىق ئادەم، سازەندىلەرنىڭ
ئېيتقان ناخشا ئاۋازلىرى پەلەككە يەتكەن، سودىگەرنىڭ خوتۇنى
بىلەن شەھەرنىڭ مەشھۇر شاپ بۇرۇت لۈكچىكى ئوتتۇرىدا ئۇس-
سۇلغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇ خوتۇنىنىڭ بېشىدا ياغلىقمۇ يوق.
سودىگەر كىرگەن پېتى ئۆزى قويغان جايدىن قۇرئاننى ئاپتۇ -
دە قانداق تېز كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز ئارقىغا قايتىپتۇ
ۋە شۇ ھامان يولغا چىقىپتۇ. خوتۇنىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلى-

-ردىن ھەيران بولغان سودىگەر ئېغىر خىيال ئىلكىدە يول يۈرۈپتۇ ۋە ماڭا - ماڭا كۆچاغا يېقىن بىر مەھەللىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ ۋە يول بويىدىكى بىر دەرەخ تۈۋىدە دەم ئاپتۇ. لېكىن، شۇ يەردىمۇ خوتۇنىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ زادىلا ئارامىدا قويماپتۇ.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ-تۇ. يول بويىدا بىر دېھقانغا ئۇچراپ قاپتۇ. قارىسا ئاپئاق ساقاللىق، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىر نۇرانە كىشى قوش ھەيدەپ يۈرگۈدەك، ئەمما بۇ تەرەپتىكى ئېتىزغا چىقىپ كەشىنى بىر قاقسا، ئۇ تەرەپتىكى ئېتىزغا چۈشۈپ يەنە بىر قېتىم قاقىدىكەن. بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان سودىگەر بۇ دېھقانغا سالام بېرىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ئاتا، — دەپتۇ سودىگەر، — سىلىدىن بىر ئىشنى سورىسام مېنى ئەپۇ قىلالامۇ؟

— ئەلۋەتتە ئوغلۇم. بىز دېگەن بىرەر كىشىنى ئەپۇ قىل-مايدىغان كىم ئىدۇق. پەقەت بىر پاسىق بەندە. ئۇلۇغ ئاللا سىلىنى كەچۈرسۇن، گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، قۇلۇقۇم سىلىدە، — دەپتۇ دېھقان.

— ماقۇل ئەمىسە مەن ئېيتاي، — دەپتۇ سودىگەر، — بىر ئىشقا ھەيران قالدىم. سىلى يەر ھەيدەۋېتىپ ماۋۇ ئېتىزغا چىقىپ كەشلىرىنى بىر قاقتىلا. ئاۋۇ ئېتىزغا چۈشۈپ كەشلى-رىنى يەنە بىر قېتىم قاقتىلا. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ماۋۇ ئېتىز، — دەپ دېھقان چوڭراق بىر ئېتىزنى كۆرسىتىپتۇ، — ۋەخپە يەر. ئاۋۇ ئېتىز، — دەپ كىچىكرەك بىر ئېتىزنى كۆرسىتىپتۇ، — شەخسىي يەر. ۋەخپە يەرنىڭ توپىسى شەخسىي يەرگە، شەخسىي يەرنىڭ توپىسى ۋەخپە يەرگە ئارىلىشىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن كە-شىمنى ئۇ ياققا ئۆتۈپ بىر، بۇ ياققا ئۆتۈپ بىر قېتىم قېقىۋاتىمە -

مەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سودىگەر دېھقانغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. دەسلەپتە ئۇ دېھقاننى خىزىر بولسا، كېرەك دېگەن ئويغا كەپتۇ. تۇرۇپلا خوتۇنىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئېسىگە كېلىپ، بۇ خىيالىدىن يېنىۋاپتۇ ۋە ئوغرى بولسا، كېرەك دېگەن خىيالغا كەپتۇ. شەھەرگە كىرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئوبدان ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن كوچىغا چىقىپ تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىرىپتۇ. شۇ چاغدا كوچىدا جاكارچىنىڭ كاكىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— ئەييۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار. ئۇلۇغ پادىشاھىمىزنىڭ پەرمانى، تۈنۈگۈن كېچە پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى كىردى. كىمكى ئوغرىنى تۇتۇپ بەرسە پادىشاھىمىز پادىشاھلىقىنىڭ يېرىمىنى شۇ كىشىگە بېرىدۇ...

ئەقىللىق سودىگەرنىڭ كۆز ئالدىغا يولدا ئۇچرىغان دېھقان كەپتۇ ۋە ئۇنى چوقۇم خەزىنىنى ئوغۇرلىغان ئوغرىنىڭ ئۆزى ياكى ھېچبولمىغاندا ئوغرىنىڭ شېرىكى بولسا كېرەك دېگەن خىيالغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر جاكارچىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئوغرىنى مەن بىلىمەن، — دەپتۇ ئۇ. جاكارچى سودىگەرنى دەرھال ئوردىغا تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە پادىشاھقا خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشاھ سودىگەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ قانداق تەلەپى بارلىقىنى سوراپتۇ.

— پادىشاھئالەم ئوغرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ماڭا ئەڭ خىللانغان يۈز نەپەر لەشكەر بەرسىلە، يەنە ئوردىنىڭ جازالاش ھوقۇقىنى ۋە شاھلىق تەختىنى ئۈچ كۈن بەرسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ سودىگەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپتۇ. سودىگەر يېرىم كېچىدە يۈز نەپەر لەشكەر بىلەن بېرىپ ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۆيىنى قورشىۋاپتۇ. ئاقساقالنى باغلاپ ئېسىپ قاتتىق جازالاپتۇ. ئې-

غىر تەن جازاسىغا ئۇچرىغان دېھقان پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى
ئۆزلىرىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ
بەش ئوغلى بولۇپ زامانلاردىن بۇيان ئوغرىلىقنى ئۆزلىرىگە
كەسىپ قىلغانىكەن. لېكىن، ئۇلار زادىلا تۇتۇلماپتىكەن، بۇ
قېتىم تۇتۇلۇپ قاپتۇ. سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا قېرىنىڭ ئو-
غۇللىرى بىلەن ئوغرىلىغان بايلىقلارنىڭ قازناقتا ئىكەنلىكى
مەلۇم بوپتۇ. لەشكەرلەر قېرىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ.
لېكىن، ھېلىقى ئوغۇللار بەك قاۋۇل ئادەملەر ئىكەن. قاتتىق
قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىر قولغا چۈشۈپ-
تۇ. سودىگەر بارلىق يوقالغان مال - دۇنيانى ئاتلارغا ئارتىپ،
ئاتا - بالا ئالتە نەپەر ئوغرىنى ئالدىغا سېلىپ ئۈچ كۈن دېگەندە
ئوردىغا قايتىپتۇ. پادىشاھ بولسا، ئۇلارنى چوڭ ھەشەمەت بىلەن
كۈتۈۋاپتۇ.

كەچتە پادىشاھ سودىگەرنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا
كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ ۋە ئوغرىلارنى قانداق بىلىپ قالغانلىقىنى
سۈرۈشتۈرۈپتۇ، سودىگەر ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈر-
مىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرىدا:

— خوتۇنۇمنىڭ قىلغان ساختىلىقى بىلەن نومۇسسىزلىقى
مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ دېھقاننىڭ قىلىۋاتقان ساختىپەزلىكى-
نى كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ سودىگەرنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولۇپتۇ ۋە ئۆ-
زىگە ۋەزىر قىلىۋاپتۇ. ھەر قانداق ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز
قىلمايدىكەن. ئارقىدىن پادىشاھنىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى
بار ئىكەن. ئۇنى سودىگەرگە بېرىپتۇ، دەپ ھېكايىسىنى تاماملاپ
يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنىڭغا ئوخشاش بالام ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن
نەرسە، خوتۇنۇڭ ئەقىللىق قىز بولسىمۇ، بۇ مەھەللىدە بەزى
ئەسكى خوتۇنلارمۇ يوق ئەمەس. «ئۆرۈك - ئۆرۈكنى كۆرۈپ

ئالا بولىدۇ» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسىدى دەپ قورقىمەن. شۇڭا ھوشيار بولۇشۇڭ كېرەك.

— سەن ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىۋاتامسەن ئانا؟ — دېدى ئوغلى.

— ياق ئوغلۇم. ھازىرچە پەقەت كېلىنىمنىڭ ياخشى تەردىپىنى كۆرۈۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا ئانا ھەممىمىزئۇنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ باقايلى، — دېدى ئوغلى ئانىسىنى بەزلەش ئۈچۈن، شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى ئوغلىغا كېلىنى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى ۋە كېلىنىنىڭ بىرەر يامان ئىشىنى ھېس قىلمىدى.

ھاشىخان ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ھايالىق قىز بولغاچقا ھەرگىز يالغۇز يېرىم بىر يەرگە بارمايتتى. مەھەللىدىكى يامان ئاتلىق ياكى شاللاق ئايالللار بىلەن زادىلا ئارىلاشمايتتى. بىرەرى بىرەر ئەخلاقسىز گەپلەرنى قىلسا دەرھال دەككىسىنى بېرىپ تويغۇزۇپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ جىمىقىپ قالاتتى. چىدىيالمىغانلار «يۇزسىز» دەپ ئارقىدىن غوتۇلدايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق پەزىلىتىدىن ئائىلىسىدىكىلەر سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئىچى تار ئادەملەر ھەسەت قىلاتتى:

— گۈلدەك چىرايى بىلەن ئۆيدە ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان گالۋاڭ سەھرالىقنىڭ. ئەر قارىسى كۆرمىگەن نېمىكەن. بولمىسا ئۇ خالىسا ھەر كۈنى مىڭنى كۈلدۈرۈپ، مىڭنى يىغلىتالايتتى.

— تۇردى دېگەن سىم ساقالنىڭ نېمىسىگە كۆيۈپ قالدىكىن بۇ گالۋاڭ؟!...

— ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھاندا ئويناپ - كۈلۈۋالماي ئاغزىنى تامشىپ يۈرگىنى يۈرگەن...

— قېرىغاندا پۇشايمان قىلسىمۇ ئۇنىڭغا كىم قارايتتى. «خوتۇن قېرىسا كىم ئالار» دېگەن گەپنى ئاڭلىمايتىكەن ئۇ

لامزەللە. . .

— يۇزۇڭگە قورۇق چۈشكەندە ساڭا كىم قارايتتى. . .

شۇنداق قىلىپ مەھەللىدىكى ھەسەتخورلارنىڭ ئاشۇ خىلىدىكى غەيۋەتلىرى دەسلەپتە بىر مەزگىل بازار تاپقان بولسىمۇ بارا - بارا بېسىقىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلە يەنىمۇ خاتىرجەملىككە چۆكتى. بۇگۇن بولسا ئۇ جەڭ مەيدانىغا ئېرى بىلەن بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئېرىنىڭ بىر جايدا خىيالغا غەرق بولۇپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇقۇدى:

— جاۋاب بەرمەملا؟ مېنى ھازىرغىچە چۈشىنەلمىدىڭىزمۇ يا؟

— چۈشەندىم ئاپپىقىم، چۈشەندىم، — دەپ ئېرى ئالدىرىغانلىقتىن قىلىدىغان گەپنى تاپالماي گاچىلاشتى، — لېكىن سېنىڭ تەلىپىڭگە ئۆز بېشىمچە دەرھال جاۋاب بېرەلمەيمەن. مەن باشلىقلاردىن رۇخسەت ئالاي.

— ئەگەردە باشلىقلار رۇخسەت بەرمىسە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم كىرىمەن، بىزمۇ ئادەم، ئازاد بولۇشنى خالايمىز، ئەرلىرىمىزگە يار - يۆلەك بولۇشنى خالايمىز، ئەركىن ياشاشنى خالايمىز دەيمەن، — دېدى ھاشىخان.

— ماقۇل، ماقۇل جېنىم خوتۇنۇم، — دېدى تۇردى بەكرى، — بىراق ئۆي - جاينى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى قانداق قىلارمىز.

— ۋايىەي «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن كونىلار، — دېدى ھاشىخان، — ئۆيىڭىزدە قانچىلىك دۇنيايىڭىز بار ئىدى؟ سىز ئەشرەپلەردىن ئەمەسقۇ؟ ھەممىنى سىڭىللىرىڭىزغا ئۆتكۇزۇپ بېرىمىز. جەڭدە نۇسرەت تاپساق بىر نەرسە قىلىپ جان باقارمىز. شېھىت بولساق مەڭگۇ قايتىپ كەلمەسمىز.

— ئۇنداق دېمە، — دەپ ئېرى خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، — نېمانداق شۇم گەپ قىلىسەن؟

— شۇم گەپ قىلمىدىم. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتـمەس» دېگەن گەپ بار، غازات يولىغا ماڭغان ئىكەنمىز، ئۆلۈمـنى ئويلىماي بولمايدۇ، جان خۇدانىڭ ئىلكىدە.

ئاياللىنىڭ بۇ غەيرەتلىك سۆزلىرى تۇردى بەكرىنى ئىنتايىن قايىل قىلدى. ئاددىي بىر ئائىلە ئاياللىنىڭ مۇنداق گەپلەرنى قىلىشى ئۇنىڭ غەيرەت شىجائىتى بىلەن ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

— شۈكۈر، خۇدايىم ماڭا مۇشۇنداق بىر غەيرەتلىك خوتۇننى بېرىپسەن، — دېدى تۇردى بەكـرى، — ئەگەردە بىـر لۆم - لۆم لامزەللىنى بەرسەڭ قانداق قىلار ئىدىم.

— بولدى، مېنى ماختاپ ئۇچۇرمىسىلا، — دېدى هاشىمـخان كۈلۈپ، — قېنى ئۆيگە مەرھەمەت.

ئۇلار شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئەر - خوتۇن خېلى ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشتى. چۈشتىن كېيىن تۇردى بەكرى ئۆز قىسمىغا قايتتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ناھايىتى خۇـشال هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا هاشىخان ئېرىنىڭ يۇغان كىيىملىرىنى قاتلاپ يولغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

— مۇبارەك بولسۇن مېنىڭ ئاپپىقىم، — دېدى تۇردى بەكرى ئىشىكتىن كىرىپلا، — سەن ئەمدى ئۆي خوتۇنىدىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىـڭ بىر جەڭچىـسى بولدۇڭ. قانداق بۇ خۇش خەۋەرمىكەن؟

— رەھمەت، — دەپ هاشىخان ئېرىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ، — بۇ بەكلا ياخشى خەۋەر ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا سۆيۈنچىسىنى بېرەرسەن؟

— ئەلۋەتتە، نېمىنى تەلەپ قىلسىلا شۇنى بېرىمەن.

— بەرگۈسى بار ئادەم تەلەپ قىلمىسىمۇ بېرىدۇ، — دېدى ئېرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مانا ئەمسە، — دەپ ھاشىخان ئېرىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى ۋە چوكۇلدۇتۇپ بىر نەچچىنى سۆيدى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۇلكىسى بەخت كۇلكىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۇلكە ئاۋازى ئىدىشىك ئالدىدا دانلاپ يۇرگەن كەپتەرلەرنى ئۇركۇتۇۋەتتى.

*        *        *

ئۇلار بۇگۇن ئاخشام ئۆز ئۆيىدە ئاخىرقى كېچىنى ئۆتكۇزمەكتە ئىدى. لەززەتلىك مۇھەببەت ئۇلارنى مەست قىلىپ دۇنيانى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ئۇلار سۆيۇشۇپ قانمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى ئۇرۇشنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. لېكىن، مۇشۇ لەززەتلىك كېچە ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئاخىرقى كېچە بولۇپ قېلىشىنى ئۇلار زادىلا خىيالىغا كەلتۇرمىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار زادىلا بۇ ئۆيگە قايتمىدى. ھاشىخان ئېرىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئاستا ئاۋازدا قۇلىقىغا پىچىرلايتتى.

— نېمىدېگەن لەززەتلىك كېچە - ھە؟! . . . بۇگۇن ئاخشام ئۆز ئۆيىمىزدە ئاخىرقى كېچە بولغاچقىمىكىن، شۇنداق بەك خۇش ياقتى. بەكمۇ راھەتلىنىپ كەتتىم. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق كېچە بولامدۇ؟ ياكى يوقمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، — دېدى ھاشىخان. ئۇ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئېرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە بەرگەن مۇھەببەت لەززىتىدىن قانچىلىك رازى بولغانلىقىنى بىلدۇرۇۋاتاتتى.

— يەنە ۋاقىت تاپىمىز، — دېدى تۇردى بەكرى خوتۇنىنى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ، — ئۇرۇشمۇ ئۆز يولى بىلەن، مۇھەببەتمۇ ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ جېنىم، مۇنداق لەززەتلىك كېچىگە چوقۇم ۋاقىت چىقىرىمىز.

ئۇلار شۇنداق مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولۇپ تاڭ ئاتقۇز-

دى، ھەم غۇسلى قىلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېلىپلا يولغا چىقتى. بەلگىلەنگەن جاي «خەزىنە» ئىدى.

*　*　*

شۇ ۋەقەنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ھاشىخانمۇ ھەربىي تۇرمۇشقا خېلى كۆنۈكۈپ قالدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇ قىسىمدىكى باشقا ئاياللار بىلەن ئارقا سەپتە تۇرۇشقا زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ كۆچادا ھەربىي مەشىققە ئۆزلۈكىدىن قاتنىشىپ خېلى چېنىقىپ قالغانىدى ۋە قورال تۇتۇشنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ پولك كوماندىرى ئابدۇراخمان تۆەنجاڭ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بىر كونا روس مىلتىقى ۋە ھاشىخان ئۆزى غەنىيمەت ئالغان ئاق بوز ئاتنى بەردى.

— ھازىرچە مۇشۇ مىلتىقنى تۇتۇپ تۇرۇڭ. كېيىنچە بىرەر كارابىن مىلتىق قولغا چۈشسە چوقۇم سىزگە بېرىمەن. ئۇرۇش ۋاقتىدا قالايمىقان ھەرىكەت قىلماڭ، — دېدى كوماندىر تاپىلاپ، — بولمىسا جېنىڭىزدىن ئايرىلىسىز.

بۇ قېتىمقى قارا يۇلغۇندا مافۇيۇەن قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە ئۇ باشتىن - ئاياغ جەڭ مەيدانىدا بولدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئوق ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇمۇ ئوقنى ئاۋايلاپ جىددىي پەيتتە ئىشلەتتى. لېكىن، جەڭ ھالىقىلىق پەيتىگە كەلگەندە باي ئاخۇن سىجاڭغا ئوق تېگىپ، جەنۇبىي سەپ بۇزۇلۇپ كەتتى. غەلىبە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مەغلۇبىيەت گىردابىغا بېرىپ قالغان مافۇيۇەن ئەسكەرلىرىگە جان كىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى ئوققا تۇتۇشقا، قىرىشقا، چاناشقا باشلىدى. قاچقان جەنۇبىي سەپتىكى باش - باشتاق جەڭچىلەر قىرىلىپ كەتتى. چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىلدى. چېكىنىشكە كانايمۇ چېلىندى. چېكىنىش

ۋاقتىدا كېتىۋاتقان بايراقچىغا ئوق تەگدى. ئىككىلىنىپ تۇ-
رۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ھاشىخان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ
ئۆلگەن بايراقچىنىڭ قولىدىن بايراقنى ئېلىپ، يەنە سەكرەپ
ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. سالى دورغا قوماندانلىقىدىكى قۇ-
مۇللۇق مەرگەنلەر تۇڭگانلارنى توسۇۋالغاچقا چېكىنىش ئوڭۇش-
لۇق بولدى.

* * *

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق. شەرقتىن كۈز شامىلى ئۇرۇپ تۇرات-
تى. كۈزنىڭ ئاخىرقى ئاپتىپى ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرلىرىنى يەر
يۈزىگە سېپىپ تۇرسىمۇ لېكىن ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ قالغانىدى.
يەر يۈزىدىكى ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ تەبىئەت ئۆزىنىڭ يازغا
خاس يېشىل مەخمەل تونىنى تاشلاپ، ئالتۇن رەڭ كىمخاب
تونىنى كىيگەنىدى. كۈز شامىلى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق-
لىرىنى ئۇچۇرۇپ ئازگاللارنى تولدۇرۇپ تۇراتتى. شىمالدىكى
تەڭرى تېغىنىڭ چوققىلىرىلا ئەمەس، يان باغىرلىرىمۇ قارغا
كۆمۈلگەنىدى. پۈتۈن ياز بويى كۆللەردە ماكان تۇتقان سۇ قۇش-
لىرى سەپ - سەپ بولۇپ، غاقىلدىشىپ جەنۇبقا توختىماي
ئۇچۇپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا كېچىلىرى خېلىلا سوغۇق
ئىدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قوشۇننى تەرتىپكە
سېلىش، ھەربىي تەلىم بېرىش ھەم ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاش
ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى
خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىككى كۈندىن بۇيان يىغىلىپ
نېمىلەرنىدۇ مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى. بۈگۈن چۈشتە مىرول فۇ-
گۇەن ئەۋەتكەن خەۋەرچى كېرىپ تۇردى بەكرىگە ھاجىمنىڭ
ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئۇقتۇردى.

ئېرى كەتكەندىن كېيىن ھاشىخان قولىغا يامايدىغان بىر

دانه كۆڭلەكنى ئېلىپ، «قىزىڭنى كۆزنىڭ ئاپتىپىغا سال، كېلىنىڭنى ئەتىيازنىڭ» دەپتىكەن كونىلار دېگەن خىيالنى قىلىپ، كېلەر يىلى كۈزگىچە كىم بار؟ كىم يوق؟ دەپ ئويلاپ ئاپتاپ ئوبدان تېگىپ تۇرىدىغان بىر دومچەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆڭلەكنى ياماشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن يىگىرمە مېتىر نېرىدا بەش ـ ئالتە نەپەر يىگىت تاماكا چېكىشىپ پەس ئاۋازدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. بەزىلەر يانپاشلاپ جەينىكىگە تايىنىپ ياتاتتى. ئەمما، ھەممىسىنىڭ كۆزى ھاشىخاندا ئىدى. بۇ چاغلاردا ھاشىخان تولۇپ راسا ۋايىغا يەتكەن تەڭداشسىز بىر گۈزەل ئىدى.

— توۋا دەيمەن بۇ خوتۇننى، — دېدى پاكار بويلۇق بىر يىگىت، — ئادەمگە بىرەر ئېغىزمۇ چىرايلىق گەپ قىلىپ قويمايدۇ. سۆيۈپ قويۇشقۇ يوق گەپ.

— سۆيۈش دەۋاتىسەنغۇ توختى؟ — دېدى شاپ بۇرۇپ بىرسى ئاچچىق تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ، — كۈلۈپ قويسىمۇ مەيلىتى.

— ئۇنىڭغا ھېلىقى سىم ساقال ئېرى بولسىلا بولىدىكەن. توۋا بۇنداق خوتۇننى زادىلا كۆرمىگەن. مەن كوچادا كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتىم، — دېدى چوقۇر بىر يىگىت، — لېكىن تاش چىشلىۋالغاندەك گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— ئەخمەق، — دېدى شاپ بۇرۇت، — ئۇ ئاسماندىكى ئايدەك ۋىلىلداپ تۇرسا سەندەك سەگەز يۈزلۈكتىن قورقماي گەپ قىلاتتىمۇ؟

— ھاھ، ھاھ، ھاھ، — دەپ ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— مەنغۇ سەگەز يۈزلۈك. سەن بەڭگىچۇ؟ سەنمۇ ئېغىز ئاچقۇزالماپسەنغۇ؟ سېنىڭ نەشە پۇراپ يېنىڭدىن ئۆتكىلى بولمىغاچقا ئۇ يۈزىنى يۆگىۋالغان ـ دە؟! . . . ھا. . . ھا. . . ھا. . .

ئۇلارنىڭ كۆلكىسىدىن يېقىنلا يەردە مۇنچىۋالا كۆپ ئادەم-نىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغانلىقى ئۇ-چۇن زارلىنىپ سايراۋاتقان بوز تورغاي پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.
— مەن ئېغىز ئاچقۇزدۇم، — دېدى شاپ بۇرۇت.
— قاچان؟ — دېدى چوقۇر يىگىت، — قايەردە؟
— كوچادا
— نېمە دېدى؟
— نېمە دېسە سېنىڭ كارىڭ نېمە؟ — دەپ گۇلەيدى شاپ بۇرۇت.
— سەن يالغان ئېيتتىڭ. ساڭا ئوخشاش بەڭگىلەر ھەر-گىز راست گەپ قىلمايدۇ، — دەپ چوقۇر يىگىت ئۇنى مەس-خىرە قىلىشقا باشلىدى. باشقىلار بۇنىڭغا ئۇلاشتى.
— سەن يالغانچى...
— سەن ماختانچاق...
— سەن پوچى...
— توختاڭلار ئاغىنىلەر مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن، — دېدى شاپ بۇرۇت، — لېكىن، مەن دېمەكچى بولغان گەپ بىز ئويچىغان خۇش خەۋەر ئەمەس.
— زادى نېمە گەپ ئۆزى، دەۋەرمەمسەن؟ — دېدى چو-قۇر يىگىت ئۇنى قىستاپ.
— بىر كۇنى كوچادا ئۇ ماڭا كوچىدا ئۇچراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم. ئۇ دەرھال قاپىقىنى تۈرۈپ: «بىز بۇ يەرگە زىنا قىلىش ئۇچۇن ئەمەس، زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كەلگەن. قاچان ئۆلۈشىمىزنى بىلمەيمىز، مەن بۇ دۇن-ياغا پاك كەلدىم، پاكلىقىمچە كېتىمەن. ھەممەيلەننىڭ قولىدا قورال بار، ئەگەردە ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالالمىساڭلا ئۆلۈم جىددىي چىقىدۇ، ماڭا بىر ئەر يېتىدۇ. ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭلا، بولمىسا...» دەپ توختاپ قالدى، — دېدى شاپ

بۇرۇت.

— توۋا، — دېدى شۇ چاغقىچە گەپكە ئارىلاشماي مۈگدەپ ئولتۇرغان قازانچىلىق يىگىت يۈسۈپ، — راستىنلا پەرىشتىدەك خوتۇن - دە، بۇ. ئۇ يولغا چىققان كۈندىن بۇيان بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي ئوقۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالماڭلار ئۈكىلىرىم.

— تازا لۆم - لۆم نېمىلەر ئىكەنسىلەر. ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلىڭلار ئاغىنىلەر، — دېدى كۈچالىق مۇھەممەت توختى دېگەن ئېگىز بويلۇق قاۋۇل يىگىت، — ئۇ سىلەرگە پوپوزا قىلسا شۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ ئۇ دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ نازلىنىشى. بىز دېگەن ئۇنداقلارنى جىق كۆرۈپ قانچىسىنى پەخشە قىلىۋەتكەن.

— هاي، هاي زەي سالماي پو ئاتمىغىنا ئۈكام، — دېدى يۈسۈپ، — ئاغزىڭ مايماق بولۇپ قالمىسۇن. بۇ كۈچادا سەن كۆرگەن سوقۇۋۇقتىكى خوتۇنلاردىن ئەمەس جۇمۇ.

— پو ئاتما دېدىڭما؟ — دېدى مۇھەممەت توختى، — سېنىڭ شۇنداق دېگىنىڭگە هازىرلا ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزۇپ ئىندەككە كەلتۈرمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا ئەمەسمەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يۈگۈرۈپ نېرىسىغا كەتتى ۋە هايال بولمايلا بىر دانە قوغۇننى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ قوغۇننى تۈنۈگۈن جاملىق دېھقانلار سوۋغا قىلىپ ئەكەلگەنىدى. نېرىسىدا يىڭنە ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان هاشىخان يىگىتلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە گەپ تالىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. چۈنكى، بىز خەقنىڭ تۆت - بەشى بىر يەردە بولسا كۆپ هاللاردا گەپلىرى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن هالدا ئاياللار ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇلار بولسا راسا قىران يىگىتلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆزىگە خوتۇن كىشى گۈل كۆرۈنىدىغان چاغلار ئىدى. شۇڭا، هاشىخان يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. بولۇپمۇ

بۇ يەردە بىر نەچچە مىڭ ئەر كىشىنىڭ كۆزى بىرنەچچە ئايالغا تىكىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، ھاشىخاندەك گۈزەل ئايالغا قاراپ ئۇلار كالپۇكلىرىنى يالىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھاشى-خانمۇ ياماقنى تۇگىتىپ بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. لېكىن، ھاشىخانغا ئۆزى ياماق ياماۋاتقان يىڭنە ئۆزىنىڭ يۈزىگە سانچىلغاندەك بىلىنىپ ئىشى ئاۋۇماۋاتاتتى. ياماق تۇگەشكە ئازلا قالدى. شۇ چاغدا ھېلىقى كۇچالىق جەڭچى مۇھەممەت توختى بىر دانە قوغۇننى كۆتۈرۈپ كېلىپ ھاشىخانىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە باشقىلارنى چاقىردى:

— كېلىڭلا ئاغىنىلەر قوغۇن يەيمىز، — دەپ بەلۋېغىدى-كى غىلاپتىن سەدەپ ساپلىق كۇچا پىچىقنى ئېلىپ «شارت» قىلىپ قوغۇننىڭ بۇرنىدىن ئالىقانچىلىكىنى كېسىۋەتتى. ئۇنىڭغىچە باشقىلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ھاشىخان مۇھەممەت توختىنىڭ قوغۇننى تەتۈرسىگە بۇرنىدىن كەسكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

— ۋىيەي ماۋۇ ئادەمنى قوغۇننى باشقىچىلا كېسىدى-كىنا. . . — دېدى.

— چىرايلىق خېنىم، — دېدى مۇھەممەت مەغرۇرلانغان ھالدا، بىزنىڭ قوغۇن كېسىشىمىزلا ئەمەس، باشقا ئىشلىرى-مىزمۇ باشقىچىلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاشىخانىنىڭ يۈزلىرى ئوت بولۇپ ياندى-دى. ئۇ بۇ ھاياسىزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندى-دى. مۇھەممەت بىر تىلىم قوغۇننى تەڭلەپ ھاشىخانىنىڭ ئال-دىنى توستى:

— بىزنىڭ قوغۇندىن بىر تىلىم يەپ باقسىلا، چوقۇم تاماقلىرىنى تامشىپ قالىلا، ئۇمىدلىرىنى ئۈزەلمەيلا خېنىم. . .

— ئاغزىڭنى يۇم ھاياسىز مۇتىھەم. سەن بۇ گەپلىرىڭنى كۆكچى مەھەللىسى بىلەن سوقۇۋۇقتىكى جالاپلارغا دەپ بەر.

ھۇۋ ئۆزىنى بىلمەيدىغان رەسۋا. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق ناشايان گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇشساڭ، سەنلەرنى ئېتىۋېتىپ ھاجى ئاتامنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن، — دەپ ئۇ تۇنۇگۇن نەمەت خەلپەت ئەۋەتىپ بەرگەن بېلىدىكى تاپانچىنى تۇتتى. ھاشىخاننىڭ تاپانچىنى تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇھەممەتنىڭ رەڭگى ئۆلۈكتەك بولۇپ كەتتى. ھاشىخان بولسا خۇددى يەرنى تېشىۋې-تىدىغاندەك ئاچچىقى بىلەن دەسسەپ نېرىسىدىكى چېدىرغا كى-رىپ كەتتى ۋە مۇھەممەتنىڭ قىلغان ھاياسىز گەپلىرىدىن خور-لۇق ھېس قىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— مەن دېمىدىممۇ؟ مەن دېمىدىممۇ؟ — دېدى قازانچىد-لىق يۇسۇپ، — سەن گالۋاڭ «گەپنى قىل سىغار يەرگە، سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ قىل قالدىڭ ئۆلگىلى. ئۇ سېنى ئېتىۋەتكەن بولسا ئۇنىڭغا ھەرگىز گۇناھ كەلمەيتتى، خوپ بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاغزىڭنى يىغىپ يۈرۈش، بولمىسا مېڭەڭنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتمىسۇن يەنە. . .

— مەن بۇنداق بولۇشنى زادىلا ئويلىماپتىمەن، — دېدى مۇھەممەت توختى — ھەقىقەتەن سەت بولدى. راستتىنلا بۇ پەرىشتە ئىكەن.

— ئۇ ئېرىگە دەپ سالمىسۇن، بېرىپ كەچۈرۈم سورا، — دېدى يۇسۇپ.

— ياقەي ئەر كىشى دېگەن خوتۇن كىشىدىن كەچۈرۈم سورامدۇ؟ قويغىنا بۇنداق قاملاشمىغان گېپىڭنى، — دېدى مۇھەممەت توختى.

— سەن ھارامزەدە گۇناھنى ئۆزۈڭ قىلىپ، ئىزا تارتماي قايسى يۈزۈڭ بىلەن «خوتۇن كىشىدىن كەچۈرۈم سورامدۇ؟» دەۋاتىسەن؟ ئەگەردە ئۇ ئېرىگە بۇگۈنكى ئىشنى ئېيتىپ قويسا، سېنىڭ ئاقىۋىتىڭ نېمە بولىدۇ بىلەمسەن؟ تۇردى بەكرى كەڭ قورساق، مەرد ئادەم بولسىمۇ ئاچچىقى كەلگەندە خۇددى يولۋاسقا

ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېگەن باشلىق. ئۇ سەندەك ئادەمنى بىر مۇشت بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىدۇ. بىز خەق باشقا ئىشتا بىراۋغا يول قويساقمۇ خوتۇن ئىشىدا ئەسلا يول قويمايمىز. سەن خەقنىڭ خوتۇنىغا ئۆزۈڭ چالما ئاتتىڭ. پالان - پۈكۈن دەپ تىلىڭنى چايناشقا نېمە هەددىڭ؟ ئەمدى كەچۈرۈم سورىمىساڭ ئىش يوغىناپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ مۇهەممەت ئويلىنىپ قالدى. باشقىلارمۇ ئۇنى كەچۈرۈم سوراشقا دەۋەت قىلدى. ئاخىر ئۇ كەچۈرۈم سوراشقا ماقۇل بولدى. ئۇ بارغاندا هاشىخان ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

— سىڭلىم هاشىخان مېنى كەچۈرۈڭ. مەن قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن، — دېدى مۇهەممەت گاچىلىشىپ. لېكىن، هاشىخاندىن جاۋاب بولمىدى.

— سىڭلىم هاشىخان، — دېدى يۈسۈپ، — مەن بۇ كۈچالىق خومسىنى راسا تىللىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە گەپ قىلماسلىققا ۋەدە قىلدى. بۇگۈنكى ئىشنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، ئېرىڭىز ئاڭلاپ قالمىسۇن.

— بولىدى، بۇ يەردىن كېتىڭلار. مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار، — دېدى هاشىخان. بۇ گەپنى ئاڭلاپ هەممەيلەن «شۈكۈر» دېيىشىپ ياندى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن هېچقانداق ئادەم هاشىخانغا چاقچاق قىلىشقا پېتىنالمىدى. هەممەيلەن ئۇنىڭغا خۇددى پەرىشتىگە قارىغاندەك قارايدىغان بولدى. هاشىخان بۇ ئىشنى زادىلا تىنمىدى. لېكىن، ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن تۇردى بەكرى بۇ ئىشنى باشقىلاردىن ئاڭلىدى ۋە خوتۇنىدىن پەخىرلەندى. ئۇ يىگىتلەر پات - پات بۇ پەرىشتىنى ئەسلەپ ئۇنىڭ پاك تەبىئىتى بىلەن ئايدەك جامالىنى تەرىپلىشىپ، تۇردى بەكرىگە هەۋەس قىلىپ، خۇدادىن ئۆزلىرىگىمۇ شۇنداق بەخت ئاتا قىلىشنى تىلەشتى.

# ئون ئىككىنچى باب

# تارىم بويىدا

چۆھ ئېشىكىم ـ قارا بەكىر، يورغىلا،
مېنى ئاپارغىن مەنزىلگە، خەتەرناك.
چۆشىگىدە يېتىپ ئۆلگەن ئادەم جىق،
چۆلدە پەقەت، بولالايدۇ مەرد ھالاك.

—— «چىڭگىزخان» رومانىدىن

ھاشىخاننى يىگىتلەر خاپا قىلغان نويابىر ئېيىنىڭ ئاشۇ كۈنى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىدا چاقىلىقنىڭ ۋاقىتلىق بولىسىمۇ تارىخىي تەقدىرى ھەل قىلىندى.

چۈنكى ئابدۇكېرىم ئەلەم كۈچادا موسولبايىنى تېپىپ بىر نەچچە قېتىم ھال ئېيتقان ھەم كامال داموللا ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ چاقىلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئادەم قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى:

— مېنى ئۆزلىرى كۆرسىتىپ قوزغىلاڭچىلارغا باش قىلغان، قانداقلا بولسۇن جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىدىن چاقىلىقنى تازىلىدۇق. قوزغىلاڭ ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. بىزنىڭ يالۋۇرۇشلىرىمىزغا ئۇنىماي كامال داموللا باستۇرۇپ كېلىپ مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكتى، — دېدى ئۇ موسولبايغا

يىغلامسىراپ، — شۇڭا بىز كۆپ قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يۇرتنى تاشلاپ بېرىپ قېچىپ چىقتۇق. بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ئادەملىرىم ھەر يەر، ھەر يەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ماڭا ھاجىم ئادەم قوشۇپ بەرسە يۇرتۇمنى ساقلىسام...

موسولباي ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تەلىپىنى ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىمغا يەتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ چولىسى تەگمىگەنىدى. بۇ قېتىم تۇڭگانلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىشى قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن «چاقا ئۈستىگە كۆيدۈرگە چىققاندەك» بىر ئىش بولدى. شۇنداقلا بۇ قېتىمقى جەڭدە مەغلۇپ بولۇش ۋە قىشنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكى تەمىنلەش جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭا، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تەلىپىنى ئويلىششقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مافۇيۈەن كۈنلەردىن بىر كۈن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا ئۇلارنىڭ چىڭخەيگە قېچىپ ئۆتىدىغان يولى چاقىلىق ئىدى. ئۇ چاغدا «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىغا» دېگەندەك، ئۇلار مەغلۇبىيەت قىساسىنى چاقىلىق خەلقىدىن ئېلىشى، يۇرتنى بۇلاپ - تالاپ، خەلقنى قىرىپ تاشلىشى چوقۇم ئىدى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، چاقىلىقنى خوجىنىياز ھاجىم رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىگە ئېلىشنى قارار قىلدى، مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ھاشىخان ياماق ياماپ ئولتۇرغان ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر مۇنچە تەجرىبىلىك، جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن باتۇر كوماندىرلار قوزغىلاڭچىلار باش شتابىغا چاقىرىلغانىدى. شۇلارنىڭ بىرسى باشئەگمەدە دۈشمەنلەرنىڭ راسا ئەدىپىنى بەرگەن ھاشىخاننىڭ ئېرى كورلا قازانچىلىق تۇردى بەكرى ئىدى.

*   *   *

بۇيرۇققا بىنائەن تۇردى بەكرى خوجىنىياز ھاجىم تۇرۇۋاتـ-
قان چېدىرنىڭ ئالدىغا باردى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ھاجىمنىڭ
چېدىرىغا ياندىشى تىكىلگەن باش شتابتا پاراڭ سېلىشىۋاتقانلىـ-
قىنى كۆرۈپ شۇ يەرگە كىردى. بۇ يەردە چوڭلاردىن سالى
دورغا بىلەن نەمەت خەلپەت بارئىدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز
ھاجىم بىلەم مەھمۇت سىجاڭ ئاقسۇ شەھەر خەلقى ئەۋەتكەن
ئىئانىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا كەتكەنىدى. خەۋەرچىنىڭ ئېيتىشىغا
قارىغاندا ئاقسۇ كونا شەھەر خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى يىگىرمە نەچـ-
چە ھارۋىدا ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، نان - توقاچ، كىيىم -
كېچەك، بىر نەچچە يۈز قوي - كالا بىرەر مىڭ پارچە كىگىز،
ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، يىغىننى
قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ باشلىقى نەمەت خەلپەت ئاچتى. بۇ
يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى نامى خېلى تونۇشلۇق، قىسمىدا
كۆپچىلىك ھۆرمەت قىلىدىغان ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، ئەقىل - پاراـ-
سىتى بىلەن ئومۇمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئىدى.
ئۇلار بۇنىڭدىن بۇرۇن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى
قانائەت قىلغۇدەك ئورۇنلاپ كەلگەن. مانا بۈگۈن ئۇلار يەنە باش
شتابقا يىغىلىپ يېڭى ۋەزىپىنى كۈتمەكتە ئىدى. لېكىن، بۈـ-
گۈنكى ۋەزىپە ئۆتكەنكى ھەرقانداق ۋەزىپىگە ئوخشىمايتتى. شۇـ-
ڭا، نەمەت خەلپەت شتابنىڭ بۇيرۇقىنى ئالدىرىماي يەتكۈزۈشكە
باشلىدى. كىمنىڭ ئىسمى چىقسا شۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ
ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدى:

— كۆپچىلىك بۈگۈن غازى ئاتىمىز خوجىنىياز ھاجىم
بىلەن باش قوماندانىمىز مەھمۇت سىجاڭ ئاقسۇ خەلقىنىڭ ۋەـ-

كىللىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەچكە شتابنىڭ نۆۋەتتىكى قارا-
رىنى مېنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى، — دېدى نەمەت خەلپەت ۋە
سالى دورغىغا «شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ كۆزىنى
قىسىپ قويدى.

— شۇنداق، — دېدى سالى دورغا ھاجىم بىلەن مەھمۇت
سىجاڭ خەلپىتىنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلدى.

— ھازىر قىش كېلىپ قالدى. سوغۇق قىستاپ كەلمەك-
تە. ئادەم كۆپ، بىزنىڭ مەخسۇس تەمىنات بازىمىز يوق. خەلق
بەرگەن ياردەمگە تايىنىپ ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە
ماجۇڭيىڭدىن ئىبارەت بۇ مەلئۇنلار كېلىپ، بىزگە باش ئاغ-
رىقى پەيدا قىلدى، — دەپ نەمەت خەلپەت چۈشەندۈرۈشكە
باشلىدى، — مۇبادا ئۇلار ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، چېڭخەيگە قاچ-
ماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەلپازى ھەربىرلىرىگە مەلۇم. ئالدىغا
ئۇچرىغاننى بۇلاپ، ئۆلتۈرۈپ مېڭىشى چوقۇم، شۇنداق يەرلەر-
نىڭ بىرى چاقىلىق. موسولباينىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يەردە ئادەم
ئاز ئىكەن ھەم تۇڭگانلار ئۇچۇن ئاخىرقى بېكەتكەن. شۇڭا،
شتاب چاقىلىقنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ
ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا تۆۋەندىكى كىشىلەرنى تەيىنلىدى. ئۇ ياد-
چۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

بىرىنچى، ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا گاجىت بەكرى تەيىنلەن-
دى. ھەممە ئادەم سالى دورغىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئېگىز
بويلۇق، قاڭشالىق ئادەمگە قارىدى. بۇ كىشى لۇكچۇنلۇك بو-
لۇپ، خېلى ئۇقۇمۇشلۇق، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان كىشى.

ئىككىنچى، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا، قوراللىق
قىسىمنىڭ كوماندىرلىقىغا يىڭجاڭلىق مەنسەپ بىلەن تۇردى
بەكرى تەيىنلەندى. بۇ كىشى كورلا قازانچىلىق بولۇپ، جەڭ-
لەردە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن.

ئۇچىنچى، قوشۇننىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا يىڭجاڭلىق

مەنسەپ بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەم تەيىنلەندى. بۇ كىشى چاقىلىقـ
تىن كەلگەن ئولىما ۋە چاقىلىق قوزىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى
بولۇپ، شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا ئەلەملىك ۋەزىپىسىـ
نىمۇ ئۆتەيدۇ. ھەممە ئادەم بېشىغا يوغان سەللە ئوراپ بۇلۇڭدا
ئولتۇرغان بىر كۆزى قىسماق ئادەمگە قارىدى. لېكىن، ئۇنىڭ
كۆرۈنۈشىدىن بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

تۆتىنچى، چاقىلىقتا بارىدىغان قوشۇن تۆۋەندىكى كىشىلەرـ
نىڭ قول ئاستىدىكى جەڭچىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئايۇپ فۇگۇەن شتاب باشلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىـ
دىكى جەڭچىلەر مەخسۇس مۇھاپىزەتچى قىسىم بولدى. (بۇ
كىشى قۇمۇللۇق بولۇپ ناھايىتى قەيسەر، باتۇر، تەجرىبىلىك
قوزغىلاڭچى، ئىككى يىلدىن بۇيان كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كەـ
چۈرگەن)

بۇنىڭدىن باشقا ھوشۇر لەنجاڭ، بۇ كىشى كورلىلىق، ئىبراـ
ھىم لەنجاڭ، بۇ كىشى ياڭخىيلىق، يەنە ئىبراھىم لەنجاڭ
(ياخاڭ)، بۇ كىشى ئەسلى تۇرپانلىق بولۇپ، ھازىر چاقىلىقـ
تىن كەلگەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە چاقىلىقتا ئابدۇكېرىم ئەلەم
بىلەن ئېزىز ھاجىمنىڭ ئۈچ - تۆت يۈز ئادىمى بار ئىكەن.
شۇنداق قىلىپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولدى. شۇڭا، ۋەزىپە
مۇشكۇل بولسىمۇ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىـ
رىپ، بار مەسلىھەت ئىش قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى ساقلىشىڭـ
لارنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بارغاندىن كېيىن بىر
شتاب تەشكىل قىلىپ ئىشلارنى ئاۋۋال مۇزاكىرە قىلىپ، پىكىر
بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىشىڭلار كېرەك. بۇ
ھاجىمنىڭ ھەممەيلەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدى.

— ئىتتىپاقلىق ھەممىدىن ئەلا، — دېدى شۇ چاغقىچە
جىم ئولتۇرغان سالى دورغا، — سەن ئۇ يەرلىك، مەن بۇ
يەرلىك دېيىشمەيلى، باشباشتاقلىق قىلمايلى، بولمىسا قىلغان

ئەجرىمىز بىلەن تۆكۈلگەن قانلار بىكارغا كېتىدۇ.
— قاچان يولغا چىقىمىز؟ — دېدى سالى دورغىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن گاجىت بەكرى.
— ئۈچ كۈندىن كېيىن، — دېدى نەمەت خەلپەت، — ئۇنىڭغىچە ئوبدان تەييارلىق قىلىڭلار. كەم نەرسە بولسا شتابقا مەلۇم قىلىپ تولۇقلىۋېلىڭلار.
— ئاخۇنۇم نەچچە كۈندە بارارمىز؟ — دېدى ھوشۇر لەنجاڭ.
— ئوبدان ماڭساق ئون بەش كۈندە بارارمىز، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم.
— راستلا ئۇزاق يەر ئىكەن. — دېيىشتى ھەممەيلەن.
— باشقا گەپ بولمىسا تەييارلىق قىلىڭلار. ئەمما، مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلاڭلار، — دېدى نەمەت خەلپەت، ھەممەيلەن تارقالدى.
شۇ كېچىسى گاجىت بەكرى، تۇردى بەكرى، ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئايۇپ فۇگۇەن قاتارلىق تۆت كىشى يېرىم كېچىگىچە ھاجىمنىڭ ھوزۇرىدا ئولتۇرۇپ خوجىنىياز ھاجىم بىلەن مەھمۇت سىجاڭنىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلىدى. ئۇلارمۇ ئاساسەن ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا كۆپ سۆزلىدى. تارقىلىش ۋاقتىدا مەھمۇت سىجاڭ، — موسۇلباينىڭ خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن باھاۋۇدۇن ھاجىمغا يازغان بىر پارچە خېتىنى گاجىت بەكرىگە بەردى.

* * *

ئۇلارنىڭ يولغا چىقىشىغا توپتوغرا ئۈچ كۈن بولدى. ئۇلارنى ئاقسۇ قارا يۇلغۇنلۇق ئوۋچى مەرگەن ئابلىمىت پالۋان باشلاپ ماڭغانىدى. ئۇلار پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە بىرنەچچە ئەۋ-

لاد ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يازدا شىمالدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جىلغىلىرىدا، قىشتا جەنۇبتىكى تارىم دەرياسىنىڭ بويىدا يۈرۈپ ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئەتراپنى بەش قولدەك بىلەتتى. قارا يۇلغۇنلۇق جەڭچىلەر ئۇنى «كۆزىنى تېڭىۋالسىمۇ ئېزىپ قالمايدۇ» دەپ ماختىغاندى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن:

— بۇ بىر ساۋابلىق ئىش ئىكەن، — دەپ شۇ ھامان مايلىشىپ كەتكەن كونا خۇرجۇننى، چاققانراق بىر دانە مىس كوكەرنى ئېلىپ، شىراقلىق ئوۋ مىلتىقىنى مۈرىسىگە سېلىپ يەك تاپان جەدە ئېتىنى مىنىپ كەلدى. تون نىسپى بولغاندا جەڭچىلەرنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار توڭگانلار بىلەن ئۇرۇش بولغان دەريانى بويلاپ ماڭماستىن ئاۋۋال يانتاق قودۇقنىڭ سېيىغا چىقىپ، ئاندىن توپتوغرا جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— نېمىشقا دەريا بويلاپ ماڭماي چۆلنى كېسىپ ماڭىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ئايۇپ فۇگۈەن.

— دەريا بويلاپ ماڭساق يول ئۇزاپ كېتىدۇ ئۇكام، — دېدى ئابلىمىت پالگان، — بىز ھازىر ئۇدۇللاپ ماڭدۇق. مانا شۇنىڭغا ئۈچ كۈن بولدى. ھازىرمۇ ئۇ قىسىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقان قويۇق ساقاللىق ۋە بەستلىك كەلگەن بۇ ئادەم ئوۋچىلارغا خاس چەبدەسلىك بىلەن ھەممىنى باشلاپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار يولغا چىققان دەسلەپكى كۈنلا نۇرغۇنلىغان قۇم بارخانلىرى، چۆللۈكلەر ۋە چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا تارىم دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ باردى. ھازىر قىش كىرىپ قالغاچقا دەريا سۈيى خېلىلا تارتىلىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدى. چۈنكى، بۇ ئانا

دەريانىڭ بېشى بولغان يەكەن (زەرەپشان) دەرياسىغا ئۆز يولىدا يەنە يۇرۇڭقاش دەرياسى، توشقان دەرياسى، موزات (ئاقسۇ) دەرياسى قاتارلىق دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۈيى قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىنى تەشكىل قىلغاچقا، هازىرمۇ ئۇنىڭ سۈيى خېلىلا ئۇلۇغ ئىدى. جەڭچىلەر بىلەن ئاتلار ئەڭ ئاۋۋال دەريا سۈيىنى قانغۇچە ئىچتى. دەريانىڭ ئەتراپى يۇلغۇنلۇق، قومۇشلۇق ۋە توغراقلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، هاردۇق يەتكەن جەڭچىلەرنىڭ قونالغۇسى ئۇچۇن ئوبدان شارائىت هازىرلانغانىدى. ئۇلار يۈك-لىرىنى چۈشۈرۈپ ئاتلارنى ئوتقا قويدى. ئەتراپقا قاراۋۇللار قويۇلدى. تۆردى يىڭجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر روتا بىر ئاخشامدىن قاراۋۇللۇق قىلاتتى. ئىشلار ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇل-غاندىن كېيىن گۇلخانلار يېقىلىپ، جەڭچىلەر كەچلىك چاي ئىچىپلا، بالدۇر يېتىپ ئۇخلىدى. چۈنكى، ھەممەيلەن هارغان ئىدى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئۇلار ئابلىمىت پالۋاننىڭ يول باشلىشى بىلەن دەريانىڭ تېيىز يېرىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، دەريا-نىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ يولغا چۈشتى. چۈنكى، دەريا-نىڭ شىمالىدا چوڭ ـ چوڭ توقايلىق، سازلىقلار، قومۇشلۇقلار ۋە ئادەم ئۆتكۈسىز جاڭگاللىقلار بولۇپ، يۈرۈشكە كاشىلا قىلات-تى. دەريانىڭ جەنۇبىي تەرىپى بولسا، ئېگىز ـ ئېگىز يارلىق ئىدى. بۇ تەرەپ شىمالىي قىرغاققا قارىغاندا قۇرغاق بولغاچقا بۇ تەرەپتە سازلىقلار، قومۇشلۇقلار، قېلىن جاڭگاللار يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، مېڭىش ئوڭاي ئىدى. ئۇلار توغراقلىق-لارنى، جىگدە ئورمانلىرىنى، يۇلغۇنلۇقلارنى، قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتەتتى ياكى قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتەتتى. گاهى يەرلەردە يانتاق، قومۇش، بېسىلغاق قاتارلىق چۆل ئۆ-سۈملۈكلىرى ئۇچراپ تۇراتتى، گاهىدا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ياۋا تۆڭگۇز خارتىلداپ قېچىپ ئۆتەتتى. ئازغان تىكەنلىكلەردىن

بۇغا، جەرەنلەر قېچىپ چىقاتتى. مۇنداق چاغلاردا يىگىتلەرنىڭ قولى قىچىشىپ تۇرالماي قالاتتى. پەقەت ئابلىمىت پالۋان، ئايۇپ فۇگۇەن ۋە سامساق كۆكبېشىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم- نىڭ ئوق چىقىرىشى مەنئى قىلىنغانىدى. ئۇلار بىرنەچچە جەرەن ياكى بۇغىنى يىقىتاتتىدە ئىچ باغرىنى ئېلىۋېتىپ زاپاس ئاتلارغا ئارتىۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن كەچتە ئاشپەزلەر ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتەتتى. يول بويىدا ئادەمنىڭ بېلىدەك يۇلغۇنلارنى، پۇ- تۇن - پۇتۇن يىقىلغان توغراقلارنى كۆرگەن تۇرپان، توقسۇنلۇق يىگىتلەر ھەيران قېلىشاتتى.

— توۋا خۇدايىم، بۇ ئوتۇنلار بۇ يەردە بولغۇچە بىزنىڭ يۇرتتا بولسىچۇ؟! . . .

— «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگەن شۇدە. . .

— تەڭشەلمىگەن ئالەم دېگەن شۇ، — دېدى ئېگىز بوي- لۇق ھەمدۇللا.

— ئاغىنىــە ئۇرۇش تۈگىگەنــدە بۇ يەرگــە كېلىۋالمىغىن يەنە؟ — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى.

— كەلسە - كەلگۈلۈك بۇمۇ بىزنىڭ يۇرتىمىز، — دېدى ھەمدۇللا.

— شۇنداق بىزنىڭ يۇرتىمىز. بىراق ھازىرغىچە ئادەم ئايىغى يەتمىگەن.

— ھەقىقەتەن بۇ يەر مۇنداق جىق ئادەمنى زادىلا كۆرمى- گەن بولغىيدى، — دېدى ھەمدۇللا.

— ئېھتىمال. . .

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ بىردە دەرياغا، بىردە جاڭگاللىقلار- غا قاراپ ھەۋەسلىنىپ ھەيران بولۇشقان ھالدا ئۆز يولىنى داۋام- لاشتۇرۇشتى. تۇردى يىگىتلەر ئايالى ھاشىخان بىلەن ھەممىنىڭ كەينىدە يانمۇ يان كېتىپ باراتتى.

*　　　*　　　*

ئۇلار كەچ پېشىن ۋاقتىدا دەريا بويىدىكى شايارنىڭ «چىد-مەن» دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشتى. ئۇلار ئەسلىدە دەريانىڭ جەنۇبىدىكى «ئۆچكە ئۆلگەن» دېگەن جايدا قونماقچىدى. لې-كىن، شايارلىقلار ئۇلارنى دەريادىن ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. «چىمەن» دېگەن بۇ مەھەللە دەريا بويىدىكى قېلىن كەتكەن جاڭگاللىقنىڭ ئارىسىغا جايلاشقانىدى. ئۇيەر - بۇ يەردە كۆرۈ-نۈپ تۇرغان ئۆيلەر قويۇق دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاش-قانىدى. بۇ دەرەخلەر ئارىسىدا توغراق، تېرەك، سۆگەتلەر بولغاندىن تاشقىرى ئۆرۈك، ئۈجمە، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ بار ئىدى. ئۈزۈم تاللىرى چۇشۇرۇۋېتىلگەن بىدىش-لارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دورغا، يايىلار ۋە ئاز ساندىكى ئادەم ئۆتۈشقا چىققان قاچاق ئەسكەرلەردىن باشقا مۇنچىۋالا كۆپ قو-راللىق ئادەملەرنى كۆرمىگەن بۇ يېزا خەلقى ھەم ھەيران بو-لۇش، ھەم قورقۇش ئىچىدە بۇلارغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— قورقماڭلار! بۇلار خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئادەم-لىرى، — دەپ چاقىردى ئابلىمىت پالۋان خالايىقنى.

خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ «جۇرۇڭلار، جۇ-رۇڭلار» دېيىشىپ ھەممە ئادەم كېلىشكە باشلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە:

— خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى كەپتۇ، — دېگەن خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ كەتتى. ئۆي - ئۆيدىن چىققان ئادەملەر دەريا بويىدىكى كەڭرى سايلىققا يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەرگىز قۇرۇق قول كەلمەيتتى داستىد-خان - داستىخاندا نان - توقاچ، سۈت - قايماق، گۆلە - قاق،

قوغۇن ـ تاۋۇز، قوي ـ كالا، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلى-
كەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزلۈكىدىن داشقازانلارنى ئېسىپ، مال
سويۇپ، شورپا قاينىتىپ پولو ئېتىشكە باشلىدى. سەۋزە، پى-
يازنىڭ لەززەتلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ ئىشتىھانى ئۆزىگە
تارتاتتى. قوشۇن رەھبەرلىرى خالايىققا رەھمەت ئېيتىپ بەك
جوۋاپ كەتمەسلىكنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ گې-
پىنى ھېچكىم ئىڭشىمايتتى. «خوجىنىياز ھاجىم» دېگەن ئى-
سىملا خەلققە يېتەرلىك چۈشەندۈرۈش بولغانىدى. شۇڭا، ھەممە
ئادەم ئۆزلۈكىدىن بەس ـ بەستە ئىشلەپ ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلى-
رىنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىرىشاتتى. مانا شۇ تەكلىماكاننىڭ ئەترا-
پىدا ياشاۋاتقان، ئۆز تۇرمۇشىنى ئاران قامداپ گاھى ئاچ، گاھى
توق يۈرۈيدىغان سەھرالىقلار ھېچكىمنى تونۇمىسىمۇ، ئۆزلىرى-
نىڭ ئازاد قىلغۇچىلىرى، زۇلۇمدىن قۇتقۇزغۇچىلىرى بولغان
مانا شۇ قوشۇنغا ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى يوغان سەللىلىك، قىسىق كۆز، سېرىق چىراي
ئابدۇكېرىم ئەلەمنى «خوجىنىياز ھاجىم بولسا، كېرەك» دەپ
ئويلاپ قېلىشتىمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئابدۇ-
كېرىم ئەلەم يولغا چىققاندىن بۇيان پۈتۈن ھوقۇقنى يالغۇز
ئۆزىگە بەرمەي. قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ گاجىت بەكرى بىلەن
تۇردى بەكرىنى ئۆزىگە شېرىك قىلىپ قويغانلىقىغا نارازى بو-
لۇپ، يول ئۈستىدە ئايرىم ئوتاغ تۇتۇپ پەقەت ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى
باشلاپ كەلگەن ئازغىنە ئادەم بىلەن بىللە تۇرغانلىقىغا ئادەملەر-
نىڭ ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ كۆرپە ئۈستىگە
ئولتۇرغۇزۇپ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكىنىگە قاراپ يەرلىك-
لەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالغان بولسا كېرەك شۇڭا ئۇلار
ئۆز دىنلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى ناھايىتى بەك ھۆرمەت
قىلدى.

* * *

بېلىگە تاپانچا ئېسىپ يۈرگەن ھاشىخاننى كۆرگەن بېشىغا تۇلكە تۇماق ياكى قۇلاقچا كىيگەن يەرلىك خوتۇن - قىزلار ھەيران بولغانلىقىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە «خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلى قىسقا، چېچى ئۇزۇن» دېگەن سۆز قۇيۇلۇپ كەتكەچكە، بۇ ئايالنىڭ بېلىگە قورال ئېسىۋېلىشى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە سىغمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاشىخان يەرلىك ئاياللارنىڭ يېنىغا بارغاندا يۈزىنى ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈزى بىرنەچچە ئايلىق ھەربىي يۈرۈشتە شامال يالاپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ بىر ئاز قارىداپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا ناھايىتى گۈزەل ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ئورۇۋالغان ئاياللار ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنى ئادەممۇ؟ ياكى پەرىشتىمۇ؟ دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى، ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئايال ئۇنىڭ بېلىدىكى تاپانچىنى تۇتۇپ باقتى.

— بۇ نېمە؟

— تاپانچا.

— ئۇنى نېمە قىلىدۇ؟

— ئۇرۇشتا دۈشمەننى ئاتىدۇ.

— دۈشمەننى مىلتىقتا ئاتىدۇ دەيتتىغۇ؟

— بۇنىڭدىمۇ ئاتىدۇ. مانا مۇنداق قىلىپ، — دەپ ھاشىخان تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدىكى ئوقنى چىقىرىۋالدى. ئاندىن يەنە جايىغا كەلتۈرۈپ قۇلۇپنى ئاچتى - دە، — مانا مۇنداق قىلىپ ئاۋۇ دەرەخقە ئاتىمىز. ئۇ چاقماقنى تارتتى. «تارس» قىلغان ئاۋاز چىقتى. تورغانلار ھاشىخانغا ھەۋەسلىنىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىپ سوئال سوراشقا باشلىدى.

— سىز قەيەرلىك قىزىم؟ — دېدى باياتىنقى ئايال.
— بوگۇرلۇك.
— ئېرىڭىز بارمۇ؟
— ئېرىم بار. مۇشۇ قوشۇننىڭ باشلىقى...
— ھە...بۇ قورالنى ئېرىڭىز بەرگەنمۇ؟
— ياق بۇ قورالنى مەھمۇت سىجاڭ بەرگەن.
— ئۇ كىم؟ مۇشۇ قورالنى ئۆزى ياسىغانمۇ؟
— ئۇ كىشى بىزنىڭ باشلىقىمىز، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ياردەمچىسى. قورالنى دۈشمەندىن ئولجا ئالغان.
— قانداق قىلىپ ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپمۇ؟
— ئەلۋەتتە. ئۇرۇش دېگەندە يا سەن ئۆلىسەن، ياكى دۈشمەن ئۆلىدۇ.
— ۋاي جېنىم قىزىم، ئېرىڭىز تازا قامالاشمىغان ئەخمەق ئادەم ئوخشايدۇ. سىزدەك چىرايلىق خېنىمنى ئۆلۈم پوراپ تۇرىدىغان ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسا، ئۇ ساراڭ ئوخشايدۇ، — دېدى ياشانغان ئايال
— ئېرىم ئەۋەتمىدى. ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ باردىم.
— تۇۋا خۇدايىم ماۋۇنىڭ گېپىنى، — دەپ ياقىسىنى چىشلىدى ھېلىقى خوتۇن، — ئۆلۈمگىمۇ ئۆزى تەلەپ قىلىپ بارامدۇ؟ سىز دېگەن شاھقا يارىغۇدەك قىزكەنسىز.
— توغرا، ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ ئۇرۇشقا باردىم. «جاندىن كەچمىسە جانانغا يەتمەس» دېگەن گەپ بار. سىلىمۇ قورقسىلا، مەنمۇ قورقسام زۇلۇمنى كىم يوقىتىدۇ؟
— ئۇغۇ راست، — دېدى ھېلىقى ئايال چۈشىنىپ، — تۇۋا ئەجەبمۇ باتۇركەنسىز... ھەممەيلەن ھاشىخانغا ھەۋەسلىنىپ تۇرۇشاتتى. شۇ چاغدا «غىزا پىشتى» دېگەن خەۋەر كەلدى. ھەممەيلەن تۇزلەڭگە سېلىنغان داستىخانغا داخىل بولدى. ھاشىخان بىرنەچچە شايارلىق ئايال بىلەن بىللە غىزالاندى. ئۇلار

هاشىخانغا ناھايىتى زور ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇنى بەك خىجا-
لەت قىلىپ قويدى.

تاماقتىن كېيىن بىر قانچە يەرگە چوڭ گۈلخان يېقىلدى.
ئوت يورۇقىدا سەنئەتكارلارنىڭ چالغان مۇزىكىلىرى بىلەن ئېيت-
قان ناخشىلىرى بۇ ئاخىرقى كۈز كېچىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ
يىراقلارغا كەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ «ناۋا مۇقامى» دىن ئېيت-
قان پارچىلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىپ، خىيال
دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتتى:

نەمانگان شەھرىدىن چىقسام،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غېرىبلىق شەھرىدە يۈرسەم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

بۇ مىسرالار جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى. ئۇلار ئازاد-
لىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆز يۇرتلىرىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى،
بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ چىقتى. ئەمدى ئۆيلىرىگە قايتالامدۇ؟
قايتالمىسا ئۇلارنى كىممۇ ئىزدەر؟ جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى مانا
شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى. ناخشا داۋام قىلدى.

ئۇ، مەلەڭدىن، بۇ مەلەڭگە،
«ئوينىاي» دەپ كەلدىم.
قايسىڭ ياخشى، قايسىڭ يامان،
سىناي دەپ كەلدىم.

يارىم كېلەر قول سېلىپ،
توغرا ـ توغرا يول ئېلىپ.
قاياقتىن چىقىپ كەللە،

يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ.

بۇ ناخشىلار ھاشىخانىغا بەك ياقتى. باشتىكى بىر كۇپلېتنى يادلاپ تۇرۇپ خۇما كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئەمدى بۇ ئەر ـ خوتۇننى ئىزدەيدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. نەغمە ـ ناۋا يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ئۇلار ناھايىتى كەچ يېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇرغان چاغدا قازان ـ قازاندا شورپا قايناپ تۇراتتى. ئاتلارنىڭ بېشىغا لىققىدە قوناق ياكى ئارپا توشقۇزۇلغان توۋرىلار كىيگۈزۈلگەنىدى.

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىققان چاغدا قوشۇن يولغا چىقتى. يەرلىك خەلق بولسا چاڭ ـ توزان ئىچىدە تۇرۇپ، يولنىڭ ئىككى چېتىگە تىزىلىپ خۇددى ھەرەمگە ماڭغان ھاجىلارنى ئۇزاتقاندەك كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ياخشى تىلەك تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇشتى. سەنئەتكارلار بولسا قوللىرىغا داپ، دۇتار، تەمبۇرلىرىنى ئېلىپ تۆۋەندىكى خەلق ناخشىسىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتماقتا ئىدى:

ئاتلىرىڭ ئورۇق، يوللىرىڭ يىراق،
قاچان كېلىسەن يايرىم، قارا كۆز يۇملاق؟

بۇ ناخشا جەڭچىلەرگە تېخىمۇ بەك تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا شايار خەلقى بىلەن خوشلاشتى. تۇردى يىڭجاڭ، گاجىت بەكرىلەر ئۆزلىرىنى ئۇزىتىپ چىققان خەلققە خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار شۇ يەردە ئابلىمىت پالۋان بىلەن خوشلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق بۇ قوشۇننى دۆڭ قوتاندا، قارچىغىدا، چارادا، قارا چاچتا، تىكەنلىكتە، يىڭىسۇدا ئەنە شۇنداق داغدۇغا بىلەن كۇتۇۋالدى. خۇسۇسەن تىكەنلىك خەلقىنىڭ تەلىپى بىلەن تىكەنلىكتە بىر كۈن

مېھمان بولدى. تىكەنلىك خەلقى ئۇلارغا ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت كۆرسەتتى. بۇ بولسا زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ بايراقدارى خوجىنىياز ھاجىمغا كۆرسەتكەن ھۆرمەت ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ تىكەنلىكتە قالغان قوشۇننى يىغىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىدە تىكەنلىكتە بىر كۈن تۇرۇشنى دەسلەپتىلا تەشەببۇس قىلغانىدى. لېكىن، «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك ئۇلار كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ تىكەنلىكتە قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەملىرى كامال داموللىنىڭ چاقىلىقتىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ خېلى بۇرۇنلا كەتكەنىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# سۈركىلىش

ئەل ـ يۇرتنىڭ رايىنى بىلمىگەن «ئالىم»
ناكەسلىك بابىدا زالىمدىن يامان.
چۈنكى ئۇ نوپۇزلۇق ئەرباب بولۇۋېلىپ،
ئەركانلار رەڭگىنى قىلىدۇ سامان.

—— ئابلىكىم تۇردى

—— ئابدۇكېرىم ئەلەم قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر بىللە كەپتۇ، —— دېگەن خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا پۇر كەتتى.

بۇ خەۋەرنى كىشىلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈرۈپ خۇش خەۋەر سۈپىتىدە بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشتى. بۇ چاغ باش قىش بولۇپ، يەر جاھان توڭلاپ كەتكەن، دەل ـ دەرەخلەر يالىڭاچلىنىپ، ئىزغىرىن شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. كامال داموللىنىڭ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشقانىدى. يۇرتنى ئېزىز ھاجىم ئىدارە قىلىۋاتاتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يېرىم يىل بۇرۇن تىكەنلىكتە قالغان ئەسكەرلىرى ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئۆز باشلىقىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشى بۇ كىچىككىنە يۇرت ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىش بولغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي خەلق ئارىسىدا مۇنداق گەپ

تارقىلىپ كەتتى.

— بۇ قېتىم كەلگەن قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىر پەرىشتىمۇ بىللە كەپتۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ نۇسرەت تاپالىشىمۇ شۇنىڭدىنمىش. ئۇ كۈندۈزى بېشىغا ياغلىق چىگىپ، مۇرىسىگە قورال ئېسىپ يۈرگۈدەكمىش. كېچىسى غايىب بولار-مىش. يەنە ئەتىگىنى سوۋە كۆتۈرۈلگەندە بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالارمىش. سورىغانلارغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇردى يىڭجاڭنىڭ خوتۇنى دەرمىش...

پەرىشتە توغرىسىدىكى مانا شۇ مىش - مىش خەۋەر پۈتۈن يۇرتنى ئاياغقا تۇرغۇزۇۋەتتى. مەھەللىدە شۇ گەپ، مەسچىت ئالدىدا شۇ گەپ، بازاردا شۇ گەپ، ئۆي - ئۆيدە شۇ گەپ ئىدى. بۇ ئىش بولۇپمۇ گەپ توشۇمىسا جىم تۇرالمايدىغان، قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان، تۈۋى تۆشۈك قازاندەك خوتۇنلار ئۈچۈن ئالا-ھىدە دەسمايە بولۇپ بەردى. ئۇلار بۇ سىرلىق خەۋەرنى پۈتۈن يۇرتقا تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرت خەلقى ئەر - ئايال، ياش - قېرى دېمەي ھەممىسى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايىغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرت جۇملىدىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايى بايرام تۈسىنى ئالدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ۋە خوجىنىياز ھاجىم ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ كوماندىرى تۇردى بەكرى ۋە ھاكىم گاجىت بەكرى قاتارلىق كىشىلەر ھاردۇق سوراپ كەلگەن يۇرت ئەھلى بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشلۇق بەردى. شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىگىچە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايىدىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كەلگەنلەر ھەرگىزمۇ قۇرۇق قول كەلمەيت-تى. بەزىلەر قوي، كالا ئېلىپ كەلسە، بەزىلەر ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئاشلىق، يەم - بوغۇز، بېدە، سامان ئېلىپ كېلەتتى. بەزىلەر كىگىز، كىيىم - كېچەك ئۈچۈن ماتا - چەكمەن ئېلىپ

كەلسە، بەزىلەر چېدىر ئۇچۇن پالاس ئېلىپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ كونىلارنىڭ «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز، تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغىنى جۇجە - خو- راز» دېگىنىدەك ھەممە ئادەم ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلاتتى. ھالىغا يارىشا قوزغىلاڭچىلارنى قوللايتتى ۋە ياردەم بېرەتتى.

بەزى ئادەملەر ئەتىگەن كېلىپ كەچكىچە شۇ يەردىن كەت- مەيتتى. ئۆتكەن - كەتكەنلەرگە سىنچىلاپ قارايتتى ۋە بىرىنى ئىزدىگەندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىزدىگىنى باشقا بىرسى بول- ماستىن مۇرىسىگە قورال ئاسقان «پەرىشتە» ئىدى. چۈنكى، بۇ چاغقىچە مۇرىسىگە قورال ئاسقان ئايال زاتىنى تېخى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا تەرىپلەنگەن ئايال- نىڭ «پەرىشتە» ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئادەم ئىشىنىپ قالغانىدى. ئۇنى كۆرگەن بەزى بىر كىشىلەر ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، ئاجايىپ گۈزەل چىراي ۋە قاپقارا ئاھۇ كۆزلى- رىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختى- شاتتى. شۇنداق قىلىپ «خاسىيەتلىك پەرىشتە» ھەققىدىكى ھې- كايە پۈتۈن يۇرتقا تارقىلىپ كەتتى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قەلبى شۇ «پەرىشتە» نى كۆ- رۈش ئارزۇسىدا ياندى.

* * *

1934 - يىل 1 - ئاي. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ۋە تۇمان. ئەتراپنى قار قاپلاپ كەتكەن. يېڭى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن قار يېغىپ ھاۋانى تېخىمۇ سوۋۇتۇۋەتكەنىدى. ھەر كۈنى كېچىسى دەل - دەرەخلەر قىرو باغلاپ كېتەتتى. قۇشقاچلار دان ئىزدەپ ئېغىل - قوتانلاردا ماكان تۇتقانىدى. قاغىلار توختىماي قاقىلدى- شاتتى. يۇرتنى كامال داموللا قۇرۇغداپ قويغانىدى. ئەمدى

يېڭىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئاچ ـ توق، ئاتلىرى سامان،
بېدە، يەم ـ بوغۇزسىز تۇرۇۋاتاتتى. خەلق ئەكەلگەن نەرسلەر-
نى ئۇدۇللۇق ئابدۇكېرىم ئەلەم يىغىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ قاي-
تىپ كەلگىنىگە ئون بەش كۈن بولۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم
ئۆز ئۆيىدىن چىقماي ئۆزىنىڭ تارقىلىپ كەتكەن بىر قىسىم
ئادىمىنى يىغىۋېلىپ «ئاغرىپ قالدىم» دېگەن باھانە ـ سەۋەب
بىلەن يېتىۋالغانىدى. تۇردى يىڭجاڭ بىلەن گاجىت بەكرى يوق-
لاپ بارسىمۇ ئۇلارغا ئوچۇق چىراي ئاچمىدى.
موسولبايىنىڭ خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن يازغان خېتىنى
تاپشۇرۇپ ئالغان باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش
ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئېزىز ھاجىم، ئەيسا قازى ئاخۇنۇم،
ھاشىمبەگ قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن يېڭى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت-
نى ئىشقا چۈشۈرۈش، ئەسكەرلەرنى ۋە ھەربىي ئاتلارنى تەمىن-
لەش ئىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلىدىكى
يامۇل بۇلتۇر دېھقان قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋې-
تىلگەچكە ھاشىم بەگنىڭ شەھەردىكى جايىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مەت ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى. گاجىت بەكرى ئىشقا چۈشتى.
يەرلىكلەردىن ۋە يېڭى كەلگەنلەردىن بولۇپ ئون نەچچە ئادەم
ھۆكۈمەت خىزمىتىگە تاللاندى ھەمدە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ۋەزى-
پىلىرى بەلگىلەپ بېرىلدى. ئارقىدىن ھەربىيلەرنىڭ تۇرار جايى
تاللاندى. ئەسلىدىكى جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىدىن قالغان «كونا
لەڭزە» دە تۇرغۇدەك يەر يوق ئىدى. شۇڭا، ھازىرچە قوشۇننى
ئۈچكە بۆلۈپ بىر قىسمىنى بازار ئىچىدىكى بۇرۇنقى ئاشلىق
ئامبىرى بىلەن ئۇنىڭغا يانداش بولغان كونا ھەربىيلەر ئاختاخانى-
سىغا، يەنە بىر قىسمىنى قۇتلۇقنىياز شاڭيۇنىڭ ئىككى سارىيى-
غا، قالغىنىنى ناسىر بەگنىڭ جايىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جاي
يېزىدا بولسىمۇ ناھايىتى كەڭرى جاي ئىدى.

ئەمدىكى ۋەزىپە خوجىنىياز ھاجىم ۋە مەھمۇت سىجاڭنىڭ يولىيورۇقى بويىچە بىر قوزغىلاڭچىلار شتابى تەشكىل قىلىپ ھەممە ئىشنى شۇ شتابنىڭ يېتەكچىلىكىدە پىكرى بىرلىككە كەلگەن، ئىتتىپاقلاشقان ئاساستا ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئەلەم يېتىۋالغانىدى.

— ھاجىم بىز بۇ يەرگە تولۇق كۆز. شۇڭا، بۇ ئىشقا ئۆزلىرى كۈچ چىقارمىسىلا بولمىغۇدەك، — دېدى ھاكىم گاجىت بەكرى باھاۋۇدۇن ھاجىمغا.

— بىز ئابدۇكېرىم ئەلەم ئاخۇنۇمغا تاغدەك ئىشەنگەن. ئەمدىزە، — «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — ئاخۇنۇم كېلىپلا يېتىۋالدى. موسولباي ئاكام «ھەر قانداق ئىش بولسا ئۆز بې-شىمچىلىق قىلماي باھاۋۇدۇن ھاجىمدىن ياردەم سوراڭلار» دې-گەنىدى. بىزگە بىر ئاتىدارچىلىق قىلىپ ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن بىزنى بىر ھەمكارلاشتۇرۇپ قويسىلا:

— راست، چوڭ دۈشمەن ئالدىمىزدا تۇرغاندا ئەلەم ئاخۇ-نۇم بىزنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى، — دېدى گاجىت بەكرى ئەپسۇسلانغان ھالدا، — ئۇ كىشى بىلەن ئارىمىزدا ھېچ ئىش بولغىنى يوق. ھەممىمىز ھۆرمەتلەپ كەلدۇق. تېخى شايار خەلقىنىڭ قىلغان ھۆرمىتىنى دېمەملا، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈ-دەك بولۇپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجىمغىمۇ شۇنچىلىك ھۆرمەت كۆرسەتكەن بولۇر ئىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىرىنچىدىن، خەلق ئۆز دىنىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى چوڭ كۆرۈپ ئۆلىما، دىنىنىڭ پېشۋاسى دەپ ئويلىدى. ئىككىنچىدىن، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇت-قۇزۇش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان غازى دەپ ئويلىدى. ئۈ-چىنچىدىن، ئۇنى پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى دەپ تونۇدى. شۇڭا، ئۇ كىشىنى ھەممىمىز ھۆرمەت قىلدۇق. ئۇنىڭ تەلىپى بولمىسا بىز ساراڭمىدۇق بۇياقلاردا چۆرگىلەپ يۈرگىلى. تۇر-

دى يىڭجاڭ دېگەندەك بىز ئۆزلىرىدىن ياردەم سوراپ كەلدۇق.
بۇ سۆھبەت بىر يىل بۇرۇن موسولبايلار كېلىپ تۇنجى قېتىم قوزغىلاڭچىلار شتابىنى تەشكىل قىلغان باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ مېھمانخانىسىدا بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭدىن بۇيان بىر يىل ئۆتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيانقى ئىشلار بىر - بىرلەپ ئۆتتى. شۇنىڭدىن بۇيان خېلى كۆپ ۋاقىتلار بولدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم دۈشمەندىن ئولجا ئېلىنغان بارلىق مال - مۈلۈكنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ئېزىز ھاجىمنى يەكلەپ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى. بىكاردىن بىكار كامال داموللا بىلەن يۇرتۋازلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ بىرمۇنچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. مانا ئەمدى بۇ كىشىلەرنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرماقتا... دۈشمەندى كۆلـدۈرۈپ، دوستلارنى يىغلىتىدىغان مۇنداق ئىشلارنى ئويلىغان باھاۋۇدۇن ھاجىم ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى مېھمانغا قاراپ:
— بولىدۇ، مەن ھەرىكەت قىلىپ كۆرەي. ئامال قىلىپ بۇ ئىشلارنى ئوڭشاپ كېتىمىز، — دەپ كاپالەت بەردى. مېھمانلار يېنىك نەپەس ئېلىشتى.
مېھمانلار باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ئوبدان مېھمان بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر گېپى باردەك قىلاتتى. ئۇنى ئوچۇق ئېيتالمايۋاتاتتى، بۇنى سەزگەن باھاۋۇدۇن ھاجىم:
— ھەر بىرلىرىنىڭ يەنە ئېيتالمايۋاتقان بىر گېپى باردەك قىلىدۇ، — دېدى. ئىككى مېھمان بىر - بىرىگە قاراشتى - دە، راست گەپنى قىلدى.
— ھاجىم دېمىسەك بولمىدى، «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالامدۇ، — قانداق؟ قوشۇننىڭ تەمىناتى توگەپ قالاي دېدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم ھەمكارلاشقان بولسا ئىشلار ئاسان بولۇرمىدىكىن، — دېدى ھاكىم گاجىت بەكرى ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— بولىدۇ. بۇ ئىشنى مەن يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشاي. ھازىرچە دېدى باھاۋۇن ھاجىم، — مەن ئەللىك ئەركەك قوي، بەش كالا، يەنە ئەللىك چارەك ئۇن [1] بېرەي.

— كۆپ رەھمەت ھاجىم، — دېدى گاجىت بەكرى، — پۈتۈن قوشۇن سىلىدىن مىننەتدار. مەن جەڭچىلەرگە ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىمەن.

— تۈزۈت قىلىشمىسىلا، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئىشى، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

مېھمانلار كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن باھاۋۇدۇن ھاجىم ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي بىردەم ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرسا، ئارقىدىنلا ئېزىز ھاجىمنىڭ ئۆيىگە باراتتى. ھېلى ئەيسا قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئايۋىنىدا پەيدا بولسا، ئارقىدىنلا ھاشىم بەگنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتى. ئەتىگىنى بامدات نامىزىدا جامائەتنى قوزغىلاڭچىلارغا ئىئانە بېرىشكە چاقىرسا، جۈمەدە پۈتۈن يۇرتقا «غازىلارغا ياردەم بېرەيلى» دېگەن چاقىرىقنى چىقىراتتى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۆز ھالىغا يارىشا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا ياردەم قولىنى سۇناتتى. شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ تەمىنات مەسىلىسى ئاستا ـ ئاستا ھەل بولۇشقا باشلىدى. «تاما ـ تاما كۆل بولار» دېگەندەك ئاز ـ ئازدىن يىغىلغان نەرسىلەر 1934 ـ يىلىنىڭ قىش، ئەتىياز مەزگىلىدىن ئۆتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. پۈتۈن قوزغىلاڭچىلار، جۈملىدىن ھاكىملار ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە بولۇۋالماي، تاپقاننى تەڭ كۆرۈپ، كۆز ئالدىدىكى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى.

---

① بىر چارەك يىگىرمە جىڭ.

* * *

ئىككى مېھماننى يولغا سالغان باھاۋۇدۇن ھاجىم ئولتۇرۇپ بىر مەزگىل ئويلانغاندىن كېيىن:

— خەير نېمىلا بولسا، ساۋابلىق ئۇچۇن، — دېدى - دە، ئاتلىنىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ بارغان چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىدىن سامساق كۆكىپشى، ئىسمائىل شاڭيۇ قاتارلىق ئونغا يېقىن ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ھەم ھەمنەپەسلىرى چىقىۋاتاتتى. بۇ كىشىلەر ئەتىگەندىلا كەلگەنىدى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ مەقسىتى «سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش» ئىدى. ئۇلار داستىخان ئۇستىدە ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئابدۇكېرىم ئەلەم سۆزلەيتتى. قالغانلار «خوش»لا دەيتتى خالاس.

— شۇنداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قورقماي جان تىكىپ ئېلىشىپ، جىن شۇرىن ئەسكەرلىرىدىن يۇرتىمىزنى تازىلىدۇق. قاننى بىز تۆكسەك باشقىلار «تەييارغا، ھەييار» بولۇپ، راھەتىنى كۆرمەكچى بولۇشتى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئېچىنىپ.

— ئەلھەق، ئەلھەق، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار.

— ئوسمان شاڭيۇ دېگەن تۇزكورنى كامال داموللىنى توسۇشقا ئەۋەتسەم خوتەنلىك - خوتەنلىككە يان بېسىپ، ئۇنى توسۇش ئورنىغا ئەكسىچە كامال داموللىنى باشلاپ كېلىپ بىرمۇنچە قېرىندىشىمىز ئۆلدى. ئۇنى ئاز دەپ نەچچە ئاي سەرسان بولۇپ يۈردۇق. ھەتتا قارا يۇلغۇندىكى تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھەممىمىز ئۆلگىلى تاس قالدۇق.

— ئەلھەق، ئەلھەق...

— خوجىنىياز ھاجىمنى پاناھ تارتىپ بارساق، ئۇ ئادەم بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنمەي ئەمدى يەنە بىر نەچچىسىنى

گەژگىمىزگە مىنگۈزۈپ قويدى. ئۇلار بىزنىڭ يۇرتنى تۇڭگاند-
لاردىن ساقلارمىش. خۇددى بىز تۇڭگانلاردىن قورقىدىغاندەك. . .
— ئەلھەق، ئەلھەق، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار يەنە.
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن ئاخۇنۇم؟ — دېدى ئېگىز
بويلۇق، يۇملاق يۈزلۈك ئاقساقال ئادەم. بۇ بىر نەچچە مىڭ
قوينىڭ ئىگىسى باقى شەيتان ئىدى.
— قانداق قىلاتتۇق باقىباي. بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تى-
قىپ يېتىۋالىمىز، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — بىز
بولمىساق ئادەملىرىنى تويغۇزۇپ باقسۇن قېنى. بوش تاغار ئۆرە
تۇرامدىكىن. . .
— ئانداق قىلساق بولماس، — دېدى شۇ چاغقىچە جىم-
جىت ئولتۇرغان مۇھەممەتشا ھاجىم، — ھەممىمىز بىر مۇ-
سۇلمان تۇرساق.
— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى ئاچچىقى كەلگەن ئاب-
دۇكېرىم ئەلەم، ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ
كەتتى، — ھېچقانداق كىتابتا بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇل-
ماننىڭ يۇرتىنى تارتىۋالسۇن دېمىگەن.
— ئەگەردە تۇڭگانلار راستتىنلا كەپقالسا، بىزنىڭ كۈچى-
مىز يەتمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ كەلگىنىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ —
دېدى ئاغا بەرگەن.
— ھاي ئاغا بەرگەن، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ — دېدى
ئابدۇكېرىم ئەلەم، — تۇڭگانلارغا بۇ يەردە نېمە بار؟ راستتىنلا
سەن دېگەندەك تۇڭگانلار كېلىپ قالسا، ئاستالا «چىكىلىك
ئومى» گە بېرىۋالمىساق ئۇلارغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.
بۇنداق سولتەكلەر تۇڭگانلارنى نېمە قىلالايتتى. . .
ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ مۇددىئاسى ئەمدى ئاشكارىلانغانىدى.
ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى ئىچىدە «توۋا» دەپ ھەيران بولسا،
بەزىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى قوللايتتى. يەنە بەزىلەر سۈكۈت ئىچىدە

جىمجىت ئولتۇراتتى.

— ئېزىز ھاجىملار كەلگەنلەرگە نۇرغۇن ئوت ـ سامان، يەم ـ خەشەك ۋە ئاشلىق ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، — دېدى سامساق كۆكبېشى، — يەنە شەھەردىكى چوڭ بايلاردىن باھاۋۇدۇن ھاجىم، ئىمىن ھاجىم ناسىر ھاجىملارمۇ نۇرغۇن ئۇن، قوي بېرىپتۇ.

— مەيلى ئۇلار بەرسە بەرسۇن. بىزدە كەلگىنىدىلەرگە بې-رىدىغان ھېچ نەرسە يوق، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — قېنى كۆرەرمىز. كامال داموللىمۇ كەلگەندە جاھانغا پاتماي كەلگەن. كەتكەندە شۇمشىيىپ ئاران كېتىپتۇ. ئاچتىن ئۆلمىسە يۇرىۋەرسۇن.

بۇ گەپلەر ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆز يېقىنلىرىغا بەرگەن سىگنالى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاستا ـ ئاستا تارقال-دى. مانا شۇ چاغدا ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا باھاۋۇدۇن ھاجىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سوغۇق چىراي ۋە ئوغرىدەك يەر ئاستىدىن قاراشلىرىدىن باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۇلارنىڭ يەنە كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ھـەي، — دەپ بېشىنـى چـايقىدى باھـاۋۇدۇن ھاجىم، — «سۆت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ دېگەنلەرنى ئويلىدى ۋە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

* * *

ئابدۇكېرىم ئەلەمنى گەپكە كىرگۈزۈش تولىمۇ تەسكە توخ-تىدى. باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەيسا قازى ئاخۇنۇمنى بىللە ئېلىپ بېرىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن ناھايىتى جاھىللىق قىلىپ ئامالسىز ھەمكارلىششقا ماقۇل بولدى. شۇنداق بولسى-

مۇ بەربىر «قوناق ئۆيىنى سوغۇق سۇدا خېمىر ئەتكەن» دەك بىر ئىش بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قوزغىلاڭچىلار شتابىنى تەشكىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بۈگۈنكى كۈن بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن موسۇلبايلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن تەشكىل قىلىنغان تۇنجى قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىگە توغرا كەلدى. شۇ كۈنى باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ھويلىسىدا بىر يىل بۇرۇنقىدەك قوي سويۇلۇپ، شۇ چاغدىكى موسۇلبايلار جايلاشقان مېھمانخانىغا داستىخان سېلىنىپ بارلىق يۇرت چوڭلىرى يىغىلدى ۋە بىر يىلدىن بۇيانقى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى. لېكىن، ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تەرەپبازلىقلىرىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقتى ۋە بارلىق نەتىجىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ دېيىشتى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپچىلىككە مەلۇم بولغاچقا بۇ پىكىرگە ھېچكىم قارشى چىقمىدى.

— ئەمدى نۆۋەتتىكى ئىش، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم ئاخىرىدا، — يېڭىدىن بىر قوزغىلاڭچىلار شتابى تەشكىل قىلىپ، ناھىيىنى، قوشۇننى ئوبدان باشقۇرۇپ دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئۈمىدى.

باھاۋۇدۇن ھاجىم موسۇلباينىڭ خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن يازغان خېتىنى ئەيسا قازى ئاخۇنۇمغا بېرىپ، كۆپچىلىككە ئوقۇپ ئاڭلىتىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئەيسا قازى ئاخۇنۇم خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇدى. بۇ خەت ناھايىتى يالقۇنلۇق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي كۈرەش قىلىش، خەلقنى ئاسراپ، دۈشمەنگە شەپقەتسىز بولۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. بۇ خەت ھەممەيلەنگە خېلى ئوبدان تەسىر قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار شتابىنى تەشكىل قىلىش توغرىسىدا قىزغىن مۇزاكىرە باشلىنىپ كەتتى. نەتىجە-

دە ھاكىم گاجىت بەكرى، تۇردى يىڭجاڭ، — ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىز ھاجى، باھاۋۇدۇن ھاجى، قاسىم ھاجى، ھاشىمبەگ، ئايۇپ فۇگۇەن، يېڭىسۇدىن ئىمىن ئەلەم، مىرەندىن ھاشىم شاڭيۇ، ۋاششەرىدىن قۇربان شاڭيۇ قاتارلىق ئون بىر نەپەر ئادەم سايلاندى. ئەسلىدە ۋاششەرىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ئوسمان شاڭيۇنى ساقلاپ قېلىش تەكلىپ قىلىنغانىدى. بۇنىڭغا ئابدۇكېرىم ئەلەم قارشى چىقتى.

— ئەگەر ئوسمان شاڭيۇ بۇ شتابقا كىرسە مەن قاتناشمايمەن، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيلا ئاخۇنۇم؟ — دېدى ناسىر ھاجىم.

— مەن ئۇنى بۇلتۇر شتابقا ۋەكىل قىلىپ كامال داموللىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتسەم ئۇ، كامال داموللىنى توسماستىن بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ، بىزگە ئاز سورۇقچىلىق سالدىمۇ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم. ھەممەيلەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم يول قويدى.

— ئەمىسە كىمنى سايلىساق بولار؟ — دېدى ئېزىز ھاجى. باشقىلار جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. بۇ جىمجىتلىقنى ھاشىمبەگ بۇزدى.

— قۇۋان شاڭيۇنى تەكلىپ قىلايلى، — دېدى ئۇ.

بۇ تەكلىپنى ھەممىدىن بۇرۇن ئابدۇكېرىم ئەلەم قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن شتابتا ئابدۇكېرىم ئەلەمگە بىر ئۈلۈش كۈچ قوشۇلدى. چۈنكى، قۇۋان شاڭيۇ ئۇنىڭ تۇغقىنى ئىدى. شۇنداق كەسكىن تالاش - تارتىش ئارقىلىق ئاخىر قوزغىلاڭچىلار شتابىنى قۇرۇش ئىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. ھاكىم گاجىت بەكرى باشلىق، تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۇنىڭ مۇئاۋىنى، باھاۋۇدۇن ھاجىم مەسلىھەتچى، ئايۇپ فۇگۇەن شتاب باشلىقى بولدى. يەنە

شۇ يىغىندا بىرقانچە قارار قوبۇل قىلىندى.
1) گاجىت بەكرى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.
2) تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن ناھىيە بويىچە پۈتۈن قوشۇننى يىغىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ.
3) ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن ئېزىز ھاجىم قىسىملارنىڭ تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.
4) ئىمىن ئەلەم يىڭسۇدىكى ئاھالىلەرگە تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى توستۇرۇپ، تۆپرىقى ئۈنۈملۈك جايلارغا سۇ چىقىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ تېرىلغۇ قىلىشى ئۈچۈن ياردەملىشىدۇ.
5) ئەتراپتىكى چوڭ يوللارغا قاراۋۇل قويۇش، قوغدىنىشنى كۈچەيتىپ، دۈشمەن تەرەپكە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىش دېگەنلەردىن ئىبارەت.

ھەممەيلەن تارقالغاندىن كېيىن باھاۋۇدۇن ھاجىم چوڭقۇر بىر «ئۇھ» تارتتىدە:

— خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغىن، بەزىلەرنىڭ نىيىتى نېمە دېگەن يامان، — دېدى.

* * *

ئىككى ھەپتىدىن بۇيان ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش ئىشى بىلەن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قارىغا ئېلىش ۋە ئېتىش ئىشىنى مەخسۇس ئايۇپ فۇگۇەننىڭ ئۆزى تۇتتى. قىلىچ چېپىش ۋە نەيزىۋازلىق ئىشىنى مەخسۇس تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئۆزى تۇتتى. لېكىن، ئوت - سامان، يەم - بوغۇز يېتىشمىگەچكە ئاتلار ئورۇقلاپ كېتىپ بۇ ئىش راسا ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتاتتى. يۇرت كىچىك، نوپۇس ئاز بولغاچقا زاپاس ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە زامانلاردىن بۇيان تەبىئەتكە تايىنىپ مال بېقىپ كەلگەن قالاق ئىگىلىك ئازغىنە بېسىمغا چىداشلىق بېرەلمەيۋا-تاتتى. بۇ يىل يازغا چىقىش قوزغىلاڭچىلار ئۇچۇن يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك بىر ئىش ئىدى. شۇنداقلا كامال دامولىلىنىڭ ئادەملىرى بۇ يۇرتنى قورۇغداپ قويغانىدى. هازىرچە ئاتلارنى يانتاق بىلەن بېقىشلا قالغانىدى. ئۇلار «ئاتقا مىنگەشمە، مىگەشسەڭ كۇتۇم ئاغرىدى دېمە» دېگەندەك سىناققا دۇچ كەلگەنىدى.

— هازىرچە مۇشۇنداق بىر ئامالىنى قىلىپ تۇرايلى. يېڭى كۆككە چىقىۋالساق ئىشىمىز يۇرۇشۇپ كېتىدۇ، — دېدى تۇر-دى يىڭجاڭغا باھاۋۇدۇن هاجىم، — ئەسكەرلەر نەيزىۋازلىق بىلەن قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىپ تۇرسا. . .

— ماقۇل هاجىم، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — ئامال قانچە. . . .

— بىزنىڭ غۇلارەكتە ئەللىك تاناپ بېدىلىك بار. مەن ئۇنى قىسىمغا تەقدىم قىلاي. يەنە باشقىلار بىلەنمۇ سۆزلىشىپ كۆرەي، ئۇلار بېدىلىكنى تەقدىم قىلسا، ئۇلارغا رەھمەت دەيلى، ئامال بولمىسا پۇل بىلەن سېتىۋالايلى، — دېدى باھاۋۇدۇن هاجىم، — مېنىڭ ئىنىم ئىمىن هاجىمنىڭ مەدرىسىنىڭ كەينىدە ئوتتۇز تاناپ ۋەخپىسى بار. شەرئى مەھكىمە بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىمۇ قىسىمغا بەرسەك بولىدۇ.

— رەھمەت هاجىم، رەھمەت، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ خۇشال بولۇپ، — مېنى خېلى غەمدىن خالاس قىلدىلا.

— ئالدىراپ «رەھمەت» دەپ كەتمىسىلە، — دېدى باھاۋۇدۇن هاجىم، — بۇ بىز پۇقرالارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرۇچى.

باھاۋۇدۇن هاجىم خوشلىشىپ كەتتى. تۇردى يىڭجاڭ ئۇ-نىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ خىيال ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بۇ ساۋاتسىز سودىگەر بىلەن شەرئەت ئۆلىماسى

ئابدۇكېرىم ئەلەمنى سېلىشتۇرۇۋاتاتتى. بىر ھەپتە ئۆتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلق قوزغىلاڭچى قىسىمغا بىرنەچچە مىڭ تاغار سامان ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېزىز ھاجىم ئەللىك تاناپ، پولات ھاجىم ئون بەش تاناپ، مەمتىلى ئاخۇن بەش تاناپ، ھاشىمبەگ ئوتتۇز تاناپ، ناسىر بەگ يىگىرمە بەش تاناپ يەنە باشقىلار قوشۇلۇپ ئۈچ يۈز تاناپتەك بېدىلىك ئىئانە قىلىندى.

— ۋاشەرىدە، مىرەندە سامان بار ئىكەن. يېڭىسۇدىغۇ تاشلىۋەتكەن سامان خېلى كۆپ ئىكەن. لېكىن، يول يىراق، ئەكېلىش تەس قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى بىر كۈنى باھاۋۇدۇن ھاجىم تۇردى يىڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ.

— ئويلىشىپ باقايلى، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— مېنىڭ تەكلىپىم مۇنداق، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم، — ھارۋىلارنى ئەۋەتىپ ۋاشەرى، مىرەندىن بىر ئاز سامان يۆتكەپ، يارامراق ئاتلارنى باقساق، ئۆتكەن قېتىمقى يىغىندا قاراۋۇللۇقنى، چارلاشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللانغان. ئەگەر ئادەم ماڭدۇرۇلمىغان بولسا، شۇ يەرگە بارىدىغان جەڭچىلەرگە كۆپرەك ئات بەرسەك، قاراۋۇللۇق قىلىغاچ ئاتلارنى بېقىپ تۇرسا.

— بولىدىغان گەپكەن، شتاب يىغىنىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپ باقايلى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شتابتا ئېچىلغان يىغىنىدا بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى.

* * *

ھاشىخان قارا يۇلغۇندىكى ئۇرۇشتىن كېيىن قىسىمنىڭ بايراقچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىرمۇ كاناي چېلىنىش بىلەن

تەڭ مەيداندا ھازىر بولاتتى.

ئۇ بەزى چاغلاردا باشقىلاردىن بىرنەچچە مىنۇت بۇرۇن مەشىق مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ مەشىق قىلىشقا باشلايتتى. تۇر- دى يېڭجاڭ ئەسكەرلەرنىڭ قىلىچ ئۇرۇشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان غەربىي سېپىلنىڭ كەينىگە مەشىق مەيدانى ياساتقانىدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىردىن كۆپرەك، كەڭلىكى ئىككى مېتىر تۈپتۈز يول ئېلىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەر ئون مېتىردا بىرنى ئوڭغا يەنە بىرنى سولغا ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تۈۋرۈك ئورنىتىپ، تۈۋرۈكنىڭ ئوت- تۇرىسىنى بارماقچىلىك تاياق ئورناشقۇدەك تېشىپ ئۇ يەرگە بىر دانە تاياقنى سانجىپ قويىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتىپ كېتىۋېتىپ ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا قىلىچ ئۇرۇپ ئاشۇ تاياقلارنى چېپىپ تاشلايتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىچ مەشىقى قىلاتتى. خوجىنىياز ھاجىم كۆچادا چاغدا كوماندىرلارنى يىغىپ، مۇشۇنداق مەشىق قىلىشنى بۇيرۇغان.

ـــ رۇسلار مۇشۇنداق مەشىق قىلىدۇ. ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەننى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ، ـــ دېگە- نىدى.

بۈگۈن باشقىلاردىن خېلى بۇرۇن مەشىق مەيدانىغا چىققان ھاشىخان ئاق بوز ئاتنىڭ ئۈستىدە ئىخچام ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە سانچىقلىق تۇرغان تاياقلارنى چېپىپ ئۆتۈپ كەت- تى. بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئايۇپ فۇگۇەننىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى ھەۋىسى كەلدى.

ـــ ھەي ئىست ئوغۇل بالا بولۇپ تۇغۇلماپتىكەن. بولمى- سا قىلىچ چېپىشتا ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىكەن، ـــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.

ـــ راست دەيلا فۇگۇەن، ـــ دېدى ساۋۇت ئاتلىق ئېگىز بويلۇق ئەسكەر، ـــ ئۇ ئەر كىشى بولغان بولسا قارا يۇلغۇندە-

ـكى جەڭدە ئەللىك تۆڭگاننىڭ بېشى ئارتۇق كېسىلەتتى.
— شۇنداق. بۇ ئايالنىڭ چېچى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەقلى قىسقا ئەمەسكەن، — دېدى يەنە بىر ئەسكەر زوقلىنىپ.
— سەن ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قانداق بىلدىڭ توختى؟ — دېدى ساۋۇت.
— ئۇ ئەقىللىق بولمىسا ئاشۇنداق پاك تۇرامتى؟ ئۇ ئاشۇ گۈزەللىكى بىلەن نۇرغۇن پوق يېگەن بولاتتى. ئېرىنىمۇ رەسۋا قىلاتتى، — دېدى توختى.
— پاكمۇ؟ ياكى پاك ئەمەسمۇ؟ سەن قاراپ تۇرامتىڭ ئاغىنە، — دېدى ئەخمەت ئىسمىلىك سېرىق چىراي يىگىت.
— قەتئىي ئىشىنىمەن ئۇ پاك، مەن قارا يۇلغۇندىلا ئۇنىڭ-غا قول قويغان. شۇڭا، ھەر كۈنى نامىزىمدا خۇدايىمدىن ماڭ-ـمۇ ئاشۇنداق بىر خوتۇن بەرسەڭ دەپ تىلەيمەن، — دېدى توختى.
— ۋاي بىچارە، — دەپ ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ھاشىخان كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.
— ئايۇپ فۇگـۇەن مـەنمۇ قارىغـا ئېتىشقـا بـارايمـ-ـكىن؟! — دېدى ھاشىخان.
— سىلى دېگـەن بايراقچـى. بۇ ئىشنى يىگىجاڭدىن سو - رىسىلا، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن. ئارقىدىن باشقىلارغا بۇيرۇق بەردى، — دەرياغا قاراپ ئالغا! . — ئۇلار ئوتتۇرا ياردا قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلاتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ھاشىخانمۇ شۇ ياققا كەتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

# جامال بىلەن تۇردىجان

نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.

——ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

1934 - يىلى ياز.

ھاۋا ئىسسىق ھەم قۇرغاق. شەرقتىن چىققان قۇياش يەر - زېمىننى ئوت ئالدۇرۇپ قىزىتماقتا ئىدى. ئەتراپ ياپيېشىللىققا چۆمگەن. ھەممىلا يەردە گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. دەسلەپكى مېۋىلەر پىشىپ كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تەككەن، ئۆرۈك- لەر سارغىيىشقا باشلىغان چاغلار ئىدى. ھەر خىل ئۇچار - قاناتلار خۇشاللىق ئىلكىدە سايرىشاتتى. خۇسۇسەن كۇندۇزلىرى قۇش- قاچلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى، تۇمۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرى ھەممە ياقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېچىلىرى بولسا ياز كېچىسىگە خاس بولغان تورۇلغىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇ- سىنى قاچۇراتتى. كاككۇك «كاككۇك، كاككۇك، كاك كاك- كۇك، كاككۇك. . . » دەپ توختىماي ئۆز ئاشىقىنى چاقى- راتتى.

قوزغىلاڭچىلار ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتىسمۇ چىداپ بىر ئامال قىلىپ يېڭى كۆككە چىققانىدى. ئەتىيازدىكى ئۇزۇكچى-

لىكتە ئاتلار بەك ئورۇقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يېڭى يېدىدە خېلى ئوبدان بېقىلغاچقا خېلى سەمرىپ قالغان ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەشىق قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلانغانىدى. قوزغىلاڭچىلار ئەتىيازدىكى كوچا ئۇرۇشى ۋە نەيزەۋازلىق مەشىقىدىن ئاتلىق قىلىچۋازلىق مەشىقىگە ئۆتكەنىدى. بۇ ئىشتا ساۋابلىقنى كۆپ ئىزدەيدىغان باھاۋۇدۇن ھاجىم بىلەن ئېزىز ھاجىملار كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. ھەممە ئادەم كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ تۇراتتى. ھاكىم گاجىت بەكرى خېلى ئىقتىدارلىق ئادەمكەن. ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى خېلى ئوبدان يولغا سېلىۋالغانىدى. خۇسۇسەن ئالتۇنتاغدىكى چارۋىچىلاردىن ئېلىنىدىغان تۇياق بېجى بىلەن سودا بېجىنى ئۆز ۋاقتىدا يىغدۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى ئاز بولسىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىن ئەتتى. پۇقرالارنى ۋە يېڭىسۇدا تۇرۇۋاتقان بىر روتا ئەسكەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆزى باش بولۇپ تارىم دەرياسىدىن سۇ چىقىرىپ بىرنەچچە يۈز تاناپ يەرگە بۇغداي، زاغۇن تېرىتقانىدى. بۇ ئاشلىقمۇ خېلى ئوخشاپ، ئېغىزغا تېگىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەسكەرلەرنى گۆش ـ ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن 2 ـ ئايدىلا بىر قىسىم يەرلىك ئوۋچىلارنى تەشكىللەپ تاغ ئىچىگە ۋە تارىم بويىدىكى ئورمانلىقلارغا ئەۋەتكەن. بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. ھەر ئېيىغا بىرقانچە تۆگىلىك گۆش كېلىپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن بىر جەھەتتىن قوزغىلاڭچىلار گۆش ـ ياغسىز قالمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن خەلق ئۈستىدىكى سېلىق ئازايدى. شۇنداقلا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى جەڭچىلەرنىڭ ئاياغ كىيىمى ۋە ئات جابدۇقلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەسقاتتى. يېقىندىن بۇيان ھاۋا ئىسسىپ كەتكەچكە ئوۋچىلىق توختىدى. بېلىقچىلار ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

— نېمىدېگەن ياخشى، — دەيتتى جەڭچىلەر، — بۇ

كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆز
ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى ئاشقا-
نىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن ئۆز
قول ئاستىدىكى قوشۇننى قاتتىق مەشقلەندۈرۈپ ھەربىي تەلىم
بېرىۋاتاتتى ۋە چاقىلىقنىڭ ئەتراپىدا ئىككى يۈز كىلومېتىر
ئارىلىقتا قاراۋۇللارنى تۇرغۇزۇپ، شىمالدا دورال كونا شەھىرد-
ە، غەربتە ئاقتازدا، جەنۇبتا ئالتۇنتاغ ئىچىدىكى ئەسكى چىد-
مەن، شوركۆل، يېتىم بۇلاق قاتارلىق جايلاردا چارلاش ئېلىپ
بېرىۋاتاتتى ۋە ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار ئارقىلىق
شېڭ شىسەي ۋە تۇڭگانلار ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ تۇرات-
تى. شۇنداقلا ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا خوجىنىياز ھاجىمغا مەلۇ-
مات بېرىپ ھەم يوليورۇق ئېلىپ تۇراتتى. پەقەت بىرلا ئادەم
يەنى ئابدۇكېرىم ئەلەملا يېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلد-
رىمۇ ئىشقا سۇسلۇق قىلىۋاتاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە
باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزدى.
— خوجىنىياز ھاجىم سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ «مۇھاپىزد-
تى» ئاستىدا كورلىدىن ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ.
— مەھمۇت سىجاڭچۇ؟ — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.
— ئۇقمايمەن.
بۇ جاۋاب قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە كۆپ غۇلغۇلا پەيدا قىلد-
دى. شۇنداق بولسىمۇ قوزغىلاڭچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى
«باش پاناھىمىز» دەپ تونۇيتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارغا خوجد-
نىياز ھاجىم نامىدىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ھەربىي
تەمىنات يېتىپ كەلدى. بۇ ئاساسەن ھەربىي كىيىم ۋە بىر ئاز
پۇل ئىدى. بۇ نەرسىلەر قوزغىلاڭچىلارنى تولىمۇ روھلاندۇرۇ-
ۋەتتى.

* * *

— چەرچەندىن قورالىق ئادەم كېلىۋاتقۇدەك، — دېگەن خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا پۇركەتتى. بۇ خەۋەرنى چەرچەندە تۇرۇۋاتقان ئايغاقچى سەيدەك قوزۇق ئاقتازدا تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللارغا خەۋەر قىلغانىدى. ئەمدى يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟ . . . شۇنىڭ ئۈ- چۈن قوزغىلاڭچىلار شتابى يىغىن ئېچىپ مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلدى.

— ئايغاقچىلارنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا چەرچەن تەرەپتىن بىر تۈركۈم قورالىق ئادەم كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى قارا مىلتىق بىلەن، قالغانلىرى تاياق - توق- ماق بىلەن قوراللانغانمىش. ئۇلار باشلىقى جامال، ئۇنىڭ يار- دەمچىسى تۇردىجان دېگەن بىرى ئىكەن، — دېدى هاكىم گا- جىت بەكرى چۈشەندۈرۈپ

— ئۇلارنىڭ مەقسىتى نېمىكىن؟ — سورىدى ئېزىز هاجىم.

— چاقىلىقنى سوراش ئىكەن.

— بىچارىلەر بىزنى بوزەك چاغلاپتۇ - دە، — دېدى باهاۋۇدۇن هاجىم. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېگىز بوي، ئالاگەدەن، تاز چىراي ئادەم كەلدى، — جامال دېگەن بۇلتۇر كامال داموللانىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كەلگەن. كامال داموللا بىزنىڭ مېهمانخانىدا تۇرغان چاغدا بىرنەچچە قېتىم كەلگەنىدى.

— هە، هە. . . بۇ گەپچە ئۇ بۇ يەردە خېلى نەپكە ئېرىش- كەن بولسا كېرەك، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.

جامال ئەسلىدە خوتەنلىك بىر لۈكچەك بولۇپ، بۇلتۇر كامال داموللا چەرچەندىن يولغا چىققاندا «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش» ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغرى - قاراقچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىرەر يۈزچە ئادىمى بىلەن كامال داموللىغا قوشۇلۇپ

چاقىلىققا كەلگەن. ئۇ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بايلىقىنى كۆزلەپ ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن بۇيرۇققا بويسۇنماي ئابدۇكېرىم ئەلەمنى لوپلەڭگەرگىچە قوغلاپ بارغان. لېكىن، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چاقىلىقتا ناھايىتى كۆپ يامان ئىشلارنى قىلغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بىرىنىڭ قولى كېسىلگەن، بىرىنىڭ قارنى يېرىلىشقا ئاز قالغاندا قېتىقچى خوتۇنغا باھاۋۇدۇن ھاجىم پۇل بېرىپ قۇتقۇزۇپ قويغان. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ شۇكۇر قىلماي قورسىقىدا چاقىلىق خەلقىگە غۇم ساقلاپ يۈرگەن، يېرىم يىل بۇرۇن كامال داموللا چاقىلىقنى تاشلاپ كەتكەندە ئىلاجىسىز ئۇمۇ كەتكەن. لېكىن، كامال داموللا چەرچەندە تۇرماي خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاندا ئۇلار پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كەتكەن. چەرچەنگە كەلگەندىن كېيىن ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ «چاقىلىقنى سوراش» مەقسىتىدە يولغا چىققان.

— ئۇلارنىڭ ئادەم سانى قانچىلىك ئىكەن؟ — دېدى پاكار بويلۇق توغرىلىق كەلگەن ھاشىمبەگ.

— ئېنىق سانى مەلۇم ئەمەس. لېكىن، ئىككى يۈزچە بار ئوخشايدۇ، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ جاۋاب بېرىپ.

— ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان. ئۇرۇشۇپ قان تۆكسەك بولماس. شۇڭا، ئادەم ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلايلى. ئاۋارە بولۇپ بۇ يەرگە كەلمىسۇن، — دېدى ئېزىز ھاجىم.

— نەسىھەتكە ئۇنۇمىسىچۇ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم دوق قىلغاندەك قىلىپ، — ئۆز ۋاقتىدىمۇ ئۇلار نەسىھەتكە ئۇنۇمىغان.

— بۇ قېتىم نەسىھەتكە ئۇنۇمىسا ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە، — دېدى گاجىت بەكرى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ ھەممەيلەن ئادەم ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلىشقا قوشۇلدى.

— ئەمىسە كىمنى ئەۋەتىمىز؟ — دېدى گاجىت بەكرى، — ھەر بىرلىرى مۇشۇ يۇرتنىڭ چوڭلىرى. بىزگە قارىغاندا بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئوبدان بىلىشىلا.

— قاسىم ھاجىم بارسۇن، ئۇ كىشى كۆپنى كۆرگەن، — دېدى ئېزىز ھاجىم.

— ئۇ كىشى بىلەن سامساق كۆكبېشى بىللە بارسۇن، — دېدى ھاشىمبەگ.

— ياق! — دەپ كەسكىن رەت قىلدى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — ئوسمان شاڭيۇ بارسۇن. ئۇنىڭ تەجرىبىسى بار. ئۇ بۇلتۇر بىزگە ۋەكىل بولۇپ كامال داموللىنىڭ ئالدىغا بارغان بىراق كامال داموللىنى توسۇيالمىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئىشلاردىن تەجرىبە ھاسىل قىلدى. شۇڭا، ئوسمان شاڭيۇ بارسۇن.

بۇ ئەمەلىيەتتە ئوسمان شاڭيۇنى قىستىغانلىق ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى باھاۋۇدۇن ھاجىم بىلەن ئېزىز ھاجىمغا ئايدىڭ ئىدى. ئەمما گاجىت بەكرى، تۇردى يىڭجاڭ قاتارلىقلار ئىتتىپاقلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا خوجىنىياز ھاجىم بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارغا «ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ رازىلىقىسىز ئىش قىلماڭلار، بولمىسا ئىتتىپاقلىقنى ساقلىغىلى بولمايدۇ، يېتىم قالىسىلە» دەپ كۆپ تاپىلىغانىدى. بۇگۈن ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمگە يەنە بىر قېتىم يول قويۇپ كۆپ خاتا قىلغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

يىغىندىن كېيىن ھوشۇر لەنجاڭ شتابىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ ۋاششەرىگە ماڭدى. ئۇ خەتتە ئوسمان شاڭيۇغا قوزغىلاڭچىلار شتابىغا ۋاكالىتەن چەرچەندىن كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ نەسىھەت قىلىپ، چاقىلىققا كەلتۈرمەسلىك تاپىلانغانىدى. خەتنى كۆرۈپ ئوسمان شاڭيۇ تەڭلىكتە قالدى ۋە ئىلاجىسىز بەش نەپەر ئادەم بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلار

ئاقتازدا كېلىۋاتقانلار بىلەن ئۇچراشتى. ئوسمان شاڭيۇ ۋە ئۇ-نىڭ ئادەملىرى ئۇلارغا ناھايىتى چىرايلىق گەپ قىلغان بولسى-مۇ، جامال ئۇلارنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى:

— ئابدۇكېرىم ئەلەم بۇلتۇرمۇ سېنى بىزگە ئەۋەتىپ پوپو-زا قىلغان. ئەمما، بىر پەشۋاغا يارىمىدى، — دېدى جامال ئوسمان شاڭيۇنى سەنلەپ، — بۇ يىلمۇ سېنى ئەۋەتىپتۇ. سەن بېرىپ ئۇ قارىغۇغا ئېيتقىن. ياۋاشلىق بىلەن ئەل بولسۇن. بولمىسا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن. يۇرۇڭلار ئاغىنىلەر چا-قىلىق بىزنىڭ بولىدۇ.

ئۇ ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئوسمان شاڭيۇ بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ -توزاندا قالدى.

* * *

1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوۋە كەلتۈرۈلگەن چاغ. ھاۋا ئوچۇق ۋە سالقىن. شەرقتىن چىققان چولپان يۇلتۇ-زى پارقىراپ تۇراتتى. ئالەم بوشلۇقىدىكى باشقا يۇلتۇزلار بىر -بىرلەپ تارقاپ كېتىپ باراتتى. شۇ چاغدا خەۋەرچى كەلدى.

— چەرچەندىن كېلىۋاتقانلار ئاخشام ئېغىر ياتقۇدا ۋاشقە-رىدىن ئۆتتى.

بۈگۈن ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق ۋە قۇياشلىق بىر كۈن بولدى. شەرقتىن چىقىپ تۇرىدىغان سالقىن شامالمۇ توختاپ قالغانىدى. بۈگۈنكى ھاۋانىڭ ئىسسىق ۋە دىمىق بولۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بولغان چاغدا «تاتىراڭ» دېگەن چايدا تۇرۇۋاتقان قاراۋۇل كېلىپ خەۋەر قىلدى:

— چەرچەندىن كېلىۋاتقانلار «ياقۇپباي قورۇق» دىن ئۆتتى.

خەۋەر كېلىشى بىلەن كوماندىرلار شتابقا يىغىلدى. تۆردى يىڭجاڭ بۇيرۇق بەردى:

— ئۇرۇش چوقۇم بولتۇرقى يار بېشىدا بولىدۇ. ئىبراھىم لەنجاڭنىڭ قىسمى ئوتتۇرا ياردا تۇرىدۇ. ياڭخېلىق ئىبراھىم لەنجاڭ «جەرەن بۇلاق» تەرەپتە تۇرىدۇ. ھوشۇر لەنجاڭ ئۆز قىسمى بىلەن كەلگەنلەرنىڭ ئارقا يولىنى توسۇدۇ. ئېزىز ھاجىم ئۆز قىسمى بىلەن ئۇلارنى ئالدىدىن توسۇدۇ. بايراق يەلپۈنگەن ھامان قورشاۋنى ئاستا - ئاستا تارايتىمىز. ئادەمگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا رۇخسەت يوق. ھازىر دەريادا سۇ يوق، يارلىققا يېقىن جايلاردىكى كۆللەرنىڭ سۈيى پۈتۈنلەي چېقىرىۋېتىلسۇن. ئاھالىلەر يىراقراق كېتىپ تۇرسۇن. ئايۇپ فۇگۇەن ئېزىز ھاجىمغا ياردەملەشسۇن، چۈشەنمىگەن يەر بارمۇ؟

— نېمە ئۈچۈن ئادەمگە ئوق ئاتمايمىز؟ — دېدى ھوشۇر لەنجاڭ.

— ئۇلار نادان ئادەملەر، ھەقىقىي مۇددىئالىق دۈشمەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى تىرىك تۇتۇۋالساڭلار بولدى.

— چۈشەندۇق، — دېيىشتى ھەممەيلەن. ئۇلار بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. تۆردى يىڭجاڭنىڭ مەقسىتى قان تۆكمەستىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىدى.

سائەت ئون يېرىم بولغان چاغدا چەرچەندىن كەلگەنلەر بۇلتۇر ئۇرۇش بولغان يار بېشىغا كېلىپ توختىدى. بىر ئاز ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزىگە دەريانىڭ شەرقىدە تۇرۇۋاتقان قىسىمدىن باشقىسى كۆرۈنمىدى.

— ھەي ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قورقۇنچاق ئەسكەرلىرى تېزرەك ئەل بولۇڭلار. بولمىسا بۇلتۇرقىدەك ماكانسىز قالماڭلار ياكى ئۆلۈكۈڭلار چۆلدە قالمىسۇن...

— ھەي چاقىلىقلىق توخۇ يۈرەكلەر! خوجاكاڭلارنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ بۇلتۇر سىلەرنى لوپلەڭگەرگىچە قوغلاپ بارغان خو-

جاڭلار جامال دېگەن مەن. تېزرەك ئەل بولۇڭلار، يەنە «چاشقان تۆشۈكى ساراي» بولمىسۇن، تۇغۇلغىنىڭلارغا پۇشايمان قىلماڭ- لار يەنە. . .

— ھەي ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ كۈچۈكلىرى قارىغۇ داداڭ- لار قېنى؟ قېچىپ كەتتىمۇ يا؟ . . .

ئۇلار ئاشۇنداق ئاغزىلىرىنى بۇزۇپ كۆرەڭلىگەندىن كېيىن «ئاللا ھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئوقۇپ ئاتلىرىغا مىندى. قۇياش نۇرىدا ئۇلارنىڭ قىلىچ، نەيزىلىرى ۋالىلدايتتى. ھەممىسى بې- شىغا ئاق ماتادا سەللا ئورىۋالغانىدى. ئۇلار سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. چەنلەپ ئاتسا ھەر بىرىگە بىردىنلا ئوق كېتەتتى.

— ئاتلىرىغا قارىتىپ ئېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئايۇپ فوگوەن. تاراسلاپ ئېتىلغان مىلتىق ئوقلىرىدىن بىرقانچە ئات يىقىلدى. ئاتلىرى يىقىلغانلاردىن باشقىلار چېكىنىپ يار- لىقتا پاناھلاندى. ئېتى ئۆلگەنلەرمۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ نېرىقى قاشقا چىقىۋالدى.

قۇياش چۈشكە ياماشتى.؛ ھاۋا ناھايىتى قىزىپ كەتتى. شۇ كۈنى ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى سىلسىيە قىرىق گرادۇستىن ئاش- مىغان بولسىمۇ لېكىن ئەتراپتىكى تاش ـ شېغىل "ىزىپ كەت- كەچكە يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار يوشۇرۇنۇۋالغان قۇملۇقنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۆتۈرۈلۈپ ئاتمىش گرادۇستىن ئاشقانىدى. يەر ـ زېمىن ئوت بولۇپ ياناتتى.: ئۇلار خۇددى تونۇرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغاندەك ھاسىرىشاتتى.؛ بۇيرۇققا بىنائەن ئېزىز ھاجىم بىلەن ئايۇپ فوگوەننىڭ قول ئاستىدىكىلەر كەلگەنلەرنىڭ قايسى مىدىرلىسا ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئاشۇرۇپ ئوق ئۈزەتتى. قىزىق ئاپتاپ بىلەن ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى راسا قىيىندى. ئۇلار يوشۇ- رۇنغان يارلىقنىڭ يېنىدىكى ئادىل ساقالنىڭ كۆلىدىكى سۇ پۇتۇنلەي چېپىپ چىقىرىۋېتىلگەن، ئادەملەر قېچىپ كەتكەچكە ئۇلار بىر تېمىممۇ سۇ تاپالمىدى، ئامال قىلالماي ئۇلار قولى

بىلەن يەرنى كولاپ نەم توپا چىقىرىپ جىنىنى ئارام تاپقۇزماقچى بولۇشتى. لېكىن، چاقىلىقتەك سۇيى تىس، قۇرغاق جاينىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان سۇ كىرمىگەن يېرىدە نەم توپا نېمە ئىش قىلسۇن؟! بۇ بىر قۇرۇق ئاۋارىچىلىك ئىدى.

پېشىن ۋاقتى بولغاندا يەر - زېمىن چوغدەك قىزىپ كەتتى، — ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا نەم قالمىدى. جامالنىڭ ئادەملىرى ۋارقىراشقا باشلىدى:

— جاندىن تويدۇق. بىز تەسلىم بولىمىز... جاھان دوزاققا ئايلىنىپ كەتتىغۇ!

— كىم ئۇ؟ جاندىن تويغان؟ — دەپ جامال قولىدىكى مىلتىقنى تەڭلىدى، — كىمكى تەسلىم بولسا، ئېتىپ تاشلايمەن، قاراڭغۇ چۈشكىچە چىداڭلار.

— سەردار چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن دەرماندىن كەتتۇق.

— چىدىمىغان ئادەم نېمىشقا كەلدىڭ؟ يارىماسلار...

— بىزگە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بايلىقى كېرەك ئەمەس. جان كېرەك، جان ...

— ھوۋ ئۆلـۇمتۈكلـەر، يەنـە ۋارقىرىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن، — دەپ پوپۇزا قىلىپ جامال ھاۋىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. لېكىن، بۇ ئادەملەر «تەييارغا ھەييار» بولۇپ يۈرگەن يارىماس ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلار ئەمدى جامالنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. ئارقىغا چېكىنگەنلەر ھوشۇر لەنجاڭنىڭ يىگىتلىرىنى كۆرۈپ توختاپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن نارازىلىق، ۋارقىراش - جارقىراش تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلار ھەممە تەرەپتىن قورشاۋدا قالغانىدى. ئۇلار ئاشۇنداق ۋارقىرىشىۋاتقان چاغدا تۆردى يىڭجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بايراقچى ھاشىخان قەدىمكى تىم (تۇر) تۆپىسىگە چىقىپ بايراقنى «ئالغا!» دېگەندەك قىلىپ سىلكىدى. ئارقىدىنلا ئاتاكىغا كاناي چېلىندى.

ئېزىز ھاجىمنىڭ ئادەملىرىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھاۋاغا قارىتىپ ئوق ئۈزگەچ قورشاۋنى تارايتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى قوراللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگەن جامالنىڭ ئادەملىرى ئويمانلارغا، كامارلارغا كىرىپ دۈم يېتىۋېلىشتى. ئۇنداق قىلىشقا ئۇلگۇرەلمىگەنلەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە قوللىرىدىكى تاياق - توقماق، نەيزە - قىلىچلىرىنى تاشلاپ قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى گۇناھسىز بولۇپ جامالنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئورىۋالغان قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنى كۆرگەندە بىرىنچى بولۇپ ئېغىزغا ئالغىنى «سۇ» بولدى.

— قولۇڭلارنى چۈشۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئەسىرلەرگە تۇردى يىگىجاڭ، — سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار كىم؟

— مۇشۇ ئىككىسى، — جامال بىلەن تۇردىجان دېگەننى كۆرسەتتى ھەممەيلەن. ئۇلارنىڭ بىرسى ئېگىز بويلۇق، ئالاگەدەن، يەنە بىرسى ئارابوي، چاڭگا ساقال بىرنېمىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قىرىق ياشلاردا بار ئىدى.

— ئىبراھىم لەنجاڭ مۇنۇ ئىككىسىدىن باشقىسىنى، — دەپ جامال بىلەن تۇردىجاننى كۆرسەتتى تۇردى يىگجاڭ، — جەرەن بۇلاققا باشلاپ بېرىڭ. بۇلار قانغۇچە سۇ ئىچىۋالسۇن، نانلىرىنى يەۋالسۇن. بۈگۈن كېچە ئوبدان ئارام ئېلىپ تاڭ ئېتىش بىلەن ئۆيلىرىگە كەتسۇن.

— خوپ يىگجاڭ، — دەپ ئىبراھىم لەنجاڭ قولىنى چېكىسىگە تەككۈزدى. ئارقىدىن ئەسىرلەرگە بۇيرۇق بەردى، — قېنى مېنىڭ كەينىمدىن جەرەن بۇلاققا قاراپ ئالغا!

ھەممەيلەن كەتكەندىن كېيىن بىرى ئېگىز بويلۇق، ئالاگەدەن، قويۇق ساقاللىق جامال بىلەن ئارا بوي، توغرىلىق، چاڭگا ساقال نەشىدىن رەڭگى سارغىيىپ كەتكەن تۇردىجان قالدى.

ئۇلار يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى. قورالىرى يەردە تۇراتتى.
— ئەسلىدە ھەربىي قانۇن بويىچە سىلەرنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى ئاغىنىلەر، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — لېكىن قولىمىزنى قانغا بويىغىچىلىك ئىش يوق. سىلەرنىڭ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى بەك كۆرگۈڭلار بار ئوخشايدۇ، ئارماندا كەتمەڭلار. بۇلارنى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن، قالغانلار قوراللارنى يىغىۋېلىڭلار...
— قېنى يۈرۈڭلار جانابىي سەردارلار، — دېدى سامساق كۆكبېشى، — مەسخىرە بىلەن. ئىككى نەپەر ئەسىر ئالدىدا، قالغانلار كەينىدە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەلىدىكى جايىغا قاراپ يولغا چىقتى.

* * *

— ھە... جامالباي شۇ ھالىڭغا «يۇرت سورايمەن» دېگۈ-چە خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ، كۈنىڭنى ئالساڭ بول-مامدۇ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئالدىدا تۇرغان جامال بىلەن تۇردىجانغا قاراپ، — بىكاردىن بىكار ئۆزۈڭگىمۇ، باش-قىلارغىمۇ ئاۋارىچىلىك تاپقۇچە...
— ئاۋارىچىلىكتىن قورققان ئوغۇل بالا ئەمەس، — دېدى جامال قوپاللىق بىلەن.
— راست دېدىڭ، ئوغۇل بالا دېگەن ئاۋارىچىلىكتىن قورقمايدۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — مۇسۇلمان تۇ-رۇپ يەنە مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇشۇپ قان تۆكسەڭ قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا ئاللانىڭ ئالدىدا قانداق جاۋاب بېرەرسەن؟
— قانداق جاۋاب بېرەتتىم، ئابدۇكېرىم ئەلەم دېگەن خو-تۇنباز، قالماق يۇرت سورىماقچى بولۇپتىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە يۇرتنى مەنلا سوراي دېدىم دەيمەن، — دېدى جامال.

— ئاغزىڭنى يۇم جوھۇت، — دەپ ۋارقىردى سامساق كۆكبېشى، — سېنىڭ ئاخۇنۇمغا تىل تەككۈزۈشكە نېمە ھەق-قىڭ بار؟

— نېمە ھەققىڭ بار؟ ھېھ. . . — دەپ دىمىغىنى قاقتى جامال يەنە تۇرغانلارنى مەنسىتمىگەن ھالدا، ئۇنىڭغىچە ئابدۇكې-رىم ئەلەمنىڭ چوڭ ھويلىسى ئادەمگە توشتى، — سەنلەرنى بۇ قېتىم ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەر قۇتقۇزۇپ قالدى، بولمىسا ئۆزۈڭلار ئەمەس، قىزلىرىڭمۇ خوجاكاڭنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالاتتى.

جامالنىڭ بۇ ھاياسىز گەپلىرى ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى:

— ئەستاغپۇرۇللا، — دەپ ساقىلىنى سىلىدى ئابدۇكې-رىم ئەلەم، — خەير بوپتۇ. بىر نائەھلىنى دەپ قولنى قان قىلغۇچىلىك ئىش يوق. ئۇنىڭ پېشانىسىغا بەلگە سېلىپ، شۇ بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ تۈزلۈق قاشتىن ئۆت-كۈزۈۋېتىڭلار.

— خوش ئاخۇنۇم، — دەپ سامساق كۆكبېشى يېنىدىن خەنجىرىنى ئېلىپ جامالنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا جامال ئۇنى بىرنى تەپتى.

— ھوۋ ياخشىلىقنى ھەم ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان چوشقا، — دەپ سامساق كۆكبېشى بازغاندەك يوغان مۇشتۇمى بىلەن جامالنىڭ گەجگىسىگە بىرنىلا سالغانىدى. باياتىن كۆرەڭ-لەپ تېرىسىگە پاتماي قالغان جامال ئالدىغا دۈم چۈشتى. سام-ساق كۆكبېشى ئۇنىڭ پېشانىسىغا كرېست بەلگىسى سىزدى. جامال ئورنىدىن تۇرغاندا پىچاق ئىزىدىن چىققان قان ئۇنىڭ يۈزىگە ساقىپ چۈشتى.

— يوقال بۇ يەردىن مۇناپىق، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم جامالغا، — ئىككىنچى كەلگۈچى بولما، بولمىسا ئۆلۈكۈڭنى

ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن.

— ئالدىرىماي تۇر قالماق. سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم جامال دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن، — دېدى جامال ۋارقىراپ. ئۇنىڭغىچە شۇ يەردە تۇرغان يىگىتلەر جامالنى ئىتتىرىپ، مۇشتلاپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغقىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان تۇردىجان بولسا جامالغا يالۋۇراتتى.

— بولدى جامالكا! خۇدا ھەققى بولدى قىل، بىكار ئۆلۈپ كەتمەيلى...

سامساق كۆكېشى، ئامبال بارات قاتارلىقلار ئۇلارنى ئال-دىغا سېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويغانىدى. جامال بولسا:

— خەپ توختاپتۇرۇش، — دەپ تەھدىت سالاتتى. ھەم-راھىنى «قورقۇنچاق» دەپ تىللايتتى. شۇ ئىشتىن ئۇزاق ئۆت-مەي خەلق ئارىسىدا:

دەڭگىرەكلەپ كېلىپتۇ،
جامال بىلەن تۇردىجان.
لوپلۇقلارنى كۆردۇڭمۇ؟
پېشانەڭدىن ئالدى قان.

دېگەن قوشاق تارقىلىپ كەتتى. جامال بولسا ئابدۇكېرىم ئەلەمدىن ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلىغانىدى.

# ئون بەشىنچى باب

## ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ مەنسەپخورلۇقى

نادان مىللەتتە مەنىۋى ئىللەت كۆپ بولىدۇ. پۇلغا، مەنسەپكە، خوتۇنغا ھېرىسلىق، خۇراپاتقا ئىشىنىش، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئۆز غۇرۇرىنى ساقلىماسلىق، ھەركىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، مىللەتنى ئويلىماسلىق. خۇلاسە كالام نادانلىق، نادانلىق ۋە يەنە نادانلىق. مانا بۇلار ئۇزاق يىللىق ئاسارەتنىڭ مىللەت روھىغا باسقان مىرەز تامغىسى.

—— ئا. ئۆتكۈر

ئىيۇل، ئاۋغۇست ئايلىرى بۇياقلاردا ناھايىتى ئىسسىق ئايلار ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداقلا يەرلەردىن يازلىق ھوسۇل ئېلىنغان، مېۋە ـ چېۋىلەر پىشقان. چارۋا ماللار سەمرىگەن باياشات ئايلار ھېساب- لىنىدۇ. بۇ ئايلاردا ھاۋا دائىم ئوچۇق، ئىسسىق ھەم قۇرغاق بولىدۇ. كېچىسى تاغ شامىلى ۋادىغا قاراپ چىقسا، كۈندۈزى ۋادا شامىلى تاغقا قاراپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ كۈنلەردە ھەممە جايدىن ھەر خىل پىشقان مېۋىلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. چاقىلىق ئۆزى كىچىك، نوپۇسى ئاز بولسىمۇ باغلار كۆپ بولغاچقا مېۋىنى پۇلغا ئالمايتتى. قوغۇن ـ تاۋۇزلىرى شۇنداق تاتلىق ئىدىكى

تەمى ئادەمنىڭ تىلىنى ياراتتى. يېڭى ئاشلىقتا، يېڭى مېۋىگە ئېغىز تېگىش يەرلىك خەلق ئۈچۈنلا ئەمەس. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق ئىش بولدى. ئۇلارنىڭ يېڭى-سۇدىكى تارىم سۈيىدىن پايدىلىنىپ قىلغان دېھقانچىلىقتىن خې-لى ئوبدان ھوسۇل ئېلىنغانىدى. ئۇلار بىر مەزگىل ئاشلىق ۋە ماي بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىگۈدەك تەمىناتقا ئىگە بول-دى. ئىئانە قىلىنغان (ۋەخپە) بېدىلەر بىلەن بېقىلغان ھەربىي ئاتلارمۇ سەمرىپ مىنىشكە يارىغۇدەك بولۇپ قالدى. «ئات جەڭ-چىنىڭ قانىتى» دېگەن سۆز ھەربىر جەڭچىنىڭ قۇلىقىدا جاراڭ-لاپ تۇراتتى. بىر نەچچە جايدىكى ۋەخپە يەرلەرگە ئەسكەرلەر ئۈچۈن تېرىلغان قوغۇن - تاۋۇز ناھايىتى ئوخشىدى. ۋە ئاللاھ-دە تەملىك بولدى. جامال بىلەن تۇردىجاننى قان تۆكمەي تۇتۇۋې-لىش ئەسكەرلەر ئۈچۈن بىر قېتىملىق ھەربىي مانېۋىر بولدى. قوشۇندا قاتتىق ئىنتىزام ئورنىتىلغاچقا خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ ھال قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈر-گەن خەلقنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان بۇ كىچىككىنە چەت ناھىيىدە خېلى خاتىرجەم مۇھىت بارلىققا كەلدى.

*　　　*　　　*

— قارا شەھەردىن دوتەي كەپتۇ، — دېگەن خەۋەر قوز-غىلاڭچىلار شتابىنى ھەيران قالدۇردى. بۇ 1934 - يىلى ئاۋ-غۇست ئېيىنىڭ 21 - كۈنى ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇردى يىڭجاڭ ئالدىراپ قالدى.

— ياقەي يالغان گەپتۇ، — دېدى كىر يۇيۇۋاتقان ھاشىخان ئېرىگە، — ئەگەردە راستتىنلا دوتەي كەلسە يوللارغا قويغان قاراۋۇللار نېمە ئۈچۈن خەۋەر بەرمەيدۇ؟

ئايالىنىڭ گەپلىرى تۇردى يىڭجاڭنى گۇمانلاندۇرۇپ قويى-
دى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھاكىم گاجىت بەكرىنى ئىزدەپ كەت-
تى. ئۇ بارغان چاغدا ھاكىم گاجىت بەكرى ئۆز ئۆيىدە دوتەيىنىڭ
كېلىش سەۋەبىنى جىددىي ئويلىنىپ ئېغىر خىيال ئىلكىدە ئول-
تۇراتتى.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز، — دېدى گاجىت بەكرى تۇردى
يىڭجاڭنى كۆرۈپ، — سىزگە ئادەم ئەۋەتەي دەپ تۇرغان.

— «دوتەي كەپتۇ» دەيدۇ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى تۇر-
دى يىڭجاڭ ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلمايلا.

— راست، كېچەدىن كەپتۇ، — دېدى گاجىت
بەكرى، — مەن ئەتىگەندە بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلدىم.

— نېمە دەيدۇ؟

— باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە جياڭ جيېشى
بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپتۇ. «گەنسۇ، چىڭخەي
چېگرالىرىنى تەكشۈرۈشكە كەلدىم» دەيدۇ.

— قانچىلىك ئادەمكەن؟ ئەجەب خەۋەر بەرمەيلا كەپتىغۇ؟

— قانچىلىك ئادىمى بارلىقىنى سورىمىدىم. ئەمما، «قىد-
رىق دانە ئېتىمىز بار. ئوت - سامان بەرسەڭلار» دەيدۇ.
ھازىرچە ئۇنىڭدىن باشقا تەلىپى يوقكەن.

— قەيەرگە چۈشۈپتۇ؟

— كونا يامۇلغا.

— نېمىشقا لەڭزىگە چۈشمىگەندۇ؟

گاجىت بەكرى «ۋاي تاڭەي» دېگەندەك قىلىپ مۇرىسىنى
قىستى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خېلى پاراڭلاشتى. ئەڭ ئاخى-
رىدا:

— ئېھتىيات قىلايلى. قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتەيلى، ھوش-
يار بولايلى، سەگەك تۇرايلى، — دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

تۇردى يىڭجاڭ قايتىپ كەلگەندە دورال ئالدىنقى قاراۋۇل-

دىن كەلگەن جەڭچى ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ كوماندىرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سالام بەردى.

— ھە... قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ يىگىت؟ — دەپ سورىدى تۇردى يىڭجاڭ، ئارقىدىن ھاشىخانغا بۇرۇلدى، — سەن چىقىپ ئايۇپ فۇگۇەننى چاقىر.

— خوپ كوماندىر مانا ھازىر، — دەپ ھاشىخان ھۆرمەتتە تۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى جەڭچىنىڭ كۈلگۈسى كەلدى.

— ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىغانلا يىڭجاڭ، قارا شەھەردىن دوتەي كەلدى. بىر دانە پەيتۇن ئون دانە تۆت چاقلىق ھارۋىدا، ھەربىر ھارۋىغا تۆتتىن ئات قوشۇلغان. تۆتتىن ئادەم بار. ھارۋىدا يۆگەكلىك بىر نەرسىلەر بار. ئۇ ئېگەر - يۈگەن، قورال - ياراغ بولسا كېرەك.

— سىلەر ئاختۇرمىدىڭلارمۇ؟

— ئاختۇرماقچى بولغاندۇق. لېكىن، دوتەينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادەم. «ئەخمەق بولماڭلار قىرىلىپ كېتىسىلەر» دېدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوتەينىڭ مۇھاپىزەتچىسى دەيدۇ ئىككى ئاپتومات تۇتقان ئادەم: «سىلەر كىم؟ دوتەينىڭ ھارۋىسىنى ئاختۇرغۇدەك؟! دوتەي جانابلىرى شېڭ دوبەننىڭ پەرمانى بىلەن چېگرانى كۆرگىلى كېتىۋاتىدۇ. ئەگەردە يولنى توسۇۋالساڭ ئېتىپ تاشلايمىز» دەپ دوق قىلدى. شۇڭا، بىزمۇ ئىلاجىسىز ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئۇلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇيرۇق بويىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلدىم، — خەۋەرچىنىڭ دوكلاتى تۈگىدى. شۇ چاغدا ئايۇپ فۇگۇەن يېتىپ كەلدى.

— دەيدىغانلىرىڭ تۈگىدىمۇ؟ — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— تۈگىدى يىڭجاڭ، — دېدى خەۋەرچى.

— ئايۇپ فۇگۇەن، ماۋۇ جەڭچىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كىرىڭ ياخشى غىزالىنىپ ئوبدان ئۇخلىۋالسۇن.

ئەتە تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ، — دەپ خەۋەرچىگە بۇرۇلدى تۇردى يىڭجاڭ، — باياتىنقى گەپلەرنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولماڭلار. ئۆز ئورنىڭلارنى چىڭ ساقلاڭلار.

— ئۇقتۇم، — دېدى خەۋەرچى ۋە سالام بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئايۇپ فۇگۇەن بىلەن خەۋەرچى كەتكەندىن كېيىن تۇردى يىڭجاڭ چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنى دوتەي نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ ئۇنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ ھارۋىدا قانداق مەخپىي نەرسىلەر بار؟ دېگەن سوئال قىينايتتى. ئۆيگە كىرگەن ھاشىخان ئېرىنىڭ خىيالچان، غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئۇنىڭ سۆزىدىن كۆيۈنۈش ۋە مېھىر - مۇھەببەت بىلىنىپ تۇراتتى.

— دوتەي نېمىشقا كەلگەندۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇۋاتىمەن.

— ھاكىم نېمە دېدى؟

— نېمە دەيتتى، «جاڭ كەيشى بىلەن شېڭ دوبەننىڭ ئارىسى بۇزۇلۇپتۇ. گەنسۇ، چىڭخەي چېگراسىنى تەكشۈرگىلى كەپتۇ» دەيدۇ.

— مەنغۇ چېگرا - پېگرا دېگەنلەرنى چۈشىنەلمەيمەن. ماڭا شۇ ئىش ئايانكى، خوجىنىياز ھاجىم ئۇرۇمچىگە كەتتى. مەھمۇت سىجاڭ قەشقەردە ئىكەن. خوتەندىن چەرچەنگىچە بولغان جايلارنى تۇڭگانلار بېسىۋاپتۇ. بىز بولساق ئوتتۇرىدا قالدۇق. بىر تەرەپتە تۇڭگانلار يەنە بىر تەرەپتە شېڭ شىسەي. دوتەي بىكارغا بۇ يەرگە كەلمىگەندۇ؟ ئەلۋەتتە... — دېدى ئۇ ئېرىگە.

— ئەمسە سېنىڭچە نېمىشقا كەلگەندۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي. ئەمما، يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرىدۇ،

دوتەي ھەرگىز ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىدى. بىز ئۇلارنى يېمىسەك، دوتەي بىزنى يەۋېتىشى مۇمىن، چۈنكى ئۇلار بۆرە، بىز دېگەن قويدە.

— يائاللا ماۋۇ خوتۇننى. سېنىڭ ئاغزىڭدىن ھەرگىز ياخشى گەپ چىقمايدۇ، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — سېنىڭ گەپلىرىڭ ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ.

— ئەمىسە كەلسىلە يوتقانغا كىرىپ ئۇخلايلى جېنىم ئېرىم، دېسەم خۇشال بولامتىلە. سىلى دېگەن ھەربىي، قوللىرىدا نەچچە مىڭ پۇقرا بار. ھوشيار بولمىسىلا ھەممە قىلغانلىرى ۋەيران بولىدۇ، ھەممە ئۈمىد سىلىدە...

تۇردى يىڭجاڭ گەپ - سۆز قىلمىدى. خوتۇنىنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇن يوللۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. خۇدانىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر ئەقىللىق خوتۇننى يەنە كېلىپ ياخشى بىر مەسلىھەتچىنى بەرگەنلىكىگە «شۈكۈر» قىلدى. شۇ چاغدا خەۋەرچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئايۇپ فۇگۇەن كىردى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوردى ئۇ تۇردى يىڭجاڭدىن.

تۇردى يىڭجاڭ دوتەي توغرىسىدىكى خەۋەرنى، گاجىت بەكرى بىلەن قىلغان سۆھبەتنى، خەۋەرچىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى، ئاخىرىدا خوتۇنىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى بىرنى قويماي ئايۇپ فۇگۇەنگەن سۆزلەپ بەردى. بۇ تەجرىبىلىك قوزغىلاڭچى ئۆز باشلىقىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرنەچچە مىنۇت ئويلىنىپ قالدى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— ھاشىخانىنىڭ دېگەن گەپلىرى توغرا بولۇشى مۇمكىن. دوتەينىڭ «چېگرانى تەكشۈرۈش» دېگىنى ئالدامچىلىق بولۇشى مۇمكىن. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەسكەر ئەۋەتسە قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ماڭماي، پىيادە ئادەممۇ تەس ماڭىدىغان بۇ تاغلىقتا

نېمە بار؟ ياكى بۇ تەرەپلەردە بىرەر چوڭ يۇرت بولمىسا بۇ تاغلىقتا ئادەم نېمە يەيدۇ؟ . . . ئايۇپ فۇگۇەن هاشىخاننىڭ سۆزىدىن بىر مەيدان ئۇرۇشنى كۆرگەندەك بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن خېلى ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشتى ۋە دوتەي كېلىپ چۇشكەن كونا يامۇل ئەتراپىنى قاتتىق كۆزىتىش، كېچىلىك قاراۋۇللۇقنى كۈچەيتىش ۋە هەر كۈنى پارولنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش توغرىسىدا پىكىرلەشتى.

ــ بۈگۈن كېچىكى پارول «قارا بۆركۈت» بولسۇن، ــ دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

ــ ئۇنىڭ جاۋابى «بوز توشقان» بولسۇن، ــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن

ــ توغرا، بۆركۈت توشقاننى ئالىدۇ ـ دە، ــ دېدى تۇردى يىڭجاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ پارولغا جاۋاب بېرەلمىگەنلەر تۇتۇپ قاماپ قويۇلسۇن. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر جايىدا ئېتىپ تاشلانسۇن. مەخپىيەتلىك قاتتىق ساقلانسۇن.

ــ خوپ قەتئىي ئىجرا قىلىمەن، ــ دەپ ئايۇپ فۇگۇەن كېچىلىك قاراۋۇلنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. چاي ئېلىپ كىرگەن هاشىخانغا تۇردى يىڭجاڭ چاقچاق قىلدى:

ــ توۋا دەيمەن، ئايۇپ فۇگۇەن سېنىڭ پىكىرىڭنى توغرا دەپ تۇرۇۋالدى، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ بارا ـ بارا مېنىڭ ۋەزىپەمنى سەن ئۆتكۈزۈۋالامسەن نېمە؟

ــ قورقمىسىلا. مەن يەنىلا سىلىنىڭ خوتۇنلىرى، قىسىمنىڭ بايراقچىسى بولۇپ ئۆتۈۋېرىمەن، ــ دېدى هاشىخان كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ئېرىنىڭ مەڭزىگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئۇلار ئوينىشىۋاتقان بولسىمۇ ئىشلار هەقىقەتەن جىددىي ئىدى.

* * *

1934 ـ يىل 1 ـ ئاۋغۇست كۈنى، ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى
قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن. سىم ـ سىم يامغۇر توختىماي
يېغىپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى يامغۇر ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئىسسىق
ھاۋاسىنى بىر ئاز سالقىنلاتقان بولسىمۇ، دىمىق ھالەتنى ئۆز-
گەرتەلمىگەنىدى. ھاۋا شۇنچىلىك ئىسسىپ كەتكەن ئىدىكى،
كېچىلىرى بېشىڭىدىكى ياستۇق بىلەن تېگىڭىدىكى كۆرپە ـ كىر-
لىكلەر تەردىن ھۆل بولۇپ كېتەتتى. كېچىدىن يېغىۋاتقان بۇ
سىم ـ سىم يامغۇر دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يۇيۇپ
پاك ـ پاكىز قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەكسىچە شەھەر كوچىلىرى-
نى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. يولۇچىلار ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن
ماڭسىمۇ، پۇتىدىكى ئاياغلىرى بىلەن ئىشتانىنىڭ پۇچقاقلىرى
ئاسانلا لايغا مىلىنىپ كېتەتتە. گاھى بىرلىرى تېيىلىپ يىقى-
لىپ چۈشسە، يەنە بەزىلەر تامغا يۆلىنىپ قالاتتى. يولدىن
ئۆتۈۋاتقان ھارۋىلار، پەيتۇنلار ئەتراپقا لاي چاچرىتىپ ماڭاتتى.
كوچىلار تار بولغاچقا لاي چاچرىتىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنى كۆر-
گەن كىشىلەر نېمە قىلىشنى بىلمــەي تەمتىرەپ قېلىشاتتــى.
بۇنداق چاغلاردا ھارۋىكەشلەر خۇشاللىقتىن قامچىلىرىدىن
«قارس» چىقىرىپ ئاتلارنى بولۇشىچە قوغلايتتى.

بۈگۈن دوبەن مەھكىمىسىنىڭ چوڭ يىغىن زالىدا شېڭ
شىسەينىڭ رىياسەتچىلىكىدە «1 ـ ئاۋغۇست تىنچلىق يىغىنى»
ئېچىلىۋاتاتتى. يىغىن مەيدانى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان.
ئىسسىقتىن يىغىن مەيدانىدىكىلەر توختىماي ئۆزىنى يەلپۈيتتى.
يېغىۋاتقان يامغۇردىن خۇشال بولۇشاتتى. يىغىن سەھنىسىنىڭ
ئالدى تەرىپىگە «1 ـ ئاۋغۇست تىنچلىق يىغىنى» دېگەن چوڭ
خەتلىك لوزۇنكا ئېسىلغانىدى. تاملارغا ھەر تۈرلۈك ئادەم ئال-

دايىنغان شوئارلار چاپلانغانىدى. يىغىن سەھنىسىنىڭ تۆرىدىن خوجىنىياز ھاجىم، بويىنىغا ھۆرمەتلىك مېھمان ۋە تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدىن كېلىپ تەكلىپ بىلەن قاتناشقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ئاپرېسوۋ، ئاتاقلىق زىيالىي تاھىربەگ. قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر ئەربابى شارىپقان تۆرە، يەنە بىرقانچە خەنزۇ كىشى ئورۇن ئالغانىدى. ئەتراپ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىناتتى. ھەممىنىڭ كۆزى شېڭ شىسەيدە. ئۇلاردىن بىرنەچچە قەدەم ئالدىدا يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جوزىغا بىر قولىنى تايىنىپ، يەنە بىر قولىدا خۇددى دىرىژورلاردەك ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانىغا يەتكەن ئادەملەردە بولىدىغان كۆرەڭلىك بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» نى شەرھلىمەكتە ئىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە توغرىسىدا زەي سالماي پو ئاتماقتا ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا:

— پۈتۈن شىنجاڭدا ئاخىر تىنچلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. خوجىنىياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىس بولدى. بىز ئەمدى قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، — دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى. خۇسۇسەن ئاپرېسوف ئۇزاققىچە چاۋاك چالدى.

شېڭ شىسەينىڭ نۇتقى تۈگىگەندىن كېيىن قىسقا ۋاقىتلىق تەنەپپۇس بولدى، يىغىن زالىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىدە شېڭ شىسەي تولىمۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھېجىيىپ، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن سالاملىشىپ يۈرەتتى. قارا شەھەر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يېنىغا كەلگەندە

ئەللىك ياشلارغا كىرگەن، كۆزئەينەكلىك بىر تاقىر باش ئادەم شىڭ شىسەيگە مەخپىي مەلۇمات بېرىۋاتقاندەك كوچىلاپ:

— چاقىلىق تېخى تىنچلانمىدى، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىڭ شىسەينىڭ چىرايىدىكى كۈلكىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇ شۇ يەردە ئولتۇرغان قارا شەھەر ۋالىسى ياڭ مىڭجۇغا شۇنداق ئالىيىپ قارىدىكى، ئۇنىڭ «بۆرە» قىياپىتىنى ياخشى بىلىدىغان ياڭ مىڭجۇ قورققانلىقىدىن رەڭگىدە قان قالمىدى. شۇ ئاخشىمى شىڭ شىسەي ياڭ مىڭجۇنى ئايرىم چاقىردى.

— ھەرقانداق چىقىم كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈڭ بېرىپ چاقىلىقنى تىنجىت، تىنجىتالمىساڭ مېنىڭ ئالدىمغا قايتىپ كەلمىگىن، — دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە ئۇنىڭدىن سوردى، — قانداق تەلىپىڭ بار؟ ھازىرلا ھەل قىلىپ بېرەمەن. بۈگۈن كېچىسىلا يولغا چىقىشىڭ كېرەك. ئېيتە قېنى نېمە كېرەك؟

شىڭ شىسەي ياڭ مىڭجۇنىڭ تەلىپى بويىچە تۆت دانە ماكسىم پىلموت، ئون دانە دېكتار پىلموت، يىگىرمە دانە ئاپتومات، زورمىقداردىكى ئوق - دورا، يەنە نۇرغۇن پۇل بەردى. بۇ قوراللار يېڭىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن قوراللار ئىدى. ئۇ شۇ كېچىسىلا ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى ۋە ئۇلارنى قوغداشقا شىڭ شىسەينىڭ پەرمانى بىلەن بىر ئىنزۋوت شەرقىي - شىماللىق ئەسكەر ماڭدى.

— ماشىنىغا ھەرقانداق يات ئادەم يېقىنلاشسا جايىدا ئېتىپ تاشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى شىڭ شىسەي، — ئامال بار يولدا توختىماڭلا. سورىغۇچىلار چىقىپ قالسا سوۋىنتورگ[1]

① سوۋېت — شىنجاڭ سودا شىركىتى.

نىڭ مېلى دېسەڭلار بولىدۇ.

ئۇلار رۇس شوپۇرلىرى ھەيدىگەن «3NC» ماركىلىق ئىك-
كى ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى.

قارا شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ۋالىيسى نيوشى 1933 - يىل
1 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شېڭ شىسەي
ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۆز يۇرتلۇقى ياڭ مىڭجۇ-
نى قارا شەھەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. ياڭ مىڭجۇ بۇ قېتىم
شېڭ شىسەينىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن قارا شەھەرگە يېتىپ كېلىپلا تەييارلىق ئىشلىرى-
غا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئەزەلدىن بۇيان شىنجاڭغا
ھۆكۈمرانلىق قىلغان بارلىق ئەمەلدارلارغا ئوخشاش ئادەم تال-
لاشتا «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى بويسۇندۇرۇش» ئۇسۇلى-
نى قوللىنىپ، شېڭ شىسەي ئارمىيىسىدە ئىشلەۋاتقان راسا
قاۋۇل، مەرگەنلەردىن قىرىق نەپەر موڭغۇل يىگىتنى تاللاپ
چىقتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ياڭ زىڭشىن دەۋرىدە جەنشكوينىڭ
قول ئاستىدا چاقىلىقتا تۇرغان بولۇپ، چاقىلىقنىڭ جۇغراپىيى-
لىك شارائىتى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى. قورال - ياراغلارنى
بېسىپ مېڭىشقا ماشىنا بولمىغاچقا، ماشىنا بولسىمۇ تارىم دەر-
ياسىنىڭ كىچىكلىرىدىن ئۆتەلمىگەچكە قارا شەھەردىكى رۇسلار-
دىن تۆت چاقلىق خادىك ھارۋىدىن ئوننى سېتىۋالدى. ھەربىر
ھارۋىغا ئۈچقۇر ئاتلاردىن تۆتنى قاتتى. ھەممە تەييارلىق پۈتكەن-
دىن كېيىن ئۆزى تۆت ئات قوشقان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ
پەيتۇنغا چۈشۈپ، تەرجىمانىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقتى.
ھەربىر ھارۋىغا يېتەرلىك مىقداردا قورال - ياراغ، ئوق -
دورا، ئوزۇق - تۈلۈك ھەتتا ئاتلارنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرىغىچە
بېسىپ ماڭدى. ئۇلار بىر كېچىدە يەتمىش - سەكسەن كىلومې-
تىر يول يۈرۈپ كۈندۈزلىرى ئارام ئېلىپ، ئاتلارنى تويغۇ-

زۆپ 21 ـ ئاۋغۇست تاڭ ئاتار چاغدا چاقىلىققا يېتىپ كېلىپ كونا يامۇلغا چۈشتى، ئۇلار پۇقراچە كىيىمدە ئىدى.

*　　*　　*

ياڭ مىڭجۇ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا جاسۇسلارنىڭ مەلۇ-ماتىدىن ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن تۇردى يىڭجاڭنىڭ چىقىشالماي-ۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى ئۆزىنى دارغا ئېسىلغان تۇردى يىڭجاڭ بىلەن قانغا مىلىنىپ ياتقان دېھقان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ جەسىتى ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى ـ دە:

— كارامەت كۆرۈپتىمەن، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ چامادانىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ۋوتكا» ھارىقىدىن بىر بوتۇلكا، يەنە بىر قۇتا كالا گۆشى كونسېرۋاسىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، ھاراقنى پىيالىغا قۇيۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈۋەتتى ھەم «كازبىك» ماركىلىق تاماكىنى تۇتاشتۇردى.

— تەرجىمان، — دەپ چاقىردى ئۇ، — كەل سەنمۇ بىر ئوتلا.

— ۋالىي جانابلىرى مەن ھاراق ئىچىپ باقمىغان. مېنى كەچۈرگەيلا. . .

— سەنلەغۇ بىر ئېشەك، ھېچنېمىنىڭ قەدرىنى بىلمەي-سەن. بوپتۇ ھاراق ئىچمىسەڭ تاماكا چەك، — دېدى. تەرجى-مان بولسا تولىمۇ قورۇنغان ھالدا بىر تال تاماكىنى ئېلىپ، يېنىۋاتقان شامنىڭ ئوتىدا تۇتاشتۇردى.

ياڭ مىڭجۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ دىمىغىدا ناخشا ئېيتقاچ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىر مېڭىشتىن توختاپ بۇلۇڭدىكى چامادانىنى ئاچتى ھەم

مېڭىش ئالدىدا ئويدۇرغان ئوتتۇرىسىدا ئالتە شوئار بار «قارا شەھەر ۋالىي مەھكىمىسى» دېگەن تامغىنى ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قارىدى. ئۇنى سۇروقتا چىلاپ بىر پارچە ئاق قەغەزگە بېسىپ باقتى ـ دە، خۇشاللىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە تامغىنى قايتا جايىغا قويۇپ، چامادانىنى قۇلۇپلاپ قويدى. ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى.

ــ ھەقىقەتەن كارامەت كۆرۈپتىمەن، ــ دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم، ــ ئەمدىغۇ شېڭ دوبەن مەندىن رازى بولۇر.

ئۇنىڭ مۇنداق دېيىشى بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەيدىن تېخى-مۇ چوڭ مەنسەپ تەمە قىلىۋاتقانلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ چاقىلىقنى تىنجىتقاندىن كېيىن مۇشۇ تامغا ئارقىلىق «چاقى-لىقنى تىنجىتقۇچى» نامى بىلەن چاقىلىقتا ئەمەلدار تەيىنلەشنى كۆزدە تۇتقانىدى. ئۇ چاغدا قارا شەھەر ۋىلايىتىدە ئۇنىڭ بىر ئۇلۇش كۈچى ئاشاتتى. ئۇ چاغدا كىمكەن ئۇ؟ ياڭ مىڭجۇدىن قورقمايدىغان. . .

ــ تەرجىمان، ــ دېدى ئۇ، ــ چىقىپ سوراپ باق. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىنى بىلىدىغانلار بارمىكىن؟ ئەگەر بىلىدىغانلار چىقىپ قالسا مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كىر.

ئۇ ھەدەپ دىمىغىدا ئىسقىرتاتتى. خۇشاللىقتىن قولىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ «قارس» چىقىراتتى. ئۆز خىيالىدا ئەمدى قوزغىلاڭچىلارنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتەلەيتتى. تەرجىمان چى-قىپ كېتىپ ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى بىر موڭغۇل يىگىتنى باشلاپ كىردى. ئۇ ھاراقنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ توغرۇلۇق كەلگەن بەستىدىن كۈچ تېمىپ تۇراتتى.

ــ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى ياڭ مىڭجۇ.

— يېقىنلا، بۇ يەرگە ئىككى - ئۈچ يۈز قەدەمچە كېلىدۇ.
— سەن قانداق بىلىسەن؟
— مەن بۇ يەردە تۆت يىل ئەسكەر بولۇپ تۇرغان.
— شۇنداقمۇ؟ ناھايىتى ياخشى. سەن قاچان قارا شەھەرگە كەتكەن؟
— بۇلتۇر ئىككىنچى ئايدا،
— ساڭا بىر ۋەزىپە تاپشۇرىمەن، ئورۇندىيالامسەن؟
— باش ئۇستىگە ۋالىي جانابلىرى، ئەلۋەتتە ئورۇندايمەن.
— ياخشى، ياخشى، مەن سەندەك جۇرئەتلىك يىگىتلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ ئارقىدىن تەجىمانغا بۇرۇل - دى، — تەرجىمان قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ياز.

تەرجىمان قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ تەييار بولدى. لېكىن، جوزا بولمىغاچقا قەغەزنى دەرىزىدە قويۇپ يېزىشقا ھا- زىرلاندى. ياڭ مىڭجۇ ئالدىرىماي ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى:

«ئاخۇن يىڭجاڭ جانابلىرى، سىلىنى ۋالىيلىق مەنسەپ بىلەن تەبرىكلەيمەن، بۇ شېڭ دوبەننىڭ پەرمانى. ۋالىيلىق تامغىسىنى ئەتە ئاخشاملىققا سىلىنىڭ ئۆيدە تاپشۇرىمەن. مەر- ھەمەت قىلىپ قوبۇل قىلالا. لېكىن، ھازىرچە مەخپىيەتلىكنى ساقلىغايلا. سابىق ۋالىي ياڭ مىڭجۇ». تەرجىمان خەتنى باشقا قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈردى ۋە قاتلاپ موڭغۇل ئەسكەر- گە بەردى. ياڭ مىڭجۇ خەتنىڭ كوپىيىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

— سەن بۇ خەتنى ھەرنەرسە قىلىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمگە يەتكۈزۈپ بەر. ۋەزىپىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، سېنى ھاراق بىلەن مېھمان قىلىمەن. ئەمما، مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلى- شىڭ كېرەك. بولمىسا ئۆلدۈم دەۋە، — دېدى ياڭ مىڭجۇ موڭغۇل يىگىتكە.

— خوپ ۋالىي جانابلىرى، — دەپ موڭغۇل يىگىت چىقىپ كەتتى.

* * *

ھەممە ياق ئايسىز قاراڭغۇ. ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇراتتى. شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال كۇندۇزنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدا قىزىپ كەتكەن ھاۋانى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كېتىپ كېچىكى سالقىن ھاۋا كىشىلەرگە راھەت بەخش ئەتكەنىدى. بۇ تەرەپلەردە كېچە بىلەن كۇندۇزنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. كۇندۇزلىرى كۆيدۈرگۈدەك ئاپتاپ بولسىمۇ، كېچىلىرى تاڭ سالقىنى راھەت ئېلىپ كېلىدۇ. دائىملىق چىقىپ تۇرىدىغان تاغ سالقىنى ئاسانلىقچە يەر يۈزىگە شەبنەم چۈشۈرمەيدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر ياز كېچىلىرى، بولۇپمۇ ئىيۇل، ئاۋغۇست ئايلىرىدا تالادا ياتىدۇ ۋە راھەتلىنىپ ياخشى ئۇخلاپ ئەتىسى ئىشقا بالدۇر تۇرىدۇ.

بۈگۈن مانا شۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ سالقىن كېچىسى ئىدى. كونا يامۇلدىن ئالتە نەپەر ئادەم چىقىپ، يامۇل ئالدىدىكى توپىلىق يولدا ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ پەم بىلەن دەسسەپ شىمالغا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىككىيلەن بىلەن كەينىدىكى ئىككى ئادەم ئاپتومات بىلەن قوراللانغان بولۇپ، پەقەت ئوتتۇرىدىكى ئېگىز بويلۇق ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى قۇرۇق قول، يەنە بىرسىنىڭ قولىدا كىچىككىنە قول سومكىسى تۇراتتى. بۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ ماڭغان قارا شەھەر ۋالىيسى ياڭ مىڭجۇ ۋە ئۇنىڭ تەرجىمانى بولۇپ، قالغانلار ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ۋە يول باشلىغۇچىسى ئىدى. ئۇلار ئازراق مېڭىپ يەنە توختاپ ئەتراپنى تىڭشايتتى. يەنە

پەخەس بىلەن قەدەم تاشلايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئادەمگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى شەكسىز ئىدى. چۈنكى «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان - دە، بولۇپمۇ بۇ كېچىدە پىيادە مېڭىش ياڭ مىڭجۇ ئۈچۈن ناھايىتى تەس كېلىۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا كېچىدە كۆز ئەينەك بىلەن مېڭىش خۇددى «قارىغۇ چاشقان» ئوينىغاندەك بىر ئىش ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرىكى توختىماي دۈكۈلدەيتتى. لېكىن، ئۇلار قورقمىسىمۇ بولاتتى. بۇ تەرەپكە تۈردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن ئادەم قويمىغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمگە، خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. شۇنداقلا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ «ماڭا ئىشەنمەپتۇ» دېگەن گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ تەرەپنى بوش قالدۇرغانىدى ۋە «پېسە - پېسىنى قاراڭغۇدا تونۇيدۇ» دېگەن گەپنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— ئاز قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى تاقەتسىزلەنگەن ياڭ مىڭجۇ.

— كەپقالدۇق، — ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەي تۈرۈپلا ئالدى تەرەپتىن بىرى ۋارقىرىدى:

— كىمسەن؟

— ۋالىي، — دېدى تەرجىمان ئاستاغىنە.

شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تېگىدىن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا مىلتىق بار ئىدى.

— مەن سامساق كۆكېيشى، ئاخۇن يىڭجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى. سىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان، — دېدى. ئۇ ھازىر ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ بىرى

ئىدى.
— ناھايىتى ياخشى. مانا بىز كەلدۇق، — دېدى ياڭ مىڭجۇ.
— ئەجەبمۇ كەچ قالدىڭلار؟ — دېدى سامساق كۆكبېشى.
— بىز ئېھتىيات قىلدۇق. قېنى يول باشلا، — دېدى ۋالىي.

سامساق كۆكبېشى ئۇلارنى ھايال قىلماي ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ كىردى. ئەلەمنىڭ ئايۋان، مېھمانخانىلىرىدا بىرنەچچە جايغا چىراغ يېقىۋېتىلگەچكە خېلىلا يورۇق ئىدى. مۇھاپىزەتچىلەر ئايۋاندا قالدى. سامساق كۆكبېشى ياڭ مىڭجۇنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ئابدۇكېرىم ئەلەم ياڭ مىڭجۇنى ئايۋاننىڭ ئىشىك تۇۋىدە بېشى يەرگە تەككۇدەك ئېگىلىپ كۈتۈۋالغانىدى. ھازىر بولسا پايپاسلاپ يۈرۈپ مېھمانخانىنىڭ مىلەڭزىسىنى ئۆزى قايرىپ تۇردى.

— قېنى مەرھەمەت ۋالىي جانابلىرى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم. ياڭ مىڭجۇ غادايغان پېتى مېھمانخانىغا كىرىپ، پەگادا تۇرۇپ پۈتۈن ئۆيگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ قىرىق كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، تاملىرى، تورۇسى نەقىشلەنگەن ۋاسا چوپ ئۆيىنى ئىككى يەرگە يېقىلغان يوغان چويۇن چىراغ يورۇتۇپ تۇراتتى. تەكچىلەردە يوغان - يوغان كىتابلار، ھەرخىل جانان قاچىلار تىزىقلىق تۇراتتى. ئۆيگە لىق كەلتۈرۈپ گىلەملەر، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆت قەۋەت ئەتلەس، تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان. تەكلىپ بويىچە ياڭ مىڭجۇ يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يېنىغا تەرجىمان جايلاشتى. ياڭ مىڭجۇ ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەقىشلەرگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قىزىقىپ قالدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم بولسا نېمە دېيىشنى بىلمەي، بىرنەچچە سېكۇنت

تىكىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن گەپ باشلىدى.

— ۋالىي جانابلىرى ھارمىغايلا، يول ئازابى گۆر ئازابى دەپتىكەن كونىلار.

— رەھمەت جانابلىرى. سىلى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ياڭ مىڭجۇ ھېيلىگەرلىك بىلەن.

— رەھمەت ۋالىي جانابلىرى، بىزنى دىدار كۆرۈشتۇرگەن ئاللاغا رەھمەت.

— شېڭ دوبەن جانابلىرى، ۋالىي جانابلىرىغا سالام ئېيتتى، — دېدى ياڭ مىڭجۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئۇ زاتى ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، — ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ شالاڭ ساقاللىرى تىترەپ، ئەلەس كۆزى پارقىراپ كەتتى.

— بۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەممە مىللەتتىن ۋەكىل قاتناشقان چوڭ يىغىن ئېچىلغانىدى، — دەپ چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى ياڭ مىڭجۇ، — شۇ يىغىندا خوجىنىياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ھاجىم ئەسلىدە جانابلىرىنى شېڭ دوبەنگە تونۇشتۇرغانىكەن. شېڭ دوبەن جانابلىرى سىنى چاقىرىپ، جانابلىرىنى «يىغىنغا ئەكەلمەپسەن» دەپ ناھايىتى كايىدى. بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك مىنى كەچۈرگەيلا.

— ۋالىي جانابلىرى تەكەللۇپ قىلمىسىلا، ئارىمىزدا بىر - بىرىمىزنى كەچۈرمىگۇدەك ھېچ ئىش يوق، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم خوشامەت بىلەن. ئۇ ئۆز نامىنى شېڭ شىسەينىڭ تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— رەھمەت ۋالىي جانابلىرى، — دېدى ھېيلىگەر ياڭ مىڭجۇ، — مىنى كەچۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. شېڭ دوبەن جانابلىرى مىنى ئۆزلىرىگە خوش خەۋەر

يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئۆزلىرىنى قارا شەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىي-لىقىغا تەيىنلىدى، مۇبارەك بولسۇن ۋالىي جانابلىرى . . .

ئۇ شۇنداق دېگەچ يېنىغا قويغان كىچىككىنە قول سومكى-سىدىن قىزىل شەلپەرگە ئورالغان بىر دانە تۇگۇنچىنى يەشتى، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر دانە تۆت چاسا تامغىنى ۋە بىر قۇتا سىياھنى ئېلىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمگە سۇندى. تەرجىمان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇ نەرسىلەرنى ياڭ مىڭجۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ھازىر-غىچە قول باغلاپ تۇرغان ئابدۇكېرىم ئەلەمگە ئىككى قوللاپ سۇندى. تامغىنى ئالغۇچە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قوللىرى تىتى-رەپ كەتتى.

— ۋالىي جانابلىرىغا تامغىنى بېسىپ كۆرسىتىپ قوي، — دېدى ياڭ مىڭجۇ. تەرجىمان ئابدۇكېرىم ئەلەمنى چىراغنىڭ يېنىغا تارتىپ ياڭ مىڭجۇ سۇنغان بىر پارچە ئاق قەغەزگە تامغى-نى سىياھقا چىلاپ باستى. قەغەزدە «قارا شەھەر ۋالىي مەھكى-مىسى» دېگەن خەنزۇچە خەت كۆرۈندى.

— خېتى ناھايىتى ئېنىق، تامغا كىمدە بولسا ھوقۇق شۇنىڭدا بولىدۇ ئاخۇنۇم، — دېدى تەرجىمان. شۇ چاغدا دەرۋازىنى تاقاپ. قاراۋۇللارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كىرگەن سامساق كۆكبېشى تامغىنى ئەلەمنىڭ قولىدىن ئېلىپ تەكچىدە قويۇپ قويدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىسى قىلغا-نىدى. ئۇ چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە مېھماننىڭ قولىغا سۇ تۇتۇش ئۈچۈن ۋالىلداپ تۇرغان ئاپتۇۋا، چىلاپچا، ئۇچىغا چۇچا ئىشلىگەن ئاپئاق لۆڭگە كۆتۈ-رۈپ كىردى. ئۇ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى. ياڭ مىڭجۇ قولىنى يۇيۇپ بولۇپ، لۆڭگىگە سۈرتۈشتىن بۇرۇن سىلكىۋە-دى، قولىنىڭ يۇندىلىرى گىلەمگە چاچرىدى. ئابدىكېرىم ئەلەم-نىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. ياڭ مىڭجۇغا نېمە

دەپ رەھمەت ئېيتىشنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. ئەگەر بۇ ئىشنى قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى بىلىپ قالسا قانداق بولار، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ياڭ مىڭجۇ سېزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ بىر ئادەم تۇرۇپ شۇنداق ئاسان قولغا چۈشكەنلىكىگە ھەيران بولاتتى ۋە ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ بۇ خەقنىڭ موللا، ئۆلىما دېگەنلىرى مۇشۇنداق ئاچ كۆز ھەم نادان بولسا، ئۇلارنى سېتىۋېلىش بازاردىن بىر توخۇنى سېتىۋېلىشتىنمۇ ئاسان بولسا، قالغانلارنى يىغىشتۇرۇش قار ياغقاندا تورغاي تۇتقاندىنمۇ ئاسان بىر ئىش بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى.

مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سېلىنغان داستىخانغا چوڭ ـ چوڭ ھەمەك نان، پېتىر قاتلىما، مايلىق توغاچ، پاخلان گۆشى، كاۋاپ، ھەر خىل قورۇما، تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋە، مېۋە شەربىتى قويۇلدى. بۇ نەرسىلەرنى جەن لۈيجاڭنىڭ زامانىسىدىكى كونا ھەربىي ئاشپەز، گۇچۇڭلۇق ئىسكەندەر تەييارلىغانىدى. ياڭ مىڭجۇ ئۇچۇن بۇ يەردە پەقەت ھاراقلا كەم ئىدى.

— قېنى ۋالىي جانابلىرى داستىخاندىكى نەرسىلەر ئۆزلىرىگە لايىق بولمىسىمۇ، ئېغىز تەككەچ ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم.

— ياخشى، ياخشى ئۆزلىرىمۇ ئولتۇرسىلا، — دېدى ياڭ مىڭجۇ شۇ چاغقىچە قول باغلاپ تۇرغان ئابدۇكېرىم ئەلەمگە، — جىمىـىپ كەتتىلىـغۇ؟ شېڭ دوبەننىڭ پەرمانىـى سىلىگە ياقمىدىمۇ يا؟

— يوغۇسۇ جانابلىرى، ئۇ ئاتىمىزغا كۆپ رەھمەت. بىراق... — دەپ ئۇ توختاپ قالدى.

— ھە... بىراق دەپ توختاپ قالدىلىغۇ؟ گەپ بولسا ئوچۇق دەۋەرسىلە.

ــ مېنىڭ ۋالىي بولۇشۇمغا بۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلار ئۇنىماسمىكىن؟

ــ گەپلىرى شۇمىتى ۋالىي جانابلىرى، ــ دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ياڭ مىڭجۇ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ــ سىلەردە «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقچە» دېگەن ئوبدان تەمسىل بار، مەن ئۇزۇپ ئېيتىمەنكى، بۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ.

ــ ئاغزىلىرىغا ياغ. ئىلاھىم جانابلىرىنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن، ــ دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم دۇئا قىلغاندەك قىلىپ، ــ لېكىن، تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ھەم ئايۇپ فۇگۇەن دېگەنلەر ناھايىتى يامان نېمىلەر، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياڭ مىڭجۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ ۋالىي جانابلىرى، ئۇلار يامان بولسا، مەن ئۇلاردىن يامان. مەن ئاز كۈن ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن. ئەگەردە مەن ھېچ نەرسە قىلالمىسام دوستىمىز شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ ئۇلارنى چايناپ يۇرىۋېتىدۇ.

ــ ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن، تىنچ - ئامان ياشايلى، ــ دېدى ياڭ مىڭجۇنىڭ ئوغرى ھارۋىسىغا بىللە تۇرۇپ چىققان ئابدۇكېرىم ئەلەم.

ــ ئەمما، جانابلىرىغا بىر شەرت بار. شۇنى ئورۇنلاشلىرى كېرەك.

ــ نېمە شەرتكىن؟ جانابلىرى مېنى «ئوتقا كىر» دېسىلە ئوتقا، «سۇغا كىر» دېسىلە سۇغا كىرىشكە تەييارمەن، ــ دەپ ئابدۇكېرىم ئەلەم ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەمەلنى كۆرۈپ قۇللۇققا قارشى كۈرەش قىلغان يولداشلىرىدىن، ئۆز مىللىتىدىن، دەسلەپكى غايىسىدىن يۈز

ئۆرۈپ ئەزگۈچىلەرنىڭ تاپىنىغا قايتىدىن باش قويدى. ياڭ مىڭجۇ بۇنىڭدىن بەك مەمنۇن بولدى.

— ھە، جانابلىرىدا مۇشۇنداق ئىرادە بار ئىكەن. بىز ئىككىمىز ھەمكارلاشساق چوقۇم بۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارنى ئاسانلا يوقىتالايمىز، — دېدى ياڭ مىڭجۇ، — مېنىڭ شەرتىم ناھايىتى ئاددىي. بىرىنچىدىن، مەن بۇ يەردىكى توپىلاڭچىلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچە ئۆزلىرىنىڭ ۋالىي بولغانلىقلىرىنى مەخپىي تۇتىلا. ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى ئېلىپ ۋاقتىنچە يۇرتتىن ئايرىلىپ تۇرىلا. قانداق مۇشۇ ئىشلارنى قىلالامىلا؟

— باش ئۈستىگە ۋالىي جانابلىرى، بۇ ناھايىتى ئاسان گەپكەن، — دېدى ئەلەم.

— مەن بۇ يەردىكى توپىلاڭچىلارنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن جانابلىرىغا خەۋەر بېرىمەن. جانابلىرى ئەركىن، ئازادە يۇرت سورايلا. مانا بۇ شېڭ دوبەننىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى.

ئابدۇكېرىم ئەلەم ياڭ مىڭجۇنىڭ ئالدامچىلىق ياغلىما گەپلىرىدىن بەك تەسىرلىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ مىڭلارچە رەھمەت ئېيتتى. بۇ كېچە ياڭ مىڭجۇ ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن ئۇزاق گەپلەشتى. ئابدۇكېرىم ئەلەم ياڭ مىڭجۇغا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورال - ياراغلىرى، تۇرار جايلىرى، ئۇلارنىڭ ھەربىي ماھارىتى، باشلىقلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات بەردى ۋە ئاخىرىدا:

— تۇردى يىڭجاڭدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بۇلار ئەر - خوتۇن بەك يامان ئادەملەر، — دېدى ۋە، — ئايۇپ فۇگۇەن بولسا ھەربىي ئىشلارغا بەك پىششىق، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

ياڭ مىڭجۇ قايتماقچى بولۇپ ئايۋانغا چىقتى. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆزىنىڭ ھەرەمخانىسىدىن ئون بەش - ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن بىر قىزنى چاقىرىپ چىقتى ۋە ياڭ مىڭجۇغا تۇتتى.

— ۋالىي جانابلىرى بۇ قىز ئەسلىدە خەنزۇ. ئىسمى ئانىڭ ئىدى. ھازىر بىز ئۇنى ئايشەم دەيمىز. مېنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە سوۋغامنى قوبۇل قىلغايلا.

— جانابلىرىغا كۆپ رەھمەت، — دەپ ھىجايدى ياڭ مىڭجۇ، — ھازىرچە بۇ قىز ئۆزلىرىگە ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن. كۆز ئالدىمىزدىكى ئالدىراشلىق ئۆتۈپ كەتسە مەن ئۇنى ئېلىپ كېتەي. شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ ۋالىي جانابلىرى. . .

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ۋالىي جانابلىرى. سىلىنىڭ بۇ مەلىكىلىرىنى بىز كۆز قارىچۇغىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمىز، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم.

— كۆپ مىننەتدارمەن. كۆپ مىننەتدارمەن، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭ مىڭجۇ كەتتى. بۇ چاغدا شەرقتە سوۋە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇلار ئەمدىلا كونا يامۇلغا كېلىپ تۇرۇشىغا ئەتراپتىن ئەزاننىڭ ئاۋازى كەلدى. ئىككىنچى كۈنى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆز قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى يىغىپ يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ كەتتى. نىشان چىۋىنكۆل ئىدى.

# ئون ئالتىنچى باب

# قاپقان

ئېتىپ روستەمگە ئوق نامەرد رونتيەن[1]
جېنىنى قەستلىگەندە هيلە بىلەن.
——ئا. ئۆتكۈر

«چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ كوماندىرى تۇردى يىڭجاڭغا:

شەنبە كۈنى (8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) شېڭ دوبەن نامىدىن چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق بارلىق قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردىمەن. پاراتقا قوماندانلىق قىلىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن، پاراتنى ئۆزۈم قوبۇل قىلىمەن. ئورنى كونا يامۇلدا. ئاخىردا بارلىق قوشۇنغا زىياپەت بېرىلىدۇ، ۋاقتىدا كېلىشىڭنى بۇيرۇيمەن.

ۋالىي ياڭ مىڭجۇ. 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى». بۇ بۇيرۇقنىڭ كېلىشى تۇردى يىڭجاڭنى تەمتىرىتىپ قويدى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق بولۇشنى زادىلا كۈتمىگەنىدى. بۇ ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر چارشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇ مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن مۇئاۋىن يىڭجاڭ ئابدۇكېرىم ئەلەمگە ئادەم ئەۋەت-

---

① رونتيەن — پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى سەلبىي قەھرىمان.

مەكچى بولۇپ، تۇرۇپلا بۇ خىيالىدىن يالتىيىپ قالدى. چۈنكى ئابدۇكېرىم ئەلەم «مېنى ھۆرمەت قىلماپتۇ» دېمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن مەن ياشتا كىچىك بولغاندىكىن ئۆزۈم باراي دېگەن خىيالغا كەلدى ـ دە، ئاتلىنىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جايىغا كەلدى. لېكىن، ئۇ بۇ يەردە بىرەرمۇ قوراللىق ئادەمنى كۆرمە-دى. بۇ ئىشتىن بەكمۇ ئەجەبلەندى ـ دە، بۇنداق ئەھۋالدا ئۆيگە كىرىشتىن ھەزەر ئەيلىدى. ئۇ ئاتخانىغا قاراپ باقتى. بىرمۇ ئات يوق. مالايلار ياتىقىدا بىر مالاي قوغۇن يەپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۇردى يىڭجاڭنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. نەشىنى كۆپ چەككەنلىكتىن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ خۇنى قالمىغانىدى.

— ئاخۇن يىڭجاڭ ئۆيدە يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى تۇردى يىڭجاڭ ئۇنىڭدىن.

— يوق ئىدى غوجام، — دېدى مالاي.

— نەگە كەتتى، بىلەمسەن؟

— ئوۋ ئوۋلاشقا بارىمىز دېگەندەك قىلىۋاتاتتى ئاغا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇردى يىڭجاڭ ھەيران بولدى. ھازىر ئوۋ ئوۋلايدىغان مەزگىل ئەمەس، ھاۋا بەك ئىسسىق. ئەگەردە راس-تىنلا ئوۋغا چىقسىمۇ ئەجەب ئىش مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماپ-تا؟ شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ھەممىسىلا ئوۋ ئوۋلاشقا كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىنىسى ئىسما-ئىل شاڭيۇنىڭكىگە، ئارقىدىن ئابدۇرەھىمنىڭكىگە باردى. ھەم-مىلا ئۆيدە «ئوۋغا كەتتى» دېگەن جاۋابنى ئالدى. ئۇ بۇ ئىشلار-دىن تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ — مۇشۇنداق چوڭ بىر ئۆلىمانىڭ دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىشى زادىلا خىيالغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ ئاخىر ھاكىم گاجىت بەكرىنى ئىزدەپ كەتتى. ئۇ كونا يامۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ بىرەر ئۆزگىچە

ئەھۋالنى سەزمىدى. يامۇلنىڭ دەرۋازىسى كۈندۈزىمۇ تاقاق تۇراتتى. ھاشىم بەگنىڭ جايىغا جايلاشقان ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە ئۇنى ھەممە ئادەم تونۇغاچقا ھەممەيلەن سالاملىشىپ، ئاتنى بىر يايىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۇدۇل ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ھاكىم گاجىت بەكرى بىر خىزمەتچى بىلەن ئىككى ھەپتە بۇرۇن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تەلىپى بويىچە شىڭ شىسەينىڭ پەرمانى بىلەن قارا شەھەردىن ئەۋەتكەن ھەربىي تەمىنات، — ئاشلىقنىڭ ھېسابىنى قىلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ سالام قىلدى تۇردى يىڭجاڭ، — سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن؟

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام يىڭجاڭ. بىزنىڭ ئىشىمىز تۈگىگەن. شۇنداق ئەمەسمۇ قادىر موللام؟ — دېدى ھاكىم گاجىت بەكرى.

— شۇنداق ھاكىم، — دېدى سوزۇق يۈزلۈك بىر ئادەم، — ئەمدى مەن چىقاي. ئۇ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدا تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ھاكىم گاجىت بەكرى ئىككىيلەنلا قالدى. تۇردى يىڭجاڭ ياڭ مىڭجۇنىڭ بۇيرۇقىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ھاكىمغا بەردى.

— ئاخۇن يىڭجاڭنى ئىزدەپ بارسام، ئۇ ئادەم ئوۋ ئوۋلاشقا كېتىپتۇ.

— ماڭىمۇ ئۇقتۇرۇش كەلدى، — دېدى گاجىت بەكرى، — غەلىتە ئىش، مۇشۇنداق چاغدا ئۇ ئادەمنىڭ ئوۋ ئوۋلاشقا ماڭغىنى نېمىسى؟

— شۇنى دېمەملا بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپمۇ قويماپتۇ، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— بۇ ئىشنىڭ نەق گۇمانلىق تەرىپى شۇ يەردە، — دېدى

گاجىت بەكرى، — بولمىسا ئابدۇكېرىم ئەلەم قوشۇنىنىڭ مۇئا-
ۋىن كوماندىرى تۇرسا ھەرقانداق يەرگە بارسا ھەربىي ئۇسلۇپ
بويىچە سىلىنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئەجەب
ئىش. بىر ئېغىز تىنىپمۇ قويماپتۇ.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئابدۇكېرىم ئەلەمدىن قاتتىق
گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۇشمەنگە تەسلىم بولۇپ
كېتىشىنى ئەقىلگە سىغدۇرالمىدى.

— «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەن ماقال بار. ئەمدى
قانداق قىلىمىز، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— قانداق قىلاتتۇق. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كونا يامۇلغا
بارىمىز. بارغاندىمۇ تولۇق تەييارلىق بىلەن بارىمىز، — دېدى
گاجىت بەكرى، — ياڭ مىڭجۇ چاتاق چىقارمىسا، بىزمۇ تىنچ
قايتىپ كېلىمىز. ناۋادا چاتاق چىقارسا «ئانداق قازانغا مۇنداق
چۆمۈچ» قىلىمىز، شۇنداق قىلساق بولۇرمۇ؟

— بولىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىچە بولسۇن، — دېدى
تۇردى يىڭجاڭ. ئۇلار خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

* * *

29 - ئاۋغۇست كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ۋە قۇياشلىق
بىر كۈن بولدى. شەرقتىن چىقىپ تۇرغان سالقىن شامال كى-
شىلەرنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۆتەتتى. ئۆتكەن ئىككى كۈندە
ئۇلار پاراتتىن ئۆتۈشنى قاتتىق مەشىق قىلغانىدى. بۈگۈن قوز-
غىلاڭچىلار سەھەر تۇرۇپ دوتەينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە تەييارلى-
نىۋاتاتتى. بۇ قىسىم ھازىر بۇرۇنقىدەك ھەر خىل، ھەر رەڭدە
كىيىنگەن بىر توپ پارتىزانلار تۈسىدە بولماستىن، بەلكى
6 - ئايدا خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى

ئەۋەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن ھەربىي فورمىنى كىيىپ مۇنتىزىم ئارمىيە تۈسىگە كىرگەنىدى. تۇردى يىڭجاڭ ئەتىگەندە ئۈچ روتا ئەسكەرگە قوراللىرىنى سۇرتۈپ، ئوقلاپ يولغا چىقىشقا، بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدە يۈكسەك ھەربىي ھالەت-نى ساقلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. مۇھاپىزەتچى قىسىم ئايۇپ فۇگۇەن، ھوشۇر لەنجاڭ، ھاشىخانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ناسىر بەگنىڭ جايىدا قالدى.

تۇردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى ئۈچ روتا قوراللىق ئەسكەر سائەت توققۇزدا كونا يامۇلغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يېپيېڭى ھەربىي فورمىسى، ۋالىلداپ تۇرغان قورال - ياراغلىرى، تەك-شى قەدەم بېسىشلىرى، ھەربىر قەدەم ئالغاندا غاچىلداپ تۇرغان پۇتىدىكى خۇرۇم ئۆتۈكلىرى ئۇلارنى ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆر-سىتەتتى. ئۇلارنى ۋالىي ياڭ مىڭجۇ ئۆزىنىڭ كاتىپى ھەم مۇھا-پىزەتچىلەر باشلىقى جاڭ مىڭشەن، ھاكىم گاجىت بەكرى، تەرجىمان قاتارلىق كىشىلەر كۈتۈپ تۇرغانىدى. تۇردى يىڭجاڭ ئەسكەرلەرنى باشلاپ، يەرلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ گۈرسۇل-دۈتۈپ دەسسەپ كونا يامۇلنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا كىرىپ توختىدى ۋە تۇردى يىڭجاڭ ھەربىي ئۇسلۇپ بويىچە ياڭ مىڭجۇغا دوكلات بەردى:

— چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق قىسىملار يېتىپ كەلدى. ۋالىي-نىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى كۈتىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ھىيلىگەر ياڭ مىڭجۇ، — قىسىمنىڭ ئادەم سانى ئاز تۇرىدۇ. قالغانلار نېمىشقا كەلمىدى؟

— ئاخۇن يىڭجاڭ ئوۋ ئوۋلاشقا كېتىپتۇ. ئېزىز ھاجىم-نىڭ قىسمى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندۇ دەپ ئويلاپتىمىز.

— بەك ئەپسۇس، ئاخۇن يىڭجاڭ ياخشى ئىش قىلماپتۇ. ئېزىز ھاجىمنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ھازىر يېتىپ كەلسۇن.

— خوپ مانا هازىر، — دەپ تۇردى يىڭجاڭ ئالاقچىسىنى بۇيرۇدى، — ئېزىز هاجىمنىڭ قول ئاستىدىكىلەر هازىرلا يېتىپ كەلسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇردى يىڭجاڭنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ياڭ مىڭجۇ گىدەيگەن پېتى تىزلىپ تۇرغان ئەسكەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئارقىدىن ئەسلىدە يامۇلنىڭ يايىلىرى كېچىلىرى قاراۋۇللۇق قىلغاندا ياتىدىغان دەرۋازا تۈۋىدىكى سۇپىغا چىقىپ، خۇددى دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى ئىستېلاچىدەك گىدىيىپ تۇردى. تۇردى يىڭجاڭ ئەسكەرلەرگە كوماندا بېرىپ، هۆرمەت قەدەم بىلەن قەدەم تاشلاپ بۇ «يېڭى چىڭگىزخان» نىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. بۇ ياڭ مىڭجۇنىڭ «شېڭ دوبەن نامىدىن ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشى» ئىدى. بۇ ئىش ئەمدىلا ئاياغلىشىپ تۇراتتى. ئېزىز هاجىمنىڭ ئادەملىرى كەلدى. لېكىن، ئۇلارنى بۇ «يېڭى چىڭگىزخان» ياراتمىدى ۋە:

— سەنلەرمۇ ئەسكەرمۇ؟ نېمىشقا بىر توپ پادىدەك مېڭىشىسەن؟ — دېدى. ئۇلارنىڭ كوماندىرى توختى موللا يەرگە قاراپ تۇراتتى.

سائەت ئون بىرىم بولدى. هاۋا قىزىشقا باشلىدى. ياڭ مىڭجۇ قىسىمنى بۇرۇنقى هۆكۈمەت مەهكىمىسى جايلاشقان ئوتتۇرىدىكى هويلىغا ئېلىپ كىرىشنى ۋە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇشنى بۇيرۇدى. بۇ ئەللىك مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئوتتۇز مېتىر كەڭلىكتە بىر مەيدان بولۇپ، مەيداننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا كونا هۆكۈمەتنىڭ هۆكۈمەت مەهكىمىلىرى جايلاشقانىدى. ئۇدۇلدىكى ئىچكىرىكى هويلىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بىر دانە ئۇزۇن جوزا، ئۇنىڭ كەينىگە بىر نەچچە ئورۇندۇق قويۇلغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يىغىن سەھنىسى ئىدى. هۆكۈمەت مەهكىمىسىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرى قايتا ياسىلىپ،

دېرىزىلەرگە ھەرخىل پەردە تارتىلغانىدى. ياڭ مىڭجۇ، ئۇنىڭ كاتىپى جاڭ مىڭشەن، — تەرجىمان، گاجىت بەكرى قاتارلىقلار سەھنە ئالدىدا تۇراتتى.

— تۇردى يىڭجاڭ سىزمۇ بۇ يەرگە كېلىڭ، — دەپ تەكلىپ قىلدى ياڭ مىڭجۇ، — بىز دېگەن ئۆز ئادەم، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ.

— رەھمەت، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ سىزنىڭ يولىيو-رۇقلىرىڭىزنى ئاڭلاي، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— كېلىڭ - كېلىڭ ماۋۇ ئورۇندۇققا، — دەپ ياڭ مىڭجۇ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. ئىلاجىسىز قالغان تۇردى يىڭجاڭ ئاخىر ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. ياڭ مىڭجۇنىڭ سول تەرىپىدە تەرجىمان ئۇنىڭ نېرىسىدا گاجىت بەكرى، ئوڭ تەرىپىدە بىر ئورۇندۇق بوش بولۇپ، ئۇنىڭ نېرىسىدا كاتىپ جاڭ مىڭشەن بار ئىدى. ئامالسىز قالغان تۇردى يىڭجاڭ ياڭ مىڭجۇ بىلەن جاڭ مىڭشەننىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇردى. جاڭ مىڭ-شەن «كاتىپ» دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە لەنجاڭ دەرىجىلىك ھەربىي كادىر بولۇپ، ناھايىتى قاۋۇل، تەمبەل ئادەم ئىدى. ھازىر بولسا قىرىق نەپەر موھۇل ئەسكەرنىڭ باشلىقى ئىدى. ياڭ مىڭجۇ تۇردى يىڭجاڭنى ئۆزى بىلەن كاتىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئارقىدىنلا ياڭ مىڭجۇ ئۆزىنىڭ شېڭ دو-بەنگە ۋاكالىتەن ئەسكەرلەرگە سالام بېرىدىغانلىقىنى جاكارلى-دى، ھەممەيلەن چاۋاك چالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن نۇتۇق سۆزلەپ ئالدىدا ئولتۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» نى شەرھلەپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى» دەپ راسا زەي سالماي پو ئاتتى. ئاخىرىدا ئۇ:

— شىنجاڭدا گۈزەل ئىستىقبال نۇرلۇنۇپ، ھەممەيلەن
تىنچلىق ئەركىنلىك، دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بۇ-
گۈنكى كۈندە بۇ يەردە بەزىلەر ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋې-
لىپ، شىڭ دوبەن بىلەن پۇت تېپىشىۋاتىدۇ. سەنلەر نېمە-
تىڭ؟ — دېدى.

ياڭ مىڭجۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان تۇردى يىڭجاڭ بۇگۈنكى يىغىننىڭ ئۆزلىرىگە قورغان قاپقان ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ـ دە، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تاپانچىسىغا قول سۇزدى. لېكىن، ئۇ ئۈلگۈرەلمىدى. جاڭ مىڭشەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئىچكىرىكى ھويلىدىن ئېتىلىپ چىققان تۆت نەپەر موڭغۇل تۇردى يىڭجاڭنى باغلىۋالدى. بۇ ئىشلار شۇنداق ئۇشتۇمتۇن يۈز بەردىكى قوزغىلاڭچىلار تەمتىرەپ قالدى. ئۇلار ئەمدىلا ئېسىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ياڭ مىڭجۇ ۋارقىرىدى:

— دا! (ئات!).

كونا ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىغا ئالدىن يوشۇرۇپ قويغان موڭغۇل ئەسكەرلەر پىلموتلاردىن خۇددى قوماچ قورۇغاندەك قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ بېشىدىن ھالقىتىپ پىلموتتىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. ئەمدى قورال تاشلىمىسا قىرىلىپ كېتىش قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدا قالدى.

— قورالنى تاشلاڭلار، بولمىسا قىرىلىپ كېتىسىلەر، — دېدى ياڭ مىڭجۇ.

شۇ چاغقىچە ئۆز جايىدا مىدىرلىماي خۇددى قېتىپ قالغان ھەيكەلدەك ئولتۇرغان گاجىت بەكرى ئورنىدىن تۇردى.

— قېنى قوراللارنى قويۇڭلار، — دېدى قوزغىلاڭچىلارغا ئارقىدىن ياڭ مىڭجۇغا قاراپ — ۋالىي جانابلىرى بۇلار قورال تاشلىدى. ئۇلاردا گۇناھ يوق.

ئەسكەرلەر قوراللىرىنى ياڭ مىڭجۇ كۆرسەتكەن يەرگە قوي-

دى. ئۆزلىرى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. ئۇلارنى موڭغۇل
ئەسكەرلەر ھەيدەپ بېرىپ، ئۆزلىرى يازدىن بۇيان جاپالىق
ئەمگەك ئارقىلىق ياسىغان ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى يېڭى
قورغان (غەربىي سېپىل) غا قامىدى. ئېزىز ھاجىمنىڭ ئادەم-
لىرىنى تارقىتىۋەتتى.

بۇ چاغدا ناسىر بەگنىڭ جايىدا قالغان ئايۇپ فۇگۇەن ۋە
ھوشۇر لەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەر بولغان ئەھۋالدىن ئۆز ۋاقتى-
دىلا خەۋەر تاپقانىدى. ئۇلار بۇگۈن كېچىسىلا تۇردى يېڭجاڭنى
قۇتقۇلدۇرۇپ چىقماقچى بولۇشتى. لېكىن، ئۇنىڭ قەيەردە ئى-
كەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ھازىر ھۇجۇم قىلساق بولمايدۇ، يېڭجاڭ ئۇلارنىڭ قولىدا،
يەنە ئۈچ ـ تۆت يۈز ئادەم ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. بىز ھۇجۇم
قىلساق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ھازىر قولىمىزدا بار
زاپاس قوراللارنى يوشۇرۇپ قويايلى. بىزدىن تەلەپ قىلسا، بىر
قىسىم كاردىن چىققان قوراللارنى بېرەيلى. پەيتى كەلگەندە
ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىمىز، — دېدى ھاشىخان.

— ياقەي تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقايلى، — دېدى ھوشۇر
لەنجاڭ.

— مەن ھاشىخاننىڭ دېگىنىگە قوشۇلىمەن... «سەۋر
قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ماقال بار. تالىشىپ
تۇرمايلى، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن ئويلىنىپ تۇرۇپ باشقا كەل-
گەننى كۆرەرمىز.

ئۇلار ئەمدىلا زاپاس قوراللارنى يوشۇرۇپ تۇرۇشىغا ھاكىم
گاجىت بەكرىنى ئالدىغا سېلىپ يىگىرمە نەپەر ئاپتوماتچىنى
باشلىغان جاڭ مىڭشەن پەيدا بولدى. ئۇلارنى كۆرۈپ ئايۇپ
فۇگۇەن قوراللارنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇلار ئاساسەن
كاردىن چىققان قوراللار ئىدى. ئۇلار ھەممە جاينى ئاختۇرۇپ

چىققان بولسىمۇ ھېچ نەرسە تاپالمىدى.

— ۋالىينىڭ بۆيرۈقى، — دېدى جاڭ مىڭشەن، — سىلەر بۇ يەردىن ھېچ يەرگە كەتمەيسىلەر. ئەگەردە كېتىپ قالساڭلار قاچقۇنلار قاتارىدا ئېتىپ تاشلايمىز. بىز سىلەرنى شىڭ دوبەننىڭ بۆيرۈقى كەلگەندە قويۇپ بېرىمىز. ھازىرچە سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ھەربىي ئاتلارنى بېقىپ تۇرۇش.

— بولارغا" مەن كېپىل، ھېچ يەرگە بارمايدۇ، — دېدى گاجىت بەكرى ئايۇپ فۇگۇەنگە كۆزىنى قىسىپ. شۇنداق قىلىپ ياڭ مىڭجۇ ۋاقىتلىق ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى. قورالسىزلاندۇ-رۇلغان، نەزەر بەنت قىلىنغان قوزغىلاڭچىلار ئەتراپىدا ئايغاق-چىلار يامراپ كەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

# «يولۋاس» قەپەستىن چىقتى

خۇدا قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىسىمۇ،
ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئىككى ئاي ئۆتتى. تەبىئەت ئۆزىنىڭ يازغا خاس مەخمەل تونىنى سېلىۋېتىپ، ئالتۇن رەڭ كىمخاب كىيدى. قۇياش ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتاتتى. تەبىئەت ئۆزگەرمىگەندەك قىلسىمۇ، قۇياش بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇنقى ھارارىتىنى يوقاتقانىدى. كېچىلىرى خېلىلا سوغاق بولۇپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا كىشىلەر پاختىلىق چاپان كىيىشەتتى. جەنۇبتىكى ئالتۇن تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرى قىشتىن خەۋەر بېرىپ ئاق توندىن لىباس كىيگەنىدى. تەكلىماكان توختىماي يىغلايتتى. دېھقانلار ئالدىراش قىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشاتتى. شەرقتىن چىقىۋاتقان سوغۇق شامال دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئازگال جايلارغا ئېلىپ بېرىپ تىقاتتى. ھەممە نەرسە كۈز شامىلىنىڭ كۈچى بىلەن توختىماي ئىرغاڭلاپ تۇراتتى.

بۇ ئۆتكەن ئىككى ئاي ھاشىخان ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ ئازابلىق ئايلار بولدى. ئۇ دادىسىدىن كىچىك قالدى. كېيىن ياتلىق بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭغا بەك كۆيۈنىدىغان

قېنانا ـ قېناتىسى ئالەمدىن ئۆتتى، ئىككى يىل بۇرۇن ئاندـ
سى ئالەمدىن ئۆتۈپ قارا يېتىم بولۇپ قالدى. لېكىن، ئېرى
ئۇنى بەك ياخشى كۆرگەچكە بۇ يېتىمەتچىلىكلەر بىلىنمىگەندـ
دى. بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى
ئۇلۇغ غايىگە ئىرادە باغلاپ يولغا چىققاندا ئۆيدە يالغۇز قېلىشنى
خالىماي، ئېرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئازادلىق، ئەركىنلىك
ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار كورلىدىن
ئاقسۇغىچە قانلىق جەڭ قىلىپ باردى. ئۇ يەردىن قوزغىلاڭچىلار
باش شتابىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئېلىپ، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش
قىلىش، باندىت ـ قاراقچىلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن خەلقنى
قوغداش دېگەن ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ،
تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئايلاپ ئات ئۈستىدە يۈرۈپ، ئاخىر بۇ
يەرگە كەلدى. بۇ يەردە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئاچارچىلىق
ۋە يوقسۇزچىلىق ئىدى. ئۇلار ئۆتكەن قىشنى تولىمۇ تەستە
ئۆتكۈزدى. ئەتىيازدىن بۇيان جاپالىق ئەمگەك قىلىش ۋە خەلق
ئاممىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرمۇشى جانلىنىپ «يېتىمنىڭ ئاغـ
زى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ياڭ مىڭجۇنىڭ
كېلىشى بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەم ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشـ
مەنگە تەسلىم بولغاچقا، ياڭ مىڭجۇ قويغان قاپقانغا ئۇنىڭ ۋاپادا-
رى، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر باش پاناھى، يۆلەنچۈكى ۋە ھاياتىـ
نىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئېرى چۈشۈپ قالدى. ھاشىخاننىڭ كۆز
ئالدىدىن ئۆتكەن ئىشلار خۇددى كىنو كارتىنىسىدەك ئۆتتى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئازابلىق كۈنلەرنىڭ ھەربىر كۈنى بىر ئايدەك،
ھەر ئېيى بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ تالاي كېچىلەرنى
ئۇيقۇسىز، كۆز ياشلىرى بىلەن ياستۇقنى ھۆلدەپ ئۆتكۈزدى.
ئايۇپ فۇگۇەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى تۇردىخان ئاچا دائىم ئۇنىڭ
يېنىدىن ئايرىلمايتتى. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى ۋە ئۈمىدلەندۈـ
رەتتى.

ئۇ ئېرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ھەر كۈنى كەچتە ناسىر بەگنىڭ شەرققە قاراپ تۇرغان ناھايىتى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭگە سېلىنغان تاختا كۆۋرۈككە چىقىپ، كۆۋ- رۈكنىڭ سالا سونىدا سائەتلەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدا تۇر- لۇك تۈمەن خىياللار . . . جۇملىدىن قارا خىياللارمۇ چۆرگىلىپ يۈرەتتى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ھاشىخاننى يۈزلى- رى ئوچۇق، مەڭزىدىن ياش ئېقىۋاتقان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. لېكىن، ئامال قانچە؟ ئۇلار ئۇنىڭ زېدە بولغان كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلمەيتتى ۋە ئۇنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. پەقەت ئايۇپ فۇ- گۈەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى تۇردىخان ئاچىلا ئۇنىڭ دەردىنى تولۇق چۈشىنەتتى. ئەگەردە ئايۇپ فۇگۈەننىڭ ئايالى چىقىپ كەچلىك تاماققا چاقىرمىسا ۋە ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە قىستىمىسا ئۇ شۇ يەردە تۈن بويى ئولتۇرغان بولاتتى. ئۇ يېقىندىن بۇيان شايازدا تۈنگەن كېچىسى ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپتە ئۆگىنىۋالغان مۇنۇ ناخشىنى تولا ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى.

نامانگان شەھرىدىن چىقسام،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
غېرىبلىق شەھرىدە يۈرسەم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

ئۇنى مانا شۇنداق غېرىبلىق تۇتۇپ كۆزىدىن ياش قۇرۇماي- دىغان بولۇپ كەتتى. گاھى چاغلاردا «ۋاي ئانام، ۋاي دادام، قېنى سەن باشپاھناھىم» دەپ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ دائىم ئۆزى- نىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئەگەردە ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆزىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ بۇگۈنمۇ كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى

ئەسلەپ، خىيال سۈرۈپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا ئايۇپ فۇگۇەننىڭ ئايالى تۇردىخان ئاچىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خىجالەت بولۇپ قالدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرالمىدى.

— ئاچا مەن. . . — دېگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلاۋاتامسىز سىڭلىم؟ — دېدى تۇردىخان ئاچا مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — يىغلاش بىلەن قىسمەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، سىز دېگەن قەھرىمان كوماندىرنىڭ ئايالى. قەيسەر، چىداملىق بولۇشىڭىز كېرەك، ئۇقتىڭىزمۇ؟ ھەرگىز يىغلىماڭ.

ئۇ، بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ھاشىخاننىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. بۇ ئايال ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئەقىل - ھوشى خېلى جايىدا ئايال ئىدى. تۇردى يېڭجاڭ تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن ھاشىخانغا بەكمۇ كۆيۈنىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئايۇپ فۇگۇەن تولىمۇ خۇشال ئىدى. بىر كۈنى ئۇ:

— خوتۇن كىشى دېگەن ئەقلى قىسقا، ئەخمەق بولىدۇ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدۇ، غەيۋەت قىلىشىدۇ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن گەپ تاپىدۇ. لېكىن، سېنىڭ ھاشىخاننىڭ قان بولغان يۈرىكىگە ھەمدەرد بولغانلىقىڭنى كۆرۈپ بەك سۆيۈندۇم. بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۇنىڭغا يەنىمۇ كۆيۈن، يار - يۆلەك بول جېنىم خوتۇن. بۇ دېگەن ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان، ساڭا كەلدى، ماڭا كەلمىدى دېمەيلى. بىزنىڭ بېشىمىزدا نېمە كۈن بار، ئۇنى پەقەت خۇدا بىلىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇردىخان ئاچا ھاشىخاننى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆردى. بۈگۈنمۇ ئۇ ھاشىخاننى كەچلىك تاماق يېيىشكە

تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر ئادەم كۆۋرۈكتە پەيدا بول-
دى. ئۇ دېھقاندەك كىيىنگەندى.

— خوش خەۋەر، — دېدى ئۇ ئاستاغىنە. شۇ چاغدىلا ئايالالار بۇنىڭ ھاكىم گاجىت بەكرىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىكەنلىكى-نى تونۇدى.

*　　*　　*

1934 - يىل 20 - ئۆكتەبىر. دورال ئالدىنقى قاراۋۇل. قاش قارايغان چاغ.

دورال چاقىلىقتىن ئىككى يۈز كىلومېتىر شىمالدا بولۇپ، چاقىلىق - كورلا تاشيولىنىڭ ئوتتۇرا بېكىتىگە جايلاشقان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان قورغانلىرىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-مىتى بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، كۆنچىدىن تاكى چاقىلىققىچە سوزۇلغان تۆت يۈز كىلومېتىر زېمىننى يەنى تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارنى باشقۇرۇپ تۇرغان. 1888 - يىلى بۇ كەڭرى زېمىندا «شىڭ پىڭ» ناھىيىسىنى قۇرۇپ، چاقىلىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار بىر بەگلىك قىلىنىپ ناسىر بەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، 1899 - يىلى (گۇاڭشۈي-نىڭ 25 - يىلى) چاقىلىق يېرىم ناھىيە، 1903 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى) پۈتۈن ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن دورال چاقىلىق بىلەن «شىڭ پىڭ» ناھىيىسىنىڭ چېگ-راسى قىلىپ ئايرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر چۆل قالغان. 1934 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ چاقىلىقتىكى دېھقان قوزغىلاڭ-چىلىرى بۇ يەرنى شېڭ شىسەيگە قارشى ئالدىنقى قاراۋۇل قى-لىپ بېكىتكەن.

دورال تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تۆپە-

لىككە جايلاشقان. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى لوپنۇر ناھىيىسىگە
تەۋە تىكەنلىك رايونىنىڭ كۆك ـ ئالا، ئويمانكۆل دېگەن مەھەل‐
لىلىرى بولۇپ، ئاساسەن چارۋا مال بېقىشقا ئەپلىك بولغان
ئوتلاقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يەرلەردە ئاھالە بەك شالاڭ
بولۇپ قىسمەن كىشىلەر تارىم دەرياسىنىڭ مول سۈيىدىن پايدى‐
لىنىپ دېھقانچىلىقمۇ قىلاتتى. دورالنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي
تەرىپى چەكسىز كەتكەن چۆللۈك ۋە دۆڭلۈك بولۇپ، ھەممە جاي
يۇلغۇنلۇق، يانتاق، ئاق تىكەن، بېسلغاق، قومۇش ۋە توپ ـ توپ
ئىپتىدائىي توغراق ئورمىنى بىلەن قاپلانغان جاڭگاللىقتىن ئىبا‐
رەت. بۇ جاڭگالدا بۇغا، جەرەن، ياۋا توشقان، ياۋا تۇڭگۇز
قاتارلىقلار ئۇچراپ تۇراتتى. تۇلكە، مولۇن قاتارلىق يىرتقۇچ
ھايۋانلارمۇ بار ئىدى. يىراق جەنۇبتا تەكلىماكان چۆلىنىڭ قۇم
بارخانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دورالنىڭ غەربىي تەرىپى «ئۆر‐
دەكلىك» دەپ ئاتالغان سازلىق بولۇپ ئۇ يەردە يازدا مىڭلاپ
سۇ قۇشلىرى ياشايتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر چوڭ كارۋان
يولى ئۆتەتتى. يولۇچىلار يولدىن چەتلەپ كەتسە سازلىققا پېتىپ
قالاتتى. دورالدىن تىكەنلىككىچە ئون سەككىز كىلومېتىر كې‐
لىدۇ، دورال سېپىلىدا تۇرۇپ قارىسا تۆت ئەتراپ يىراقتىكى
ئۇپۇق سىزىقىغىچە خۇددى ئالىقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
20 ـ ئۆكتەبىر كۈنى قاش قارايغان چاغدا سېپىلدا تۇرغان
قاراۋۇلدىن خەۋەر كەلدى:
— ئۆردەكلىكتە ئىككى ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ.
خەۋەرنى ئاڭلىغان باشقا قاراۋۇللار دەرھال قورغان ئۈستى‐
گە چىقىپ ئېھتىيات بىلەن قورغان كونگورىلىرىدىن مارىلىدى
ۋە ئاتلىقلارنى ئېنىق كۆردى. قورغاننىڭ غەربىدە بىر ئۆستەڭ
بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى خېلى چوڭقۇر بولغاچقا، ئەسلىدە ياغاچ
كۆۋرۈك بار ئىدى. ھازىر كۆۋرۈك بۇزۇۋېتىلگەن، پىيادە ئا‐
دەمدىن باشقىسى ئۆتەلمەيتتى. يېڭىسۇ، تىكەنلىكنىڭ يەرلىك

كىشىلىرى يىراقتىنلا بەلگە بېرىپ كېلەتتى. ئەمما، بۇلار ھېچ-
قانداق بەلگە بەرمەي كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان قوزغى-
لاڭچى قاراۋۇللار تۆت نەپەر يىگىتنى ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ ئات-
لىقلارغا يوشۇرۇن زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئۆستەڭ بويلىرى
يۇلغۇن، توغراق، قومۇش، يانتاق، ئاق تىكەن قاتارلىق چۆل
ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغاچقا يوشۇرۇنۇش ناھايىتى ئاسان
ئىدى. ئاتلىقلار ئەتراپتىن ۋە سازلىقتا پىتىپ قېلىشتىن قور-
قۇپ، تۆت تەرەپكە ئەندىشە بىلەن قاراپ كېلىۋاتاتتى. ھايال
بولمايلا ئۇلار ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى ۋە كۆۋرۈكنىڭ
بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار بىر نەرسى-
لەرنى دەپ كالدىرلاشقاندىن كېيىن ئاتلارنى ئۈزدۈرۈپ ئۆتكۈز-
مەكچى بولسا كېرەك. ئىككى ئاتنى بىرەيلەن تۇتۇپ تۇردى.
يەنە بىرسى كېچىك ئىزدەشكە باشلىدى. چۈنكى، كۆۋرۈكنىڭ
ئەتراپى تار بولغىنى بىلەن سۈيى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ بىرنەچچە
قەدەم مېڭىپ ئوت - چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان رۇستەم-
نىڭ بېشىغا دەسسىۋەتكىلى قىل قالدى. رۇستەم ھېلىقىنىڭ ئوڭ
پۇتىنى «كاپلا» قىلىپ تۇتۇپ بار كۈچى بىلەن تارتتى. ھېلىقى
مەلئۇن «ئەييۇ» دېگىنىچە يىقىلدى. رۇستەم ناھايىتى چاققان
ھەم قاۋۇل ئادەم بولغاچقا، يىقىلغان «ئەييۇ» چىنى تېگىگە بې-
سىپ بىر نەچچىنى تىزلىدى. ئات تۇتۇپ تۇرغان مەلئۇن بۇ
ئاۋازنى ئاڭلاپ قاچماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلغانىدى. ئىككى
يىگىتنىڭ ئۆزىگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورق-
قىنىدىن ئىشتانىغا چىقىرىۋېتىشكە ئاز قالدى ۋە ئىككى قولىنى
كۆتۈرۈپ:

— رومىڭ، رومىڭ، — دېيىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا
رۇستەم ئۆزى تۇتۇۋالغان «ئەييۇ» چىنى خۇددى سار چۈجىنى
كۆتۈرگەندەك بىر قولىدا بېلىدىن كۆتۈرۈپ كېلىپ ھەمراھى-
نىڭ يېنىغا تاشلىدى. ئۇلار قورققانلىقتىن دىر - دىر تىترەيت-

تى. ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. بۇلار بۇنىڭدىن ئەللىك كۈن بۇرۇن ۋالىي ياڭ مىڭجۇ تەرىپىدىن شىڭ شىسەيگە چاقىلىقتىكى قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرغانلىق توغرىسىدىكى خۇش خە-ۋەر ھەققىدە يازغان دوكلاتنى ئېلىپ ماڭغان ۋالىينىڭ «كاتى-پى» جاڭ مىڭشەن بىلەن «پەيتۇنچىسى» ۋاڭ خەيشىڭ ئىدى. ئالدىنقى قېتىم ئۇلارنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم ئىچى بىلەن ئۆتكۈزۈپ كۆزلەككە ئاپىرىپ قويغانىدى. بۇ قېتىم ئۇلار يول باشلىغۇچى بولمىغاچ-قا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆتكەن قېتىم پۇتۇنلەي كېچىسى ماڭغان بولغاچقا ئېزىپ قېلىشتىن قورقۇپ ھەم دورالدا ساقلاپ تۇرماق-چى بولغان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىش نىيىتىدە چوڭ يول بىلەن خاتىرجەم كەلگەنىدى. ئۇلار ياڭ مىڭجۇنىڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوراللىرىنى ئەپچىللىك بىلەن قولغا چۇشۇرگەنلىك پاراستىدىن ئۇنىڭغا بەكلا ئىشەنچ قىلاتتى ۋە ھەممە ئىش دېگەندەك بولۇپ كەتتى دەپ ئويلايتتى. لېكىن، تولىمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن ياڭ مىڭجۇ چاقىلىقنى بىر ئۆزى يالغۇز بويسۇندۇرغانلىقنى نامايىش قىلىش ئۇچۇن، قوزغىلاڭ-چىلارنىڭ قاراۋۇللىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، دورالنى ساقلاشنى ئابدۇكېرىم ئەلەمگە تاپشۇرغان ۋە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئادەمنى دەرھال ئۆزىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇغان. ئۆزى بولسا ئانىڭ خېنىمنىڭ مۇھەببىتىگە مەست بولۇپ كەتكەن. ئابدۇكېرىم ئەلەم قايتىپ كېلىپ «ۋالىي» لىق مەنسەپ بىلەن تېرىسىگە پاتماي قالغان ۋە ئون بەش ئادەمنى دورالدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇلارغا بەش دانە ئەسكى مىلتىق بەرگەن. بۇنىڭدىن قاراۋۇللار ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا جەنلويجاڭنىڭ پەيتۇنچىسى ھاشىم جىڭگىلماشنى قوشۇپ قويغان. ھاشىم ئۇرۇمچىلىك بو-لۇپ، خەنزۇچىغا پۇختا ئىدى. ھاشىم جىڭگىلماش ناھايىتى

قاۋۇل، چېلىشچى، مۇشتلاشچى، چامباشچى بولۇپ، ياڭ زىڭشىن دەۋرىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ مۇشتلاشتا قىمار ئويندىغان بىر پەي ئەسكەرنى ئۆرۈۋەتكەچكە ئەللىك سەر تەڭگە مۇكاپات ئالغان. ئۇ هازىر ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئون بەش ئادەمگە بەش دانە بۇزۇق مىلتىقنى بەرگىنىگە ئاچچىقى كېلىپ، قاراۋۇللارنىمۇ قايىل قىلغان.

بۇگۈن قولغا چۈشكەن ئىككى ئادەمنى ئاختۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇلاردىن شەخسەن شېڭ شىسەي قول قويغان بىر پارچە هۆكۈمەت ئالاقىسى تېپىلدى. بۇ:

— تۇردى يىڭجاڭ ئېتىپ تاشلانسۇن، — دېگەن بۇيرۇق ئىكەن. شۇنداقلا ياڭ مىڭجۇنىڭ بۇ قېتىم كۆرسەتكەن ئالاهىدە خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى مۇكاپاتلايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ئاخىرىدا، — سېنىڭ ۋەزىپەڭ چاقىلىقنى پۈتۈنلەي تىنجىتىپ، هاكىمىيەتنى مۇستەهكەملەش، — دېيىلگەن.

قاراۋۇللار تۇتقۇنلارنى سوراق قىلىش جەريانىدا تۇردى يىڭجاڭنىڭ مىرەندە زىندانغا تاشلانغانلىقى مەلۇم بولغان. هاشىم جىڭگىلماش، رۇستەم بىلەن خەتنى ئېلىپ، شۇ كېچىسىلا قارا شەهەردىن كەلگەن ۋالىي مەهكىمىسىنىڭ ئۈچقۇر ئاتلىرىغا مىنىپ ئەهۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ. ئۇلار ئىككى يۈز كىلومېتىر يولنى كېچە - كۈندۈز دېمەي بېسىپ ئىككى سوتكىدا چاقىلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئالاقىنى ئۆز ۋاقتىدا هاكىم گاجىت بەكرىگە بەردى ۋە تۇردى يىڭجاڭنىڭ مىرەندە قاماقتا ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقان هاكىم گاجىت بەكرى ئۇلارنى دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ئوغلىنى دېهقانچە ياساندۇرۇپ ئايۇپ فۇگۇەنگە خەۋەر بېرىشكە ئەۋەتتى.

— ئامال بار سېنى بىرەرى كۆرۈپ قالمىسۇن، — دېدى

گاجىت بەكرى ئوغلىغا.
— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، — دېدى ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ. ئۇ چوڭ يول بىلەن ماڭماي ئېگىز - لىقلار ۋە يىغىپ ئېلىنمىغان قوناقلىقلار بىلەن قاش - قارايغان چاغدا ناسىر بەگنىڭ جايىغا يېتىپ باردى.

*　　*　　*

گاجىت بەكرىنىڭ ئوغلى ئابلىمىت ئېلىپ كەلگەن خۇش خەۋەردىن ئەسلىدە تۆردى يىڭجاڭنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى بىلەن ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالغان قوزغىلاڭچىلار چەكسىز خۇشال بولۇشتى. ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشكە بولمايتتى.
— هازىرلا يولغا چىقايلى، — دېدى هاشىخان، — كېچىكىپ قالساق بولمايدۇ.
— راست گەپنى قىلدىڭىز. هازىرلا يولغا چىقايلى، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەنمۇ، — دۈشمەن خەۋەر تاپقۇچە بىز تۆردى يىڭجاڭنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىراق، يىڭجاڭنى ساقلاۋاتقانلار موڭغۇللارمۇ؟ ياكى ئەلەمنىڭ ئادەملىرىمۇ؟
— دادامنىڭ دېيىشىچە قىرىق نەپەر موڭغۇل ئەسكەر كونا يامۇلدىكى قورال - ياراغلار بىلەن ياڭ مىڭجۇنى قوغداۋېتىپتۇ، — دېدى ئابلىمىت، — تۆردى يىڭجاڭ بىلەن غەربىي سېپىلدىكى ئەسىرلەرنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرى ساقلاۋېتىپتۇ.
— ئانداق بولسا هازىرلا يولغا چىقايلى، — دېدى هاشىخان، — بىز كەلگۈچە ئاقپاشا[1]غوجام مۇشۇ يەردە بىر قىسىم ئادەم بىلەن تۇرۇپ تۇرسۇن ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرسىلە گۇمان تۇغۇلۇپ قالمىسۇن.

---

① ئاقپاشا — ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ــ ماقۇل. مەن ھېچ نەگە بارماي، ــ دېدى ئاقپاشا رازى بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ ئاخشىمىلا ئەل ياتار چاغدا ئايۇپ فۇگۇەن، ھاشىخان، ھوشۇرلەنجاڭ باشچىلىقىدا يەتمىش ئادەم ئاتلىنىپ، چوڭ يول بىلەن ماڭماي بەشتىن ـ ئوندىن بولۇپ، شىمالىي تەرەپكە يەنى مەھەللىنىڭ ئايىغىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ مەھەللىنىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ يېزىدىكى جايىغا يېتىپ باردى. ئۇلارغا بىر مالاي دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى.

ــ نىياز ئاكامنى چاقىر، ــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن. مالاي كىرىپ كەتتى. ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن ئايۇپ فۇگۇەننىڭ ئالدىدا ئېگىز بويلۇق، ئۇستىخانلىق، يوغان قوي كۆزلۈك، شالاڭ ساقاللىق نىياز پاچاق پەيدا بولدى. ئۇ قولىدىكى جىنچىد-راغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئايۇپ فۇگۇەننى تونۇدى. دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇن ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

ــ مۇنچىۋالا ئادەم بىلەن مېنى تۇتقىلى كەلمىگەنلا فۇ ـ گۇەن؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ ياقەي دوستۇم، بىز ھېلىقى نەرسىلەرنى ئالغىلى كەل ـ گەن، ــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

ــ مانا ھازىر، ــ دېدى نىياز. ئۇ شۇيەردە تۇرغان مالايغا كىرىپ ئۇخلاشنى بۇيرۇدى. مالاي كەتتى. ھاشىخان بىلەن قالغان جەڭچىلەر سىرتتا قالدى. پەقەت ئايۇپ فۇگۇەن، ھوشۇرلەنجاڭ يەنە بەش ـ ئالتەيلەن نىياز پاچاققا ئەگىشىپ قازناققا كىردى. قازناقتا نىياز پاچاق يوغان مۇشتۇمى بىلەن شىمال تەرەپتىكى تامنى ئۇرغانىدى. بىر يەر «گۇم ـ گۇم» قىلىپ ئاۋاز چىقاردى. نىياز كەتمەن بىلەن ئاستا چېپىپ سۇ-ۋاقنى ئاجراتتى. ئارقىدىن يەنە بىرنەچچە سۇۋاقنى ئاجراتقاند-ىدى. ئۇ يەردە بىر دانە كىچىك ئىشىك كۆرۈندى. ئارقىدىنلا

بۇ ئىشىك ئېچىلدى.
— قېنى كىرسىلە فۇگۇەن، — دېدى نىياز.
توغرىلىق كەلگەن ئايۇپ فۇگۇەن ئىشىكتىن ئارانلا پاتتى. نىياز جىنچىراغنى تۇتۇپ بەردى. بۇ ئۇزۇنلۇقى بەش - ئالتە مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان مېھمانخانا بىلەن قازناق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان «قات» ئۆي ئىدى. بۇ يەرگە باھاۋۇدۇن ھاجىملار ئۆي - جايىنى سېلىپ قويغىنى بىلەن ھازىرغىچە تېخى شەھەردىن كۆچۈپ چىقمىغانىدى. بۇ يەرگە مۇشۇ نىياز ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. نىياز ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم ئىدى، ئۇزۇن يىل مۇشۇ ئائىلىدە ئىشلىگەن بولغاچقا، ھازىر ئۆز ئادەم بولۇپ كەتكەن. باھاۋۇدۇن ھاجىمۇ ئۇنى تۇردى يىڭجاڭغا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:
— نىياز ئاخۇن ئۆز ئوغلۇم بولۇپ قالدى. مەن يوق چاغدا بىرەر نەرسە لازىم بولۇپ قالسا ئۇنى ئىزدىسىلە.
نىياز چىقىشقاق، ئوچۇق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا تۇردى يىڭجاڭغا يېقىپ قالغان. ئۆزئارا دوستلىشىپ ۋاقتى يەتكەندە بىر - بىرىنى ئىزدەپ تۇرغان. كېيىنچە بىزگە مەلۇم بولغان ھېلىقى بەختسىزلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن ئايۇپ فۇگۇەن ھېچ ئىككىلەنمەي زاپاس قوراللارنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇرغانىدى. ئۇ قوراللارنى مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغان. ياڭ مىڭجۇڭنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ چىققان بولسىمۇ ھېچ نەرسە تاپالمىغان.
ئايۇپ فۇگۇەن ھەربىر ئادەمگە يەتكۈدەك قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىنى ھوشۇرلەنجاڭغا سۇنۇپ بەردى. ئۇ ئېلىپ كىرگەن يىگىتلەر قورال - ياراغلارنى سىرتقا توشۇدى. ھاشىخان ئۇ يەردە جەڭچىلەرگە تارقىتىپ بەردى. قوراللار ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن نىياز بىر دەمدىلا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ تامنى سۇگۇۋەتتى.

— ئەمدى قەيەرگە بارىسلەر قۇگۇەن؟ — دەپ سورىدى نىياز.

— مىرەنگە.

— نېمىشقا؟

— تۇردى يىڭجاڭنى قۇتۇلدۇرغىلى.

— تۇردى يىڭجاڭ مىرەندىمىكەن؟

— شۇنداق.

— مېنىڭ ياردىمىم كېرەكمۇ؟ ئەمما مەن قورال تۇتۇشنى بىلمەيمەن.

— ھېچقىسى يوق. يولنى بىلەمسىز؟ — سوردى ئايۇپ قۇگۇەن.

— بىلىمەن. مەن مىرەنگە كۆپ قېتىم بارغان.

— ئانداق بولسا ياخشى. ھاشىم شاڭيۇنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن. مىرەندە مەن بىلمەيدىغان ئۆي يوق.

— ئانداق بولسا بىر غەمدىن قۇتۇلدۇق. مىنگۇدەك بىر نەرسە بارمۇ؟

— ئات بار، — دەپ نىياز بىر دانە ئېشەكنىڭ ئۇچۇلۇغىنى ئېلىۋېتىپ خوتۇننى چاقىردى، — مەرەمخان مەن بىر يەرگە بارىمەن. ھايال بولۇپ قالسام بىر ياققا بارماي ئۆي - جاينى ئوبدان ساقلا.

— ماقۇل، قاچان كېلىسىز؟ — دېدى مەرەمخان، — بۇ يېرىم كېچىدە نەگىمۇ بارارسىز؟

— ئىككى - ئۈچ كۈندە كېلىمەن، — دېدى نىياز.

— پەھ، پەھ، پەھ ماۋۇ ئادەمنى، مەن قورقمايمەنمۇ؟

— قورقمايسەن خوتۇن. قورقمايسەن، — دەپ نىياز ئاتقا مىندى، — قېنى ماڭايلى. خوتۇن كىشى دېگەن ۋالاقلاۋېرىدۇ...

ئۇلار ئاتلارنى چاپتۇرغىنىچە مىرەن تەرەپكە كەتتى.

* * *

ئۇلار چولپان چىققان چاغدا مىرەندىكى ھاشىم شاڭيۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىتلار قاۋاپ پۈتۈن مىرەننى بېشىغا كىيدى. ئادەملەرنى سەل نېرىدا قويۇپ ئايۇپ فۇگۇەن بىلەن نىياز ھاشىم شاڭيۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ھويلىدىكى ئىت قاتتىق ھاۋشىپ كەتتى. نىياز يوغان مۇشتۇمى بىلەن «دوك - دوك» قىلىپ دەرۋازىنى قاقتى. ئىت تېخىمۇ قاتتىق ھاۋشىپ كەتتى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ھاشىم شاڭيۇ ھويلىغا چىقتى.

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— مەن نىياز پاچاق. چاقىلىقتىن كەلدىم، — دېدى نىياز، — باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئادىمى.

— ھە، ھە ئەمدى بىلدىم، — دېدى ھاشىم شاڭيۇ خىرىلداپ، — كۈتۈپ تۇرۇڭلار ئاداش، ئىتنى باغلاپ قوياي.

بىرنەچچە مىنۇتلاردىن كېيىن دەۋازا ئېچىلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېگىز بويلۇق ھاشىم شاڭيۇ تۇراتتى.

— نىياز ئاخۇن يېنىڭىزدا تۇرغان ھاجىممۇ؟ — دېدى ھاشىم شاڭيۇ.

— ياق، ئايۇپ فۇگۇەن. ئۆيگە كىرىپ گەپلىشەيلى، — دەپ نىياز ئاخۇن ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىت بولسا توختىماي قاۋايتتى. ھاشىم شاڭيۇ دەرۋازىنى تاقاپ ھاسىراپ يېتىپ كەلدى. ئۇ قورققانلىقتىن گېلىدىكى پوقىقى دېمىنى قىسىپ قويغانىدى. ئۇلار جىنچىراغ يېنىپ تۇرغان ئايۋانغا كىردى.

— بىز تۇردى يىڭجاڭنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدۇق، —

دەپ ئايۇپ فۇگۇەن گەپنى ئوچۇق قىلدى، — بۇ يەردە ئۇنى ساقلاۋاتقان قانچە ئادەم بار؟

— ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىنىسى بىلەن يىگىرمە ئادەم بار، — دېدى ھاشىم شاگېيۇ.

— بىزنىڭ قان تۆككىمىز، ئادەم ئۆلتۈرگىمىز يوق، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن، — سىلى بىز بىلەن بىللە بېرىپ، چاقىلىقتىن ئادەم كەلدى. تۇردى يىڭجاڭنى ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇلارنى ۋالىي ئەۋەتىپتۇ دېسىلە.

— بولىدۇ. مەن ھازىرلا چىقاي، — دەپ ھاشىم شاگېيۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھايال بولمايلا كىيىملىرىنى كىيىپ چىقتى.

مىرەندە شۇ چاغلاردا كىچىككىنە بىر ئاشلىق ئامبىرى بار ئىدى. تۇردى يىڭجاڭ شۇ يەرگە قامالغانىدى. ئۇ يەرنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جىيەنى ئىسمائىل شاگېيۇ يىگىرمە ئادەم بىلەن ساقلايتتى. ئايۇپ فۇگۇەنلەر ئاتلارنى ساقلاشقا يىگىرمە ئادەم قالدۇرۇپ، ئەللىك ئادەمنى باشلاپ سوۋە كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ ئامبارنىڭ دەۋازىسىنى قاقتى. دەرۋازا ئىچىدىن مەھكەم ئېتىكلىك ئىدى.

— كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى بىرى ۋە مىلتىقنى شاراقلاتتى.

— مەن ھاشىم شاگېيۇ، ۋالىي جانابلىرى تۇردى يىڭجاڭنى چاقىلىققا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ھازىرلا ئېلىپ ماڭىدىكەن، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل، تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن كىرىپ خەۋەر قىلاي، — دەپ قاراۋۇل كېتىپ بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن كېلىپ دەۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن تەييار بولۇپ تۇرغان ئايۇپ فۇگۇەننىڭ يىگىتلىرى باستۇرۇپ كىرىپ، ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋاتقان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرىنى

قورالسىزلاندۇردى. ئۇلار قىلچە قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. ئارقىدىن ئىسمائىل شاڭيۇنىڭ يېنىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ تۇردى يىڭجاڭنى زىنداندىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى. تۇردى يىڭجاڭ-نىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، ئۆزى ئورۇقلاپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ھاشىخان ئېرىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئۆ-زىنى تۇتالماي ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار-مۇ كۆز يېشى قىلىشتى. بۇ ئەلۋەتتە خۇشاللىق كۆز ياشلىرى ئىدى. ئۇلار تۇردى يىڭجاڭنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەلنى چېقىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يىگىرمە نەپەر ئادىمىنى شۇ ئامبارغا قاماپ ئون نەپەر جەڭچىنى قاراۋۇللۇققا قويدى.

— مەن خەۋەر بەرمىگۇچە بۇلارنى ھەرگىز قويۇۋەتمەڭلار. ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولسا، جايىدا ئېتىپ تاشلاڭلار، — دېدى ئايۇپ فوگوەن بىز ياڭ مىڭجۇنى تۇتقاندىن كېيىن سىلەرگە خەۋەر بېرىمەن.

ئۇلار توغرىسىدىكى خەۋەر بىردەمدىلا پۈتۈن مىرەنگە تارقاپ كەتتى. كىشىلەر ئۆي - ئۆيدىن نان، سۈت - قايماقلىرىنى ئېلىپ چىقتى. مەيدانغا گۈلخان يېقىپ چاي قاينىتىپ، كاۋاپلار پىشتى. قوزغىلاڭچىلار ناشتا قىلىۋېلىپ ئالدىراش يولغا چىق-تى. بۇ چاغدا قۇياش خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇلارنى قانلىق جەڭ كۈتۈپ تۇراتتى.

* * *

ئۇلار ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدى-لىنىپ، بازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەھەللىگە جايلاشقان توخ-تاخۇن شاخاردېگەننىڭ جايىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ ئادەم خېلى تەقۋادار، قوزغىلاڭچىلارنى قوللايدىغان ئادەملەرنىڭ بىرسى ئى-دى. ئەھۋالنى ئۇقۇپ قوزغىلاڭچىلارنى ئىللىق چىراي بىلەن

كۈتۈۋالدى.

— ئىلاھىم شۇ دوتەي دېگەن مەلئۇننىڭ بوينى ئۇزۇلسۇن. توۋا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ — دېدى ئۇ ئەپسۇسلىنىپ.

— توختاخۇن ئاكا ئاتلارنى قانداق قىلساق بولار، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.

— قانداق قىلاتتۇق. باغقا ئەكىرىپ باغلاڭلار. ئۆگزىدە بېدە بار شۇنى يېسۇن، — دېدى توختاخۇن شاخار.

ئۇلار ئەتراپقا يوشۇرۇن قاراۋۇل قويۇپ، ناشتىغا تۇتۇش قىلدى. شۇ چاغدا ئايۇپ فۇگۇەن ھوشۇر لەنجاڭنىڭ قولىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ھوشۇر لەنجاڭ شۇ ھامان ئىككى يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ قۇرۇق قول چىقىپ كەتتى. ئايۇپ فۇگۇەن ئۇلارنى باھاۋۇدۇن ھاجىم قېشىغا ئەۋەتكەنىدى.

ھوشۇر لەنجاڭ بارغان چاغدا باھاۋۇدۇن ھاجىم ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار مۇشۇ يەردە ناشتا قىلدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ھوشۇر لەنجاڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى:

— مېنى ئايۇپ فۇگۇەن ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى ھاجىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — كېچىدىن بۇيان مىرەندىن تۇردى يىگىجاڭنى قۇتقۇزۇپ چىقتۇق. ئابدۇكېرىم ئەلەمنى توزاقتا دەسسىتىش ئۈچۈن بىر قوي، بىر ئاز گۈرۈچ، ئازراق ياغ بەرسە دەيدۇ، — دېدى.

— تۇردى يىگجاڭ ساق - سالامەتمۇ؟ — سورىدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

— ساق - سالامەت، بىراق كۆپ ئورۇقلاپ ھەم ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

— كۆپ جاپا تارتتى ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئىچ ئاغرىتتى باھاۋۇدۇن ھاجىم، — مالنى قەيەرگە ئېلىپ بارسىلە؟

— توختاخۇن شاخارنىڭكىگە.

— بولىدۇ، گۇمان تۇغۇلۇپ قالمىسۇن، سىلەر كېتىۋې-رىڭلار، مەن هازىرلا ئەۋەتىپ بېرەي.

— رەھمەت ھاجىم، رەھمەت، — دەپ ھوشۇرلەنجاڭ ئادەملىرى بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن چىد-قىپ كەتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىم مالايىنى چاقىردى:

— ئىسمائىل موللا! — دەپ چاقىردى باھاۋۇدۇن ھا-جىم. ئاشخانا ئۆيدىن پاكار بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر قارا ساقال ئادەم چىقتى. ئۇ ھەدەپ بىر پارچە كالا گۆشىنى چاپىنايتتى

— سىلەر تۇردى بىلەن يېرىم تاغار گۇرۇچ، بىر قاپاق ياغ، ئاۋۇ چوڭ قارا باش قوينى توختاخۇن شاخارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار. چاققانراق بولۇڭلار.

— ماقۇل ھاجىم، — دېدى ئىسمائىل موللا، كەينىگە قاراپ يەنە بىرسىنى چاقىردى، — ھەي تۇردى، ھەي قېنى سەن تۇردى تاز.

— مانا مەن ئىسمائىل ئاكا، نېمە گەپ ئۆزى؟ — دەپ ئېگىز بويلۇق، ئالاگەدەن بىرى ئاشخانىدىن چىقتى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاتۇشلۇق ئىدى.

— يۈرە ھاجىم ئىشقا بۇيرۇدى، — دەپ ئىسمائىل موللا بىلەن تۇردى تاز ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە ھايال بولمايلا يېرىم تاغار گۇرۇچ بىلەن بىر قاپاق ياغنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار گۇرۇچنى يوغان بىر بوز ئېشەككە ئارتىپ ئۈستىگە مىندى ھەم قارا باش قوينى يېتىلىدى. تۇردى تاز بىر قاپاق ياغنى كۆتۈرۈپ قوينى ھەيدىدى.

* * *

تۇردى يىگىجاڭنى تۇتقۇن قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ياڭ مىڭ-

جۇ ئابدۇكېرىم ئەلەمگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى «چىگىلىك ئۆي» دېگەن جايدىن تاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار تېخى «چىۋىنكۆل» گە كەتمىگەنىدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن تۇردى يىغاچنى مىرەنگە ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلاپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يىگىرمە ئادىمىنى قاراۋۇللۇققا قويغاندىن كېيىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ شەھەردىكى ئۆيىدە ئالاھىدە گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانىدا ئابدۇكېرىم ئەلەم سوۋغا قىلغان قىز بىلەن كېچىنى كۇندۇزگە ئۇلاپ، ئەيش - ئىشرەت سۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا تۆت يەرگە قاراۋۇل قويۇلغانىدى. «يېڭى ۋالىي» ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۇنى ۋاقتى - ۋاقتىدا گۆش - ياغ ۋە باشقا نازۇ نېمەت، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تەمىنلەپ خىزمىتىگە مەخسۇس ئاشپەز قويدى. ياڭ مىڭجۇمۇ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى كۆرگەندە ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى شېڭ دوبەنگە ئالاھىدە مەلۇم قىلدىم. كەلگۈسىدە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئىزىنى سىلى جانابلىرى بېسىپ قېلىشلىرى مۇمكىن، — دەپ ھوشىسىزلاندۇرۇش دورىسىنى راسا ئىچكۈزەتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەم بولسا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ياڭ مىڭجۇنىڭ پۇتىنى سۆيگۈدەك بولۇپ كېتەتتى ۋە ھەدەپ كۇچۇكلىنەتتى ۋە:

— ئىلاھىم دېگەنلىرى كەلسۇن. ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيلا، — دەيتتى.

ياڭ مىڭجۇ بولسا پەقەت جاڭ مىڭشەن بىلەن ۋاڭ خەيشىڭنىڭ ئۆز خوجايىنى شېڭ شىسەيىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ كېلىشىنى كۇتۇپ تۇراتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئەمدى شېڭ شىسەيىنىڭ ئۆزىگە يەنە قانداق يېڭى مەنسەپ بېرىشنى ئويلاپ كېتەتتى. ئەگەردە ئىشلار ھازىرقىدەك ئوڭۇشلۇق بولسا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن «چاقىلىقنى تىنجىتىش سەردارى» دېگەن نام بىلەن جاڭ مىڭشەننى ھاكىم، ۋاڭ خەي-

شىڭنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ساقچى باشلىقى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ نادانلىقى ھەم ئەخمەقلىقىدىن كۈلەتتى.

— قاپاقۋاش مولللا. سېنىڭ كۈنىڭمۇ ئاز قالدى. ھى . . . ھى. . . ھى. . . — ئۇ مانا شۇنداق خىياللار بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەم بەرگەن گۆش - ياغنىڭ كۈچىدە كېچە - كۈندۈز ئانىڭ خېنىمىنىڭ بېلىنى ئېگەتتى. بىكارچىلىقتا ئۇنىڭ شۇنىڭدىن باشقا ئىش يوق ئىدى:

ئابدۇكېرىم ئەلەم بولسا ياڭ مىڭجۇغا تەسلىم بولۇپ، ئۆز خەلقىدىن يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن تۆردى يىڭجاڭنى زىندانغا سالدۇرۇپ، ياڭ مىڭجۇنىڭ ئوغرى هارۋىسىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن خۇدىنى يوقىتىپ ئۆزىنىڭ «يېڭى ۋالىي» لىق ئەمىلىنى پەش قىلىپ كوچىغا پاتماي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قول - چوماقلىرى ھەدېسىلا:

— ۋالىي جانابلىرى دېسە، ۋالىي جانابلىرى، — دەپ خوشامەت قىلىپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم نەگىلا بارسا ئۆزىنىڭ بەش نەپەر مۇھاپىزەتچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈ- نۈشكە تىرىشاتتى. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر قول باغلاپ ئېگى- لىپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئۇ تۇيۇقسىز ئايۇپ فۇگۇەنىنىڭ قىسقىغىنا بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەت تولىمۇ قىسقا ئەمما مەزمۇنى ناھا- يىتى ئېنىق ئىدى:

— ۋالىي جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، قاچقۇن تۆردى يىڭ- جاڭنى تۇتۇۋالدۇق. تاپشۇرۇپ ئالغايلا. . .

— ھازىر تۆردى يىڭجاڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئاب- دۇكېرىم ئەلەم خەت ئېلىپ كەلگەن ئادەمدىن.

— توختاخۇن شاخارنىڭ كۆلىبىشىغا باغلاپ قويدۇق.

— تەييارلىنىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئابدۇكېرىم ئەلەم مۇھاپىزەتچىلەرگە، — تۇردى يىڭجاڭنى باغلاشقا ئارغامچا ئېلىۋېلىڭلار.

— خوش ۋالىي جانابلىرى، — دەپ ۋارقىراشتى مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ئاتلارنى ئىگەرلەشكە باشلىدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم ئەمدى ئالاقىچىنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— سىلەر تۇردى يىڭجاڭنى قانداق تۇتۇۋالدىڭلار؟

— ئۇ كېچە مىرەندىن قېچىپ چىقىپ توختاخۇن شاخارنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئادەم ئايۇپ فۇگۇەنگە خەۋەر قىپتىكەن، ئايۇپ فۇگۇەن «بىزگە جېدەل كېرەك ئەمەس» دەپ ئادەم باشلاپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى، — دېدى ئالاقىچى ئايۇپ فۇگۇەننىڭ دېگىنى بويىچە.

— ئايۇپ فۇگۇەن ئەجەب ياخشى ئوغۇل بالىكەن. بۇ ئىسمائىل دېگەن گالۋاڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ — دەپ ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنى ئەيىبلىدى. ئارقىدىن مۇھاپىزەتچىلىرىگە بۇيرۇق بەردى، — يولغا چىقايلى.

ئىككى ئادەم ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزدى. ئابدۇكېرىم ئەلەم ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، «تۇردى يىڭجاڭنى تۇتۇپ بەرسەم، ياڭ مىڭجۇ بىلەن شېڭ دوبەن ماڭا قانداقراق مۇكاپات بېرەر» دېگەننى ئويلايتتى.

* * *

ئۇلار بارغاندا ھەقىقەتەن تۇردى يىڭجاڭ توختاخۇن شاخارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆلبېشىدىكى بىر يوغان سۆگەتكە باغلاقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرىغا جۇدەپ كەتكەن رەڭگىرويىغا قاراپ ئابدۇكېرىم ئەلەم ھىجىيىپ قويدى. كۆلبېشىدىكى سۇپىغا گىلەملەر سېلىنغانىدى. ئايۇپ

فۇگۇەن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئابدۇكېرىم ئەلەمنى ئالاھىدە ھۆر-
مەت بىلەن قارشى ئېلىپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى
ۋە ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قورالسىز
ئىدى. «ۋالىي جانابلىرى» بىرەر ساختا ئالامەتنى سەزمىدى.
ئاتلارنى ئايۇپ فۇگۇەننىڭ يىگىتلىرى باغلاشقا ئېلىپ قالدى.
«ۋالىي جانابلىرى» ئۆزىنىڭ بەش نەپەر مۇھاپىزەتچىسى بىلەن تۆردى
يىڭجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تولىمۇ مەسخىرىلىك ھىجايدى.
— ھە؟ ! . . . ئوغرى، يەنە قولغا چۈشتۇڭمۇ؟ — دېدى
ئابدۇكېرىم ئەلەم تۆردى يىڭجاڭغا مەسخىرىلىك ھىجىيىپ، —
ئالدىرىماي تۇر. ساڭا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىمەن، بۇ خومپەرنى
ئېلىپ مېڭىڭلار.
— ئالدىرىمىسىلا ۋالىي جانابلىرى، — دېدى ئايۇپ
فۇگۇەن، — «ئاۋۋال نان، ئاندىن ئىمان» دەپتىكەن كونىلار.
ئەمدى بۇ ئادەم قاچالمايدۇ. پولو پىشتى. ئاۋۋال پولونى يەيلى.
ئاندىن ئېلىپ كەتسىلىمۇ كېچىكمەيلا.
ئايۇپ فۇگۇەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۇنداق خاتىرجەم
سۆزلەيتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەم كۆڭگە قارىدى. بۇ چۈشكە ياماش-
قان چاغ ئىدى. ئەتراپتىن قوي يېغى بىلەن قورۇلغان سەۋزە،
پىيازنىڭ لەززەتلىك پۇرىقى كېلەتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەم قور-
سىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى.
— ئايۇپ فۇگۇەن سەن قالتىس يىگىتكەنسەن جۇمۇ، —
دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم، — ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدى-
غان. بوپتۇ ئەمىسە، چاقىرىڭلار بولۇڭلار.
— ۋالىي جانابلىرى سىلى ئۇچۇن جېنىمىز پىدا، —
دېدى ئايۇپ فۇگۇەن، — قېنى ئەمىسە گىلەمگە مەرھەمەت،
قولغا سۇ ئېلىڭلار.
ئابدۇكېرىم ئەلەم باشچىلىقىدىكى «ئېزىز» مېھمانلار سۇ-
پىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. بىر جەڭچى ئاپتۇۋا —

چىلاپچا كۆتۈرۈپ چىقىپ «ۋالىي جانابلىرى» نىڭ قولىغا سۇ قۇيدى. ئارقىدىن داستىخان سېلىپ، هورى چىقىپ تۇرغان پولو قويۇلدى. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئالدىغا قوينىڭ پۈتۈن تۆشى قويۇلدى. ئۇلار لەززەتلىك پولو بىلەن سېمىز گۆشكە دۈم چۈشتى. ئايۇپ فۇگۇەننىڭ يىگىتلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئەستايىدىل خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى گۆش توغرىسا، بىرلىرى چاي قۇياتتى. بىرلىرى سۆڭەكتىن گۆشنى ئاجراتسا، يەنە بىرلىرى «ۋالىي جانابلىرى» غا گۆشنىڭ يۇمشاق يېرىنى سۇناتتى. ئۇلار شۇنداق پايپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلغاچقا «مېھمانلار» باش كۆتۈرمەي يەپ ئىچىشكە تۇتۇشۇپ قورساقتىن باشقىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئايۇپ فۇگۇەننىڭ كۆز ئىشارىسى بىلەن ئەتراپتا خىزمەت قىلىۋاتقان يىگىتلەر بىرلا هۇجۇم بىلەن ئابدۇكېرىم ئەلەم ۋە ئۇنىڭ بەش نەپەر مۇهاپىزەتچىسىنى بېسىۋالدى. توختاخۇن شاخارنىڭ هويلىسىدىن ئېتىلىپ چىققان يىگىتلەر ئۇلارنى باغلاپ قوراللىرىنى تارتىۋالدى.[1] ئۇلار بېرىپ تۇردى يىڭجاڭنى قويۇۋەتتى. ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، ئابدۇكېرىم ئەلەم راست گەپنى قىلماي جاھىللىق قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنى هاقارەتلەشكە باشلىدى.

— بۇلاڭچى مۇتتەهەملەر، قاراقچى قاتىللار...

ئۇلار ئۆز دىنلىرىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن بىر ئۆلىمانى ئۆلتۈرۈشقا، ئاتا يوللۇق ئادەمنى تىللاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئانچىۋالا كۆپ ۋاقتى يوق ئىدى. شۇ چاغدا توختاخۇن شاخارنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان

① شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ تۇردى موللا مۇنداق دەيدۇ: ئايۇپ فۇگۇەننىڭ ئادەملىرى شۇنداق چاققان كەلدى. ئۆزۈمنىڭ قانداق باغلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلمەي قالدىم. قارىسام، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئاغزىدا بىر پارچە گۆش ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.

ھاشىخان چىقتى.

ــ ئىقرار قىلمىسا پۈتىدىن باغلاپ ئاۋۇ دوڭغاق سۆگەتكە ئېسىڭلار. شۇ چاغدا ئىقرار قىلمىغىنىنى كۆرەي، ــ دېدى ئۇ كۆلگە ئېگىلىپ تورغان سۆگەتنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بۇ چارىسى ھەممىگە ماقۇل چۈشتى. ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىككى پۇتىنى ئوشۇقىنىڭ ئۈستىدىن ئارغامچىدا باغلاپ، دوڭ-غاق سۆگەتكە ئاستى.

ــ ئېيتە قېنى، ياڭ مىڭجۇ قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى ئايۇپ فۇگۇەن.

ــ ئاناڭنىڭ قېشىدا...

ــ بېشىنى سۇغا چىلاڭلار، ــ بۇيرۇدى ھاشىخان. ئىك-كى يىگىت ئارغامچىنى بوشاتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بېشى كۆلدىكى مۇزدەك سۇيىگە چىلاندى. ئابدۇكېرىم ئەلەم دەم ئالال-ماي پالاقشىغىلى تۇردى.

ــ ئارغامچىنى تارت، ــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن. يىگىتلەر ئۇنى تارتىۋالدى، ــ قېنى ئېيتە، ياڭ مىڭجۇ زادى قەيەردە؟

ئابدۇكېرىم ئەلەم جاۋاب بەرمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ كىرىپ كېتىپ گەپ قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىدى.

ــ بېشىنى سۇغا چىلاڭلار، ــ ۋارقىرىدى ئايۇپ فۇ-گۇەن. «ۋالىي جاناپلىرى» نىڭ بېشى سۇغا چىلاندى. ئۇ يەنە پالاقشىپ سىلكىنگىلى تۇردى.

ــ تـوختـاڭلار! ــ دەپ ۋارقـىرىـدى سامسـاق كۆكبېشى، ــ ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئاخۇنۇمنى قويۇۋېتىڭ-لار. مەن ھەممىنى بىلىمەن.

ــ چۈشۈرۈڭلار، ــ دەپ بۇيرۇق بەردى ئايۇپ فۇگۇەن ۋە سامساق كۆكبېشىنى سوراق قىلدى، ــ ئېيتە ئەمىسە ياڭ مىڭجۇ قەيەردە؟

ــ ئاخۇنۇمنىڭ بازار ئىچىدىكى جايىدا.

— ئۈنىڭ يېنىدا قانچە مۇھاپىزەتچى بار؟
— تۆت مۇھاپىزەتچى بار.
— ئۇلار قەيەردە تۇرىدۇ؟
— بىرى ئۆگزىدە، بىرى ئۆينىڭ كەينىدىكى باغدا، بىرى ئىشىك ئالدىدا، يەنە بىرى ئايۋاندا تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سامساق. ئۇنىڭغىچە ئابدۇكېرىم ئەلەمنى ئاسماقتىن چۈشۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن خېلى كۆپ سۇ ۋە گۆش، پولو ياندى. ئۇ، ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلدى. ئايۇپ فۇگۇەن سوراقنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.
— مۇھاپىزەتچىلەردە قانداق قورال بار؟
— ئىككى پىلموت، ئىككى ئاپتومات.
— بىزنىڭ ئادەملەر قەيەردە؟
— كونا لەڭزىدە.
— ئۇلار كۈنپېتىشتىكى سېپىلدە ئىدىغۇ؟
— سىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىڭلاردىن قورقۇپ، يېقىندا كونا لەڭزىگە يۆتكىگەن، — دەپ جاۋاب بەردى، سامساق كۆكبېشى. ئەمدى ئايۇپ فۇگۇەن، — ئابدۇكېرىم ئەلەمگە بۇرۇلدى.
— «ۋالىي جانابلىرى» سامساق كۆكبېشىنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟
— راست ئاغا، ھەممىۋاسى راست، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم. قارىغاندا ئۇ خېلى ياۋاشلىشىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا تۇردى يىڭجاڭ كوماندا بەردى.
— ھەممەيلەن كونا لەڭزىگە قاراپ ئالغا! ئادەملىرىمىزنى قۇتقۇزايلى. ھەمدۇل پەيجاڭ سىز ئادەملىرىڭىز بىلەن «ۋالىي جانابلىرى» نى مۇھاپىزەت قىلىڭ. ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماڭ.
— خوپ يىڭجاڭ، — دېدى ھەمدۇل.
كونا لەڭزە يېقىنلا يەردە ئىدى. ئەللىك نەپەر جەڭچى

تۇردى يىڭجاڭ ھەم ئايۇپ فۇگۇەن باشچىلىقىدا كونا لەڭزىگە
باستۇرۇپ كىرىپ، بىر مەزگىللىك كالتە جەڭ ئارقىلىق ئە-
سىرگە چۈشكەن قوزغىلاڭچىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. بۇ يەر-
نى ساقلاۋاتقان موڭغۇللار ئانچە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قورال
تاشلىدى. تۇتقۇنلار تۇردى يىڭجاڭ ۋە ئايۇپ فۇگۇەن بىلەن
يىغلاپ تۇرۇپ قۇچاقلاشتى. بۇ يەردە غەلىبىگە ئېرىشكەن قوز-
غىلاڭچىلاردىن يىگىرمە نەپەر ئادەم بۇيرۇققا بىنائەن ئىبراھىم
لەنجاڭنىڭ باشچىلىقىدا ياڭ مىڭجۇنىڭ تۇرغان جايى — ئابدۇ-
كېرىم ئەلەمنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئۆيىنى قورشىۋالدى. قالغان-
لار غەربىي سېپىلدا تۇرۇۋاتقان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملى-
رىنى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن ماڭدى. شۇ چاغدا جەڭچىلەر
ئارىسىدا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن تارتىۋالغان
«بەردەڭگە» نى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان ھاشىخان تۇردى يىڭ-
جاڭغا مۇنداق دېدى:
— ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى
ھەيدەپ كېلەيلى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرى ئۆز خوجايى-
نىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرسە چوقۇم قورال تاشلايدۇ.
— توغرا، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن خۇشال بولۇپ، —
تولىمۇ دانە پىكىر. خەۋەرچى بېرىپ ھەمدۇلغا ئېيتىڭ. تۇتقۇن-
لارنى ھەيدەپ كەلسۇن.
— خوپ فۇگۇەن، — دەپ خەۋەرچى مېڭىشقا تەمشەلدى.
— توختا، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — ئۇلار ئاز.
ھوشۇرلەنجاڭ سىز ئون بەش - يىگىرمە - ئادەم باشلاپ بېرىڭ.
يولدا ئېھتىيات قىلىڭ.
— خوپ يىڭجاڭ، — دەپ ھوشۇرلەنجاڭ يىگىرمە دەك
ئادەم بىلەن كەتتى ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئابدۇكېرىم
ئەلەم ۋە ئۇنىڭ بەش مۇھاپىزەتچىسىنى ھەيدەپ كەلدى. ئۇلار
كەلگۈچە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئادەملىرى دەرۋازىنى تاقاپ قور-

غان كونگورىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان ئابدۇكېرىم ئەلەمنى كۆرۈپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھەممىسى سېپىل كونگورىسىدىن ماراپ تۇرۇشتى.

— ئەگەردە قورال تاشلىمىساڭلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز. سىلەرنىمۇ قىيما - چىيما قىلىۋېتىمىز، — دەپ ۋارقىرىدى ئايۇپ فۇگۇەن.

— ئەمدى بولمىدى قورال تاشلاڭلار، — دېدى سامساق كۆكبېشى.

— سامساق راست دەيدۇ. قورالنى تاپشۇرۇڭلار، دەرۋازىنى ئېچىۋېتىڭلار، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەممۇ.

بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن قورغان دەرۋازىسى غارقىراپ ئېچىلدى. ھەممەيلەن قوراللارنى كۆرسىتىلگەن جايغا قويدى. شۇ چاغدا ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گاجىت بەكرى يېتىپ كەلدى ۋە تۇردى يىڭجاڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ياڭ مىڭجۇنى تۇتقىچە ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قاماپ قويۇشقا، قالغانلارنى غەربىي سېپىلدا نازارەتتە تۇتۇشقا كېلىشتى. ئەمدىكى نۆۋەت كونا يامۇلدا تۇرۇۋاتقان قورال - ياراغلارنى قۇتقۇزۇشتا ئىدى. ئۇ يەرگە كونا لەڭزە ئىلىنغاندىلا ئادەم ئەۋەتىلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوشۇرلەنجاڭنى ئىبراھىم لەنجاڭغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، قالغانلار كونا يامۇلغا كەتتى. ئۇلار بارغۇچە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئون نەچچە موڭغۇل ئەسكەر ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى. قوزغىلاڭچىلار زور بىر تۈركۈم قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن يېپيېڭى پىلموتلار ۋە ئاپتوماتلارمۇ بار ئىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

# «قوزغون»نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ،
ئۆزگىنى شەھەر چاغلا.
——ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئۇلار قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويۇشتىن ئىلگىرى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ياڭ مىڭجۇ يوشۇرۇنۇۋالغان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بازار ئىچىدىكى جايىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن قورشىۋالدى. ئۆي ئىچىدە جەمئىي بەش نەپەر قوراللىق ئادەم بار ئىدى. ئۇلاردا بىر دانە تاپانچا، ئىككى دانە ئاپتومات، ئىككى دانە دىكتار پىلموت بار ئىدى. ئۆگزىدىكى پىلموت توختاۋسىز ئېتىپ تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ ئالدى تەرىپى جەنۇب تەرەپتىكى چوڭ كوچىغا قاراشلىق بولۇپ دەرۋازا بىلەن چوڭ كوچىغىچە ئوتتۇز مېتىردەك ئارىلىقتا ئۈچ مېتىر كەڭلىكتىكى بىر تار كوچا بار ئىدى. ھەرقانداق ئادەم مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى. بۇ ئارىلىقتا بىرەر پاناھلانغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. شۇڭا، ئۆگزىدىكى دۈشمەن بۇ يەرنى توختاۋسىز ئوققا تۇتۇپ تۇراتتى. دەرۋازىنى ئىككى ئاپتوماتچى ساقلايتتى. ئۇلار ئۇدۇل تامدىن تۆشۈك ئېچىپ بەكمۇ ئەپلىك ئورۇنلىشىۋالغانىدى. ئايۋاننىڭ ئارقا ئىشىكى باغقا ئېچىلاتتى. ئۇ تەرەپنى بىر پىلموتچى ساقلاۋاتاتتى. باغقا كىرمەكچى بولغانلار ئېگىز ئاق تىكەن قويۇلغان ئەنجان

تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشى لازىم ئىدى. ئېگىز تامغا چىقماق تەس. تامغا چىققان ئادەم پىلموت ئوقىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ جاي قوغدىنىشقا ئاسان، ھۇجۇم قىلىش تەس بولغان ئەپسىز ئورۇن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى ھۇجۇمدىلا تۆت نەپەر جەڭچى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يارىلاندى. بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدى ھۇجۇم قىلىش پايدىسىز ئىدى.

— ئەمدى بۇلار قېچىپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن تۇردى يىڭجاڭغا، — ئۆزلە بېرىپ دەم ئېلىپ ئەتىگەنلىككە كەلسىلە، ئەسىرلىكتىن چىققانلارمۇ دەم ئالسۇن. ئۇلار بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

— مەن كەتمەيمەن. ياڭ مىڭجۇنى تۇتمىغۇچە كەتمەيمەن، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— بۇ ئىشقا بىز يېتىشىمىز. ئۆزلە ئەتىگەنلىككە كەلسىلىمۇ بولىدۇ. دۈشمەن تەسلىم بولمىسا ئەتە قانلىق جەڭ بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئايۇپ فۇگۇەن ھوشۇر لەنجاڭنى چاقىردى، — ھوشۇر لەنجاڭ سىزگە بۇيرۇق، ھازىرلا يىڭجاڭنى ۋە ئەسىرلىكتىن چىققانلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ دەرھال قايتىپ كېلىڭ. ئاشپەزلەرگە ئېيتىڭ، ئۇلار ياخشى غىزالانسۇن ۋە ئۇخلىسۇن بۇ ئىشقا ھاشىخان مەسئۇل بولسۇن.

— خوپ مانا ھازىر، — دېدى ھوشۇر لەنجاڭ، — قېنى يۇرسىلە يىڭجاڭ.

— بوپتۇ، — دېدى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان تۇردى يىڭجاڭ، — مەن ئۆزۈم كېتەي. لېكىن، بۇ مەلئۇن قېچىپ كەتمىسۇن.

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا يىڭجاڭ، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن تولۇق ئىشەنچ بىلەن، ھېچكىمنىڭ ياڭ مىڭجۇنى تۇتماستىن كەتكۈسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۇردى يىڭجاڭغا

سامساق كۆكبېشىنىڭ جەدە ئېتىنى ئەكېلىپ بەردى. ئۇلار ماڭاي دەپ تۇراتتى. پۈتۈن يۇرت خەلقى ئەئانە قىلغان بەش قوينىڭ پۇشۇرۇلغان گۆشى ۋە بىر كالا هارۋىسىدا پەۋەس نان كەلدى. بۇ نەرسىلەرنى يۇرت خەلقى نامىدىن باھاۋۇدۇن ھاجىم بىلەن ئېزىز ھاجىم ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار تۇردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى غازىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەكەل-گەن نەرسىلەر شۇ يەردىكى مەسچىتكە چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ يېمەكلىكلەرنى تارقىتىپ بولغۇچە خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قال-دى. تۇردى يىڭجاڭ ۋە باشقىلار قارارگاھقا كەتتى. ئايۇپ فۇگوەن بىلەن ھوشۇر لەنجاڭ ئەللىك نەچچە ئادەم بىلەن قور-شاۋنى داۋاملاشتۇردى. ئايۇپ فۇگوەن يىگىرمە ئادەم بىلەن چوڭ كوچىدا، ھوشۇرلەنجاڭ يىگىرمە ئادەم بىلەن باغنىڭ كەينىدە، يەنە ئون نەچچە ئادەم شەرق تەرەپتىكى مەدرىسىنىڭ ھويلىسىدا تۇردى. لېكىن، بۇلار قىرىق سەككىز سائەتتىن بۇيان كۆز يۇممىغان ئادەملەر ئىدى. سېمىز گۆش بىلەن ئىسسىق نان ۋە ھارغىنلىق ئۇلارنى راسا ئەزدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

* * *

«يېڭى ۋالىي جانابلىرى» نىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا كەلمى-گەنلىكىنى كۆرگەن ھېلىگەر ياڭ مىڭجۇنىڭ ئېسىگە كەچتىلا ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە يانداش بولغان ئاتخانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى بېدە كەلگەنىدى. ئۇ، ئامال قىلىپ بۇگۈن كېچە بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، ئامبىرىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا بەزى كىنولاردىن شۇنداق ئىشنى كۆرگەنىدى. تۇن نىسپى بولغان چاغدا ئۇ مۇھاپىزەتچىلەرنى چاقىردى. ئۇلاردىن بىرسى ياردار ئىدى. بۇ چاغدا ھەممە ياق جىمجىت بولۇپ كەتكەنىدى.

پەقەت ئاندا ـ ساندا ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ـــ هازىرلا قېچىپ كېتەيلى. بولمىسا بۇ هايۋانلار بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ـــ دېدى ئۇ مۇهاپىزەتچىلەرگە، ـــ ئوق ـ دورىنى كۆپرەك ئېلىۋېلىڭلار.

ـــ ۋالىي جانابلىرى، قانداق قاچىمىز. هەممە ياقتا ئادەم تۇرسا، ـــ دېدى بىر ئەسكەر.

ـــ ماۋۇ ئۆينىڭ كەينىدىكى بېدىگە ئوت قويۇۋېتىپ، يېنىدىكى مەسچىتكە كىرىۋالىمىز. ئۇلار ئوت بىلەن هەپىلىشىپ قالغاندا تىكىۋېتىمىز، ـــ دېدى ئۇ. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى هەممىگە ماقۇل چۈشتى. ئۇلار بىر دانە لۆڭگىنى كىچىك بىر تۈڭدىكى كىرسىنغا چىلىدى. ئۇلار قېچىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا ياڭ مىڭجۇغا ئابدۇكېرىم ئەلەم سوۋغا قىلغان قىز يىغلىدى.

ـــ سىلەر كەتسەڭلار، مەن قانداق قىلىمەن؟

ـــ سەن باغقا چىقىۋال، ساڭا هېچكىم چېقىلمايدۇ، ئۇلارمۇ بىلىدۇ. سەن دېگەن ئاخۇن يىڭجاڭ ئۆز نەپسى ئۈچۈن قۇربان قىلغان قىز، ـــ دەپ ياڭ مىڭجۇ ئۇنىڭغا خېلى كۆپ كۈمۈش پۇل بەردى، ـــ قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن بۇ يەردىن كەت.

ئۇلار پەم بىلەن ئىشىكتىن چىقىپلا ئاتخانىغا كىرىپ ئۇ يەردىن ئۆگزىگە چىقتى. ئۇنىڭ غەربىي تېمى مەسچىت ئىدى. تۆت ئادەم ئاستا پەسكە چۈشۈپ مەسچىتكە كىرىۋالدى. بىرەيلەن تام تۈپىسىدە قىلىپ، سەرەڭگە يېقىپ لۆڭگىگە تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى بېدىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئۆزى بولسا تامدىن مەسچىتنىڭ هويلىسىغا سىيرىلدى. تۆۋەندە ئىككەيلەن ئۇنى تۇتۇۋالدى. كېچىسى كېلىۋاتقان تاغ سالقىنى ئوتنى بىر دەمدىلا ئۇلغايتىۋەتتى. ئوت ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلدى. بىردىنلا ئەتراپتا ۋارقىراش ـ جاقىراش، قىقاس ـ چوقان كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراقلارغا كەتتى. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا

ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن ئايۇپ قۇگۇەن سەكرەپ ئورنى-دىن تۇرۇپ قاراڭغۇدا يۇگۇرگىنىچە دۇشمەنلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، ئەزانخانا ئارقىلىق مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ يېتىپ تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى. باشقىلارمۇ ئۆگزىگە چىقىپ دۇشمەننىڭ ئوت ئىچىدىن قېچىپ چىقىشنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. مەسچىتنىڭ ئالدى ۋە كوچا بىكار قالدى.
شۇ چاغدا ياڭ مىڭجۇ چارلاشقا چىقارغان ئادەم كوچىدا ھېچكىم-نىڭ يوقلۇقىنى مەلۇم قىلدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياڭ مىڭ-جۇ تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ «غىپلا» قىلىپ مەس-چىتتىن چىقتىدە قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. چۈنكى، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئۇلۇغ ئوتتا ئەتراپ ناھايىتى قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. بۇ چاغدا بازار ئىچىدىكى نۇرغۇن ئاھالە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىپ، كوچىغا ياكى ھويلىلىرىغا چىقىپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ تۇرۇشاتتى.
شۇ چاغدا باغنىڭ كەينىدىكى ھوشۇر لەنجاڭنىڭ ئادەملىرى ئۆينىڭ كەينىدىكى باغقا چۈشتى. ھەممە ياق جىمجىت، ئۇلار ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ئايۋاننىڭ ئارقا ئىشىكىگە يېقىن كەل-دى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تام تۈۋىدىكى قارا نەرسىگە چۈشتى.
— كىمسەن؟ — دېدى بىر جەڭچى ئاستالا.
— مەن ئانىڭ. ياق، ئايشەمۇ، — دېدى بىر ئايال كى-شى.
— ئۆيدە كىم بار؟
— خەمەسى قاچى كەتتى، — دېدى ئۇ.
جەڭچىلەر بىرىپ ئايۋاننىڭ باغقا ئېچىلىدىغان ئارقا ئىشى-كىگە قاراپ باقتى. ئىشىك ئوچۇق. ئايۋاننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتكەنىدى. ئەھۋالنى ئۇققان ھوشۇرلەنجاڭ ئاغزى - بۇرنىنى لاتىدا باغلاپ، قولىغا مەشئەل ئېلىپ ئۆيلەرگە قاراپ چىقتى. راس-تىنلا ئادەم يوق. ئۇ ئىستىن دەم ئالالماي قالغاندا كوچىغا

ئېتىلىپ چىقتى ۋە:
— ئايۇپ فۇگۇەنگە خەۋەر قىلىڭلار، دۈشمەن قېچىپتۇ، — دېدى - دە، «گۇپ» قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنى بىر قانچەيلەن كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئايۇپ فۇگۇەن:
— قوغلايلى، — دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن، قاياققا مېڭىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە نىشانسىز تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈشتى. دۈشمەنلەرمۇ يول بىلمىگەچكە ئانچە ئۇزاپ كېتەلمىگەنىدى.

* * *

تاڭ ئاتتى. قۇياش يېڭى بىر تاغدىن دېرەك بەردى. بۈگۈنمۇ ئۆتكەن بارلىق كۈنلەرگە ئوخشاش كۈتۈلمىگەن ھادىسە بىلەن تولغانىدى. قوزغىلاڭچىلار پۈتۈن تۈن بويى كۆز يۇممىغانىدى. تاڭ ئېتىش بىلەن ئىزچىلار ئالدىدا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوزغىلاڭچىلار، تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن، ئىبراھىم لەنجاڭ باشچىلىقىدا تۆتكە بۆلۈنۈپ، تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئېزىز ھاجىمنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپچىلىكى مەشھۇر ئوۋچى مەرگەن ۋە ئىزچىلاردىن بولغاچقا ئۇلار ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. لېكىن، ھىيلىگەر ياڭ مىڭجۇ شىخى ئورۇلمىغان قوناقلىقلار، ھەيدەلمىگەن ئېڭىزلىقلارنى ئارىلاپ، چوڭ يولنى بويلاپ غەربكە كېتىۋاتاتتى. چۈشكە يېقىن شىمالغا (كورلا تەرەپكە)، شەرققە (مىرەنگە)، جەنۇبتىكى ئالتۇنتاغ تەرەپكە كەتكەنلەر قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. لېكىن، غەربكە ماڭغان تۇردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى ئادەملەر چەرچەنگە ماڭىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى قويماي ئاختۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. قۇياش چۈشكە ياماشقان چاغدا ئېگىز ئۆستەڭ مەھەللىسىدىكى

سىيىت شاڭيۈنىڭ بېغىنىڭ كەينىدىكى ئېگىزلىقتا يەرگە تامغان قان ئىزلىرىنى تاپتى. ئۇلار ئوچۇق تۇرغان باغنىڭ ئارقا ئىشى-كىدىن كىرىپ باغنى ئاختۇرۇش نەتىجىسىدە بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئىزىنى، ئۇلار يېڭىلا يېگەن كۇزلۇك شاپتۇل شۆپىكى بىلەن ئۇرۇقچىسىنى ۋە بىر پارچە قان بولۇپ كەتكەن لاتىنى تاپتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى ئۇلاردىن بىرسى چوقۇم يارىلانغان. تۇردى يىڭجاڭ باشقىلارغا ئىزدەشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇي-رۇق ئەۋەتتى.

— ھەممەيلەن قايتىپ كەلسۇن.

تۇردى يىڭجاڭ سىيىت شاڭيۇدىن گۇمانلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ خېلىلا دىيانەتلىك ئادەم بولسىمۇ، كىچىك ۋاقتىدا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان. شۇڭا، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە، كەلگۈسىنى ئويلاپ ياڭ مىڭجۇنى يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن بىر خىل خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدە-گە كىرىۋالغانىدى. چۈنكى، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىشى ئۇنى سەگەكلەشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ سىيىت شاڭ-يۇنى سوراق قىلدى ۋە ئۆي - جايىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن، ھېچ نەرسە تاپالمىدى. ئەمما، تۇردى يىڭجاڭ ئۇنىڭدىن قاتتىق گۇمان قىلغاچقا ئۇنىڭغا ئاھانەت قىلدى. بېغىدىكى ئىز-لارنى كۆرۈپ سىيىت شاڭيۇمۇ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالدى.

— ھېچبولمىغاندا سەن ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەن. بولمىسا ئۇلار يىراققا كېتەلمەيتتى. ئەگەردە ياڭ مىڭجۇ قېچىپ كېتىدىغان بولسا سەن ئۆلدۇم دەۋەرگىن، — دەپ دوق قىلدى تۇردى يىڭجاڭ.

سىيىت شاڭيۇ ناھايىتى غۇرۇرى كۈچلۈك، يولۋاس مى-جەزلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە كىشىلەردىن بۇنداق ئاھانەت ئاڭلاپ باقمىغان. تۇردى يىڭجاڭنىڭ قوپال گەپ سۆزلىرىدىن:

دەرت ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

دېگەن خەلق ناخشىسىنى ئەسكە ئالدى ـ دە، بىر ئېغىز گەپ قىلماي، بىر ياۋداق ئاتنى مىنىپ يولغا چىقتى. دۇشمەن چوڭ يولنىڭ شىمالىي تەرىپىنى بويلاپ غەربكە كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىزى قاسىم ھاجىمنىڭ بېغىنىڭ كەينى، خۇداۋەردى خادىنىڭ قوناقلىقى، ئەبەيدۇل شاڭيۇنىڭ شودىگەرلىكى، ھەـ سەن توخونىڭ كۆل بېشىدا قالغانىدى. ئۇنىڭ نېرىسى سايلىق ۋە دەپسەڭلىك بولغاچقا ئىزنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. قۇياش غەربكە باش قويغان چاغدا ئۇلار يەنە «ياقۇپباي قۇدۇق» دېگەن جايدا دۇشمەننىڭ ئىزىنى تاپتى. بۇ چاغدا ئايۇپ فۇگوەن، ئىبراھىم لەنجاڭ، ئىبراھىم ياخاڭلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار غەربكە قاراپ كېچىلەپ يۈرۈپ كەتتى.

*　　　*　　　*

ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا ئۇلار چاقىلىقتىن ئاتمىش كىلومېتىر غەربتىكى «چەش دۆڭ» دېگەن جاينىڭ غەربىدىكى جاڭگاللىقتا كېتىپ باراتتى. دۇشمەن كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى كۆ- رۈپ، چوڭ يولنىڭ جەنۇبىدىكى تۈپتۈز سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىـ دىكى يوغان بىر دۆڭگە چىقىپ ئورۇنلىشىۋالدى. دۇشمەن ئاز بولسىمۇ مۇداپىئەدە ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى تۈپتۈز سايلىق. تەخمىنەن ئۈچ ـ تۆت يۈز مېتىر ئارىلىقتا بىرەر دانە تۇخۇم بولسىمۇ، ئادەمنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا

بۇرۇن كىشىلەر دەرەخ كۆتىكىنى كولاپ ئېلىۋالغان بىر ئورەك بولۇپ، دۈشمەن ئۈچۈن تەييار ئاكوپ ئىدى. ئۇلار يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىنى ئوققا تۇتالايتتى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەنلەر قوغدىنىشقا ئەپلىك بولغان شارائىتقا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇلاردىكى ئىككى دانە ئاپتومات بىلەن ئىككى دانە دىكتار پىلموتنىڭ ئوت كۈچى ناھايىتى زور ئىدى. تۇردى يىڭجاڭ ھۇجۇمغا كاناي چالدۇردى.

— ئاللاھۇ ئەكبەر، — دېگەن تەكبىر ئاۋازى سەھەر ئاسمىنىدا جاراڭلاپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتتى. لېكىن، دۈشمەننىڭ قوماچ قورۇغاندەك ئاتقان پىلموت ۋە ئاپتومات ئوقلىرىدىن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىرقانچە ئات ئۆلۈپ، ئون ئۈچ نەپەر جەڭچى يارىلاندى. ئۇلارنىڭ ئاھ - ۋاھلىرى پۈتۈن قوشۇننى تەمتىرىتىپ قويدى. جەڭچىلەر يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدى. دۈشمەن ئۈزلۈكسىز ئېتىپ تۇراتتى. ئىلگىرىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— چېكىنىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى تۇردى يىڭجاڭ.

جەڭچىلەر ئۆمىلەپ كەينىگە چېكىندى ۋە دۈشمەننى چەمبەردەك قورشىۋالدى. ئىككى تەرەپ پات - پات ئېتىشىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئەمدى ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانىدى. چۈشكە يېقىن دۈشمەن تەرەپ جىمىپ كەتكەنىدى. قوزغىلاڭچىلار بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن تۇردى يىڭجاڭ يەنە بىر قېتىم كوماندا بەردى.

— ئالغا! ياڭ مىڭجۇنى تىرىك تۇتايلى!

ئەسكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇشىغا ھاشىخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— توختاڭلار.

ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. تۇردى يىڭجاڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى ئۆپكىدەپ قىزىرىپ تاپانچىنى

قولىغا ئالدى.

— ھەممە ياق تۇپتۇز ساي، بىكاردىن بىكار چىقىم تارتىدىمىز. ئۇلارمۇ بىزدەك ئادەم. ئاچتىن ئۆلمىسىمۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن چوقۇم ئۆلىدۇ. بىز جاپا تارتساقمۇ، بىر - ئىككى كۈن سەۋر قىلساق غورىدىن ھالۋا پۈتۈپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى ھاشىخان.

— ھاشىخان راست ئېيتىدۇ، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن، — يىڭجاڭ، بىكار چىقىم تارتمايلى. ئۇنىڭسىزمۇ جەڭچىلەر كۆپ جاپا تارتتى.

— ئەستاغپۇرۇللا ماۋۇ خوتۇننى . . . «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى يىڭجاڭ، — بوپتۇ ئەمىسە بۇ قېتىمچە سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولسۇن.

ئۇنىڭ ھازىرلا ياڭ مىڭجۇنى تۇتۇپ قىيما - چىيما قىلىۋەتكىسى بار ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن جەڭچىلەر ھاشىخاننى «تۇەنجاڭ» دەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار بىر قىسىم ئادەم بىلەن يارىدارلارنى ۋاششەرىگە ئەۋەتىۋەتتى. كەچتە ۋاششەرى خەلقى ئەۋەتكەن يېمەكلىك، قاپاق - قاپاق سۇ يېتىپ كەلدى. قورشاۋ ئۈچ كۈن داۋام قىلدى. تۆتىنچى كۈنى ۋاششەرىدىن ئېلىپ كەلگەن ئوۋ ئىتلىرى بىر ئۆلۈكنى سۆرەپ چۈشتى. ئۇنى ياڭ مىڭجۇ ئېتىۋەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ سىيىت شاڭيۇ گاھى يۈگۈرۈپ، گاھى ئۆمىلەپ دۈشمەن تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرقانچە ئادەم ئەگەشتى. سىيىت شاڭيۇ يېتىپ بارغاندا دۈشمەنلەر ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھەم ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ كېچىلىك سوغۇقىدىن ھالىدىن كەتكەنىدى. دۆڭگە يامىشىپ چىققان سىيىت شاڭيۇ بىرلا سەكرەپ ئورەككە چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ ياڭ مىڭجۇ تاپانچىسىنى قولىغا ئالغانىدى. سىيىت شاڭيۇ بىرلا تېپىپ

تاپانچىنى ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى ۋە قوراللارنى ئېلىپ پەسكە تاشلىدى. ئۇنىڭغىچە باشقىلارمۇ يېتىپ كەلدى. لېكىن، سىيىت شاڭيۇ ئۆزىگە ئاھانەت تېپىپ بەرگەن ياڭ مىڭجۇنىڭ بېشىنى بىلىكىدىكى ئاتتىنىڭ تورۋىسىغا سېلىۋالغان قىڭراق بە-لەن بىرلا چېپىپ ئۈزۈۋالدى ـ دە، ئۈزۈلگەن باشنى تورۋىغا سېلىپ دۆڭدىن قايتىپ چۈشتى ۋە «گورس ـ گورس» دەسسەپ كېلىپ قان تېمىپ تۇرغان كاللىنى تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مېنىڭ ۋەزىپەم ئاياغلاشتى يىڭجاڭ، — دېدى ئۇ ۋە ئېتىغا مىنىپ كېتىپ قالدى. ھەممەيلەن خېلىغىچە ئۇنىڭ كەي-نىدىن ھەيران بولغان ھالدا قاراپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر «دوتەي ئۆلگەن» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

ئۇلار ياڭ مىڭجۇنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ۋاششەرىگە كېيىن چاقىلىققا ئېلىپ كېلىپ كوچىغا ئاستى. ئۆلمەي قالغان ياڭ مىڭجۇنىڭ ئۈچ نەپەر مۇھاپىزەتچىسىنى ۋاششەرىگە ئاپىرىپ مە-ھەللىنىڭ چېتىگە تاشلاپ قويدى. بۇ يەر ھازىر «ئالماق دۆڭ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. شۇنداق قىلىپ قارا نىيەت ياڭ مىڭجۇ ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدى. ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەيدىن بۇي-رۇق كەلدى. بۇ، بۇيرۇقتا 1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىمنى ئالداش ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان كوماندىرلارنى خىزمەتكە تەيىنلىدى. شۇلارنىڭ قاتارىدا گاجىت بەكرى بىلەن تۇردى يىڭجاڭنىڭ چاقىلىقتىكى ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلغان بو-لۇپ، ياڭ مىڭجۇنىڭ مەلۇماتى خوجىنىياز ھاجىمدىن مەخپىي تۇتۇلغانىدى. لېكىن، ئون بەش كۈندىن كېيىن ياڭ مىڭجۇ ئۆلتۈرۈلدى. 1934 ـ يىلى، يىلنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ پۈتۈن شىنجاڭدا ئىنقىلابنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن چاقىلىقتا قوراللىق كۈرەش يەنىلا داۋام قىلىۋاتاتتى.

# ئون توققۇزىنچى باب

# جازا

دۇنياغا كەلدۇقمۇ كېتىمىز ئاخىر،
قىلغان ھەر ئىشىڭدا ئىزلىرىڭ زاھىر.
نام، نەپسى ئۈچۈنلا ياشىغان شەپشەك،
«زۆھرە» نىڭ يولىدا بولالماس «تاھىر».
—— ئابلىكىم تۇردى

نويابىر ئېيى كىرىش بىلەن ھاۋا تېخىمۇ سوۋۇشقا باشلىدى.

ھاۋا بىردە ئېچىلىپ، بىردە تۇتۇلۇپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. كۈز شامىلى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۈچۈرۈپ تەرەپ - تەرەپكە ئەكېتىپ باراتتى. جەنۇب تەرەپتىكى ئاقۋاش تاغلاردىن ئۇرۇپ تۇرغان شامال قارنىڭ سوغۇقىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ كېتىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان قاقشال دەرەخلەر بىچارە قىياپەتتە توختىماي ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. دېھقانلار بولسا كەچ كۈزنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. بولۇپمۇ بالا - چاقىلىرى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز ئائىلىلەر ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇلار قوناق چېپىپ، كېۋەز غوزىلىرىنى ئۈزمەكتە ئىدى. ئەگەردە سەللا بوشاڭلىق قىلسا ئېتىزدا قالغان قوناق بىلەن كېۋەز غوزىلىرىنى يايلاقلاردىن قايتقان ئات - كالىلار بىر كېچىدىلا يەپ، دەسسەپ

ۋەيران قىلىنىۋېتەتتى. ئۇ چاغدا پۈتۈن ياز قىلغان ئەمگەك بىكار بولاتتى. گاھى يىللىرى نويابىر ئېيى كىرىشى بىلەن كۈتمىگەن يەردىن قېلىن قار يېغىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئېتىزدا قالغان بارلىق نەرسىلەر ۋەيران بولۇپ، قوناقلار كۆكۈرۈپ، ئۈزۈم تاللار ئۈششۈپ كېتەتتى. بۇ يىلمۇ شۇنداق ھادىسە يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەممىلا ئادەم ئالدىرىماقتا ئىدى.

ياڭ مىڭجۇ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان قوزغىلاڭچىلار ئار- مىيىسىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياڭ مىڭجۇنىڭ ئەسىرلەر لاگىرىدا ئىككى ئاي ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈز- گەنىدى. يازنىڭ ئىسسىق ۋاقتىدا قىلىدىغان تالاي ئىشلار ئۇلار- نى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىدىن غەم - قىلمىسىمۇ بولات- تى. چۈنكى، بۇ يەردىكى قوشۇن ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تەلىپى بىلەن شېڭ شىسەي پەرمان چۈشۈرۈپ، قارا شەھەر، كۇچا، باي، شايار ۋە توقسۇن ناھىيىلىرىدىن خېلى كۆپ تەمى- نات ئاشلىقى كەلگەنىدى. ئەمدىكى مەسىلە ئاتلارنى قىشتىن قانداق ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئىدى. ئۆتكەن ئايدا يىغىلغان ئوت - سامانىنى ئاتلار ئۇدۇللۇق يەپ تۈگەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئاتخا- نىلارنى رېمونت قىلىپ ئاتلار ئۈچۈن يەم - بوغۇز تەييارلىشى لازىم ئىدى. بۇ قىشتا بۇ ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئاتلار جەڭچىنىڭ قانىتى - دە.

بۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچىلار شتابىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەت- تى. چۈنكى، ياڭ مىڭجۇ ئۆلتۈرۈلگەن، ئابدۇكېرىم ئەلەم قورالسىزلاندۇرۇلغان ۋە ھازىرچە قاماپ قويۇلغان بولسىمۇ لې- كىن ئۇلارنىڭ يۇرت ئىچىدىكى تەسىرى كىچىك ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئەلەم خېلى زور تەسىرى كۈچكە ۋە ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن يۇرتنىڭ زور بىر تۈركۈم ئاھالىسى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان،

جەددى ـ جەمەتى ئىدى. ئۇ «ۋالىي» بولغان بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن، تەسىردـ مۇ ئاشقانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۇرتۋازلىق، يەكلىمىچىلىك خاـ راكتېرى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن. ئوسمان شاڭيۇغا ئوخشاش ئۆز ۋاقتىدا قوزغىلاڭدا خېلى ئوبدان رول ئوينىغان كىشىلەرنى يەكلەپ كۈن بەرمىگەچكە يۇرتتا تۇرالماي، بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم ئەلەمـ دىن تولۇق ھېساب ئېلىپ، ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى خەلقئالەم ئىچىدە چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭ تەسىرىنى تازىلاش، خەلقنى توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىش ۋە يېتەكلەش لازىم ئىدى. لېكىن، بۇ تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. نادان خەلق سېنى چۈشەنمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆتكەن ئىككى ئايدا ھەربىي قىدـ سىمنىڭ مەشىق ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختاپ قېلىپ، بىر قىسىم كىشىلەر بوشاپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىمقى قانلىق جەڭدە بىرمۇنچە ئادەم يارىلاندى. ئۇلارنى داۋالاشقا دوختۇر ياكى دورا يوق ئىدى. ئەمدى قىسىمنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي تەلىمنى كۈچەيـ تىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرۇش لازىم ئىدى. چۈنكى، قوزغىلاڭچىلارغا غەربتە تۇڭگانلار، شەرق ۋە شىمالدا شېڭ شىـ سەي تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، نۆۋەتتىكى ئىشلارنى ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرۈشكە ۋە سەل چاغلاشقا بولمايتتى.

* * *

ئۈچ كۈندىن بۇيان قوزغىلاڭچىلار شتابىدا ئابدۇكېرىم ئەـ لەم ئۈستىدىكى سوراق داۋام قىلىنىۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىپ جاھىللىق قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۆز

گۇناھلىرىغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قوزغىلاڭچىلار شتابىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن «ئاللادىن ئۆزگە ئازمايدىغان ئىنسان يوق، ئادەم بالىسى خام سۈت ئەمگەن. ئۇ سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدۇ» دەپ ئۇنىڭ بۇرۇنقى يۇرتۋازلىق، ئۆز نەپسى-گە چوغ تارتىش، باشقىلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش گۇناھلىرىنى ھېسابقا ئالمىدى. پەقەت ياڭ مىڭجۇ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇ-نىڭ بەرگەن يالغان «ۋالىي» لىق مەنسەپنى قوبۇل قىلىپ دۈش-مەنگە تەسلىم بولغانلىقى، ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز خەلقىدىن ھەم ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ ئاسىيلىق قىلغانلىقى، دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى ئاز دەپ، بىر چوڭ ئۆلىما تۇرۇپ، شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈپ، بىر مۇسۇلمان قىزنى بىر كاپىرغا خوشامەت قۇربانى قىلىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىدى.

— ئاخۇنۇم قېنى ئېيتسىلا، سىلىنى «ۋالىي» قىلغان تامغا قەيەردە؟ — دەپ سورىدى گاجىت بەكرى.

— ئۆيدە، مېھمانخانا ئۆيدىكى ئورۇس ساندۇقتا ئاغا، — دەپ جاۋاب بەردى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئابدۇكېرىم ئەلەم.

— ھېلىقى قىز قەيەردە ئاخۇنۇم بىلەملا؟

— ياق بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇكېرىم ئەلەم.

— ھەي ئاخۇنۇم، — دېدى ئېزىز ھاجىم ئاچچىقى بىلەن، — سەندە ۋىجدان، ئىمان دېگەنلەر بارمۇ زادى؟ سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن بىر مۇسۇلمان قىزنى بىر كاپىرنىڭ بۇلغىشىغا تۇتۇپ بەردىڭ. قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا ئاللانىڭ ئالدىدا نېمە دەرسەن؟

— مەن ئېزىپتىمەن، مەن ئېزىپتىمەن، — دېدى ئابدۇ-

كېرىم ئەلەم.

ــ يەنە بىر ئىش ئاخۇنۇم، ــ دېدى گاجىت بەكرى، ــ «دۇڭ يىڭجاڭ» ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋالغان قورالللارنىڭ بىر قىسمى قېنى؟

ــ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا، قالغىنىنى خوجىنىياز ھاجىمغا ئەۋەتىپ بەرگەن، ــ دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ تۇرۇپ.

ــ يالغان، ــ دېدى ئېزىز ھاجىم، ــ قورالللارنىڭ بىر قىسمى بىلەن نۇرغۇن ھەربىي ئەشيا ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى. يامۇلدىنمۇ نۇرغۇن نەرسىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىمۇ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە توشۇغان، ئۇلارمۇ يوقاپ كەتتى.

ــ بۇ گەپلەر راستمۇ ئاخۇنۇم؟ ــ دەپ سورىدى گاجىت بەكرى.

ــ راست. . . ــ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ــ باشقىلارنىڭ سورايدىغىنى بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى گاجىت بەكرى ئولتۇرغانلارغا.

ــ ئوسمان شاڭيۇنىڭ ئىشى قانداق ئىشتىكىن؟ ــ دېدى شۇ چاغقىچە گەپ قىلماي ئولتۇرغان باھاۋۇدۇن ھاجىم، ــ ئۇ ئادەم قوزغىلاڭغا كۆپ كۈچ چىقارغان.

ــ قېنى ھاجىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرسىلە ئاخۇنۇم؟ ــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.

ــ ئۇنى ۋالىي ھەزرەتلىرى، ياق ياڭ مىڭجۇ قاماپ قوي دېگەندى. ئۇ ئۇنىڭغىچە قېچىپ كېتىپتۇ. . .

ــ ھەي ئاخۇنۇم، سىلە چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ، «ماۋۇ يوقىنى يە» دېسە يەملا؟

ــ مەن ئېزىپتىمەن. ئالللانىڭ ئالدىدا يۈزۈم قارا بولدى. يۈزۈم قارا بولدى. جېنىم تۇغقانلار مېنى كەچۈرۈڭلار. . .

شۇنىڭ بىلەن سوراق تۈگىدى. ئىككى ئادەم كىرىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

* * *

چۈشتىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەمگە قانداق جازا بېرىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ تالاش - تارتىش بولدى. بىر قىسىملار ئۇنى قاتتىق جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش كېرەك دەپ چىڭ تۇرۇۋشتى، چۈنكى ئۇلار ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئەڭ چوڭ جىنايەت. شۇ- نىڭ ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق جازاغا تارتىلىشى ياكى چالما - كېسەك قىلىش كېرەك دېيىشتى. بۇ پىكىرنى ياقىلىغۇچىلار شۇنداق قىلغاندا ئىنقىلاب قوشۇنىنى ئىچكى قىسىمدىلا بۇزغۇنچىلاردىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلىدى. لېكىن، باھاۋۇدۇن ھاجىم، ئېزىز ھاجىم، قاسىم ھاجىم، ئىمىن ئەلەم قاتارلىق كىشىلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى. ئانداق قىلساق زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئىچكى زىددىيەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن دېگەننى ئىس- پاتلىماقچى بولۇشتى. ئۇلار بۇنىڭغا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئوس- مان شاڭيۇنى يەكلىگەنلىكى، ئاخىرىدا ئۇنى تېخىمۇ سىققانلىق- تىن قېچىپ بېرىپ، تۇڭگانلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى پاكىت قىلىپ كۆرسەتتى. شۇنداق تالاش - تارتىشتىن كېيىن ئاخىر بىرىنچى، ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قوزغىلاڭچىلار شتابىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىش، ئىككىن- چى، ئۇ شەخسىي ئىگىلىۋالغان بارلىق قورال - ياراغ ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنى قايتۇرۇۋېلىش، ئۈچىنچى، شەنگەن يامۇل- دىن ئېلىپ كەتكەن يەتتە دانە ئاتنى قايتۇرۇۋېلىپ قوزغىلاڭچى-

ـلار شتابىنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىش. ئامبالنىڭ مۈلكىنى قايتۇ-
رۇۋېلىپ كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىش، تۆتىنچى، ئالتۇن -
كۈمۈشلەرنى قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىش، ئاب-
دۇكېرىم ئەلەمنىڭ شەخسىي مۈلكىگە تەگمەسلىك توغرىسىدا
قارار قوبۇل قىلىندى. يىغىندىن كېيىن ھەممەيلەن ئاتلىنىپ،
ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جايىغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئابدۇكېرىم
ئەلەمنىمۇ بىللە ئېلىپ باردى.

قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئابدۇكېرىم ئە-
لەمنىڭ جايىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكى خەلقمۇ بىر-
دىن - ئىككىدىن كېلىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ چوڭ ھويلىسى
ئادەمگە توشتى. ئابدۇكېرىم ئەلەم تۇتقۇن قىلىنغان كۈننىڭ
ئەتىسى ھاكىم گاجىت بەكرى ئۇنىڭ ئامبار، قازناقلىرىنى ئۆز
قولى بىلەن پېچەتلەپ قاراۋۇل قويغانىدى. بۈگۈن ئالدى بىلەن
ئابدۇكېرىم ئەلەمدىن «ۋالىي»لىق تامغىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالدى.
ئارقىدىن چوڭ ئامبارنى ئېچىپ، ئۇ يەردىن جىن شۈرىن ئەس-
كەرلىرىدىن غەنىيمەت ئالغان ھەربىي ئەشيالارنى ئېلىپ چىق-
تى. بەزى ئەشيالار، بولۇپمۇ كىگىزلەرنى كۈيە يەپ كاردىن
چىققانىدى، بىر قىسىم رەختلەرنى توپا بېسىپ تونۇغۇسىز بو-
لۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاچقۇچى مەخسۇس ئابدۇكېرىم
ئەلەمنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان قازناقنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن
خېلى كۆپ قورال - ياراغ، ئوق - دورا، بوغا، بۆكەن مۈڭگۈز-
لىرى، بۆرە، تۈلكە، ئەسرى - سۈلەيسۇن تېرىلىرى چىقتى.
بۇ نەرسىلەرنى قوزغىلاڭچىلار شەنگەن يامۇلدىن ئېلىپ چىققاند-
ـدى. ئەمدى نۆۋەت قات ئۆيگە كەلدى. لېكىن، ئۇ يەردىن قولغا
چىققۇدەك بايلىق تېپىلمىدى. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەرنى بۇرۇنلار
جايلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئامبارلاردىن چىققان نەرسىلەر بىرمۇ
بىر تىزىملىنىپ، قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ
ئېلىندى.

* * *

باش قىش، ھاۋا سوغۇق، يەرلەر توڭلاپ كەتكەن، ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. جۇمەدىن يانغان كىشىلەر جۇمە مەس- چىتىنىڭ چوڭ ھويلىسىدا يۇمىلاق دائىرە ھاسىل قىلىپ تۇرۇ- شاتتى. ئوتتۇرىدا ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن قورال - ياراغ ۋە باشقا ماددىي ئەشيالار تەقلەپ قويۇلغانىدى. ھاكىم گاجىت بەكرى ئاستا، ئەمما ئېنىق قىلىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جىنايىتى ئۈستىدە جامائەتكە سۆزلىمەكتە ئىدى. ئەت- راپتا تۇرغان بارلىق پۇقرالار ۋە جۇمە ئوقۇشقا كەلگەن قوزغىلا- ڭچى قوشۇنلار ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى.

— بىز ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بارلىق قىلغان - ئەتكىنىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قارىدۇق. چۈنكى، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن، ئاللادىن ئۆزگە ھېچقانداق ئىنسان سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن، بۇ ئاخۇنۇم ئۆزى بىر ئۆلىما تۇ- رۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئاقسۇدا چاغدا خوجىنىياز ھاجىم، مەھمۇت سىجاڭلارنىڭ قىلغان شۇنچە نەسىھەتلىرىنى قۇلىقىدا تۇتماي قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتۋازلىق ۋە تەرەپبازلىق ئۇرۇقلى- رىنى چېچىپ ئىشلىرىمىزغا كۆپ پۇتلىكاشاڭ بولدى. بىز ئۇنىڭ بىلىشى شۇنچىلىك دەپ ئۇ ئىشلارنىمۇ كەچۈرۈۋەتتۇق. بىزنىڭ شۇنچىۋالا يول قويغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى بىز ئۇنىڭدىن قورقمىدۇق، بەلكى ھۆرمەت قىلدۇق. پەقەت سىلەر پۇقرالار- دىن قورقتۇق. بىزنى پۇقرالار خاتا چۈشىنىپ قالارمىكىن دې- دۇق. بىراق، بۇ ئادەم ئۆزى ماڭغان تۇيۇق يولدىن قايتمىدى. بەلكى، بارغانچە ھەددىدىن ئېشىپ ئۆز نەپسىنى دەپ ئىنقىلاب- تىن، ئۆز خەلقىدىن، ئۆز مىللىتىدىن، قېرىنداشلىرىدىن يۈز

ئۆرۈپ، ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈر-
دى. ياڭ مىڭجۇ دېگەن مەلئۇن يالغاندىن «شىڭ دوبەن سېنى
ۋالىي قىلدى» دېسە، خۇدىنى يوقىتىپ ئۇ بەرگەن تامغىنى
ئېلىپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆزى بىقىۋالغان، ئىمان
ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان بىر قىزنى ياڭ مىڭجۇ دېگەن مەلئۇنغا
خۇشامەت سوۋغىسى قىلدى. دۇنيادا مۇسۇلمان بەندىسى ئۈچۈن
بۇنىڭدىن ئارتۇق گۇناھ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار
شتابى دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنى
قوزغىلاڭچىلار شتابىدىن قوغلاپ چىقىرىش، شەرئى مەھكىمىدى-
كى ئەلەملىك مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدۇق. ئۇ-
نىڭ قالغان گۇناھلىرىنى قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا ئاللا تائال-
لا ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن. خالايىقنىڭ بىزنى توغرا چۈشىنىشنى
ئۈمىد قىلىمىز، — گاجىت بەكرىنىڭ سۆزى توگىدى. ئادەم-
لەرنىڭ ئارىسى ھەرە ئۇگىسىدەك ۋاژىلدىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا
ئېگىز بويلۇق ئېزىز ھاجىم ئورنىدىن تۇردى:

— خالايىق بۇ نەرسىلەرنى ئابدۇكېرىم ئەلەم قوزغىلاڭ
ۋاقتىدا ئىگىلىۋالغان نەرسىلەر ئىكەن، — دەپ ئوتتۇرىدا
تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتى، — ماۋۇ رەختلەر بىلەن كى-
گىزلەر كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلارغا ھەم كۆپ بالىلىق
ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن خالايىق ئاستا ـ ئاستا تارقالدى. لېكىن،
بىر قىسىم جۇل ـ جۇل كىيىملىك كىشىلەر قاراپ تۇراتتى.
جۈمەدىن يېنىپلا ئۇلار كەتمەكچى بولغان بولىسمۇ قاسىم ھاجىم
بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىم دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى توسۇۋالغانىدى.
ئۇلارغا بىر پارچىدىن كىگىز ۋە بىرنەچچە مېتىردىن رەخ بېرىش-
تى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار شتابىدىن كۆپ مىننەت-
دار بولۇشتى.

كىشىلەر قايتىۋاتقان چاغدا جۈمە مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسىغا

ئابدۇكېرىم ئەلەم قۇلىقىدىن مىخلاپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدـ
غا «دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرگەننىڭ سازايى» دېگەن چاغاـ
تايچە نۇسخىدا يېزىلغان خەت چاپلاغلىق تۇراتتى. ئابدۇكېرىم
ئەلەم بولسا:

— تووۋا قىلدىم. خۇدا مېنى كەچۈرگەيسەن، — دەپ نالە
قىلاتتى.

* * *

ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى نۇرغۇنلىغان ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. چۈنكى، نادان خەلق ئۇنى خۇددى خۇدادەك بىلەتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى: «بىر ئۆلىما تۇرۇپ بىر كۇپارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغىنى كىشىلەرنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش» دەيتتى. بۇ كونىلارنىڭ «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ ئەينى ئۆزى ئىدى. شۇڭا، مۇشۇ يېقىندىن بۇيان نەگىلا بارسا گەپنىڭ مەزمۇنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۈستىدە بولاتتى. چۈنكى، ئاددىي خەلق «ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن»، «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك قىلاتتى. پاكىت ئۇلارغا ھەقىقىي دەرسلىك بولغانىدى. بولۇپمۇ گەپ توشۇيدىغان، تۇۋى تۆشۈك قازاندا سۇ تۇرمىغاندەك، قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان، بىر گەپنى ئىككى قىلمىسا ئۇنمايدىغان توشۇقچى خوتۇنلار ئۇچۇن ئالاھىدە بىر دەسمايە تېپىلغانىدى. ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ گەپ توشۇيتتى. بۈگۈن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆل بېشىدا سۇغا بارغان بىرنەچچە خوتۇن ھەدەپ بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي، تالىشاتتى.

— ھەي خوتۇنلار ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قىلىپ يۈرگەن يامان ئىشلىرىنى قوزغىلاڭچىلار خەلقئالەم ئالدىدا يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ رەسۋا قىپتۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق چوقۇر خوتۇن.

— ئايشەم ئاچا سېنىڭ قۇلىقىڭ ھەممىدىن ئۇزۇن. ئەلەم ئاخۇنۇم نېمە يامان ئىشلارنى قىپتۇ؟ — دېدى ئاق سېرىق بىر چوكان.

— خۇددى سەن ئاڭلىمىغاندەك گەپ قىلىسەن نىساخان، — دېدى ئايشەمخان، — ئاخۇنۇم ئۆزى بېقىۋالغان ھېلىقى چىرايلىق قىزنى قارا شەھەردىن كەلگەن دوتەيگە سولاپ بېرىپتۇمىش...

— سولاپ بەرمەپتۇ، — دېدى كاچكۆلىدىن نوگايدا سۇ ئۇسسۇۋاتقان يەنە بىرسى، ئاخۇنۇم ئۇ قىزنى ۋالىيلىققا تېگىشىپتۇ.

— ئانداق ئەمەس، دوتەي كېلىپ ئاخۇنۇمنى «سىزنى دوتەي قىلدىم» دېسە، ئاخۇنۇم خۇشاللىقتىن ئۇ قىزنى خوتۇن قىلىپ بېرىپتۇ.

— سولاپ بېرىپتۇ دېگەن شۇ، سولاپ بەرگەچكە خوتۇن قىلالىغان - دە...

— ھەممىسى بىر گەپ، سولاپ بەرگەندە خوتۇن قىلالايدۇ. سېنىمۇ، — دەپ ياش چوكاننى نوقۇدى ئايشەمخان، — بۇلتۇر توي قىلغان ئاخشىمى ئېرىڭ بىلەن بىر ئۆيگە سولاپ قويغاندا ئېرىڭىز... — دەپ ئۇ قولىدا سەت بىر قىلىقنى قىلدى. باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى چوكان قىزىرىپ كېتىپ:

— بەك قېلىن ئىكەنسەن ئايشەم ئاچا، — دېدى.

— ۋاي نېپىز خېنىم، سىز نېپىز بولغاچقا ئېرىڭىزنىڭ يولىدىن كۆزىڭىزنى ئۈزەلمەيسىز... ھاھ... ھاھ... ھاھ،... — دەپ كۈلۈۋەتتى چوقۇر خوتۇن.

ئۇلار مانا شۇنداق بىمەنە گەپلەرنى ھەممە يەرگە تارتىۋەتكە-
نىدى. گەپچى خوتۇنلار توختىماي تالىشاتتى، ھەتتا بەزىلەر
ئاشكارىدىن ئاشكارا دېيىشەتتى:
— ئەسلىدە بۇ قىزغا ئاخۇنۇم كۆز سېلىپ يۈرۈپتىكەن،
دوتەيگە نېسىپ بوپتۇ. . .
— ئاخۇنۇم بىر كېچە خوتۇن قىلىۋېلىپ دوتەيگە بېرىپتۇ-
دەك. . .
— توۋا دەڭلا، بىر ئۆلىما تۇرۇپ ئانداق قىلماس. . .
— ئانداق قىلماس؟ موللا دېگەن نەپسى دېسە ئالدىدا يۈگۈ-
رىدۇ، دەيتتى.
شۇنداق قىلىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قىلغان يامان ئىشلى-
رى توغرىسىدىكى گەپلىرى پۈتۈن يۇرتتا سۆز - چۆچەككە
ئايلىنىپ كەتكەنىدى .

* * *

ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھەممەيلەننىڭ
كۆڭلىنى غەش قىلغانىدى. بۈگۈن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئى-
چىدىمۇ شۇ گەپ قوزغىلىپ قالدى.
— توۋا خۇدايىم، — دېدى ناشتا قىلىپ ئولتۇرغان ئىب-
راھىم چورۇق دېگەن جەڭچى، — بىزنىڭ ئائىلىمىز ئەللىك
يىلدىن بۇيان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جەمەتى ئارقىسىدىن ئەگى-
شىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ئادەمنىڭ بىر كەپتەرچىلىك بولال-
ماي، مۇشۇنداق بولمىغۇر ئىشنى قىلىپ يۈرۈشنى ئەقلىمگە
سىغدۇرالمايۋاتىمەن.
— نېمە كەپتەر؟ ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىشى بىلەن كەپ-
تەرنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ — دېدى خوتەنلىك جەڭچى
توختى، — بەلكى سىنىڭ ئەقلىڭ كەم بولغاچقا چۈشىنەل-

مىگەنسەن.

— ئالاقىسىغۇ يوق، — دېدى ئىبراھىم بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — كىچىك ۋاقتىمدا دادام كەپتەر توغرىسىدا بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ ھېكايىدە كەپتەرلەرنىڭ بىرلىشىپ لاچىننى ئۆلتۈرگىنى ھېكايە قىلىناتتى. شۇنى دەۋاتىمەن.

— كەپتەرلەر لاچىننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇما؟ قىزىق ھېكايە بولسا كېرەك؟ — دېدى توختى.

— ناھايىتى قىزىق ھېكايە ئىدى، — دېدى ئىبراھىم.

— ئۇ ھېكايە ئېسىڭىزدە بارمۇ ئىبراھىم ئاكا؟ — دېدى راخمان دېگەن جەڭچى. ئۇ ھېكايە دېسە پۈتۈن تۈن بويى ئۇخلىماي چىقاتتى.

— ئەلۋەتتە بار، — دېدى ئىبراھىم.

— ئانداق بولسا بىر ئېيتىپ بەرگىنە ئىبراھىم ئاكا! — دەپ يالۋۇردى راخمان.

— «بىلدىڭ تۇتۇلدۇڭ، بىلمىدىڭ قۇتۇلدۇڭ» دېگەندەك ئىش بولدى، — دېدى ئىبراھىم، — جۇمەگە ئۆلگۈرەلمەيمىز، سەن ھارامزەدە ھېكايە دېسە ئادەمگە چاپلىشىۋالىسەن.

— ئانداق ئەمەس «ئېغىزدىن چىقتى، ساقالغا ياماشتى» دېگىنە، — دەپ تۈزەتتى ھەمدۇللا پەيجاڭ. ئۇ بۈگۈن نۆۋەتچى ئىدى، — ئەمدىلا تاڭ ئاتتى. جۇمەنىڭ ۋاقتى تېخى بار، قېنى ھېكايەڭنى بىر ئېيتىۋەتكىن. ھەممىمىز زېرىكىپ قالدۇق.

ھەممەيلەن ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقا ئېلىشۋالدى. ئىلاجىسىز قالغان ئىبراھىم چوروق ھەييار كۆزلىرىنى بىر ئاز يۇمۇپ تۇرغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، چار توخونىڭ قوڭى دولىسىدا، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەككەندە، ھەۋزە ئايلىقام ئەرگە تەك-

كەندە، يولۋاس پادىشاھكەن، شىر ۋەزىركەن، يىلپىزلەشكەر بېشىكەن، ئېيىق گۆندىپايكەن، بۆرە قاراقچىكەن، تۈلكە يالاقـ
چىكەن، مولون ئوغرىكەن، سۆگگۆچ سوۋاقچىكەن، مايمۇن بوياقچىكەن، تورغاي بېقىمچىكەن، قاغا چېقىمچىكەن، توز خاـ
نىشكەن، قىرغاۋۇل كانايچىكەن، سېغىزخان دۇمباقچىكەن.
مانا شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە كۈنچىقىش تەرەپتە «ئابدال» دەيدىغان بىر دەريا بار ئىكەن. ئۇ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ سەكرەپ ئاقىدىكەن. ئۇ ئەسلىدە تارىم دەرياسىنىڭ بالىسىكەن. لېكىن، ئۇ تارىم دەرياسىدەك تىنچ ئاقماي، ئالتۇن تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن ئۆز يولىدا ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىتلارـ
نى چاچرىتىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئەژدىھاردەك ئاۋاز چىقىرىپ ئاقىدىكەن. ئۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ۋە شاۋـ
قۇنلىرى ئەرش ـ ئەلاغا ئاڭلىنىدىكەن. مانا شۇ دەريانىڭ بويىدا نۇرغۇنلىغان توقايلىقلار بار ئىكەن. توقايلىقلارنىڭ ئەتراپى قېـ
لىن جاڭگاللىقلار يەنى توغراق، جىگدە، يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر بىلەن ئورالغانىكەن. توقايلىقلاردا قومۇش، يېكەن، ئاق تىـ
كەن، يانتاق، بېسلغاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدىكەن.
بۇ توقايلىقلاردا سانسىزلىغان غاز ـ ئۆردەك، قاقىر، تۇرنا، ئاق قۇ قاتارلىق ئەتىۋارلىق سۇ قۇشلىرى لاچىن، قارچىغا، قۇرغۇي قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارمۇ بار ئىكەن. ئاشۇ توقايلىقـ
لارنىڭ ئىچىدە بىر توقايلا ئالاھىدە ئىكەن. بۇ توقايدا ئارپا، بۇغداي، تېرىق ئۆسىدىكەن. بۇ توقايدا نەچچە مىڭ دانە كەپتەر ياشايدىكەن. بۇ كەپتەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆك كەپتەر ئىكەن. ئۇ يەرنىڭ ئەتراپى گىرەلىشىپ كەتكەن جىگدە، توغراق ئورمانلىقى ئىكەن. كەپتەرلەر يىل بويى شۇ يەردە تۇخۇم تۇـ
غۇپ، بالا چىقىرىپ كۆپىيىدىكەن. شۇڭا، بۇ جاي «كەپتەرخاـ
نا» دەپ ئاتىلىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. كەپتەرـ
لەر كۆپىيىپ نەچچە مىڭغا يېتىپتۇ. ئۇلار ئۈچسا كۈن تۇتۇلىدىـ

غان بولۇپ كېتىپتۇ.

ئىبراھىمنىڭ ھېكايىسىنى قوزغىلاڭچىلار دىمىنى چىقارماي تىڭشاۋاتاتتى. ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى تولىمۇ سىرلىق قىلىپ ئېيتىشقا تىرىشاتتى.

— شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، يىللارمۇ ئۆتىۋېرىپتۇ. كۆك كەپتەرلەر راسا كۆپىيىپتۇ. بۇ كەپتەرلەر ئۇزاق زامانلارغىچە ئىناق، ئەركىن ياشاۋېرىپتۇ. ھېچقانداق نەرسە ئۇلارغا دەخلى قىلماپتۇ. ئۇلارغا بەخت يار بولۇپ، تۇرمۇش باياشات، كۈنلىرى شاد - خورام ئۆتۈۋېرىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئوۋچى لاچىن پەيدا بوپتۇ. كەپتەرلەرنى دوست بولۇشقا كۆندۈرۈپتۇ. لېكىن، ئوۋچى لاچىن كەپتەرلەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەن ھەر كۈنلۈكى نەچچە كەپتەرنى تۇتۇپ يەيدىكەن. بۇ پۇرسەتنى قارچىغىمۇ غەنىيمەت بىلىپ پۇرسەت تېپىپ ئوۋچى لاچىنغا يالۋۇرۇپتۇ:

— ھەي پالۋانىم لاچىن باتۇر، مەرد يىگىتىم،
ئاڭلا! مېنىڭ بۇ ئەرزىمنى ھەم ھالىمنى.
ئاچلىق مېنى قىيناپ كەتتى، دەرمانسىز مەن،
تۇتاي دېسەم قۇربىم يەتمەس ئۇچالمايمەن.
يەرگە چۈشكەن كەپتەرلەرنى سەن يېمەيسەن،
ماڭا بەرسەڭ شۇ كەپتەرنى قانداق دەيسەن؟
تاشلىۋەتسەڭ كەپتەرلەرنى ئىسراپ بولۇر،
مەندەك قېرى، ئاجىز دوستۇڭ رەھمەت قىلۇر.

ئوۋچى لاچىن كۆپ ئويلاپتۇ. قارچىغىنىڭ ئىلتىماسىغا رازى بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەردلىكىنى كۆرسەتمەككە تىرىشىپ، ئۇنىڭغا بىر كەپتەرنى سوقۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قارچىغا لاچىن تۇتقان ئولجىلارغا شېرىك بوپتۇ. ئاچلىقتىن ئۆلۈم

گىردابىغا بېرىپ قالغان قارچىغىنىڭ پۇت ـ قولىغا دەرمان كىرىپ، پات ئارىدا تۈكلىرى ئۆڭلىنىپ قاپتۇ ھەم پۆكىنى تومپىيىپ ئۆزى سەمرىپ كېتىپتۇ. ئۇۋچى لاچىن بىلەن قارچىغا دوست بولۇپتۇ. لاچىنىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن كەپتەرلەر قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

كۆك كەپتەرلەر بۇ ئىشلاردىن غەزەپلىنىپ،
تەقدىر بەرگەن بۇ قىسمەتتىن ئەجەبلىنىپ.
ھەممە بىردەك يىغىلىپتۇ چوڭ توقايغا،
ئەل بويىچە ئېچىلغان بۇ قۇرۇلتايغا.
ــ قارشى چىقىش كېرەكمۇ يا شۈكۈر دەمدۇق؟
قانداق قىلىش كېرەك دوستلار جىم ياتامدۇق؟
كەلگەن چاغدا لاچىن ئۆزى يالغۇز ئىدى.
ئەمدى يەنە بىرى كېلىپ، بالىلارنى قوشۇپ يېدى،
«تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇپ بولماس» دەپتۇ بىرى.
جان ساقلىغان باتۇر، دەپتۇ يەنە بىرى.
لاچىن تۇرماق سارنى يېڭىش بەرسى مۇشكۇل،
يېڭىلسەڭلار پۇت ـ قوللارغا سالۇر ئىشكەل.
پو ئاتقۇچە سىڭگەن ناننى يېمەيلىمۇ؟!
پەشۋالسا بەگ ـ غوجامكەن دېمەيلىمۇ؟!
شۇنداق قىلىپ بۇ كەپتەرلەر بوقۇلدۇشۇپ،
بىر ـ بىرىگە يول قويماپتۇ چوقۇلۇشۇپ.
ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىقنى ساقلىماپتۇ،
پىتنە ـ پاسات، جېدەل ـ ماجرا ئەۋج ئاپتۇ.
«كۇرەش» دېگەن كەپتەرلەرنى «ساراڭ» دەپتۇ،
بوقۇلدۇشۇپ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ پىتىشماپتۇ بۇ كەپتەرلەر،
ئۆز توپىدىن ئايرىلىپتۇ ئەقىلسىزلەر.

باشقا جايدىن ماكان ئىزدەپ مېڭىشىپتۇ،
ئانا ماكان يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپتۇ.

— ئاردىن قانچە ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىزگە نامەلۇم. لېكىن، ئاردىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. «بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالمايدۇ» دېگەندەك بىر كۈنلىرى ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ يىراق جايلارغا كەتكەن كەپتەرلەر قايتىپ كەپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ سانى بەك ئاز. ئۇلار تىترىشىپ، يىغلىشىپ تۇرارمىش. ئۇلارنىڭ بۇ هالىنى كۆرگەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇلارغا بەك ئىچى ئاغرىپتۇ.

نېمە ئىش بولدى؟ دەپ سوراپتۇ قېرىنداشلىرى،
ئۇلارنىڭ هالىنى كۆرگەن ۋەتەنداشلىرى.
— كەچۈرۈڭلار! — دەپتۇ يىغلىشىپ كەلگەن كەپتەرلەر،
(يۈرىكى لەختە قان بولغان بۇ دەردمەنلەر)،
ئايرىلىپ كېتىپ يامان ئىش قىپتۇق،
نۇرغۇن ئەۋلادنىڭ بېشىغا چىقتۇق.
تىنچ قويمىدى قۇرغۇي بىلەن سار،
ياقا يۇرتلاردا بولدۇق خارۇ زار.
باللىرىمىزنى قۇرغۇي يەپ كەتتى،
تۇخۇملىرىمىزنى قۇزغۇن ئەپ كەتتى.
ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، قالدۇق ئازغىنە،
رەهىم قىلمىدى پەرۋەردىگارا.
ئانا ۋەتەننى سېغىنىپ كەلدۇق،
هەر - بىرىڭلارنى سېغىنىپ كەلدۇق.

— شۇنداق دەپ كەلگەن كەپتەرلەر باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشۇپتۇ. باشلىرى ساڭگىلاپ يەرگە تېگىپتۇ. كۆزلىرىدىن

ئاقفان ياشلار ئېرىق بولۇپ ئېقىپ ئابدال دەرياسىنىڭ سۇيىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىپتۇ. دەريا سۇيى چايقىلىپتۇ، تاغلار تىترىشىپ يەرلەر لەرزىگە كەپتۇ.

ۋۇق - ۋۇق يىغلاشماڭلار! دەپتۇ تۇرغانلار.
(ئۇلارغا قاراپ ئىچ ئاغرىتقانلار)،
«كەپتەرخانا» بىزنىڭ يۇرتىمىز،
كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز.
تاپقان - تەرگەننى تەڭ بۆلۈپ يەيمىز،
ھەممەيلەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز.

شۇ كۈنىلا پۈتۈن كەپتەر ئىلىگە خەۋەر بېرىپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ. كەپتەر ئىلىدە چوڭ بايرام بولۇپتۇ. ھەممەيلەن ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ راسا خۇشال بولۇپتۇ. ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشىپ، ئۇقۇشماسلىقلار كەچۈرۈم قىلىنىپتۇ. بىرنەچچە كۈنلۈك شاد - خوراملىق ئاياغلاشقاندىن كېيىن كەپتەر ئىلىدە چوڭ قۇرۇلتاي ئېچىلىپ، پۈتۈن ئەلنى باشقۇرىدىغان دۆلەت باشلىقىنى سايلاپ چىقىپتۇ. چوڭ ئەركەك كەپتەر پۈتۈن ئەل بويىچە مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن باشلىق بولۇپ سايلىنىپتۇ. ئۇ ناھايىتى باتۇر ھەم ئەقىللىق ئىكەن. شۇڭا ئۇ «جەمھۇر رەئىس كۆك كەپتەر» دەپ ئاتىلىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان بولۇپ قەسەم قىلىشىپتۇ. «جەمھۇر رەئىس كۆك كەپتەر» ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئەتىسىلا بىرىنچى بۇيرۇقنى جاكارلاپتۇ:

بىرىنچى بۇيرۇق، دەپتۇ كۆك كەپتەر،
ھېچقانداق پۇقرا ھەرگىز ئۇچمىسۇن.
پىيادە يۈرۈپ دانلاپ، سۇ ئىچسۇن،
بىزنىڭ دۈشمەنلەر يەم تاپالمىسۇن.

— «جەمھۇر رەئىس» نىڭ بۇ بۇيرۇقى دەرھال ئىجرا بو-
لۇپتۇ. پۈتۈن كەپتەرلەر ھاۋادا پەرۋاز قىلماستىن، مېڭىپ
يۈرۈپ دان تېپىپ يەپتۇ ۋە دەريادىن سۇ ئىچىپتۇ. شۇڭا،
ئوۋچى لاچىن يەردىكى كەپتەرنى سوقمىغاچقا لاچىن بىلەن قېرى
قارچىغا ئاچارچىلىقتا قاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئىككىنچى بۇيرۇقمۇ
چۈشۈپتۇ:

ئىككىنچى بۇيرۇق، چۈشۈپتۇ ئاخىر،
ھەممە پۇقرالار ئاتلانسۇن ھازىر.
دۈشمەنلەر ھازىر ھالىدىن كەتتى،
قورساق ئاچلىقى چېكىگە يەتتى.
پالۋان جەڭگاھتا ئۆلۈشكە رازى،
ئۆلمەي قالغانلار بىتامام غازى.
«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ھەممە ئۈچۈپتۇ،
كۆكتە - سامادا پەرۋاز قىلىپتۇ.
ئاچ قالغان لاچىن ھۇجۇم باشلاپتۇ،
بىرلا پەشۋادا بىر كەپتەر ئاپتۇ.
تۇتقان كەپتەرنى ئەمدى يەي دېسە،
بارلىق كەپتەرلەر باستۇرۇپ كەپتۇ.
قانداق دېگەن ئىش؟ قانداق مالامەت؟
بۇگۈن كەپقالدى ماڭا قىيامەت. . .
ئەلمىساقتىن ھېچ كۆرۈلمىگەن ئىش،
لاچىنغا كەپتەر ھۇجۇم قىلغان ئىش. . .
يىرتقۇچ لاچىن قورقۇپ كېتىپتۇ،
چىشلىرىنىمۇ غۇچۇرلىتىپتۇ.
لېكىن، كەپتەرلەر ھۇجۇمغا ئۆتۈپ،
ۋەھشىي لاچىننى يۇڭداپ تاشلاپتۇ.

— بۇ قىشنىڭ راسا قاپاق ياردى ۋاقتى ئىكەن. تۈگىدىن ئايرىلغان لاچىن كېچىسى توخلاپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قورق- قانلىقىدىن قارچىغىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ. مۇنداق پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان قۇرغۇي بىلەن سار دەرھال تىكىۋېتىپ- تۇ. بىرلىككە كەلگەن ۋە ئىتتىپاقلاشقان كەپتەر ئىلى غەلىبە ۋە شادلىققا چۆمۈپتۇ. ھەممە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جەڭ قىلغاچقا بۇ ئەل ئۆزاققا قالماي بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ ھەم ناھايىتى روناق تېپىپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. «كەپتەر ئىلى» دە تىنچ- لىق ۋە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. پۇقرالىرى خۇشاللىقتىن قانات قېقىپ، موللاق ئېتىپ كۆكتە راسا پەرۋاز قىلىپتۇ. ئۇلار زېرىككەن چاغلاردا ھەممە بىردەك ھەرىكەتلىنىپ ساياھەتكە چى- قىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا «جەمھۇر رەئىس كۆك كەپتەر» ئۆزى يول باشلاپ ماڭىدىكەن كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇلار يەنە ئويناپ كۈلۈپ، ساياھەت قىلىپ چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ. يىراقتىن قارىسا بىر دۆڭ ئۈستىدە بىر دانە تور يېيىقلىق تۇرارمىش، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر جۈپ كەپتەر باغلاپ قويۇلغانمىش. بۇنى كۆرگەن ئەڭ چوڭ كەپتەر خەۋەر بېرىپتۇ.

ۋۇق - ۋۇق كۆردۈڭلىمۇ ئاۋۇ زىندانىنى؟
قاماقتا ياتقان دوست - يارەنلەرنى.
قۇتقۇزايلى! ئۇلارنى دەرھال،
مۈشكۈل بولسىمۇ قىلىپ ھەر ئامال.

راستىنلا قارىسا ھەممە كەپتەرلەرگە ھېلىقى تور زىندان بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. ھەممىيلەن قېرىنداشلىرىنىڭ ھالىغا بەك ئېچىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن

پۈتۈن كەپتەرلەر تور ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئۇنى قىيىپ پارە ـ
پارە قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ زىنداندا ياتقان ئىككى
قېرىندىشىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. بۇ ئىشتا پۈتۈن كەپتەرلەر «سەن،
مەن» دېمەستىن باتۇرلۇق بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە
ئېلىشقاچقا غەلىبە شۇلارغا مەنسۇپ بوپتۇ. دەپ ئىبراھىم ھېكا-
يىسىنى ئاياغلاشتۇردى. ئاخىرىدا ئۇ:

— ئابدۇكېرىم ئەلەم ئاشۇ كەپتەرچىلىكمۇ بولالمىدى.
ئۇ، بۇلتۇر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى چاقىرىق قىلغاندا «زۇلۇمنى
يوقىتىپ ئازادلىققا ئېرىشىمىز، ھەممىمىز ئەركىنلىككە چىقىمىز»
دېگەنىدى. كىم بىلسۇن ئۇنىڭ بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشى-
نى، بولمىسا مەن ئۇنىڭغا خۇدادەك ئىشىنەتتىم، — دەپ قوشۇپ
قويدى.

— يارايسەن ئىبراھىم ئاكا، — دەپ ماختىدى ھەمدۇللا
پەيجاڭ، — ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار دېگىنە؟!...
ۋاقىت تاپساڭ بىزگە مۇشۇنداق ھېكايىلەردىن كۆپرەك ئېيتىپ
بەرگىن.

— توغرا گەپ، — دەپ ھەمدۇللانىڭ سۆزىگە ئەگەشتى
خوتەنلىك جەڭچى ئاۋۇت، — ئەگەردە مۇشۇنداق ھېكايىدىن
كۆپرەك ئېيتىپ بەرسەڭ، سەن قىلىدىغان قاراۋۇللۇقنى ئۆزۈم
قىلىمەن.

— توغرا، توغرا، — دەپ جەڭچىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن
ۋارقىراشتى. ئۇلارنىڭ ئىبراھىمنىڭ يېنىدىن كەتكۈسى يوق
ئىدى. لېكىن، جۇمە ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ھەمدۇللا
پەيجاڭ:

— ئەمدى تارقىلىڭلار، جۇمەگە بارايلى، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم جەڭچىلەر ئارىسىدا كۆپ ھۆر-
مەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ «چورۇق» لەقىمى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى. ئۇنى پات ـ پات جەڭچىلەر ئۇرۇۋالىدىغان، ئىبراھىم

بولسا، تاماكىسىنى شورىغاچ ئولتۇرۇپ ھېكايە ئېيتىپ بېرىدى-
غان ئىشلار پات - پات كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ
ئايۇپ فۇگۇەن ئۇنىڭ ھېكايىسىغا بەك قىزىقىپ قالدى. گاھى چاغلاردا
شتابقا چاقىرىپ شۇ يەردە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلايتتى.

— «كۆزگە ئىلمىغان، پۇتقا چوماق» دېگەن شۇ. ئۇ بىر
گۆھەركەن ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى دائىم.

# يىگىرمىنچى باب

# غەلىتە كارۋان

بۇخارانى بۇلىغان مۇڭغۇل قوشۇنى بىر
كالىنى پۇتۇن يەپ، قورسىقىنى كۆتۈرەلمەي
قالغان بۆرىگە ئوخشايتتى.
—— ۋ. گ. يان

1934 - يىلى قىش.

قىش ئەمدىلا باشلانغانىدى. يەر يۈزىنى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەنىدى. قار سوغۇقى ناھايىتى دەھشەتلىك بولۇپ، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئەتىگەنلىرى يەر - يۈزىنى تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا بۇ يىل سوغۇق بالدۇر چۈشۈپ قالغانىدى. يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ كېتىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرىنى قىرو باغلاپ ئاپئاق بولۇپ كەتكەنىدى. شەرقتىن ئۇرۇپ تۇرغان ئىزغىرىن شامال بەزىدە قار ئۇچقۇنى پەيدا قىلىپ، ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىنى ۋە قوللىرىنى ئېچىشتۇرۇپ ئۆتەتتى. ئازراقلا شامالدا قالغان ئادەملەرنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالاتتى. ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن توختىماي ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ يىلقى قىشنىڭ دەھشەتلىك سوغۇق بولۇشى ھەممىگە ئېنىق بولۇپ قالغانىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى يازدا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تەلىپى بىلەن بىر قۇر يازلىق كىيىم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمدى قىشلىق كىيىم ئەۋەتىشى ناتايىن ئىدى. شۇ-

ڭا، قوزغىلاڭچىلار شتابى مەسلىھەتلىشىپ جەڭچىلەر ئۇچۇن يازدا ئاشلىتىپ تەييارلاپ قويغان تېرىلەردە جۇۋا، قولاقچا تىك-تۇردى ۋە ناھايىتى نۇرغۇن كىگىز، پايپاق باستۇرۇپ، بىر قىسمىنى قوزغىلاڭچىلارغا تارقىتىپ بەردى. لېكىن، سوپۇن بىلەن ئىچ كىيىملىك ماتا ناھايىتى كەمچىل ئىدى. ئۇ نەرسى-لەرنى باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بۇ يەردىكى «سودا پادىشاھى» ئىمىن ھاجىم ۋە ئۇنىڭ كۇيئوغلى سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ كورلىدا قىلغان ياۋۇزلۇقلىرىنى كۆ-رۇپ يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك غەرب تەرەپتىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مەركىزى خوتەن ۋىلايىتى چەرچەنگىچە تۇڭگانلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالغانىدى. شىمال تەرەپنى شېڭ شىسەي قامال قىلىپ تۇراتتى. بەلكى، ياڭ مىڭجۇنىڭ ئۆلتۈ-رۈلگەنلىك خەۋىرىنى جاسوسلار ئالىقاچان شېڭ شىسەيگە يەتكۈ-زۈپ بولغاندۇر. بۇنداق ئەھۋالدا كورلىغا، كۇچاغا ياكى تۇرپانغا بېرىپ مال يۆتكەپ كېلىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. گەنسۇ، چىڭخەيدىن مال يۆتكەپ كېلىشكە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قۇدرىتى يەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايانماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. شۇنداق كۈن-لەرنىڭ بىرىدە كونىلارنىڭ خۇددى «يېتىمنىڭ يارى خۇدا» دېگەندەك مۆجىزە يۈز بەردى. قىشنىڭ بىر قاراڭغۇ كېچىسىدە ئاقتاز ئالدىنقى قاراۋۇلدىن «ئىككى يۈز تۆگىلىك كارۋان ئۆتۈپ كەتتى» دېگەن خەۋەر كەلدى. قوزغىلاڭچىلار شتابى پۈتۈن قو-شۇنغا تەييار بولۇپ تۇرۇشقا، يولدا ئۇلارغا تەگمەسلىك توغرى-سىدا بۇيرۇق بەردى.

دېكابىر ئېيىنىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كار-ۋانلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، تۆگىلەر-نىڭ كولدۇرمىسىنىمۇ ئېلىۋەتكەنىدى. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار-

نىڭ قاراۋۇللىرى ئۇلارنى توسۇۋالدى. كارۋانلارنىڭ خوجايىن-
لىرى تۇتۇلغان، تۆگىچىلەر ئۇيغۇر ئىدى. قاراۋۇللار دەرھال
شتابقا خەۋەر بەردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھاكىم گاجىت بەكرى
بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن ئۆزى چىقتى. بۇلارنىڭ ئىككىسىلا شوتاڭدا
ئوقۇغان ئادەملەر ئىدى.

— بىز سودىگەر، — دېدى ئەللىك ياشلارغا كىرگەن بىر
كوسا تۇڭگان، — سودا دېگەن ئەركىن بولىدۇ. سىلەر نېمىشقا
بىزنى توسۇۋالىسىلەر؟

— چۈنكى، ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى. بۇ يەر بىزنىڭ زېمىنى-
مىز. بۇ يەردىن ئۆتمەكچى بولىدىكەنسىلەر چوقۇم باج تۆلىشىڭ-
لار كېرەك، — دېدى گاجىت بەكرى.

— ھازىر ئۇرۇش تۈگىدى. شېڭ دوبەن بىلەن گاسىلىڭ[1]
توختام تۈزدى. مەن ھېچكىمگە باج تۆلىمەيدۇ، — دېدى
ھېلىقى تۇڭگان.

— ئاخۇن راست ئېيتىدۇ، — دەپ ۋارقىراشتى باشقا
تۇڭگانلارمۇ بىزدە پۇل يوق، بىز باج تۆلىمەيدۇ.

— سودىگەردە پۇل بولمىسا، بۇ مالنى نەدىن ئالدىڭ؟
بۇلىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى گاجىت بەكرى. بۇ چاغدا
ئايۇپ فۇگۇەن باشلىغان مۇھاپىزەتچى قىسىم كېلىپ ئۇلارنى
قورشىۋالغانىدى، — ئېيتىپ باققىنە بۇ بۇلىغان مالمۇ؟

— بۇ . . . بۇ، — دەپ تۇڭگانلار دۇدۇقلاشقا باش-
لىدى، — ئاخۇن ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان تۇرسا، سىز
قانداق گەپ قىلىدۇ؟

— ئەمىسە نېمە دەيمەن؟ سەن «مەن سودىگەر» دەيسەنۇ،
سودىدىكى ئەقەللىي ساۋات باج تۆلەشكە ئۇنىمايسەن. مەنمۇ ئۆز
ۋاقتىدا شىنىڭدا، جۇجۇەندە، لەنجۇدا، دوڭخۇاڭدا سودا قىلغاندا

---

[1] گاسىلىڭ — ماجوڭيىڭ — ت.

ھەممىگە باج تۆلىگەن، — دېدى گاجىت بەكرى.
— مۇسۇلمان تۇرۇپ، مۇسۇلمانغا مۇنداق قىلمايلى، — دېدى قېرى تۇڭگان.
— مەن سەنلەرنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىڭدىن گۇمانلىنىمەن، — دېدى گاجىت بەكرى.
— نېمىشقا؟ — دەپ تۇڭگانلار گاجىت بەكرىگە دىۋەيلىدى.
— چۈنكى، سەنلەر خەنزۇنى كۆرسەڭلا تىلىمىز بىر دەپ بىزگە قارشى چىقىسىلەر. بىزنى كۆرسەڭلار دىنىمىز بىر دەپ خەنزۇلارغا قارشى چىقىسىلەر ۋە ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن يانمايسەن؟
— بىز سەنلەرگە نېمە قىلدۇق؟ ئېيتىپ باققىنە؟ — دېدى قېرى تۇڭگان.
— ئاقسۇ قارا يۇلغۇندا سەنلەر بىزنىڭ نۇرغۇن ئادىمىمىزنى قىرىۋەتتىڭلار. سەن شۇ چاغدا مۇسۇلمانمىدىڭ؟ — دېدى گاجىت بەكرى.
— ئۇ دېگەن ئۇرۇش. بىزنىڭ ئۇ ئىش بىلەن ئالاقىمىز يوق، — دېيىشتى تۇڭگانلار.
— بۇمۇ ئۇرۇش. باج تۆلىمىسەڭ ھەممىنى مۇسادىرە قىلىمىز، — دېدى گاجىت بەكرى.
شۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگانلار بوشىشىپ كەتتى ۋە يىغىلىپ ئۆزئارا كالدىرلاشتى. ئۇلار ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتسىمۇ كۆزلىرى ئايۇپ فۇگۇەنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىدا ئىدى. ئاخىر قېرى تۇڭگان «ئاخۇن» گاجىت بەكرىنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— ماقۇل سەن قانچە باج ئالىدۇ؟
— كونا ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئوندا بىر، — دېدى گاجىت بەكرى چۈشەندۇرۇپ، — يەنى ئىككى يۈز تۆگىدىن مالدىن يىگىرمە تۆگە مال باج تۆلەيسەن.

— بۇ بەك جىق بولدى، — دېدى تۇڭگان، — كونا ھۆكۈمەت زالىم ئىدى. شۇڭا، باج بەك جىق. بىز بەش پىرسەنت تۆلەيدۇ.

— ياق، — دېدى كېسىپلا گاجىت بەكرى، — بىز دېگەن باشقا زېمىندا تۇرۇۋاتىمىز. ئەسلىدە چېگرا بېجى ئېلىنىشىمىز كېرەك ئىدى. بىراق، سودىغا ئەركىنلىك بېرىش ئۈچۈن بىز سەنلەرگە يول قويدۇق.

— ياق، — دېدى تۇڭگانمۇ كېسىپلا، — بەش پىرسەنت بېرىدۇ. بولمىسا بەرمەيدۇ.

— بەرمەيدۇ. . . — دەپ دىمىغىنى قاقتى گاجىت بەكرى، — بەرمىگىلى سېنىڭ ھەددىڭمۇ؟ بىز دېگەنگە ئۇنىمىساڭ پۈتۈن مالنى تارتىۋالىمىز. سەن دېگەن بۇلاڭچى. سەنلەرگە بىزنىڭ زېمىنىمىز بىلەن مال - مۈلكىمىز كېرەك ئىكەنۇ، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئايۇپ فۇگۇەن مالنى ئىسلام بەگنىڭ جايىغا چۈشۈرەيلى.

ئايۇپ فۇگۇەننىڭ يىگىتلىرى تۆگىلەرنى يېتىلەپ ماڭدى. بۇنى كۆرۈپ تۇڭگانلار نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى. ئاخىرى ھېلىقى قېرى تۇڭگان گاجىت بەكرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە پەس ئاۋازدا:

— ئاخۇن بەش پىرسەنت ئېلىڭ. سىزگە بەش تۆگە مال بېرىدۇ، — دېدى.

— ياق. ئۇ بەش تۆگە مالنى ئۆلگىنىڭدە لازىم قىلارسەن، — دېدى گاجىت بەكرى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇڭگانلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار گاجىت بەكرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئايۇپ فۇگۇەننىڭ يىگىتلىرىدىن قورقتى. ئىلاجىسىز قالغان تۇڭگانلار ئاخىرى ئون پىرسەنت باج تۆلەشكە مەجبۇرىي ماقۇل بولدى. مالنى ئىسلام بەگنىڭ جايىغا چۈشۈرۈپ تاڭ

ئېتىشنى كۆتتى. قورۇقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئايۇپ فۇگۇەننىڭ
يىگىتلىرى ئۈستىگە ئالدى.

*　　　*　　　*

تاڭ ئېتىش بىلەن قوزغىلاڭچىلار شتابى ئەزالىرىنىڭ ھەمـ
ـمىسى يىغىلدى. ئاتاغلىق سودىگەرلەردىن ناسىر ھاجىم، ئېلى
ھاجىم، مامۇت ئاخۇن، ئەيساخان، قۇربان خۇيجاڭ، باجگىر
ئىسمائىل شاڭيۇ قاتارلىق كىشىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ باھالاش
ئېلىپ باردى. بۇ مالدىن بىر يۈز يىگىرمە تۆگە مال پۇتۇنلەي
گىلەم، قالغىنى خوتەننىڭ يىپەك ماللىرى. قاشتېشى، خام يىپەك،
ماتا ـ چەكمەن، كۆن خۇرۇم، شۇ زامانلاردا گەنسۇ ـ چىڭخەيدە
«چەنتۇ فىزو» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان خۇددى پىيالىدەك
ئاپئاق سوپۇن ئىدى. باھالاش چۇشكىچە داۋاملاشتى. چۇشتىن
كېيىن باجنى ھېسابلاشتى. ھېسابلاش بويىچە يىگىرمە ئۈچ
تۆگىلىك شايى ـ ئەتلەس، ماتا ـ چەكمەن، كۆن ـ خۇرۇم،
سوپۇن قاتارلىقلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا قالدى. بۇ نەرسىـ
لەر قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. لېكىن،
قوزغىلاڭچىلار گىلەمدىن بىر پارچىمۇ ئالمىدى.

*　　　*　　　*

— ئاران مۇشۇمۇ؟ — دېدى ھاشىخان ئېرى بەرگەن ئىكـ
ـكى كىيىملىك ئەتلەس بىلەن شايىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئۆيدىـ
ـمىزنىڭ نامراتلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئىككى كىگىز بىلەن بىرـ
دىن يوتقان ـ كۆرپىدىن باشقا ھېچنېمە يوق.

— بولدى خوتۇن شۈكۈر قىل. ھەربىي تۇرمۇش دېگەن
شۇ، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ تەسەللى بېرىپ، — ئازادلىققا

ئېرىشكەندە ھەممە نەرسەڭ بولىدۇ

— شۇنداقمۇ؟ تولا دۇپپامغا جىگدە سالمىسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى ھاشىخان، — ئىككى يىل بۇرۇن شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىممۇ، مەھمۇت سىجاڭمۇ ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. ھازىر بولسا ئازغىنە ئادەم قېلىپ مۇشۇ كىچىككىنە ناھىيىگە قامىلىپ قالدۇق. ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسى دۈشمەن. چىراغنى تۆت تەرەپتىن پۈۋلەۋەرسە ئۆچمەي قالاتتىمۇ؟

تۇردى يىڭجاڭ شۇ كەمگىچە خوتۇنىنىڭ مۇنداق ئۈمىدسىز گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. دېمىسىمۇ يوقسۇزچىلىق، نامراتلىق، خەۋپ-خەتەر دائىم ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتلۇق مۇھەببەت، ئىنقىلابقا بولغان چەكسىز سادىقەتلىك ۋە غەيرەت-شىجائەتتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى، ھەمىشە خەۋپ-خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بۇ ئازابلىق كۈنلەرگە ئاياللار ئەمەس، ئەرلەرمۇ ئاران-ئاران چىداپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭمۇ ياخشى يېگۈسى، ياخشى كىيگۈسى، بەختلىك ياشىغۇسى كېلىدۇ. يېگىنى ئۇماچ، زاغرا؛ كىيگىنى ماتا كۆڭلەك، قولدا مىلتىق؛ ئاستىدا ئات؛ ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان جەڭ مەيدانى، بولمىسا ئۇ قايسى شاھ قىزىدىن كەم. كىم بىلىدۇ، بۇ كۈنلەردە كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدۇ. ئەگەردە مەن ئۆلۈپ ئۇ قالسا، ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا چىلبۆرىدەك چاڭگال سېلىشى مۇمكىن. شۇلارنى ئويلاپ ئۇ ئۆز خوتۇنىنى مۇھەببەتتە بەختكە ئېرىشتۈرەلىگەن بولسىمۇ لېكىن مەئىشەتتە ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىگە بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئۆزىنى زەئىپ، گۇناھكار ھېس قىلدى ۋە:

— مېنى كەچۈر جېنىم خوتۇن. بۇ قېتىم پۇرسەت كەپقالسا چوقۇم ساڭا راسا چوڭ گىلەمدىن بىرنى ئەكېلىپ بېرىمەن، —

دېدى.
— كېرەك ئەمەس، مۇنداقچە دەپ قويدۇم. ماڭا كېرىكى
خاتىرجەملىك، — دېدى ھاشىخان، — مەن ئۈچۈن ئاۋارە
بولمىسىلا. باھاۋۇدۇن ھاجىم بەرگەن گىلەممۇ ماڭا يېتىدۇ.
ئۇ قولىدىكى ئەتلەس بىلەن شايىنى تېخىغىچە تۇتۇپ تۇرات-
تى. كۆزىدە ياش يالتىرايتتى. بۇ نەرسىلەرنى باشقا جەڭچىلەر
قاتارىدا ھاشىخانغا قوزغىلاڭچىلار شتابى تەقسىم قىلىپ بەرگەنى-
دى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا يەنە بىرنەچچىدىن ماتا، سوپۇن
قاتارلىق نەرسىلەرمۇ تەگكەنىدى. بۇ نەرسىلەرگە ھاشىخان،
جۈملىدىن بارلىق قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى خۇشال بولدى. قال-
غان نەرسىلەرنى يەنە قوماندانلىق شتاب قارمىقىدا ئېلىپ قالغان
كۆن خۇرۇم، ماتا - چەكمەن قاتارلىقلاردا ناھىيە بويىچە ماشىنى-
چى، موزدۇز قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ ھەممە جەڭچىلەر ئارىسى-
دىكى كۆچالىق، خوتەنلىك ھۈنەرۋەنلەرنى ئاجرىتىپ ئەسكەر-
لەرگە ئاياغ، قىشلىق كېيىم، كۆڭلەك، ئىشتان تىكتۈرۈپ بىر
تۇتاش تارقىتىپ بەردى. بۇ ھال قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئېھتىياجى-
نى مەلۇم مىقداردا قامدىدى. لېكىن، شۇ قىشتىكى ۋەقەدىن
كېيىن ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى كارۋانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش
ئۈچۈن مەخسۇس قوراللىق قىسىم ئەۋەتتى. نەتىجىدە تۇڭگان
كارۋانلىرى باج تاپشۇرۇشتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇڭ-
گان كارۋانلىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا
كالتە جەڭلەر بولۇپ تۇردى. تۇڭگانلار خوتەن ۋىلايىتى ۋە
چەرچەندىن بۇلىغان ماللارنى قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى تارتىۋې-
لىشقا باشلىدى ۋە بۇ ماللار بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ
كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

# «سوپى ھاجى» نىڭ ھىيلىسى

مەن ھەييار دېمىگىن، ئۆزۈڭدىن،
ھەييارغا ئۇچراپ قالىسەن.
—— قىرغىز خەلق ماقالى

1935 - يىلى باھار.

بۇ يىلقى باھار ناھايىتى شامالىلىق كەلدى. باھار قۇياشى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. باش باھارنىڭ كىرىشى بىلەن ھەر كۈنى شامال چىقىپ تۇراتتى. بۇ شامال بۇگۇن شەرقتىن چىقسا، ئەتىسى غەربتىن چىقاتتى. غەربتىن چىققان شامالنى كىشىلەر «تەتۈر شامال» دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق «تەتۈر شامال» كۆپ ھاللاردا ناھايىتى كۆپ تۇپراقنى ئۇچۇرىتىپ كەلگەچكە، پۈتكۈل كائىناتنى توپا - تۇمان قاپلاپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا كۈندۈزىمۇ ھاۋا قاراڭغۇلىشىپ، يەر يۈزىگە بىر ئىلىك قېلىنلىقتا توپا ياغاتتى. لېكىن، بۇنداق چاغلاردا تەبىئەت ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەتلىنىپ قۇياش شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتسىمۇ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتەتتى. 3 - ئاي كىرگەندىن بۇيان مۇنداق «تەتۈر شامال» بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى. پېشقەدەم دېھقانلار بۇنداق ھاۋاغا قاراپ:

— بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولىدۇ، — دەپ ھۆكۈم قىلىشاتتى. لېكىن، قانداقلا بولسۇن، تەبىئەت ئۆز قانۇنىيىتى بويى-

چە مېڭىشۋاتاتتى. ئاستا ـ ئاستا مېڭىلىك دەرەخلەر چېچەكلەپ،
بۇغداي مايسىلىرى يېشىل مەخمەل چۈشەكلىرىنى يەر ئۈستىگە
يېيىشقا باشلىدى. ھەربىر شامالدىن كېيىن ئۆتكەن كۈزدە ئىس-
سىق ياقلارغا كەتكەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان سۇقۇشلىرى
سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن
ئېقىنىدىكى جايلارغا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار «غاق ـ غاق» قىلى-
شىپ خۇشاللىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خە-
ۋەر قىلاتتى. بۇگۈنمۇ ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ بىرقانچە قېتىم
ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە: «ماخۇسەننىڭ ئەس-
كەرلىرى يېقىنلاپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ
خەۋەرنى ئەلۋەتتە ئاقتازدىكى ئالدىنقى قاراۋۇللار ئەمەس، بەلكى
يايلاقتىكى قويچىلار يەتكۈزۈپ كەلگەنىدى. قوزغىلاڭچىلار شتا-
بى دەرھال چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى. چارلاش نەتىجىسىدە خە-
ۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئەمىسە ئۇلار قاراۋۇللار-
دىن قانداق ئۆتتى؟ قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ؟ بۇ ئىش
كېيىنرەك مەلۇم بولدى.

ئۆتكەن يىلى قىشتىن باشلاپ تۇڭگان كارۋانلىرى بىلەن
قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا كالتە جەڭلەر توختىماي
داۋام قىلدى. ماخۇسەن قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە باشقا جايلار-
دىن بۇلىغان ماللارنى چىڭخەيگە توشۇۋاتاتتى. ئۇلار ئون پىر-
سەنت باج تۆلەشكە قارشى چىقىپ كارۋانلىرىنى قوراللىق مۇھا-
پىزەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى.
نەتىجىدە ماخۇسەن چەرچەندە تۇرۇشلۇق تۇڭگانلارنىڭ 8 ـ بىرى-
گادىسىغا كارۋانلارنى بىخەتەر ماڭدۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى.
8 ـ بىرىگادا شتابى ماۋۇنىبىڭ ھاجىنى (سوپى ھاجى) ئالدىنقى
سەپ قوماندانى قىلىپ تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن چاقى-
لىققا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى قوزغىلاڭچىلارنى يول بېرىش-
كە مەجبۇرلاش، ئەگەردە قوزغىلاڭچىلار يول بېرىشكە ئۇنىمى-

سا، ئۇلارنى يوقىتىش ياكى قوزغىلاڭچىلار توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات ئېلىپ كېلىش ئىدى.

ما ۋۇنبىڭ قوشۇنى راسا قاتتىق بوران چىققان بىر قاراڭغۇ كېچىدە ئىككى نەپەر چەرچەنلىك يول باشلىغۇچىنى ئالدىغا سېلىپ يولغا چىقتى ۋە تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا بوراندىن قورقۇپ بېشىنى پۈركەپ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن تۆت نەپەر قاراۋۇلنى جايىدىلا بوغۇزلىۋەتتى. ئۇلار كۇندۇزى ئاقتاز بىلەن — «چاپان قالدى» ئارىلىقىدىكى «بوغىلىقنىڭ قۇمى» دېگەن چوڭ قۇملۇقتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋالدى. ئۇلار چوڭ قۇمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇدۇل شەرققە قاراپ ماڭماي، بەلكى ئاتلىرىنىڭ بېشىنى شىمالغا بۇراپ «چاپان قالدىنى» ياندىپ ئۆتتى ھەم ۋاششەرنىڭ شىمالىدىكى ئادەم ئايىغى باسمىغان جاڭگاللىقنى ئارىلاپ ماڭدى. ئۇلار «ھوشۇر قۇدۇق» دەپ ئاتالغان جاينىڭ شىمالىي تەرىپىدە قوي بېقىپ يۈرگەن تۆت نەپەر چارۋىچىغا ئۇچراپ قالدى. تۇڭگانلارنى كۆرۈپ قورققانلىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان چارۋىچىلارغا ماۋۇنبىڭ ئەسكەرلەرنى تويغۇزۇشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئون دانە قوي بېرىشنى ۋە چاقىلىقتىن قايتقاندا قوينىڭ پۇلىنى بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— سەن قورقما. مەن دېگەن ھەرەمگە بارغان ھاجى، خۇدادىن قورقىدۇ، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى قىرىق بەش ياشلارغا كىرگەن ئۇزۇن، شالاڭ ساقاللىق تۇڭگان، — مەن سوپى ھاجى ھەقىقەتەن خۇدادىن قورقىدۇ. سەندە پۇل مەن بېرىدۇ. بۇ ماۋۇنبىڭ ئىدى. «ھاجى» دېگەن بىر سۆزلا ھەممىگە كۇپايە ئىدى. قويچىلار بۇ ئىش ئون قوي بىلەن تۈگەيدىغان بولسا، ياخشىكەن دېگەن مەسلىھەتكە كېلىپ راسا چوڭ ئەركەك قويدىن ئون دانە قوينى تۇتۇپ چىقىپ سويۇپ تەييارلىدى:

— سىلەر دېگەن مېھمان بىز پۇل ئالمايمىز. سىلەرنى مېھمان قىلىمىز، — دېيىشتى قويچىلار.

— سەن قورقتىمۇ؟ بىز دېگەن ھەممىمىز مۇسۇلمان تۇر-
سا نېمىدىن قورقىدۇ؟ مەن ساڭا چوقۇم پۇلنى قايتۇرىدۇ، —
دېدى ما ۋۇنبىڭ، — قازان يوق، قانداق قىلىدۇ؟
— قازان بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى قورققانلىقى-
دىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان ئادەملەر. ئۇلار ئالدىراپ
چېپىپ يۈرەتتى. ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ھەربىكىتىنى نازارەت
قىلىپ تۇراتتى.
قوي سويۇلۇپ تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇلار گۆشنى ئۇش-
شاق چاندى. قېرىنىنى پاكىزە يۇدى. ئۇن قوينىڭ گۆشىنى
ئون قېرىنغا قاچىلاپ ئۇنىڭغا ئازراقتىن سۇ قۇيدى ۋە بىر
ئازدىن تۇز سالدى. ئۇنىڭغىچە چەرچەنلىك يول باشلىغۇچىلار
بىر دۆڭ تۆۋىدىكى قۇمنى ئازراق كولىۋېتىپ ئون يەرگە گۇلخان
ياقتى. ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئىس - تۈتەكنى كۆرۈپ ئەسكەرلەر
ئالاقزادە بولۇشۇپ ھېلىقى ئىككى ئادەمنى دەرھال باغلىۋەتتى.
چارۋىچىلار ھېلىقى «ھاجى» غا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندى.
ئۇلار ئەتراپقا چارلاشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئوتۇن كۆيۈپ چوغ چۈش-
كەندىن كېيىن چوغنى نېپىز كۆمۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆش
قاچىلانغان قېرىنىلارنىڭ باغلانغان ئاغزىنى ئۈستىگە قىلىپ قو-
يۇپ ئۇنىڭ ئۈستىنى قۇم بىلەن كۆمۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە
ئوت قالاپ قويدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ «قېرىن كاۋاپ» دېگەن
ئالىي دەرىجىلىك قەدىمىي غىزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. يېرىم
سائەتلەردىن كېيىن بومبا ساقال، ئېگىز بويلۇق چارۋىچى قول-
قىنى يەرگە قويۇپ تىڭشىغاندىن كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ ئاتامان-
نى چاقىردى.
— ھاجى تىڭشاپ باقسىلا.
«ھاجىم» قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ تىڭشىدى. كۆمۈلگەن
قورساق قازاندەك قايناۋاتاتتى.
— سەندە ياخشى بەنپا بار، — دېدى ئۇ، — بۇ قاچان

پىشىدۇ؟

— بىردەمدىلا پىشىدۇ ھاجىم، — دېدى بومبا ساقال چارۋىچى.

ھېلىقى تۆگىگان بىر نەرسىلەرنى دەپ كالدىرلىغانىدى. ئەسكەرلەر قۇچاق - قۇچاق ئوتۇننى ئېلىپ كېلىپ، گۇلخانغا تاشلاشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ قويچىلار ئالدىراپ قالدى.

— بۇنداق قىلساق قورساق كۆيۈپ كېتىپ، گۆشنى قۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ قويارمىزمىكىن ھاجىم!...

— بولدى مەن ئالدىرايدۇ، — دېدى «ھاجى» قوپاللىق بىلەن ۋە بىرنەچچە مىنۇتلاردىن كېيىن ئەمدىلا ئىسسىق ئۆتكەن گۆشلەرنى ئېلىپ، خۇددى بۆرىگە ئوخشاش تارتىشتۇرۇپ يې-يىشكە باشلىدى. قالغان گۆشلەرنى خالتىلىرىغا سېلىۋالدى.

— ئەمدى چاقىلىققا قانچە ۋاقىت بارىدۇ؟ — دەپ سورى-دى ھېلىقى تۆگىگان.

— ئاتلىق بىر كۈندە بارىدۇ، — دېيىشتى چارۋىچىلار.

مېڭىش ئالدىدا ما ۋۇنبىڭ بىرنەرسە دەپ كالدىرلىغانىدى. ئىككىيلەن بېرىپ، ئەتىگەندىن بۇيان باغلاقلىق تۇرغان يول باشلىغۇچىلارنى قويۇۋەتتى. ئارقىدىن ئون نەچچە ئادەم كېلىپ ھېلىقى تۆت چارۋىچىنى توغراققا باغلىۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ يۈرە-كىنى چەنلەپ نەيزە ئۇردى. بۇ ئون قوينىڭ «ھەققى» ئىدى. بۇ «ياخشىلىققا يامانلىق»، دېگەننىڭ ئۆزى ئىدى. ئەسكەرلەر چارۋىچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن قورققانىدى.

* * *

ئۈچ كۈندىن بۇيان ما ۋۇنبىڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بول-غان جەڭ بىردە توختاپ، بىردە داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. قوز-غىلاڭچىلار قوشۇنى ھۇجۇم قوزغىسا، ئۇلار چېكىنىپ كېتەتتى.

قوزغىلاڭچىلار توختاپ قالسا ئۇلار ھۇجۇم قوزغايتتى ھەم ئاندا ـ ساندا ئوق چىقىرىپ:
ـــ سا! سا! ـــ دەپ ۋارقىرىشاتتى.
ما ۋۇنبىڭنىڭ ئەسكەرلىرى دەسلەپكى ھۇجۇمدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى چاقىلىق بازىرىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى دەريانىڭ تار، ئەمما يارلىقلىرى كۆپ جايدىن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولۇشتى. بۇ يەرنى ئېزىز ھاجىم بىلەن ھوشۇر لەنجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىملار توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. يەنە بىر قىسمى با-زارنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ، بازار رايو-نىنى قورشىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىشۋاتاتتى. بۇ يەردىكى سايلىق بىرقەدەر كەڭرى بولسىمۇ يۇلغۇن، چاكاندا قاتارلىق ئۆسۈملۈك-لىرى، چوڭ ـ كىچىك دۆڭلۈكلىرى كۆپ بولغاچقا ھۇجۇم قىلىشقىمۇ، مۇداپىئە قىلىشقىمۇ، ھەتتا يېڭىلىپ قالسا چېكى-نىپ كېتىشكىمۇ ئوڭاي يەر ئىدى. بۇ يەرنى ئىبراھىم لەنجاڭ-نىڭ قىسمى مۇداپىئە قىلىشۋاتاتتى. لېكىن، بازار رايونىغا ئۇ-دۇلمۇ ئۇدۇل چەرچەنگە ماڭىدىغان چوڭ يولدىن ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ يەر تۈپتۈز سايلىق بولۇپ، ھۇجۇم قىلغان ھەرقانداق قوشۇننى بۇ يەردە ئەجەل كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ يەرگە ئىككى دانە پىلموت قويۇلغانىدى. تۇردى يىڭجاڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشۋاتاتتى. بۇ قېتىم قوزغىلاڭچىلارنىڭ ياڭ مىڭجۇدىن ئولجا ئالغان قوراللى-رى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. قوماچ قورۇغاندەك تا ـ تاتلاپ ئېتىلغان پىلموت ئوقلىرىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا غەربكە چېكىنىپ، ئۆزى ھاۋالىق، سۈيى كۆپ بولغان ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىگە يىغىل-دى. بۇ ئىككى تاش تۈگمەن بولۇپ، يەنە بىرقانچە ئېغىز ئۆي، ئۈزۈملۈك باغلىرى، ئاسمانغا تاقاشقان قۇچاق يەتكۈسىز تېرەك-لىرى يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆستەڭ

بويلىرىدا ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئاتلارنى بېقىش ئۈچۈن قومۇش، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئىمىن بەگ يىغدۇرۇپ قويغان خېلى نۇرغۇن بېدە ۋە ئوت - چۆپلەر بار ئىدى.

قوزغىلاڭچىلار شتابى شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت چوڭ دۈشمەن ئالدىدا تۇرغان بىر چاغدا ماۋۇنبىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىككى دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا قېلىشنى، ھازىرقى ۋەزىيەتكە پايدىسىز ھېسابلاپ تۇڭگانلارغا قوغلاپ زەربە بەرمىگەنىدى. چۈنكى، يېقىندىلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئەللىك ئۈچ نەپەر ئاق رۇس قۇم دەرياسىدا بېشىنى يەپ قالغانلىرى قېچىپ قۇتۇلغانىدى. ئۆزلىرىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوغلاپ كەلمىگەنلىكىنى ماۋۇنبىڭنىڭ قوشۇنى چۈشىنەلمەي قالدى. شۇڭا، بۇ توغرىدا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەر تۈرلۈك گەپ - سۆز ۋە غۇلغۇلا بولۇپ تۇردى. خۇسۇسەن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يەكلىشى ۋە تەھدىت سېلىشى بىلەن جان قاچۇرۇپ تۇڭگانلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئوسمان شاڭيۇنىڭ مەلۇماتىدىن چاقىلىقتا تۇرۇۋاتقان تۇردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇننى «ناھايىتى جەڭگىۋار قوشۇن ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىم بۇ يەرگە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۈچ سىنىشىش ۋە رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئويلاپ ئىككىنچى بىر ھىيلىنى ئويلاپ تاپتى.

* * *

بۈگۈن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىقى كۈنلىرى ئىدى. ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق. كۆك ئاسماندا ئاندا - ساندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق پاختىدەك بۇلۇتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتكۈل ئاسمان گۈمبىزى شۇنداق تازا، شۇنداق سۈزۈك ئىدى. يېڭىلا چىققان باھار قۇياشى ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرلىرىنى يەر - يۈزىگە يېڭىدىنلا

مەخمەل چۈشەك سېلىپ كېلىۋاتقان ئۆسۈملۈكلەرگە سەپمەكتە ئىدى. شەرقتىن ئۇرۇپ تۇرغان سالقىن شامال كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۆتەتتى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەتىگەندىلا ناشتا قىلىپ ماۋۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ھۇجۇمىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. چاشكا ۋاقتىدا بىردىنلا غەرب تەرەپتىكى سايلىقتا ئاق بايراق كۆتۈرگەن ئۈچ ئاتلىق پەيدا بولدى.

— توختا كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى قاراۋۇل.

— تۇڭگان ۋەكىلى، تۇردى يىڭجاڭغا خەت ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ئاق بايراق كۆتۈرۈۋالغان قارا ئاتلىق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىلدا پاختەك تۇكى ماتادا ھەربىي كىيىم، بېشىغا خوتەندە قۇيۇلغان قول دەزمىلىغا ئوخشاش شەپكە كىيگەندى. ئىككى ئارىلىق ئەللىك - ئاتمىش قەدەم كېلەتتى.

— شۇ يەردە توختاپ تۇرۇڭلار. مەن خەۋەر قىلاي، — دەپ قاراۋۇل يېنىدىكى پىلموتچىغا بۇيرۇق بەردى، — سەن پىلموتنى توغرىلاپ تۇر. ئەمدى ئالدىغا ماڭسا قىرىپ تاشلا، ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خەۋەر قىلىشقا كەتتى. تۇڭگانلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ كالدىرلاشتى ۋە توختىماي تاماكا چېكەتتى. ئۇلار پىلموتنىڭ كەينىدە تەپكىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان يىگىتكە قاراپ ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇ يەرگە قاراۋۇل بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن پەيدا بولدى ۋە پىلموتچىغا بۇيرۇق بەردى:

— ئەگەردە ئۇلار مېنى تۇتۇۋالسا، دەرھال پىلموتقا تۇتۇڭلار.

— ئەگەردە سىزگە ئوق تېگىپ كەتسىچۇ؟

— بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭلار، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن جىددىي ھالدا، — بەربىر ئۆلۈم.

— خوپ، — دەپ قاراۋۇللار ھەربىي ھالەتكە ئۆتتى.

— خەت قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئايۇپ فۇگۇەن تۇڭگان-

ـلارغا.

ــ بۇ خەت پەقەت تۇردى يىگجاڭغا يېزىلغان، ــ دەپ ۋارقىرىدى ئاق بايراقلىق.

ــ مەن شۇ، ــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن. ئارقىدىن يېنىدىـ ـكىلەرگە بۇيرۇق بەردى، ــ هوشيار بولۇڭلار.

ئاق بايراق كۆتۈرگەن تۇڭگان ئەسكەر ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى يېنىدىكىگە تۇتقۇزدى ـ دە، ئايۇپ فۇگۇەنگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئايۇپ فۇگۇەنمۇ ئالدىدىكى خەندەكتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، هېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە تاق ـ تاق دەسسىـ ـگىنىچە ئاق بايراقلىق ئەسكەرگە قاراپ ماڭدى. ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا تۆت قەدەمچە قالغاندا هېلىقى ئەسكەر توختاپ ئوڭ قولىنى چېكىكىسىگە تەككۈزۈپ سالام بەردى. ئايۇپ فۇگۇەنمۇ قولىنى چېكىكىسىگە تەككۈزدى. تۇڭگان ئەسكەر قولىدىكى بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ تۇرۇپ، ئايۇپ فۇگۇەنگە مۇنداق دېدى:

ــ بۇ خەتنىڭ جاۋابىنى ئەتە كۈتىمىز.

ــ بولىدۇ، چوقۇم جاۋاب بېرىمىز، ــ دېدى ئايۇپ فۇگۇەن. ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى قوللىرىنى چېكىكىسىگە تەكـ ـكۈزۈپ سالام بېرىشكەندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى.

ــ ئۇنى تۇتۇۋالغان بولساق بوپتىكەن، ــ دېدى ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان تۇڭگان ئەسكەر.

ــ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ كۆردۇڭمۇ ئاۋۇ پىلموتنى، يېپيېڭى ئىكەن، ــ دېدى ئەمدىلا يېتىپ بارغىنى، ــ گۇمان تۇغدۇـ رۇپ قويساق تۇگىشەتتۇق.

ــ ئۇلار بۇ قورالالارنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ــ قايتا سورىدى هېلىقى.

ــ نەدىن تاپاتتى، كۆك كۆزلەر بۇ قورالالارنى بۇ چەنتۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شىڭ شىسەيگە بەرگەن. شىڭ

شىسەي بۇ قوراللار بىلەن ياڭ مىڭجۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن. ياڭ مىڭجۇ دېگەن هاماقەت بۇ قوراللارنى تارتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ۋە پۈتۈن قوشۇنى ئۆلگەن، — دېدى ئۇ.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاتقا مىندى. ئايۇپ فۇگۇەن تېخىغىچە ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. پىلموتلار قۇياش نۇرىدا ۋاللىدايتتى. تۇڭگان ئەسكەرلەر ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ ئېسى - يادى پىلموتلاردا ئىدى.

*　　　*　　　*

ما ۋۇنبىڭ تۆۋەندىكىچە خەت ئەۋەتكەنىدى:

«تۇردى يىڭجاڭ جانابلىرى! بىز هەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلـ مان، دىنىي قېرىنداش. ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈپ يۈرۈشىـ مىزنىڭ هاجىتى يوق. بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەمەس سۆهبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇقۇشماسلىقلارنى هەل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. سىلەر بىزنى مىلتىق، پىلموت ئوقلىرى بىلەن كۈتۈۋالدىڭلار. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان بىزنىڭ سودا كارۋانلىرىـ مىز سىلەر تەرەپتىن كۆپ قېتىم توسۇۋېلىندى هەم بىر قىسىم مال - مۈلكىمىزنى تارتىۋالدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇڭگان قوـ شۇنلىرى قوماندانلىق شتابى بىزنى بۇ يەرگە ئۆزئارا سۆهبەت ئۆتكۈزۈپ ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىشكە ئەۋەتـ كەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىگە ۋەكىل ئەۋەتىـ شىڭلارنى، مۇمكىن بولسا جانابىڭىزنىڭ كېلىشىنى كۈتىمىز. سۆهبەت ئورنى ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىدە.

تۇڭگان قوشۇنلىرى 8 - لوي چەنفاڭ (ئالدىنقى سەپ) سىلىڭى

«سوپى هاجى».

شۇ كۈنىلا قوزغىلاڭچىلار شتابى يىغىن ئېچىپ «سوپى

هاجى» نىڭ خېتىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە قاسىم هاجى باشچىلىـ
قىدا ئون ئىككى كىشىنى تۇڭگانلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەـ
ۋەتتى. ئۇلارنىڭ تۆت نەپىرى رەسمىي ۋەكىل، قالغىنى مۇھاپىـ
زەتچى ئىدى. قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى چۈشـ
تىن بۇرۇن ئاتلىنىپ ئىمىن بەگنىڭ تۇگمىنىگە يېتىپ باردى.
لېكىن، ئۇلار تۇڭگانلار تەرىپىدىن ناھايىتى سوغۇق قارشى
ئېلىندى. چۈشتىن كېيىن رەسمىي سۆھبەت باشلاندى. لېـ
كىن، بۇنى ھەرگىزمۇ تەڭ ئولتۇرۇپ قىلىنغان سۆھبەت دېگىـ
لى بولمايتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىللىرىگە تەھدىت سېلىشـ
قا باشلىدى. سۆھبەت تۇگمەنچىنىڭ ئۆيىدە بولدى.

— بىزنىڭ شەرتىمىز ئىككى، — دېدى ئۆزىنى «چەنفاڭ
سىلىڭى» دەۋالغان ساقاللىق تۇڭگان، — بىرىنچىسى ئۆتكەن
يىلدىن بۇيان بىزنىڭ سودا كارۋانلىرىمىزدىن تارتىۋالغان مال ـ
مۈلۈكنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بەش مىڭ سەر ئالتۇن تۆلەپ بېرىسىـ
لە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن كارۋان يولىنى ئېچىۋېتىسىلەر، بىزنىڭ
كارۋانلىرىمىز ئەركىن قاتنايدۇ. ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى دەخلى ـ
تەرۇزسىز بولىدۇ، باج تۆلىمەيدۇ. ئىككىنچى شەرتىمىز ئىككى
مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن چاقىلىقنى تاپشۇرۇپ بېرىسىلە، تارتقان
زىيىنىمىزنى چاقىلىقنىڭ پۇقرالىرىدىن ئۇندۇرۇۋالىمىز. قېنى
قايسىنى تاللايسىلە؟ بىز بۇ قېتىم ئۆلگەن سەككىز ئادىمىمىزـ
نىڭ خۇن داۋاسىنى قىلمىدۇق.

بۇ ناھايىتى ئېغىر شەرتلەر ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوـ
لىدا بەش مىڭ سەر ئالتۇن نېمە قىلسۇن، بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى
ھالاك قىلىش دېگەن گەپ ئىدى. ئەگەردە بۇ شەرتكە كۆنمىسە،
ئىككىنچى شەرت بويىچە تۇڭگانلارغا تەسلىم بولۇپ چاقىلىقنى
ئۆتكۈزۈپ بېرىش. بۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ غالىبىيەت
مېۋىسىنى ئۇلارغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېرىش دېگەن سۆز
ئىدى. مانا شۇلارنى ئويلىغان چاقىلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇلارـ

نىڭ شەرتىنى رەت قىلدى.

— بىز قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سالاھى-يىتىمىز بىلەن سىلەرنىڭ شەرتىڭلارنى رەت قىلىمىز. بىرىنچى-دىن بىزدە سىلەرگە بەرگۈدەك بەش مىڭ سەر ئالتۇن يوق. سودىدا باج تۆلەش ئەزەلدىن بۇيانقى بەلگىلىمە. سىلەر كارۋانلى-رىڭلارنى بۇ يەردىن ئۆتكۈزمەكچى بولىدىكەنسىلەر چوقۇم باج تۆلىشىڭلار كېرەك. چاقىلىقنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش مە-سىلىسىگە كەلسەك بۇنىڭغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. چاقى-لىق خەلقى قان تۆكۈپ جىن شۈرىن ئەسكەرلىرىنىڭ زۇلۇمى-دىن بۇ يۇرتنى ئازاد قىلغان. ھازىرمۇ قان تۆكۈپ بۇ يۇرتنى قوغدايدۇ، — دېدى باش ۋەكىل قاسىم ھاجىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى «چەنفاڭ سىلىڭى» سوپى ھاجى زەھەرلىك ھىجىيىپ، — مەن سېنىڭ بىگىسىڭنى ھازىرلا كۆ-رىدۇ. ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلدى، — سىمازا.

ئۇنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەن ئالدىن تەييار بولۇپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئېگىز بويلۇق، ئورۇق بىر تۇڭگاننىڭ باشچىلىقىدا يەردىن چىققاندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىلەرنى قورشىۋالدى. بەزىلەرنىڭ نەيزىسى ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە تاقالغانىدى. مۇھاپىزەتچىلەر قورالسىزلان-دۇرۇلدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دېدى غەزەپلەنگەن قاسىم ھاجىم، — سىلەر بىزنى توزاققا دەسسەتكىلى تەكلىپ قىلغان-مۇ؟ شۇمۇ سۆھبەت بولدىمۇ؟ «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ئەقەللىي ساۋاتنىمۇ بىلمەمسىلەر؟

— سەن نېمە دېسە دېسۇڭ. مەن شۇنداق قىلىدۇ، — دېدى قېرى، «چەنفاڭ سىلىڭى»، — ئەمدى سەن ئالتۇن بېرەمدۇ؟ چاقىلىقنى بېرەمدۇ؟ ئۆزۈڭ بىلىدۇ.

— مەندە ئانداق ھوقۇق يوق. ساڭا بېرىدىغان ئالتۇنمۇ يوق، — دېدى قاسىم ھاجىم.

— سەن ئالتۇنمۇ بەرمەيدۇ، يۇرتنىمۇ بەرمەيدۇ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى قاسىم ھاجىم، ئۇ غەزەپتىن قاردىداپ كەتكەندى.

— سەندە ئالتۇن يوق بولسا، تاغدا جىق ئالتۇن بار، سەن بېرىپ كولايدۇ. بەش مىڭ سەر ئالتۇننى كولاپ بولسا، سەن كەتسە بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قورالسىزلاندۇرۇلغان مۇھاپىزەتچىلەرنى مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزدى. ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قاراۋۇل قويدى، — مەن ساڭا ئىككى سائەت ۋاقىت بېرىدۇ، سەن ياخشى ئويلانسۇن. سەندە بالاڭ باردۇ؟...

ئۇنىڭ تەھدىت سۆزلىرىنى ۋەكىللەر ئەلۋەتتە چۈشىنەتتى. ئۇ ۋەكىللەرگە ئۆلۈمنى ئەسلىتىۋاتاتتى. ۋەكىللەر ئۆلۈمدىن قورقسا مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە قېلىشنى ئوبدان بىلەتتى.

— ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ، — دېدى قاسىم ھاجىم، — ئۆلۈمدىن قورقساق بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمەيتتۇق. بىز پۈتۈن بىر يۇرت خەلقىنىڭ ۋەكىلى.

شۇ كۈنى كەچتە «سوپى ھاجى» قوزغىلاڭچى قىسىملارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرىغا: «سۆھبەت ئاياغلاشمىدى، ۋەكىللەر قونۇپ قالىدىغان بولدى. چاقىلىق تەرەپ خاتىرجەم بولغاي» دېگەن خەۋەرنى ئەۋەتتى. بۇ خەۋەرگە گۇۋاھچى سۈپىتىدە ئىمىن بەگنىڭ تۈگمەنچىسىنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا تۈگمەنچى قاراۋۇللارغا:

— راست قاسىم ھاجىم: «بىزدىن ئەندىشە قىلمىسۇن» دېدى، — دەپ گۇۋاھلىق بەردى.

*　　　*　　　*

تۈن كېچە. ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار پىلدىرلاپ تۇراتتى. شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان يۇمران مايسىلارنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئاسمان بوشلۇقىدىكى يېڭى چىققان ھىلال ئاي بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، كېچە قاراڭغۇ-سىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى كېلەتتى. تۈن نىسپى بولاي دېگەن چاغدا جالاقلاپ ئېچىل-غان ئىشىكنىڭ ئاۋازىدىن قاماقتا ياتقان ئون ئىككى نەپەر قوز-غىلاڭچىلار شتابىنىڭ ئادەملىرى چۆچۈپ كېتىشتى. چۈنكى تۈگىگەنلارنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ياۋۇزلۇق كېلەتتى.

— چىقىشە، — دەپ ۋارقىرىدى، چىرقىراق ئاۋازدا بىر-رى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىرى بىر دانە جىن چىراغنى چاپىنى بىلەن شامالدىن دالدا قىلىپ تۇراتتى. جىنچىراغنىڭ سۇس يورۇقى بۇ كىچىككىنە ئۆينى غۇۋا يورۇتتى. مەھبۇسلار ئۇلارغا بۇيرۇق بەرگەن كىشىنىڭ «سىمازا» ئىكەنلىكىنى ئاران تونۇدى. ئۇ، ئۆيدىكى ھەربىر كىشىنى بىر - بىرلەپ ساناپ چىقاردى ۋە ئۇلارغا تۈگمەنچىنى قوشۇپ قويدى. بۇ چاغدا تۈگىگان قوشۇن-لىرى تۈگمەن بىلەن ئۇنىڭ غەربىدىكى ئۇزۇملۇك باغنىڭ ئارد-لىقىدىكى مەيداندا ئاتلىرىغا يۈكلىرىنى ئارتىپ يۈرۈشكە تەييار بولۇپ تۇراتتى. سىمازا ئۇلارنى ھەيدەپ شۇ يەرگە كەلدى.

— قانداق ھاجى، سەن ئويلىنىپ بولدىمۇ؟ — دېدى «چەنفاڭ سىلىگى» ما ۋۇنبىڭ. لېكىن، ۋەكىللەر ئۆمىكى گەپ - سۆز قىلماي جىم تۇراتتى. بىرنەچچە سېكۇنتلۇق جىمجىتلىق ئۇلارنى خۇددى قۇشخانىغا ھەيدەپ ماڭغان بىر توپ قويغا ئوخ-شىتىپ قويدى، — گەپ قىلمايدىغۇ؟ ئەمىسە سەن ئالدىغا چۈشۈپ ماڭسۇن.

— نەگە؟ — دەپ سوردى ئەجەبلەنگەن قاسىم هاجىم.

— چەرچەنگە. ئۇ يەردە تاغدا جىق ئالتۇن بار، — دەپ ما ۋۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بەردى، — يولغا چىقىڭلار.

ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلاندى. چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى پىيادە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇلارنى پات - پات «چاققان ماڭ» دەپ قامچىلاپ تۇراتتى. ئۇلار تۇگمەننىڭ غەربىدىكى سايلىق بىلەن ئۇدۇل غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. سىمازا باشچىلىقىدىكى بىر پەي ئەسكەر قىلىپ تۇگمەننىڭ شەرقىدىكى دەريانىڭ ئېگىز يەرلىرىگە گۇلخان يېقىپ، قارشى تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك، بىر كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلدى. بۇ گۇلخانلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاراۋۇللىرىغا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلار ئەتىسى كەچتە تۇڭگانلارنىڭ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن ئاتلىنىپ ئىمىن بەگنىڭ تۇگمىنىگە كەلدى. ئۇ يەردە قىلىچ بىلەن چانۇەتكەن ئىككى جەسەت ياتاتتى ۋە تاشلىۋەتكەن قوينىڭ ئىچ - قارنى تۇراتتى. بۇ چاغدا «سوپى هاجى» قوشۇنى ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلاپ كەتكەنىدى. غەزەپلەنگەن تۇردى يىڭجاڭنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. چۈنكى، يەكەنگە هاكىم بولۇپ پۈتۈن يۇرتنى بۇلاپ، قانغا بويىغان بىر بۇلاڭچىغا ئالدىنىپ قالغىنى ئۇچۇن ئۆزىنى كەچۈرەلمەيتتى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

# تاختا پەرەدۆۋدە

سېرىق بۆرە پارچىلىدى ئۆزلىرىنى،
قارا قاغا چوقۇلىدى كۆزلىرىنى.
— قەدىمكى رۇس خەلق ناخشىسى

1935 - يىل 20 - ماي.

ئۆز ۋەكىللىرىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن غەزەپلەنگەن تۇردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن «سوپى ھاجى» بىلەن ئۇرۇشۇش قارارىغا كەلدى. ماۋۇنىڭ قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى توغرىسىدا خېلى ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان بولسىمۇ ئەمما قوزغىلاڭچىلار ئۇلار توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلارنى چەرچەندە تۇرۇۋاتقان بارلىق قىسىم دەپ ئويلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوشۇر لەنجاڭنى يۇرتنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قالغان، سەككىزيۈز دەك ئاتلىق قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلار:

«دۈشمەنلەرنى چەرچەندىن قوغلاپ چىقىرايلى!» دېگەن شوئار ئاستىدا چەرچەنگە قاراپ يولغا چىقتى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن، بايراقچى ھاشىخان، كانايچى نۇربەختى قاتارلىقلار ماڭدى. ئەڭ كەينىدە ئېزىز ھاجىم باشچىلىقىدىكى تەمىنات قىسمى ماڭدى. شۇنداق قىلىپ «سوپى ھاجى» ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۆز ۋەكىللىرىنى ۋە

چەرچەن ناھىيىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش نۆۋەتتىكى كۈن تەرتىپكە قويۇلدى. 1935 ـ يىلى 20 ـ ماي كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇلار چەرچەن تاتراڭىنىڭ ئون كىلومېتىر شەرقىدىكى «تاختا پەرەدۆڭ» دېگەن يەرگە يېتىپ باردى.

«تاختا پەرەدۆڭ» نىڭ شىمالىي تەرىپى چەرچەن دەرياسى بولۇپ بۇ دەريا ئالتۇن تاغدىن باشلىنىپ، ئاۋۋال جەنۇبدىن ـ شىمالغا قاراپ، ئاندىن غەربتىن ـ شەرققە قاراپ ئېقىپ، چاقىلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى چەكسىز كەتكەن تەكلىماكان چۆلىنىڭ قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى پۈتۈنلەي سازلىق، پاتقاقلىق، ئوتتۇرا ئېقىنى پۈتۈنلەي جاڭگاللىق. «تاختا پەرەدۆڭ» ئەتراپىدا چەرچەن تاتراڭىدىن چوڭ كۆلگىچە ئون بەش ـ يىگىرمە كىلومېتىرلىق ئۇزۇنلۇقتا ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر كەڭلىكتە سوزۇنچاق بىر جاي بولۇپ، «تاختا پەرەدۆڭ» مۇشۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ يەرنى يۇلغۇن، قومۇش، يانتاق، بېسىلغاق، يېكەن قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى قاپلاپ كەتكەن. يەرلىرى زەي، شور تۇپراق، موس ـ موس، ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ مېڭىشىغا ناھايىتى ئەپسىز، ئاسانلا پېتىپ قالىدىغان بىر جاي ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە نۇرغۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك دۆڭلۈكلەر بولغاندىن تاشقىرى يول بويىدا ناھايىتى ئېگىز، خۇددى مۇنار شەكىللىك بىر دۆڭ بولۇپ، بۇ دۆڭنى كىشىلەر «تاختا پەرەدۆڭ» دەپ ئاتاشقانىدى. بۇ يەردە تۇڭگانلار ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىسى قۇرغانىدى. «تاختا پەرەدۆڭ» دە تۇرۇپ قارىغان كىشىگە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە خۇددى ئالىقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «تاختا پەرەدۆڭ» نىڭ جەنۇبىي تەرىپى چوڭ قۇملۇق بولۇپ كىشىلەر بۇ يەرنى «بۇغىلىقنىڭ قۇمى» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى، چەرچەن دەرياسى بويىدا ياشايدىغان بۇغا ـ

ماراللار ئوتلاپ تويغاندىن كېيىن مۇشۇ قۇملۇقتا توپ ـ توپ بولۇپ يايراپ يۈرىدىكەن. ئادەملەرنى كۆرسە قۇم بارخانلىرى ئىچىگە كىرىپ غايىب بولىدىكەن. بۇغا ئوۋلايدىغان ئوۋچىلار بۇ يەردە پات ـ پات پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ھەر يىلى بىر قىسىم بۇغىلار قىممەتلىك مۈڭگۈزى، تەملىك گۆشى ئۈچۈن جېنىدىن جۇدا بولۇپ تۇراتتى. ھازىر بولسا بۇ يەردىكى يۇلغۇنلار چېچەكـلەپ، قىپقىزىل تۈسكە كىرگەنىدى.

قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى شەرق، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپـتىن تۇتۇلغان قاراۋۇللىرىنى قورشىۋالدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قاراۋۇللارنىڭ سەككىز ئادىمى قولغا چۈشتى تۆت ئادەم ئۆلدى. ئۈچ ئادەم شىمال تەرەپتىكى چەرچەن دەرياسىنىڭ مۇزدەك سۇـيىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ تىكىۋەتتى. «تاختا پەرەدۆڭ» نىڭ يېنىدىكى قاراۋۇللار تۇرىدىغان گەمىدىن ئىككى قىز تېپىلدى. ئۇلارنىڭ چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشتا، يەنە بىرى ئون بەش ياشتا ئىدى. بۇ قىزلارنى ئىككى ئاي بۇرۇن ماۋۇنبىڭ ئەسكەرلىرى بۇلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن بەك ئاجىزلاپ كەتكەنـدى. بولۇپمۇ كىچىك قىز ئېغىر .جىسمانىي ئازابتىن خۇن توختىمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن جەڭچىلەر ئۆزىنى باسالماي ئۈچ نەپەر ئەسكەرنىڭ كەينىگە كۆـيۈپ تۇرغان چوچۇلىنى تىقىۋەتتى. . .

قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھاشىخاننىڭ كۆزىدىن ياشلار تاراملاپ كەتتى.

— خۇدايىم بىز خوتۇن خەقنى نېمىشقا بۇنداق ئاجىز يارات-قان بولغىيتتى، — دەپ ئالـلادىن تۈنجـى قېتىـم نارازى بولدى، — ئادەملەر نېمىدېگەن ۋەھشىي ـ ھە؟! . . .

ھاشىخان يەنە ۋاشەرلىك ئايشەمخان بىلەن ئىككى قۇر ئىچ كىيىمنى ئېلىپ كېلىپ قىزلارنىڭ كىيىمنى يەڭگۈشلەتـ

كۆزدى. ئۇلارنى يۇيۇپ، باشلىرىنى تاراپ ئىسسىق چاي، نان ۋە بىر ئازدىن پىششىق گۆش يېگۈزۈپ قورسىقىنى تويغۇزدى، پۈتۈن قوشۇندا مۇشۇ ئىككى ئايال جەڭچىلا بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھاشىخان بۇ خارلىنىپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان قىزلارغا ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. بۇ چاغدا چەرچەن تاتراڭدا تۇرۇۋاتقان تۇڭگانلارمۇ تىكىۋەتكەنىدى. قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ يەردە ئورۇنلىشىپ تۇڭگانلار بىلەن تۇتۇشۇش قارارىغا كەلدى. ئۇلار چۇشكىچە شىمالدىن ـ جەنۇبقا سوزۇلغان يەنى چەرچەن دەرياسىدىن بۇغىلىقنىڭ قۇمىغىچە سوزۇلغان ئاكوپ قېزىپ، يوشۇرۇنۇش جايىنى ۋە ئېتىش توچكىلىرىنى ھازىرلىدى. لې-كىن، بۇ يەرنىڭ تېگى نەم، تۇپرىقى قۇمساز بولغاچقا كولانغان يەرلەر گۇمۇرۇلۇپ چۇشۇپ، ياكى تېگىدىن سۇ چىقىپ كېتىپ ئىشلەش ناھايىتى جاپالىق بولدى. چەرچەن تاتراڭ ياكى بۇغى-لىقنىڭ قۇمى تەرەپكە قويۇلغان قاراۋۇللاردىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. كەچكىچە تۇڭگانلار ھېچقانداق شەپە چىقارمىدى. شۇنداق بولغاچقا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كەچ كىرگۈچە تىنماي ئىشلەپ خېلى ئوبدان ئورۇنلىشىۋالدى. كەچ كىرىشى بىلەن بۇ يەرنى پاشا ـ كۇمۇت قاپلاپ كەتتى. پۈتۈن كۈن ئىشلەپ ھارغان جەڭچىلەر ئۇچۇن ئازراقمۇ ئارام ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى.

*       *       *

1935 ـ يىل 21 ـ ماي سوۋە كۆتۈرۈلگەن چاغ.

— دوكىلات يېڭىجاڭ، دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كېلىۋا-تىدۇ، — دەپ ھاسىراپ كىرگەن جەڭچى قولىنى چېككىسىگە تەككۈزدى. بۇ تاتراڭ ئالدىنقى قاراۋۇلدىن كەلگەن خەۋەر ئى-دى. ئۇنىڭ گېپى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، ئات تويىقىنىڭ گۇپۇر-لىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، شتاب جايلاشقان گەمىنىڭ ئالدىغا

كېلىپ توختىدى.
— دوكىلات يىگىجاك، دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كېلىۋا . تىدۇ، — دېدى يۈگۈرۈپ كىرگەن جەڭچى، بۇ بۇغىلىقنىڭ قۇمىدا تۇرۇۋاتقان ئالدىنقى قاراۋۇلدىن كەلگەن خەۋەر ئىدى.
— سىلەرگە رۇخسەت چىقساڭلار بولىدۇ، — دەپ قاراۋۇللارنى قايتۇرۇۋەتكەن تۇردى يىگىجاك ئالاقىچىنى چا . قىردى، — ئالاقىچى.
— لەببەي مەن بۇ يەردە. ئالاقىچى مارەكشا بۇيرۇقىڭىزنى كۈتىدۇ، — ئۇ خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر قاراۋۇل پەيدا بولدى.
— دوكىلات يىگىجاك، چوڭ كۆل تەرەپتىن ئازراق دۈشمەن كۆرۈندى. بۇ دەريا بويلاپ قويۇلغان ئېھتىيات قاراۋۇلى ئىدى.
— دېمەك، ئۈچ تەرەپ قورشاۋدا پەقەت بىر تەرەپلا ئو- چۇق. لېكىن، ئۇ تەرەپتە دەريا بار. ئۇ تەرەپ سازلىق، پاتقاق- لىق. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تۇڭگانلارنىڭ بۆكتۈرمىسى بولۇ- شى مۇمكىن، — دېدى تۇردى يىگىجاك، — لەنجاڭلارغا بۇي- رۇق: ھەممەيلەن جەڭگە تەييارلانسۇن، دۈشمەن كەپقالدى، چېكىنىشكە رۇخسەت يوق.
— خوپ، — دەپ مارەكشا ماڭماقچى بولۇپ كەينىگە بۇ- رۇلدى.
— توختا، — دېدى شۇ چاغقىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىل- مىغان ئايۇپ فۇگۇەن ناھايىتى ۋەزمىن ئاھاڭدا، — جەڭ پىلانىدا ئۆزگىرىش بولدى، لەنجاڭلار يېتىپ كەلسۇن.
مارەكشا تۇردى يىگىجاڭغا قارىغانىدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

* * *

تۇنۇگۈن ئايۇپ فۇگۇەن ئاتلىق يۈرۈپ پۈتۈن «تاختا پەرە-

دۆلۈك» ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىققانىدى. چۈنكى، ئاسادىپىي ئەھ-
ۋال يۈز بېرىپ جەڭ پىلانىدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا قىيىن
ئەھۋالدا قالغان چاغدا پىلاننى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
قوماندانلىق قىلغۇچىلارنىڭ مېڭىسىدە مەلۇم رېئال ئاساس بولۇ-
شى كېرەك. چۈنكى، ئۇرۇش دېگەننىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى
جەڭ دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئەلۋەتتە. ئۇلار ئەسلىدە تۇڭگانلار
ئۆز قاراۋۇللىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىد-
نىپ ئۇدۇلدىن باستۇرۇپ كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ چاغدا
ئۇلار ئاسانلا پىلموتلارنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالاتتى ۋە ئاسانلا تار-
مار بولاتتى. شۇنداقلا دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى بىرەر مىڭچە بول-
سا، كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، دۈشمەنلەر ئانداق ئوي-
لىمايتتى. يىگىرمە كۈن بۇرۇن چاقىلىقتا «چەنفاڭ سىلىڭى»
ماۋۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە شېڭ
شىسەينىڭ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئادەم سا-
نى، قورallلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە تەپسىلىي
مەلۇماتقا ئىگە بولغانىدى. ئۇلار بۇ ھەقتە بىر نەچچە كۈن بۇرۇن
خوتەندە تۇرۇۋاتقان ماخوسەنگە دوكلات يوللاپ، چاقىلىقتىكى
قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىشنى تەلەپ
قىلغانىدى. لېكىن، بۇيرۇق يېتىپ كەلگۈچە چاقىلىقتىكى قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ ئۆزى يېتىپ كەلدى. دۈشمەنلەر قوزغىلاڭچىلار-
دىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىدى.

«تاختا پەرەدۆلۈك» دە يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان
ماخوسەننىڭ 8 ـ لوي شتابى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەممە قى-
سىمنى سەپەرۋەر قىلدى. ماخۇسەننىڭ چەرچەندە تۇرۇشلۇق
8 ـ لوي بىر مىڭ بەش يۈز ئادەم. خوتەنلىك جامال باشچىلىقى-
دىكى خوتەن، كىرىيە، نىيە ۋە چەرچەندىن مەجبۇرىي ئەسكەر-
لىككە ئېلىنغان مىڭدىن ئارتۇق ياللانما قوشۇن بولۇپ ئىككى
مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى لۈيجاڭ ماسىڭيۈەن ئۆزى

باشلاپ يولغا چىقتى. ئۇلار كېچىسى يېرىم تۈندە بۇغىلىقنىڭ
قۇمىغا كېلىپ، شەپە چىقارماي قوزغىلاڭچىلارنىڭ چېكىنىش
يولىنى توسۇپ قورشاۋغا ئېلىش ئۈچۈن تاتراڭنىڭ جەنۇبى،
بۇغىلىقنىڭ قۇمى، ئاقتاز، چوڭ كۆل قاتارلىق جايلارغا تارقى-
لىپ ئۇيغۇر يالالنما قوشۇننى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. ھۇجۇم
ۋاقتىنى 21 ـ ماي ئەتىگەندە قۇياشنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدىن چىقى-
شىنى بەلگە قىلىدىغان بولدى. يالالنما قوشۇننىڭ كۆپچىلىكى
ئوغرى ـ لۈكچەكلەردىن بولۇپ، ئۇلار چەرچەنگە كەلگەندىن
كېيىن ما لۈيجاڭ ئۇلارغا بەكمۇ كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە
قىلغانىدى. ئۇلار قىمار ئويناپ، نەشە چېكىپ، ئاياللارنى بۇ-
زۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان. پەقەت ھەربىي مەشىق
ۋاقتىدىلا ئۇلار چىڭ تۇتۇلاتتى. ئەگەردە ئۇلار ئۇستىدىن ئەرز
قىلىنسا ھېچكىم سورىمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ما لۈيجاڭدىن بەك
رازى ئىدى.
بۈگۈن مالۈيجاڭنىڭ:
«ئۇيغۇرلار ئالدىدا ماڭسۇن،» دېگەن بۇيرۇقى بېرىلگەند-
دىن كېيىن قىسىم ئىچىدە غودۇڭشىپ نارازى بولغان كەيپىيات
تۇغۇلدى.
— بىز نېمە ئۈچۈن ئالدىدا ماڭغۇدەكمىز. تۇڭگانلار ماڭ-
سۇن. . .
— كىم ئۇ بۇيرۇقتىن باش تارتقان؟ — دەپ ۋارقىرىدى
ما لۈيجاڭ. قاراپ تۇرغانلاردىن بىر قانچىسى ئېتىلىپ كىرىپ
تۆت ئادەمنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى بۇيرۇق بويىچە
دەرھال چېپىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ما لۈيجاڭ ھېلىقى-
لارنىڭ باشلىقى ئوسمان لەنجاڭ بىلەن راخمان پەيجاڭنى ئالدىغا
چىقىشقا بۇيرۇدى.
— سەنلەر شۇنداق ئادەم تەربىيىلەمسەن؟ — دېدى ما
لۈيجاڭ، — بۇلارمۇ چېپىپ تاشلانسۇن. ئۇلار چېپىپ تاشلانـ

دى. قۇم قانغا بويالدى.

— يەنە بۇيرۇقتىن باش تارتىدىغانلار بارمۇ؟ — دېدى ما لۇيجاڭ ھەممىگە تەكشى قاراپ. لېكىن، ھېچكىم ئاۋاز چىقار- مىدى. ئۇنىڭ زەھەرلىك كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ھەممىگە تەكشى قاراپ چىقتى، — كىمىكى بۇيرۇقتىن باش تارتسا ياكى ئۇرۇش ۋاقتىدا چېكىنسە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇقتۇڭلىمۇ؟

— ئۇقتۇق، — دەپ ۋارقىراشتى ھەممەيلەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ياللانما قوشۇن ئالدىدا، تۇڭگانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى. تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ بەلگىلەنگەن جايغا يېقىنلاشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپ- قان قاراۋۇللار شتابقا خەۋەر قىلدى.

* * *

ئايۇپ فۇگۇەن يېتىپ كەلگەن لەنجاڭلارغا مۇنداق دېدى.

— پىلاندا ئۆزگىرىش بولدى. دۇشمەن ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، كەينى تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ جەنۇبتىن، غەربتىن، شەرقتىن ئۇچ تەرەپلەپ كېلىۋاتىدۇ. شىمالىي تەرىپىمىزدە دەريا بار، دەريا بويلىرى سازلىق، پاتقاقلىقتىن ئىبارەت. دەريانىڭ شىمالىدا دۇشمەننىڭ بۆكتۈرمىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ بىز ئۇچ تەرەپتىن قورشاۋغا چۈشۈپ قالدۇق. چېكىنىش يولىمىز خەتەرلىك. جاننى قولغا ئېلىپ قويۇپ ئۇرۇشمىساق بولمايدۇ، . چۈنكى بۇ يەر بىزنىڭ، دۇشمەن بولسا رەھىمسىز، بۇ ھەممىگە ئايان، شۇڭا قاتتىق تۇرۇش كېرەك. قانداق پىكىر- لەر بارمۇ؟

— ھەممىنى چۈشەندۇق، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

— بۇيرۇق، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ. لەنجاڭلار تىك

تۆرۈشتى، — يولنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان قىسىملار جەنۇب تەرەپكە يۆتكىلىپ ئالدىنقى سەپتە ئورۇن تۇتسۇن. پىلىموتلار ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلىشىپ دۈشمەننى بىرقەدەممۇ ماڭغۇزمىسۇن. ئاپتوماتلار پىلموتلار ئارىسىدىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇپ، بۆسۈپ كىرگەن دۈشمەننى قىرىپ تاشلىسۇن.

— ئۇقتۇق، — دېيىشتى لەنجاڭلار ۋە سىرتقا ماڭدى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن، بايراقچى هاشىخان، كاناپچى نۇربەختى، ئالاقچى مۇبارەكشا قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئالدىنقى سەپكە كەتتى. بۇ چاغدا تاڭ خېلى سۇزۇلگەن، ئادەملەر بىر نەرسىلەرنى پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قالغانىدى.

*　*　*

ئۇلار ئەمدىلا ئالدىنقى سەپنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇشىغا تاڭ رەسمىي ئاتتى. شەرقتىن سالقىن شامال چىقىپ تۇراتتى. سەھەر ۋاقتىغا كېلىپ يوقالغان پاشا - كۆمۈت قايتا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. جەڭچىلەر هازىرلا جەڭ بولىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ جىددىيلىشىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەرنىڭ رەهىمسىزلىكىنى، ۋەھشىيلىكىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى. بۈگۈن كىملەرنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقاندۇ؟ كىملەرنىڭ بالا - چاقىسى يېتىم قالار؟ ياكى قېرى ئاتا - ئانىسى يىغلاپ قالار؟ كىملەرنىڭ جەستى مۇشۇ چۆلدە كۆمۈكسىز قېلىپ قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولار؟ . . . مانا شۇنداق قارا خىياللار بارلىق قوزغىلاڭچى جەڭچىلەرنىڭ بېشىدا بار ئىدى. لېكىن، خىيال دېگەننى تىنچ چاغلاردا ھەرگىز مېڭەڭدىن قوغلاپ چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، هازىر جەڭچىلەرنىڭ جەڭ بۇيرۇقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشمۇ ئۇلارنىڭ پاتراق قارا خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرەر

ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار توختىماي تاماكا چېكەتتى.
قۇياش يەر شارىنىڭ يىراق ئۇپۇق سىزىقىدىن قىپقىزىل دۈگلەك ئوت شارى بولۇپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ يېڭى بىر كۈننىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ كۈنمۇ ئۆتكەن بارلىق كۈنلەرگە ئوخشاش كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. بۇ ھادىسە دېھقان قوزغىلاڭچىلىرى ئۆتكەن ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئېلىپ بارغان قانلىق جەڭلەرنىڭ ئىچىدە دەھشەتلىك بولۇشى بىلەن كەلگۈسىدە تارىختىن ئورۇن ئالغۇسى.
قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى بىلەن دۈشمەنلەر:
«سا! سا!» دېگەن پېتى قۇملۇق ئىچىدىن چىقىپ ھۇجۇم باشلىدى. بۇلار بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر ياللانما قوشۇن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «تاختا پەرەدۆڭ» دىكى قانلىق ئۇرۇش رەسمىي باشلاندى. دۈشمەنلەر تەرىپىدىن مەجبۇر قىلىنغان نادان خەلق ئازادلىق ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلمەكتە ئىدى.
«ئات!» دەپ كوماندا بەردى تۇردى يىڭجاڭ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل «تاختا پەرەدۆڭ» پىلموت، ئاپتومات، مىلتىقلاردىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان «سا! سا» چىلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى يەر چىشلەشكە باشلىدى. ئوق تەككەن يارىدارلارنىڭ «ۋايجان، ۋايىيەي» لىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. ئوق تېگىپ يىقىلغان ئاتلارنىڭ خارقىراپ جان تالىشىشلىرى، ئىگىسى ئۆلۈپ چولۋۇرىنى سۆرەپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى قوشۇلۇپ دەھشەتلىك مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇگۈن دېھقان قوزغىلاڭچىلىرى ياڭ مىڭجۇدىن ئولجا ئالغان قوراللار ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن تۇڭگان

قىسىملىرى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. كىشىلەر ئەسىرلەر بويى ناماز ئوقۇپ كەلگەن پاكىز قۇم بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى. ماسكىۋەن ئەسكەرلىرى بۇنداق قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇنداق قىلىپ تۇڭگانلار مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئالغان ياكى ئۆز ئىختىيارىي بىلەن دۈشمەنگە ئەسكەر بولۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بۇ قوشۇن ئۈچۈن بۈگۈن قىزىل قىيامەتنىڭ ئۆزى بولغانىدى. ئالدىغا ماڭسا قوزغىلاڭچىلار ئوققا تۇتاتتى. كەينىگە يانسا كەينىدىن كېلىۋاتقان تۇڭگانلار ئاتاتتى ياكى چاپاتتى. ئۇلار مانا شۇنداق ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قېلىپ نۇرغۇنلىرى جاندىن ئۇمىد ئۈزۈشتى. ھەتتا جامالغا ئوخشاش كۆرەڭلەپ جاھانغا پاتماي قالغان «تۇەنجاڭ» مۇ ياردار بولۇپ «چاشقان تۆشۈكى ساراي» بولدى. دېھقان قوزغىلاڭچىلىرى سان جەھەتتە دۈشمەندىن ئۈچ ھەسسە ئاز بولسىمۇ، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا تەمتىرىمىدى، ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ، سالماقلىق بىلەن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ تۇردى. تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن قاتارلىق كوماندىرلار قەيەر خەتەرلىك بولسا شۇ يەردە پەيدا بولۇپ جەڭچىلەرگە مەدەت بېرىپ تۇردى.

ــــ كەينىمىزدە سازلىق ۋە دەريا بار. بىزگە جان تىكىپ ئۇرۇشماقتىن ئۆزگە چېكىنىش يولى يوق. چېكىنسەك دۈشمەن كۆپ بىزنى قىرىپ تاشلايدۇ، ــــ دېيىشتى ئۇلار. ئۆزلىرىمۇ توختىماي جەڭ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ چۈشكىچە دۈشمەننىڭ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلدى. ئەسلىدە ماسكىۋەن بىرلا ھۇجۇم بىلەن يوقاتماقچى بولغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» دېگەن شۇ دەپ ئويلىغان ماسكىۋەن ئەمدى تەشۋىقات ئارقىلىق ئالداپ يوقاتماقچى بولدى.

ــــ كاناي ئارقىلىق ئۇلارغا ئۇقتۇرۇڭلار. قورال تاشلىغان-

لار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. قورالىنى قويۇپ، ئېتىنى مىنىپ كېتىۋەرسۇن. ئۇلارنى ھېچكىم توسىمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— خوپ لۈيجاڭ، — دېدى قولىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان جامال، — مەن ھازىرلا ئادەم ئەۋەتەي. جامال كەتكەندىن كېيىن ما لۈيجاڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان كوماندىرلارغا:

— بۇ قېتىم ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئۆلتۈرۈلمىسۇن. ئال-تۇن كاندا ئىشلەيدىغان ئادەم يوق. ھازىر بىزگە ئەمگەك كۈچى بەك زۆرۈر، ئۇقتۇڭلىمۇ؟ — دېدى.

— ئۇقتۇق، — دېيىشتى ھەممەيلەن بىردەك، — قەت-ئىي ئىجرا قىلىمىز. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چوكا - چوكا ئالتۇنلار ۋالىلداپ كەتكەندەك بولدى.

* * *

— چاقىلىقتىن كەلگەن قېرىنداشلار! ھەممىمىز مۇسۇل-مان، مۇسۇلمان تۇرۇپ بىر - بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش بەك چوڭ گۇناھ، شۇڭا بىزنىڭ ئۇرۇشقىمىز يوق. لېكىن، ئۇرۇشنى سىلەر تاپتىڭلار. بىز كۆپ، سىلەر ئاز، توخۇمنى تاشقا ئۇرغان-نىڭ پايدىسى يوق ما لۈيجاڭنىڭ بۇيرۇقى كىمدە كىم قورالىنى تاشلىسا ئېتىنى مىنىپ ئۆيىگە كېتىۋەرسۇن. ئۇنداق ئادەمنى ھېچكىم توسۇمايدۇ ۋە قوغلىمايدۇ...

بۇ تەشۋىقاتچى خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. بۇ تەشۋىقات-نى ئاڭلاپ كۆپچىلىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەل-دى. چۈنكى، ئۇلار قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىدا دۈشمەنلەرنىڭ كىم-لىكىنى تونۇپ قويغانىدى.

— ئاۋۇ مۇناپىقنى ئېتىۋېتەيمۇ؟ — دېدى ھاشىخان دۈش-مەن كانايچىسىنى قارىغا ئېلىپ تۇرۇپ. ئۇ كانايچى بولسا بىر قولىدا ئاق بايراق، يەنە بىر قولىدا كاناي تۇتۇپ ئېگىز قۇم

ئۇستىدە تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.
— تەككۇزەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى تۇردى يىڭجاڭ.
— ئەلۋەتتە تەككۇزەلەيمەن، — ھاشىخاننىڭ جاۋابى ناھا-
يىتى ئىشەنچىلىك ئىدى. بۇ چاغدا دۈشمەن تەشۋىقاتچىسى ئاۋا-
زىنىڭ بارىچە ۋارقىراۋاتاتتى.
— تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن سىلەر دېگەن خوجىند-
ياز ھاجىمنىڭ ئادەملىرى، ھاجىم بىلەن ئارىمىزدا پۇتۇم بار
تۇرسا نېمىشقا تەرسالىق قىلىسىلەر؟
— ئات، — دەپ بۇيرۇق بەردى تۇردى يىڭجاڭ.
ھاشىخان يېنىدىكى جەڭچىنىڭ مىلتىقىنى قولىدىن ئېلىپ
مۆرىسىگە قويدى - دە، ھاشىخان مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋ-
ۋەتتى. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھېلىقى ئادەم قۇم
ئۇستىدىن دومىلاپ كەتتى. دۆڭنىڭ كەينىدە تۇڭگانلار بار ئى-
دى. ئۇلار ما سىڭيۇەنگە:
— ئوق ئاغزىدىن كىرىپ، گەدىنىدىن چىقىپ كې -
تىپتۇ، — دەپ دوكلات قىلدى.
— بۇ ئويۇنمۇ ئاياغلاشتى، — دېدى ما سىڭيۇەن.
چۈشتىن كېيىن ما سىڭيۇەن ئۇيغۇر ياللانما قوشۇنىنىڭ
ھەر بىر بۆلۈمىگە ئىككى - ئۈچتىن تۇڭگان كوماندىرىنى باش
قىلىپ ھۇجۇمغا ئەۋەتتى.
— چېكىنگەنلەر جايىدا ئېتىپ تاشلانسۇن، — دەپ بۇي-
رۇق بەردى. ما سىڭيۇەن لېكىن، بۇ قېتىممۇ ئۇلار قاتتىق
دەككىسىنى يەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ بىر كۈن
ئىچىدە ئىككى يۈزدەك ياللانما قوشۇننىڭ ئۆلۈكى بىلەن يەتمىش -
سەكسەن دانە ئاتنىڭ ئۆلۈكى «تاختا پەرەدۆڭ» دە قالدى. ئەمدى
تۇڭگانلار ئۈچۈن ئۆزلىرى مەيدانغا چۈشۈش ياكى چېكىنىپ
كېتىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ما سىڭيۇەن توختىماي ئۇ-
ياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى ۋە:

— تاختا پەرەدۆك. مانا ساڭا تاختا پەرەدۆك. «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» دېگەن شۇ دەپ ۋارقىرايتتى ھەم ئاچچىقىدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى.

* * *

ئەتىسى (22 - ماي كۈنى) قۇياشنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدىن چىقىش ۋاقتىنى ھۇجۇم قىلىشنىڭ باشلىنىش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلىگەن ماسكىيۇەن قىسىملىرى قۇياش ئەمدىلا ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆرۈنۈشى بىلەن تەڭ پۈتۈن سەپ بويىچە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالدىدا ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنى راسا ئوققا تۇتتى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى ئانچە چوڭ بولمىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ پىلموتلىرى ئۇلارنى باش كۆتۈرتكۈزمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلەر ئاتلىنىپ، ماھىر قىلىچۋازلارنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، قالغانلار ئۇلارنى قوغداپ «سا! سا!» دېگىنىچە چۇقان كۆتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدىن تۈركۈم - تۈركۈم دۈشمەن ئاتلىقلىرى چىقىشقا باشلىدى. قۇياش نۇرىدا ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى ۋال - ۋۇل قىلىپ كىشىلەرنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى. قوزغىلاڭچىلار ئالدىدا كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى قاتتىق ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەزرائىلنىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولسىمۇ لېكىن سان جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان دۈشمەن ئاتلىقلىرى بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ كېلىۋەردى. ئالدىنقى قىسىملاردا چاپ - چاپ باشلىنىپ كەتتى.

— چېكىنەيلى! — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى يىڭجاڭ. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى سەھەر ۋاقتىدىكى گۈلدۈرمامىدەك پۈتۈن جەڭ مەيدانىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يىراقلارغا كەتتى. بۇيرۇقنى ئاڭلىغان بىر قىسىم جەڭچى چەرچەن دەرياسىغا قاراپ ئات

سالدى. لېكىن، دەريا بويىدىكى سازلىقتا ئاتلار چۆكۈشكە باشلىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ كۈتۈپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممىلەن تۇردى يېڭجاڭغا قارىدى. ئەمدى ئۆلۈم يا كۆرۈم دېمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

— چوڭ يول بىلەن ئارقىغا! بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى. پىلموت، ئاپتوماتچىلار دۈشمەنلەرنى ئايىماي قىرىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇيرۇق ئالغان پىلموتچىلار بىلەن ئاپتوماتچىلار شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئىككى يانغا ئايرىلىپ باشقىلارنى ئارىغا ئالدى. ئۇدۇل كارۋان يولى بىلەن ئارقىغا يېنىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئات ئۈستىدىكى دىكتار پىلموتلارنىڭ سايراشلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان دۈشمەنلەرنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلار بۇنداق بولۇشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەندى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پۈتۈنلەي قىلىچ بار ئىدى. شۇڭا ئاسانلا يول ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتلىرى ئىككى كۈندىن بۇيان ئوبدان ئارام ئېلىپ خېلى تويۇنۇپ تېتىكلىشىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلار قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇۋېلىپ بولۇشىغا چاپتى ھەم پىلموت، ئاپتوماتلارنىڭ يول ئېچىشى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. شۇلارنىڭ بىرى بايراقچى ھاشىخان ئىدى. ئۇ، ھەدەپ ئاتنى دىۋىتەتتى. بايراقنىڭ سېپى بىلەن ئاتنى نوقۇيتتى. ئۇ دۈشمەن ئاتلىقلىرىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كەتتى ۋە بىر ئېگىز قاشقا چىقىشى ئۇچۇن ناھايىتى ئىتتىك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاق بوز ئات بىردىنلا پۈتلاشقاندەك بولۇپ ئالدىغا دۈم چۈشتى. ئات ئۈستىدىن يىقىلغان ھاشىخاننىڭ بېشى يوغان بىر پارچە قاتتىق شورغا تېگىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ھوشىدىن كەتتى...

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى تۇڭگان ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال بېلىدىكى مەھمۇت سىجاڭ ئۆزىگە

سوۋغا قىلغان تاپانچىغا قولىنى سۇندى. لېكىن، تاپانچا يوق ئىدى. ئۇنىڭ تاپانچىسىنى، قولىدىكى بايراقنى تۇڭگانلار يىغىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ئېتى نېرىسىدا خارقىراپ جان تالىشىۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى سىلاپ باقتى. ئۇنىڭ بېشىدا ياڭاقتەك جاي ئىششىپ چىققانىدى. بېشىدىكى ياغلىقنى تۈزەتتى.

— ئەلھەمدۇلىللا، — دېدى ئۇ ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇرغان تۇڭگانلارغا قاراپ. تۇڭگانلار ئۇنى باغلىمىدى. ئۇلار بىر نەرسىلەرنى دەپ كالدىرلاشتى ۋە «تاختا پەرەدۆڭ» تەرەپنى شەرەت قىلدى. ھاشىخان جان ئۈزۈۋاتقان ئېتىغا ئېچىنغان ھالدا بىر قارىدى - دە، ئۇلار كۆرسەتكەن تەرەپكە كەتتى.

شۇنداق قىلىپ چەرچەندىن ما سىڭيۇەن قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز ۋەكىللىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش شوئارى ئاستىدا «تاختا پەرەدۆڭ» دە بولغان قانلىق جەڭ دۈشمەننىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، جەڭ تەجرىبىسىنىڭ موللىقى تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭچىلار شۇنداق جانپىدالىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دېھقان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە دېھقان قوزغىلاڭچىلاردىن يۈزدىن ئارتۇق ئادەم شېھىت بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياڭخىيلىق ئىبراھىم لەنجاڭ قاتارلىق پېشقەدەم كوماندىرلارمۇ بار ئىدى. بىر يۈز ئەللىك ئالتە ئادەم ئەسىرگە چۈشتى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم چېچىلىپ كەتتى. ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. دۈشمەن تەرەپتىن ئۇيغۇر، تۇڭگان بولۇپ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. نۇرغۇن ئادەم يارىلاندى.

سازلىقتا تىقىلىپ قالغان دېھقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ۋاقتىدا قارا يۇلغۇن ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر ئىدى. ئۇلار ھامىنى بىر ئۆلۈم دېگەن نىيەت بىلەن دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى نەپسىگىچە ئېتىشتى. بولمىسا ماسىڭ-

يۇەن ئالتۇن كولتىش غەرىزىدە ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ بىر قىسىم كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق چېكىنىشىگە ياردەم بەردى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئەسىرلىكتىن قېچىش

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى بالاغا.
——سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن

ئۇلارنى قاش قارايغان چاغدا ھەيدەپ ئاپىرىپ تاتراڭدىكى ئابدۇۋەلى ئاخۇنباينىڭ چوڭ ھويلىسىغا قامىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يۈز ئەللىك ئۈچ نەپەر ئەر، ئۈچ نەپەر ئايال بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىككىسى «تاختا پەرەدۆڭ» دىكى تۇڭگان قاراۋۇللىرى يېزىدىن بۇلاپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى قىز ئىدى. ئۇلارنىڭ كىچىكى بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە بۇ يەرگە ناھايىتى تەستە يېتىپ كەلدى. ئەسىرلەر ئارىسىدا بەزى يېنىك يارىدارلارمۇ بار ئىدى. ئېغىر يارىدارلارنى دۈشمەنلەر تاشلىۋەتكەن ياكى ئېتىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ سازلىقتا تىقىلىپ قېلىپ، قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار دۈشمەنلەر بىلەن ئوقلىرى تۈگىگۈچە ياكى ئۆزىگە ئوق تېگىپ يىقىلغۇچە ئېتىشتى. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يولداشلىرىغا ياردەملەشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى دۈشمەنلەر قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. كېيىنكى چاغلاردىكى بىر قې-

تىملىق ئولتۇرۇشتا ماسكىيوەن:
— ئۇلار ھەقىقەتەن ئانىسى ئوغۇل دەپ تۇغقان ئادەملەر ئىكەن. ھېلىقى سازلىققا پېتىپ قالغانلارچۇ تېخى؟ ئۈلگۈچە تىز پۈكمىدى. ئەگەردە بىزنىڭ گاسىلىڭدەك ياخشى كومادىرغا ئېرىشسە تەڭ كەلمەك تەس ئىكەن. . .

ئۇلارنى تاتراڭدا «لوخان دۆي» دەپ ئاتالغان ياشانغانلار ئەترىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە ئەتىلا چەرچەنگە ھەيدەپ ئاپىرىشـنى بۇيرۇدى. ما سىكيوەننىڭ ئەسكەرلىرى ئەسىرلەرنى دەرۋاـزىدىن يەنە بىر قېتىم بىر ـ بىرىدىن ساناپ ۋە ئاختۇرۇپ كىرگۈزدى. بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسى جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئالدىدا چوڭ يول بار ئىدى. چوڭ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئۇدۇلدا چوڭ ئايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك ئون ئېغىزچە ئۆي بار ئىدى. ئەرلەرنى شۇ ئۆيلەرگە قامىدى. ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىككى تەرەپتە بىرنەچچە ئېغىزلىق ئىسلىشىپ كەتكەن ئۆيلەر بولۇپ شۇ يەردە جۇۋازخانىغا يانداش بولغان كىچىك بىر ئۆيگە ھېلىقى ئۈچ ئايالنى قاماپ قويدى. بۇ ئۆينىڭ ئارقا تېمى كالا ئېغىلىغا ياندىش بولۇپ شۇ تەرەپتىكى تامدا خېلى چوڭ بىر دانە مورا ئوچاق بار ئىدى. بەلكى، بىر زامانلار ياكى بىر نەچچە كۈن بۇرۇنلا جۇگازچى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرغاندۇر. تۇڭگانلار ئىشىكنى زەنجىرلەپ كەتكەندىن كېيىن ھاشىخان ھۇۋ تارتىپ يىغلاپ كەتتى ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى. قالغان ئىككىيلەن ئۇنچىقماي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ماڭىمۇ دۇشمەنلەر مۇشۇلارغا قىلغاننى قىلىسچۇ؟ دېگەننى ئويلاپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ۋە يەنە يىغلىۋەتتى.

— ھەي مەن شور پېشانىنى. ئاتقا ئوق تەككۈچە ماڭا تەگسە بولمامدۇ؟ خۇدا ئاتقا بەرگەن ئۆلۈمنى ماڭا بەرسە بولـمامدۇ؟ — دەپ يىغلايتتى ئۇ.

— ئاچا نېمىشقا ئۆزىڭىزگە ئۆلۈم تىلەيسىز؟ جان خۇداـ

نىڭ ئىلگىدە، — دېدى قىزلارنىڭ چوڭراقى.
— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ ئېتىم ئۆلمىگەن بولسا، مەن قوتۇلۇپ كېتەتتىم. ئېتىمغا ئوق تېگىپ بۇ قاراقچىلارغا تۇتۇلۇپ قالدىم، — دېدى ھاشىخان يىغلاپ تۇرۇپ.
— بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقتىڭىزما؟
— مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. خالىسا ھازىرلا ئۆلتۈرۋەتسۇن. ئۆلۈمدىن قورقمىغاچقا ئىككى يىلدىن بۇيان جەڭ قىلىپ كېلىۋاتىمەن.
— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسىز ئاچا؟
— مەن نېمىشقا يىغلىماي، بۇلار ماڭىمۇ سىلەرگە قىلغاننى قىلىسىچۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ ئۆلگىنىم. . .
— بىزگە نېمە قىپتۇ؟ — دېدى چوڭ قىز بىغەرەزلىك قىلىپ.
— يەنە نېمە قىلسا بولاتتى گالۋاڭ خوتۇن؟ — دەپ ھاشىخاننىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى، — يەنە نېمە قىلسا بولاتتى؟ سەن ئىككىڭنى ئون بەش مۇناپىق نۆۋەتلىشىپ خوتۇن قىلغاندىن باشقا يەنە نېمە قىلسا بولاتتى؟ ساڭا خوش يېقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ بىراق ماۋۇ بولسا كاردىن چىقىپتۇ.
— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئاچا؟ خوتۇن كىشى دېگەن بىقۇۋۇل ئىكەن. بىزدە نېمە ئامال بار دەيسىز؟ — دەپ چوڭ قىزمۇ يىغلىۋەتتى.
— تىرىشچان، غەيرەتلىك ئادەملا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ ياكى شۇ يولدا ئۆز غورۇرى بىلەن ئۆلىدۇ. ئىزدىسەڭ ئامال تېپىلىدۇ. ئەتە بىزنى چەرچەنگەن ھەيدەيدۇ، بۇگۈن كېچىسىلا قېچىپ كېتەيلى.
— قېچىپ كېتەيلى؟ قانداق قاچىمىز؟ بىز قاماقتا تۇرساق. تۇتۇلۇپ قالساق بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دەپ تېخىمۇ

يىغلاپ كەتتى ھېلىقى قىز.
— ئەخمەق خوتۇن، يىغلىماڭ، يىغا بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. يىغلاش ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى. قىرىق - ئەللىك مۇناپىقنىڭ تېگىدە ياتقاندىن ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟ سىلەر نومۇس قىلمىدىڭلارمۇ؟
قىزلار گەپ سۆز قىلمىدى. بۇ چاغدا ياتار ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۆي زەي بولغاچقا ئۇلارنى بۇرگە چېقىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ھاشىخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاقنى سىلاشتۇرۇپ مۇشتلاپ باقتى. ئوچاقنىڭ ئىچىدىكى سۇۋاق خېلى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ ئوچاقنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتمەكچى بولدىيۇ لېكىن بۇ نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى. تام ئۆرۈلگەندە چىققان ئاۋازدىن دۈشمەنلەرنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى تامغا سۈرۈپ بىر نەرسە ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىر ئىشىكنىڭ كەينى تەرىپىدە قولىغا بىر دانە ياغاچ قوزۇق ئۇرۇندى. ئۇ ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇ تولىمۇ تەستە قوزۇقنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە پېشانىسىدىكى تەرنى كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە سۈرتۈپ بىر دەم ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بىر پارچە سۇۋاقنى ئاجراتتى. ئەمدى تامنى تېشىشتىن ئۈمىد تۇغۇلدى. ئۇ بىر مەزگىل كۈتۈش قارارىغا كەلدى ۋە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. لېكىن، ئۇلارنى يەنىلا بۇرگە ئارام تاپقۇزمىدى. تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ خىياللىرى ئۆتكەن كۈنلەرگە كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بالىلىق چاغلىرى، دادىسىنىڭ ئۆلۈمى، ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن چاغلار كېيىن كۈتمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ كورلىغا كېلىپ ياتلىق بولۇش، لەززەتلىك مۇھەببەت بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر، ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى، خەلق قوزغىلىڭى، قارا يۆلغۇندا بولغان ئۇرۇشتىكى ئۆلۈم پاجىئەلىرى، ياڭ مىڭجۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە بۇ قېتىمقى ئۇرۇش،

ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىش. ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنىمنى ئېرىم بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر؟ مېنى ئىزدىگەندىمۇ؟ ھەممە ئىش بۈگۈن كېچىدە. . . قېچىپ كېتەلىسەم ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك ياخشى بولىدۇ. رىسقىم تۈگىگەن بولسا ئەتىلا ئۆلىمەن. چۈنكى، دۈشمەنلەردىن شەپقەت كۈتۈش، قوزىنىڭ بۆرىدىن شەپقەت كۈتكىنىگە ئوخشاش. . . ئۇنىڭ خىياللىرى چېگىشلىنىپ كەتتى.

ئۇ بۇ يەردە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھېلىقى ئىككى قىزمۇ پۈتۈنلەي جىمىپ كەتكەنىدى. بەلكى ئۇخلاپ قالغاندۇ. . . بىردىنلا گۈرگىرەپ شامال چىقتى. ھاشىخان سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— خۇدا بىزگە مەدەت بەردى ، قېچىپ كېتەلەيدىغان بولدۇق، — دېدى ئۇ.

ھاشىخان شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ ئوچاقنىڭ كېسىكىنى ئاجراتتى. يېڭى ئېچىلغان تۆشۈكتىن سالقىن ھاۋاغا قوشۇلۇپ قىغنىڭ پۇرىقى كىردى. ئۇ يېڭى ھاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالدى. ئۇنىڭدا قىغنىڭ پۇرىقى بولسىمۇ زەي ئۆيدىكى سېسىق ھاۋادىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئۇ پەم بىلەن سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ كېسەكلەرنى پەم بىلەن ئاجرىتىپ، ئادەم يانچە بولسا پاتقۇدەك تۆشۈك ئاچتى، ئۇ قىزلارنىڭ يېنىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا:

— مەن چىقىپ چارلاپ كىرەي. سىلەر تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

بۇ چاغدا ئاخشامدىن بۇيان ئۆگزىدە مېڭىپ يۈرگەن قاراۋۇلنىڭ ئاياغ ئاۋازىمۇ جىمىققانىدى. ئۇ ئۆزى. ئاچقان تۆشۈكتىن يېنى بولۇپ ئاران چىقتى. لېكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۆزىگە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن تامغا يۆلىنىپ بىرنەچچە مىنۇت تۇردى. ئۇ قاپقاراڭغۇ ئۆيدىن چىققاچقا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئېغىلدىكى بەش كالىنى، جەنۇب تەرەپكە قارىغان ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئېنىق پەرق ئېتە-

لىدى. ئېغىلنىڭ ئىشىكى تەرەپتە چوقۇم قاراۋۇل بار دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى، قورۇننىڭ دەرۋازىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ تام ياقىلاپ ئۇنى تۇتۇپ ــ بۇنى تۇتۇپ مېڭىپ ئېغىلنىڭ شىمالىي تېمىنى تۇتۇپ مېڭىپ ئۇ يەردە بىر ئىشىكنىڭ بارلىقىنى بىلدى. ئىشىك زەنجىرلەپ قويۇلغانىدى. ئۇ ئىشىكنى كۆتۈرۈپ ئېچىپ ئىچىگە كىردى. بۇ سامانخانا ئىكەن. سامانخانىنىڭ ئۈستى يېپىقلىق بولۇپ ئېغىلدىن قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆگزىدىكى سامان تۆكىدىغان تۆشۈكنى تاپتى. تامنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويى كېلەتتى. تەۋەككۇل قىلماي ئامال يوق ئىدى. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېگەن شۇ دەپ ئويلىدى ھاشىخان، يا قۇتۇلۇپ كېتەرمىز، ياكى ئۆلۈپ كېتەرمىز دېگەن خىيالمۇ مېڭىسىدە يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ سامانخانىدىن قايتىپ چىقىپ، ئۆزى ئاچقان تۆشۈككە كەلدى. بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ قىزلارنى چاقىردى:

ــ كېلىڭلار.

ئۇلار ئىنجىقلىشىپ يۈرۈپ خېلى تەستە تۆشۈكتىن چىقتى. راستىنى ئېيتقاندا چوڭ قىزنىڭ قاچقۇسى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ ھاشىخاننىڭ دېگەن گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ھەرگىز ئۆزىنى قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئامالسىز يولغا چىقتى. ھاشىخان ئۇلارنى پەم بىلەن يېتىلەپ سامانخانىغا ئېلىپ كىردى.

ــ قېنى تىزىمغا دەسسەپ تامغا ئېسىلىڭ، ــ دېدى ئۇ چوڭ قىزغا. ئۆزى بولسا بىر قولىدا تامنى تۇتۇپ، بىر پۇتىنىڭ تىزىنى يەردە قويۇپ، يەنە بىر پۇتىنى دەسسەپ تۇردى. ھېلىقى قىز ھاشىخاننىڭ يوتىسىغا دەسسەپ تۇرۇپ تامغا چىقتى. ئارقىدىن ھاشىخان كىچىك قىزنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ــ بۇنىمۇ تارتىۋېلىڭ، ــ دېدى.

ئۇلار ئۇنىمۇ تامغا چىقاردى. ئارقىدىن ھاشىخان بىرلا سەكرەپ تامغا چىقتى ۋە سېرىلىپ تۆۋەنگە چۈشتى. قالغان

ئىككىسىنىمۇ كۆتۈرۈپ دېگۈدەك يەرگە چۈشۈردى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدىنلا بىر ئادەم ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار تامغا چاپلە- شىپ تۇرۇۋالدى. قورققانلىقتىن يۈرەكلىرى پوكۇلداپ كەتتى. بۇ چاغدا شامالنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بىلەن ئاندا - ساندا قاۋىغان ئىتنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. ئۇلار خېلىغىچە تام تۈۋىدە تىمشاپ تۇرۇپ يولغا چىقتى. بۇ يەرنىڭ يېرى نەم، قۇمساز بولغاچقا ماڭسا ئاۋاز چىقمايتتى. ئۇلار ئون بەش - يىگىرمە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بىر بۇغدايلىققا كىرىپ قالدى. بۇغدايلىق لاي ئەمەسكەن. ئۇلار گاھىدا پۈتلە- شىپ، گاھىدا يىقىلىپ يۈرۈپ، بۇغدايلىقتىن چىقتى ۋە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن دەريا بويىغا كېلىپ قالدى. ھاشىخان ئۆتۈكىنى سېلىپ كىچىك قىزنى يۈدۈپ دەريادىن ئۆتتى.

— ئۇھ قۇتۇلدۇق، — دېدى ھاشىخان خۇشال بولۇپ، — ئەمدى دەريا ياقىلاپ كۈنچىقىشقا ماڭايلى.

* * *

ئۇلار بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى ھەم كىچىك قىزنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. شامال كەينىدىن چىقىۋاتقاچقا ئۇلارغا مېڭىش خېلى ئاسان بولدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ياكى ئايلىنىپ ئۆتتى. لېكىن، ئۇلار يىگىرمە تۆت سائەتتىن بۇيان ھېچ نەرسە يېمىگەچكە پۇت - قولىدا دەرمان قالمىغانىدى.

— قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ماڭالمايۋاتىمەن، — دېدى چوڭ قىز.

— چىدايلى، — دېدى ھاشىخان، — بۇ مۇناپىقلارغا ئاياغ - ئاستى بولغاندىن كۆپ ياخشى. ئۆلسەكمۇ بىزنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. بەلكى، ئۆز غورۇرى بىلەن ياشاپ، باتۇرلۇق بى-

لەن ئۆلۈپتۇ دەيدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىز جىم بولدى. ئۇلار گاھىدا دەم ئېلىپ، گاھىدا مېڭىپ چەرچەن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيتتى. مۇشۇ دەريانى بويلاپ ماڭىۋەرسە چاقىلىققا بارغىلى بولىدۇ دېگەن گەپنى ھاشىخان ئاڭلىغانىدى. ئۇلار ماڭىۋېرىپ سوۋە كۆتۈرۈلگەن چاغدا «تاختا پەرەدۆك» نىڭ ئۇدۇلىغا كەپقالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى دەريا بويىدا بىر قارا نەرسە تۇراتتى. ئۇلار قورققانلىقتىن دەرھال ئۆزلىرىنى قومغا تاشلاپ يېتىۋالدى ۋە ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدى. بىردىنلا ئۇلارنىڭ باش ئۇستىدە بىر دانە بوز تورغاي سايراپ كەتتى. ئۇلار تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇلار يۈزلىرىنى سەھەر ۋاقتىدىكى مۇزدەك قومغا يېقىپ يېتىۋالدى. لېكىن، بوز تورغاينىڭ سايرىغىنى سايرىغانىدى. ئۇ بەلكى تۈنۈگۈنكى بۇ يەردە يۈز بەرگەن پاجىئە ئۇچۇن ئېچىنىپ يىغلاۋاتقاندۇ ۋە ياكى ئۆزىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان بۇ نامەلۇم ئادەملەردىن ھەيران بولۇپ سايراۋاتقاندۇر. نېمىلا بولسۇن ئۇ توختىماي سايرايتتى. ئۇنىڭ سايرىشى بۇ ئۇچ نەپەر ناتىۋان ئايالنى تېخىمۇ قورقۇتاتتى. چۇنكى، ھەربىي ئىشلاردا رازۋېدكىچىلار قۇشلارنىڭ تۇيۇقسىز سايرىشى، پالاقشىپ ئۇچۇشى قاتارلىقلارنى تولۇق ھېسابقا ئالىدۇ، ئۇ چاغدا چاتاق بولاتتى. ھاشىخانىنىڭ:

> ھاۋادىكى بوز تورغاي،
> سايرىمىساڭ نېمە بولغاي.
> خۇدا ئالمىغان جاننى،
> قىينىمىساڭ نېمە بولغاي.

دەپ تورغايغا ئىلتىجا قىلغۇسى، ئۇنىڭغا يالۋۇرغۇسى كەلدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى قانداق چۈشەنسۇن.

شۇڭا ئۇ توختىماي سايرايتتى. ھاشىخان يېتىپ تۇرۇپ ياغلىقىـ
نى چۆرۈپ باقتى. سوغۇق قۇمنى سىقىمداپ ئېلىپ چاچتى.
لېكىن، بوز تورغاي داۋاملىق سايرىماقتا ئىدى. بىر كەمدە دەريا
بويىدىكى قارا نەرسە پۇشقۇردى. دېمەك، ئۇنىڭ ئات ئىكەنلىكى
مەلۇم بولدى. ئاتنىڭ يېنىدا ئادەم بارمۇ ـ يوق؟ . . . . ئۇلار يۈزلىـ
رىنى سوغۇق قۇمغا يېقىپ، ئاتتىن كۆز ئۈزمەي يېتىشتى.
ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇلار يەنە بىر ئاز كۈتتى. تاڭمۇ ئاستا ـ ئاستا ئاقاردى.
ئىگەرنى قارنىغا ئېلىپ يۈگەننىڭ تىزگىنىنى پۇتىغا كىرىپ قېـ
لىپ ماڭالمايۋاتقان جەڭ ئېتى ئېنىق كۆرۈندى. ھاشىخان ئەمـ
دى ئاستا ئۆمىلەپ يېنىدىكى بىر ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىـ
گە چىقىپ، يېتىپ تۇرۇپ ھەربىيلەرگە خاس سەگەكلىك بىلەن
ئەتراپنى كۆزەتتى. دەريانىڭ جەنۇبىدىكى سازلىقتا نۇرغۇنلىغان
جەسەتلەر، ئۆلگەن ئاتلار ياتاتتى. ئۇلارنى بۆرىلەر ۋە قاغىلار
يېمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ھاشىخاننىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدىن
بوراندەك ياش قۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئېسىگە «بوز يىگىت» داستانىدىكى مۇنۇ مىسرالار
كەلدى.

يەردە ياتۇر بۇلغىنىپ،
پۇت ـ قوللىرىڭ تولغىنىپ.
كېپەن بىلەن گۆرۈڭ يوق،
يەردە ياتۇر ئەرمىدىڭ.

ئۇنىڭ يىرتقۇچلارنى ۋارقىراپ قوغلىۋەتكۈسى كەلدى .
لېكىن، ئېھتىيات قىلدى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ كۆز ياشلىـ
رىنى سۈرتۈۋېتىپ. ئۆلگەن شېھىتلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۆزىـ
نىڭ بىلىشىچە دۇئا قىلدى ـ دە، دۆڭدىن سىرىلىپ چۈشۈپ

ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېگىز بويلۇق چىلان تورۇق ئات ئاچلىق-
تىن تاناپتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئاۋۋال بېرىپ ئىگەرنى
يەشتى. ئاندىن ئاتنىڭ ئارقا پۇتىغا كىرىپ قالغان يوگەننىڭ
تىزگىنىنى ئاجراتماقچى بولغان بولسىمۇ ئاجرىتالمىدى. راستى-
نى ئېيتقاندا ئاتنىڭ ئارقا پۇتىغا تېگىشتىن قورقتى. شۇڭا،
ئاتنىڭ نوقتىسىنى قالدۇرۇپ، يوگەننى بېشىدىن چىقىرىۋەتتى.
ئاتنى بىرنەچچە قەدەم ماڭدۇرغانىدى. يوگەنمۇ ئاجراپ كەتتى.
ئۇ ئەمدى ئاتنى ئىگەرلەش ئۈچۈن ئىگەرنى كۆتۈرگەنىدى. غاز-
جۇغىدا تۇرغان كىچىككىنە سەپەر خۇرجۇنىغا كۆزى چۈشتى.
بۇ پۇتۇن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا شتابتىن تارقىتىپ بېرىلگەن
خۇرجۇن ئىدى. خۇرجۇننىڭ بىر يېنىدا ئىككى دانە نان ۋە بىر
پارچە سېمىز كالا گۆشى بار ئىكەن. يەنە بىر يېنىدىكى سۇ
قاپىقى ئېزىلىپ كېتىپتۇ.
— خۇدا قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ، ھاسىسىدىن ئايرى-
مايدۇ، دېگەن راست گەپكەن، — دېدى ھاشىخان ئۆز -
ئۆزىگە. ئۇ ئات بىلەن نانغا ئۇچراپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكە-
نىدى. ئۇ ئاتنى ئىگەرلەپ بولۇپ نېرىسىدىكى قۇمنىڭ كەينىدە
ياتقان ئىككى قىزنى شەرەت قىلدى. ھاشىخان بۇ يەردىن تېزرەك
كېتىش كېرەك. بولمىسا دۇشمەنلەر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن
دېگەننى ئويلىدى.
— قېنى ئاتقا مىنىڭلار. خۇدا بىزگە يول بەردى، — دېدى
ھاشىخان.
— ئاچا بىزنى نەگە ئاپىرىسىز؟ بىز چاقىلىقتا بار -
مايمىز، — دېدى چوڭ قىز.
— مەنمۇ سىلەرنى چاقىلىقتا ئېلىپ بارمايمەن. ئادەم بار
يەرگە بارغان ھامان سىلەردىن ئايرىلىمەن. ئۆزۈم يالغۇز كېتى-
ۋېرىمەن.
— تووۋا خۇدايىم ماۋۇ خوتۇننى... شۇنداقمۇ خوتۇن بو-

لىدىكەن، قورقمامسىز؟ — دېدى چوڭراق قىز ئەجەبلىنىپ.
— قورقساممۇ قانداق قىلىمەن. ياكى تۇڭگانلارغا خوتۇن بولسام بولامتى؟ — ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى كەسكىن ئىدى، — گەپنى قويۇپ ئاتقا مىنىڭلار.
— چوڭ كۆلگە بارايلى. شۇ يەردە مېنىڭ ئانامنىڭ سىڭ-لىسى بار. بىزگە ياردەم قىلىدۇ، — دېدى چوڭ قىز.
— بولىدۇ، ئەمىسە يول باشلاڭ ماڭايلى...
ھېلىقى ئىككى قىز ئاتقا مىنگەشتى. يۈگەننىڭ تىزگىنىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ. ھاشىخان ئاتنىڭ ئاغامچىسىنى ئۆزى تۇتۇپ، ئاتنى يېتىلەپ ئەگرى - بۈگرى دەريا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

*　　*　　*

ئۇلار ئاش ۋاقتى بولغاندا دەريا بويىدىكى بىر توقايلىقتا كېلىپ توختىدى.
— ئاتتىن چۈشۈڭلار. ناشتا قىلايلى، — دېدى ھاشى-خان. قىزلار چىن كۆڭلىدىن ھەيران بولدى.
— چاقچاق قىلماڭ ئاچا. نېمىدە ناشتا قىلىمىز، سوغۇق سۇ بىلەنما؟
— ھازىر بىلىسىلە، — دەپ ھاشىخان ئاتنىڭ بېشىدىن يۈگەننى چىقاردى. نۇقتىنىڭ ئۇزۇن ئارغامچىسىنى دەريا بويى-دىكى يوغان بىر تال يۇلغۇنغا باغلاپ قويدى. ئاچ قالغان ئات سۇ بويىدا ئۆسكەن بۇلۇق ئوتقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېغىز سالدى. ھاشىخان دەريا سۈيىدە قولىنى، يۈزىنى يۇيۇپ كۆڭلى-كىنىڭ پېشىگە سۈرتتى ۋە خۇرجۇننى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر دانە ماتا خالتىنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىككى دانە نان، يوغان بىر پارچە سېمىز كالا گۆشىنى چىقىرىپ، خۇرجۇن-نى يېيىپ ئۈستىگە قويدى.

— قېنى سىڭىللىرىم داستىخانغا كېلىڭلار، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن.

قاراپ تۇرغان ھېلىقى ئىككى قىز دەرھال قوللىرىنى يۇ-يۇپ، يۈزلىرىنى سۈرتۈپ داستىخانغا ھازىر بولدى. ئۇنىڭغىچە ھاشىخان نان بىلەن گۆشنى ئوخشاش ئۈچ بۆلەك قىلىپ ئايرى-دى. ھەممەيلەن ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىپ چەرچەن دەرياسىنىڭ مۇزدەك سۈيىدە ئىشتىپ يېدى. گۆش بولسا ئازراق بىغسىپ قالغانىكەن. لېكىن، قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئۇلار ھېچنېمىنى سەزمىدى. قورساق تويغاندىن كېيىن ئۇلارغا هاردۇق بىلىنىش-كە باشلىدى.

— تۇرۇڭلار ماڭايلى، — دېدى ھاشىخان قىزلارغا، — بۇ يەردە ياتساق غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ قالىمىز. ئۇ چاغدا تارتقان جاپايىمىز بىكارغا كېتىدۇ.

ئاتمۇ خېلى تويغانىدى. ئۇلار ئاتقا نۆۋەتلىشىپ مىندى. چوڭ كۆلگە يېقىن قالغاندا ئۇلارغا تۆت نەپەر قوزغىلاڭچى ئۇچ-رىدى. ئۇلار ھاشىخاننى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ۋاي تۇەنجاڭ بىزنى خۇدايىم ئۇچراشتۇردى. نەگە بېرىشنى بىلمەي بېشىمىز راسا قاتقانىدى. بىزگە باشلىق بولسىلا، — دېيىشىپ ئۇلار قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىشتى. ئۇزاققا قالماي يەنە يەتتە نەپەر قوزغىلاڭچى ئۇچرىدى. ئۇلار چوڭ كۆل-لۈكلەر قۇرغان قاپقانغا چۈشكەن جەرەننى كاۋاپ قىلىۋېتىپتىكەن. بۇلارمۇ جەرەن كاۋىپىغا داخىل بولۇپ خېلى پۇت - قولىغا جان كىرىپ قالدى.

* * *

ئۇلار ناماز دىگەر ۋاقتىدا چوڭ كۆلگە يېتىپ كەلدى. چوڭراق قىز دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كوملاش تاملىق ئۆينى

كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— ئاشۇ ئۆيگە بارايلى. مېنىڭ تۇغقىنىمنىڭ ئۆيى شۇ، — دېدى.
— ياق، — دەپ كەسكىن رەت قىلدى ھاشىخان، — مەھەللىدە ئايغاقچى بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە تۇڭگانلار بىلىپ قالسا ئۆي ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.
— ئانداق بولسا مەن بېرىپ سىلەرگە ئازراق يەيدىغان نەرسە ئەكېلىپ بېرەي، — دەپ ئۇ يەنە بىر قىز بىلەن دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ كەتتى.
ئون ئىككى نەپەر قوزغىلاڭچىدا ئون بىر دانە مىلتىق بار ئىدى. ئۇلار ئاتلارنى بىر دالدا جايدا ئوتقا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى يۇلغۇننىڭ ئارىسىغا كىرىپ، كومىلاش تاملىق ئۆيدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇشتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن بىر ئەر كىشى بىلەن چوڭ قىز دەريا بويىغا كەلدى. ئەركىشى ئەللىك ياشلارغا كىرگەن، ئېگىز بوي، چاچگا ساقال ئادەم ئىدى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار ھەر ئېھتىمالغا قارشى قوراللىرىنى بەتلەپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى.
— خان ئاغچام، — دەپ ۋارقىرىدى كەلگەن ئادەم، — قىزىمىزنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقلىرىغا رەھمەت. قولىمىز قىسقا، ئاز بولسىمۇ بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشالا.
ھاشىخان يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ، ئىككى يىگىتنى چاقىردى ئۇچەيلەن ئاتلىنىپ دەريادىن كېچىپ ئۆتتى ۋە ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگىنى بىر سان جەرەن گۆشى بىر چارەكچە قوناق ئۇنى، بەش دانە ئاق نان، بەش دانە زاغرا ئىدى. ئاچ قالغان بۇ ئادەملەر ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر ناھايىتى چوڭ سوۋغا ئىدى. ھاشىخان بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ ئالدى.
— بارلىق قوزغىلاڭچىلار نامىدىن سىلىگە رەھمەت

تاغـا، ــ دېدى هـاشىخان ئارقـىدىن كەلگـەن قىزغـا بۇ - رۇلدى، ــ ئىككى كۈندىن بۇيان هەمراھ بولۇپ يول ماڭغان بولساقمۇ بىر - بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى سوراشماپتۇق. ئىسمىڭلار نېمە؟

ــ مېنىڭ ئىسمىم نىساخان، يەنە بىرى بۇۋەيشىخان، ــ دېدى ئۇ، ــ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، ــ ئاچا مەن سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

ــ مېنىڭ ئىسمىم هاشىخان. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ جەڭچىسى. مەنمۇ سىلەرنى هەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ــ دېدى هاشىخان، ــ غەيرەتلىك بولۇڭلار، باتۇر بولۇڭلار، ئۆز نومۇسۇڭلارنى، غورۇرۇڭلارنى ساقلاڭلار.

ــ ماقۇل ئاچا، سىز دېگەندەك قىلىمىز، ــ دېدى هېلىقى قىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خوشلاشتى. دېھقان بولسا هاشىخانغا قاراپ هەيران بولغانلىقىدىن تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇ «تاختا پەرەدۆڭ» دىكى جەڭ ۋە ئەسىرلىكتە بولغان ئىشلارنى ئاڭلىغانىدى. هاشىخان دېھقان بەرگەن يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى يالغۇز ئەمەس ئىدى. يەيدىغان نەرسىمۇ بار بولدى. ئەمدىكى مەسىلە چاقىلىقتا قانداق يېتىپ بېرىش، قوزغىلاڭچىلارنى قانداق تېپىشتا ئىدى. ئۇلار قورساقنى تويغۇزۇپ كېچىلەپ يۈرۈپ كەتتى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

# قوزغىلاڭچىلار قورشاۋدا

ئۇرۇق چاچمىساڭ، ھوسۇل ئالالمايسەن،
جېنىڭنى ئايىساڭ، دۈشمىنىڭنى يېڭەلمەيسەن.
—— شەيخ سەئىدى

«پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازىدىن ھەممەيلەن چۆچۈپ ئويغى-نىپ كەتتى.

تۇردى يىگجاڭ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا پۇتۇن ئۇستىۋې-شى توپىغا مىلىنىپ كەتكەن كانايچى بەختى ھاسىراپ كىرىپ كەلدى.

— دۈشمەن كەپقالدى. ئەتراپنى قورشىۋاپتۇ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

— نېرىقى ھويلىدىكى ئايۇپ فۇگۇەنگە خەۋەر قىل-غىن، — دەپ بۇيرۇق بەردى تۇردى يىگجاڭ، — ھەممەيلەن جەڭگە ئاتلانسۇن.

— خوپ يىگجاڭ، — دېگىنىچە نۇر بەختى ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، مۇھەممەت يۇسۇپ ئەرۋاھنىڭ ھويلىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەسلىدە ۋەقە مۇنداق بولغانىدى.

«تاختا پەرەدۆك» قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىككى كېچە - كۈندۈز دەم

ئالماستىن يول يۇرۇپ 24 ـ ماي كۇنى كەچتە ۋاششەرىگە كېلىپ ناسىر ھاجىمنىڭ قورۇسى بىلەن مۇھەممەت يۇسۇپ ئەرۋاھنىڭ قورۇسىغا چۇشكەنىدى. بۇ ئىككى قورۇ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا چوڭ يول بار ئىدى. ئۇلارنى بىر ھەپتىدىن بۇيانقى ئاچ ـ زارلىق، ئىككى كۇنلۇك دەھشەتلىك ئۇرۇش ۋە ئىككى كېچە ـ كۇندۇزلۇك يول ئازابى ھالىدىن كەتكۇزگەنىدى. ئۇلار ۋاششەرى خەلقىنىڭ بەرگەن ئوزۇقلۇقلىرى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە غىزالىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇلار تاڭ ئېتىشى بىلەن چاقىلىققا قاراپ يولغا چىقماقچىدى.

*　　　*　　　*

«تاختا پەرەدۇك» دىكى ئۇرۇشتىن كېيىن قورشاۋنى بۇسۇپ چىقىپ كەتكەن قوزغىلاڭچىلارنى دۇشمەنلەر بىر ئاز قوغلاپ، يېتىشىپ ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن توختاپ قالدى. كەچتە چەرچەندە تۇرۇشلۇق 8 ـ بىرىگادا كوماندىرى «سوپى ھاجى» نى ئالدىغا چاقىردى ۋە «سوپى ھاجى» يېتىپ كەلگەندە ئۇنى ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن كۇتۇۋالدى.

— ھاجى ئاكا، — دېدى ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان «سوپى ھاجى»غا، — چاقىلىقتىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار قورشاۋنى بۆسۇپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار راسا چارچىدى. ئۇلارنىڭ ئارام ئالغۇزماي قوغلاپ زەربە بېرىپ ئۇزدىل ـ كېسىل يوقىتىشىمىز ھەم چىڭخەيگە ئۆتىدىغان چوڭ يولنى ئېچىشىمىز كېرەك.

— خوپ بۇ ئىشقا مەن باراي، — دېدى ئۇ باشلىقىنىڭ مۇددىئاسىنى چۇشىنىپ.

— سىزگە بىر تۇەن ئەسكەر بېرىمەن، قانداق يېتەمدۇ؟ ھەممىسى چېنىققان جەڭچىلەر، — دېدى ئۇ «سوپى ھاجى»نىڭ

كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— يېتىدۇ، ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندايمەن، — دېدى «سوپى ھاجى».

— بەك ياخشى بولدى. يول باشلاشقا ئوسمان شاڭيۇ بارىدۇ. ئۇ ۋاششەرلىك. يولنى پىششىق بىلىدۇ، — دېدى ما سىڭيۇەن .

— ماقۇل، بۇرۇن چاقىلىققا بارغان قىسىملارمۇ بىللە بارسۇن، — دەپ تەلەپ قىلدى «سوپى ھاجى».

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق. ئاتلارنى، ئادەملەرنى تويغۇزۇپ يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ كېتىڭ، — دەپ بۇيرۇق بەردى ما سىڭيۇەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ما ۋۇنىڭ (سوپى ھاجى) نىڭ قول ئاستىدىكى قىسىمدىن ئۆلگەن، يارىدار بولغانلارنى چىقىرىۋېتىپ ئادەملىرىنى تولۇقلىدى. سىمازانى پەيجاڭلىقتىن لەنجاڭلىققا ئۆستۈردى. يەنە ئۇلارغا خىللانغان تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن بەردى. يولغا چىقىش ئالدىدا ماسىڭيۇەن ئۇلارغا قىسقىچە نۇتۇق سۆزلىدى:

— باتۇرلار سىلەرنى ئەتە (ئالدىنقى سەپ قوماندانى) ما ۋۇنىڭ ھاجى ئاكام چاقىلىققا باشلاپ بارىدۇ، سىلەر قوزغىلاڭچى ئوغرىلارنى تۇتىسىلە. ھەممەڭلار جانپىدالىق كۆرسىتىپ، چاقىلىقنى، يەنى چىڭخەيگە ئۆتۈدىغان بۇ چوڭ يولنى تازىلاڭلار. بولمىسا قوزغىلاڭچى ئوغرىلار بىزنىڭ كانىيىمىزدىن ئالىدۇ. ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇلارنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۇڭلار. «تاختا پەرەدۆك» دە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز ئۆلدى. ناھايىتى كۆپ زىيان تارتتۇق، بۇ قېتىم ئۇلارنى ھەرگىز ئايىماڭلار. چۈشەندىڭلارمۇ؟

— چۈشەندۇق، — دەپ ۋارقىراشتى ئەسكەرلەر.

— خەير سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن، — دەپ ما سىڭيۇەن

كەتتى. «چەنفاڭ سىلىڭ» ماۋۇنىڭ بولسا ئەسكەرلەرگە ئات-
لارنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى.
ئۇلار شۇ كېچىسى شامال چىققان مەزگىلدە يەنى ھاشىخانلار
قاچقان كېچىسى، ئۇلاردىن سەل بۇرۇن يول باشلىغۇچى ئوسمان
شاڭيۇنى ئالدىغا سېلىپ يولغا چىقتى. ما ۋۇنىڭ جامال قاتار-
لىقلارنىڭ ياللانما قوشۇنىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغا-
نىدى. ما سىڭيۇەن كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى.
— قەتئىي بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، بۇ چەنتۇلارغا ئىشەن-
گىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، تەييار غەلىبىگە ئۇلارنى شېرىك
قىلمايلى. ئۈچىنچى، چاقىلىقنى قولغا ئالساق بىر قىسىم باي-
لىق ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.
— خوپ، ئۇقتۇم، — دېدى ماۋۇنىڭ.
شۇنىڭ بىلەن ما سىڭيۇەن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلاردىن
خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن نىيىتى-
نىڭ ياۋۇزلۇقىنى، ئاچ كۆزلۈكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇلار
غەربتىن چىققان شامالدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى تېز ماڭدى.
ماۋۇنىڭنىڭ ئەسكەرلىرى يولدا ئۇچرىغان تۆت نەپەر ئادەمنى
بىكاردىن بىكار چېپىپ تاشلىدى. ئۇلار ناھايىتى تېز يۈرۈپ،
ئىككى سوتكىدىن كېيىن يېرىم كېچە بولغاندا ۋاشىرىگە يېقىن-
لاپ كەلدى. دۈشمەنلەرنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى بىلگەن
ئوسمان شاڭيۇ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ۋاشىرىنىڭ غەر-
بىدىكى جاڭگاللىقنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاخىر جەنۇب تەرەپتىكى
سايلىقتا ئېلىپ چىقتى ۋە قەدىمكى زاماندىكى «تاغلىق دولىتى»[①]
خارابىسىنىڭ ئەتراپىغا كەپقالدى بۇ چاغدا شەرقتىن چولپان
يۇلتۇزى كۆرۈنگەنىدى.
— ئېزىپ كېتىپتۇق، — دېدى ئوسمان شاڭيۇ ما ۋۇن-

① «تاغلىق دۆلىتى» مىلادى 1241 ـ يىلى موڭغۇللار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.

بىڭغا.

— ئاناڭنى. . . — دەپ ئاغزىنى بۇزدى، — سەندە كۆز كۆرمىدىما؟

— قاراڭغۇدا پەرق ئېتەلمەپتىمەن، — دېدى ئوسمان شاڭيۇ.

— ئەمدى قانداق ماڭىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى غەزەپلەنـ گەن «چەنفاڭ سىلىڭى»

— ئارقىمىزغا يانايلى، چوڭ يولغا چىقايلى، — دېدى ئوسمان شاڭيۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى تاڭ ئېتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

— ياق مەن مۇشۇنداق ماڭىدۇ، — دېدى ما ۋۇنبىڭ.

— ئالدىمىزدا چوڭ يارلىق بار، چۈشكىلى بولمايدۇ.

— سىمازا، — دەپ چاقىردى ما ۋۇنبىڭ، — ئالدىمىزـ دىكى يارلىقنى سەن كۆرۈپ كەل. سەنمۇ باسۇڭ — دەپ ئۇ ئوسمان شاڭيۇغىمۇ بۇيرۇق بەردى.

ئوسمان شاڭيۇ ئىسمائىل تۇڭگاننى يارلىققا باشلاپ باردى. يارلىق ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئىدى. تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا يارلىق تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇپ كۆرۈندى. ئىلاجىسىز ئۇلار قايـ تىپ كەلدى، بۇ چاغدا ماۋۇنبىڭ راسا تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى.

— يـارلىق بـەك چوڭقـۇر ئىكـەن، ئـاتلار چۈشەلمەـ گۈدەك، — دېدى سىمازا.

— چاققان ئارقىغا يانايلى. تاڭ ئېتىپ قالسا ئاشكارىلىنـ نىپ قالىمىز، — دەپ بۇيرۇق بەردى ماۋۇنبىڭ.

ئۇلار ئارقىغا يېنىپ ئاز دېگەندە ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇق ماڭغاندا يولغا چىقاتتى. لېكىن، ئوسمان شاڭيۇ ئۇلارنى غەربكە باشلاپ كەتتى. كۆز ھەممىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان چاغدا يىراق ئۈپۈقتا ماۋۇنبىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەينى تەرىپىدىن ۋاشىشەرى غۇۋا كۆرۈندى. ئۇلار چوڭ يول بىلەن ئاتلارنى چاپتۇـ

رۇپ كېتىشتى. ئۇلار مەھەللىگە كىرىپلا بۇغدايغا سۇ تۇتۇپ يۈرگەن بىر دېھقانغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ماۋۇنبىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ دېھقاننىڭ بوينىغا قويۇپ تۇرۇپ ئۇنى سوراق قىلدى. دېھقان قورقۇپ غال - غال تىترەيتتى.

— ئاخۇن، سەن ماڭا راست گەپ قىلسۇڭ، بولمىسا مەن سېنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى ماۋۇنبىڭ، — قوز-غىلاڭچىلار قەيەرگە چۈشتى؟

دېھقان بىر ئوسمان شاڭيۇغا، بىر ما ۋۇنبىڭغا قاراپ قويغاندىن كېيىن راست گەپنى قىلدى.

— قوزغىلاڭچىلار ناسىر ھاجىمنىڭ جايى بىلەن مۇھەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھنىڭ جايىغا چۈشتى.

— ئۇ يەر يىراقمۇ؟ — سورىدى ما ۋۇنبىڭ.

— يىراق ئەمەس. يول ئۈستىدىلا، — جاۋاب بەردى دېھقان.

— سەن ئۇ يەرنى بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان شاڭيۇدىن ما ۋۇنبىڭ.

— بىلىمەن، — دەپ ئوسمان شاڭيۇمۇ راست گەپ قىلدى.

— ئەمىسە سەن يول باشلىسۇڭ، — دېدى ما ۋۇنبىڭ ئوسمان شاڭيۇغا.

ئوسمان شاڭيۇ ئۇلارنى باشلاپ كەتتى. دېھقان شۇ يەردە قالدى. بۇ چاغدا تاڭ ئوبدانلا ئاقارغانىدى. ئەسكەرلەر ئوسمان شاڭيۇنى ئالدىغا سېلىپ كېلىپ ناسىر ھاجىم بىلەن مۇھەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھنىڭ جايىنى باغلىرى بىلەن قوشۇپ قورشىۋالدى. بۇ چاغدا بىر ھەپتىدىن بۇيانقى جەڭگىۋار ھەرىكەتتە بەك ھېرىپ كەتكەن قوزغىلاڭچىلار تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. شۇ چاغدا ھاجەتكە چىققان نۇر بەختى ئەمدىلا ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈشى بىلەن ئوققا تۇتۇلدى. ئۇ، خېلى تەجرىبىلىك قوزغىلاڭچى بولغىنى ئۈچۈن،

يېنىدىكى تامغا تەككەن ئوقنى كۆرۈپ، يۇمىلانغىنىچە ناسىر هاجىمنىڭ هويلىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە تۇردى يىغْجاڭغا خەۋەر يەتكۈزدى ھەم تۇردى يىغْجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئايۇپ فۇگۇەنگە يەتكۈزدى. قوزغىلاڭچىلار جاننى ئالىقانغا ئېلىپ جەڭگە ئاتلان-دى. ئۇلار ناسىر هاجىمنىڭ ۋە مۇھەممەت يۇسۇپ ئەرۋاهنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تېمىنى تېشىپ دۇشمەنلەر بىلەن بىر كېچە ـ كۈن-دۈز ئېتىشتى. ھەممە يەرنى مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقى قاپلاپ كەتتى. توختىماي ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى يەر ـ زېمىننى تىترىتەتتى. بۇ قېتىم قوزغىلاڭچىلار يەنىلا ئۆزىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە كۆپ، مۇنتىزىم قوراللانغان جەڭ تەجرىبىسى بار دۇشمەنلەر بىلەن ئېتىشماقتا ئىدى.

* * *

25 ـ ماي كۈنى چۈشتىن كېيىن دۇشمەنلەر ناسىر هاجىم بىلەن مۇھەممەت يۇسۇپ ئەرۋاهنىڭ باغلىرىنىڭ چېتىغا ئوت قويۇۋەتتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قۇرۇپ كەتكەن، يۇلغۇن، جىگدە شېخى ۋە ئاق تىكەندە قىلىنغان چىت ناهايىتى ئاسانلا كۆيۈپ تۈگىدى. باغنىڭ ئىچىدە قۇچاق يەتكۈسىز چوڭ ئۆرۈك، ئالما، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ھەم بەكمۇ يوغىناپ كەتكەن تېرەكلەر، سۆگەتلەر بار ئىدى. دۇشمەنلەر مانا شۇ دەل ـ دەرەخلەرنى پاناھ قىلىپ ئۆيگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. لېكىن، قوزغىلاڭچى مەرگەنلەر كۆزگە ئىلىنىپلا قالغان ئەسكەرنى يەر چىشلىتىپ تۇردى. بۇ قېتىممۇ دۇشمەن خېلى كۆپ تالاپەت كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ هۇجۇمى يەنىلا شىددەتلىك ئىدى. قوزغىلاڭچىلاردىنمۇ خېلى كۆپ چىقىم بولدى. بولۇپمۇ يارىدار بولغانلارنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. ئۇلاردا دورا ياكى داكا يوق ئىدى. سانىتار، دوختۇر دېگەنلەر تېخىمۇ يوق ئىدى. يارىدار-

لارنىڭ يارىسىغا پاختىنى كۆيدۈرۈپ بېسىپ ماتا بىلەن تېڭىپ قويۇۋاتتى.

26 ـ ماي كۈنى تاڭ سەھەردە دۈشمەنلەر مۇھەممەت يۈ-سۈپ ئەرۋاھىنىڭ جايىغا ئوت قويۇۋەتتى. چۈنكى، بۇلتۇر ئې-شىپ قالغان بىر ئاز بېدە بار ئىدى. بۇ قۇرۇق بېدىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر ئوت ئالغۇچ ئوق بىلەن بېدىنى ئوققا تۇتۇپ بېدىگە ئوت قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن زامانلاردىن بۇيان قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ياغاچلار، بورىلار، ئۆگزىگە سالغان ئوت - چۆپلەر لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى. دۈشمەنلەر ئەمدى قوزغىلاڭچىلار-غا ئۆلۈمدىن ئۆزگە يول قالمىدى. قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشلا بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ ھېسابلاپ قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا چاقىردى.

— ھەي قېرىنداشلار! سىلەر تۈگەشتىڭلار! پاتراق تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرامسىلەر؟ ياكى شۇ يەردە ئۆلەمسىلەر؟...

— ھەي قېرىنداشلار! پاتراق تەسلىم بولۇڭلار. تۆردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن سىلەرنى شېڭ دوبەنگە سېتىۋەتكەن.

— ھەي مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز ئالدىڭلاردا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىمىزكى، قورالنى تاشلىساڭلار، سىلەرگە تەگمەيمىز.

— بىزنىڭ باشلىقىمىز «سوپى ھاجى» ئاللانىڭ نامى بى-لەن قەسەم قىلىدۇكى، سىلەرگە ھەرگىز چېقىلمايمىز...

ئۇلار دالدىدا تۇرۇپ ۋارقىرىغان بىلەن ئاشكارا كۆرۈنۈشكە پېتىنالمايتتى. چۈنكى، «تاختا پەرەدۆك» دىكى ۋەقە ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقمىغانىدى. قوزغىلاڭچىلار دۈشمەنلەرنىڭ كۆرسەت-كەن يولىنىڭ ھېچقايسىنى تاللىمىدى. «ئۆزۈڭ تاپقان يولنى ئاتاڭغا بەرمە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئەسلەشتى ـ دە، ئۆزلىرى تاپقان يول بىلەن ماڭدى.

— ئۆلۈم يا كۆرۈم. يەنە بىر قېتىم بۆسۈپ چىقىپ كېـ-
تەيلى، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — پىلموت، ئاپتوماتلار
يول ئاچسۇن. ئوق خېلى بار. رىسقىمىز تۈگىگەنلەر شېھىت
بولۇرمىز، تۈگىمىگەنلەر هايات قالۇرمىز. بۇ يەردە تۇرۇپ
دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشسەك هېچكىم هايات قالمايدۇ.
— شۇنداق قىلايلى بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى
هەممەيلەن.

* * *

قوزغىلاڭچىلار تەييارلىق قىلىۋالغۇچە ئالەم چاشكا ۋاقتى
بولۇپ قالدى. ناسىر هاجىمنىڭ ئاختامىسىدا هەم مۇهەممەت
يۈسۈپ ئەرۋاهنىڭ ئېغىلىدا تۇرۇۋاتقان ئاتلارنى ئېلىپ چىقىپ
هەممەيلەن تەييارلاندى. ئەڭ ئالدىدا ماهىر پىلموتچىلار، ياندا
ئاپتوماتچىلار ماڭدى. ئوتتۇرىغا يارىدارلار ۋە مىلتىق تۇتقانلار
جايلاشتى. ئارقا تەرەپنى مۇهاپىزەت قىلىشنى ئايۇپ فۇگۇەننىڭ
دوستى قۇمۇللۇق قازاق جەڭچى ئوسمان ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ
قۇمۇلدىن مىنىپ چىققان ئالامەت يوغان هەم كۈچلۈك ىارىكۆل
نەسىللىك چىلان تورۇق ئارغىمىقى بار ئىدى. ئارقا سەپنى
قوغداشنى ئۇنىڭ ئۆزى تەلەپ قىلدى.
— يىڭجاڭ مىنىڭ ئېتىم ئىككى ئادەمنى بىمالال كۆتۈرە-
لەيدۇ. ئاتقا ئوڭ تەتۈر مىنگىشىپ ئارقا تەرەپنى مەن قوغداي،
ماڭا بىر پىلموت بېرىڭ، — دېدى ئۇ.
— ياخشى گەپ، قېنى ئوسمان باتۇر بىلەن كىم بىر ئاتقا
مىنگىشىپ ئارقا سەپنى قوغداشنى ئۈستىگە ئالىدۇ؟!...
ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار خېلى كۆپ ئىدى. لېكىن، ئەڭ
ئاخىرىدا تۇرپانلىق ئىبراهىم ياخاڭ (لەنجاڭ) بۇ ئىشقا تاللان-
دى. ئۇ ئاتقا ئوڭ مىندى. ئوسمان ئۇنىڭ كەينىگە تەتۈر مىندى

ۋە دۈمبىسىنى ئىبراھىم لەنجاڭنىڭ دۈمبىسىگە قىلىپ ئولتۇر-
دى. قولىغا بىر دانە دىكتار پىلموتنى ئالدى. ئاتىنىڭ ئارغامچى-
سىدا ئىككىيلەننىڭ بىلىدىن باغلاپ قويدى.

— بىرلا تارتسا يېشىلىپ كېتىدىغان قىلىپ باغلاڭلار.
بولمىسا مەن يىقىلىپ كېتىمەن. بىرسىمىزگە ئوق تەگسە ساق
قالغىنى بىرلا تارتىپ ئارغامچىنى يېشىۋېتەلەيدىغان بول -
سۇن، — دېدى ئۇ.

ھەممە ئىش تەييار بولغاندىن كېيىن، تۇردى يىڭجاڭنىڭ
ئىشارەت قىلىشى بىلەن ناسىر ھاجىم ۋە مۇھەممەت يۈسۈپ
ئەرۋاھنىڭ دەرۋازىلىرى بىرلا ۋاقىتتا غاقىراپ ئېچىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن تەييار بولۇپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار ئۇچۇپ چىقىش-
تى. بۇ چاغدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئەتىگەنلىك ھۇجۇمدىن
بۇرۇن ۋاششەرىدىن بۇلىغان نانلارنى چايناۋاتاتتى. بۇ قېتىم
ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇنداق توساتتىن بۆسۈپ چىقىشىنى خى-
يالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. قوزغىلاڭچىلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن
سەكرەپ تۇرغانلار پىلموت، ئاپتومات ئوقىدىن دومىلاپ كەتتى.
پۈتۈن ۋاششەرى ئاسمىنى قاراس - قۇرۇس قىلغان ئوق ئاۋازى
ئىچىدە قالدى. ئاخىر قوزغىلاڭچىلار بۆسۈپ چىقىپ كەتتى.
دۈشمەنلەر ئاتلىنىپ ئۇلارنى قوغلىماقتا ئىدى. لېكىن، ئىبرا-
ھىم لەنجاڭنىڭ كەينىگە ئاتقا تەتۈر مىنىۋالغان قازاق باتۇر
ئوسمان ئۇلارنى قىرىپ زادىلا يېقىن كەلتۈرمىدى. قوغلاش
تاكى ۋاششەرىنىڭ شەرقىدىكى سايلىققىچە داۋام قىلدى. بۇ ساي-
لىقتا ئۇلارغا پاناھ بولغۇدەك ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، ئوسماننىڭ
پىلموتىنىڭ زەربىسىدىن ئىلاجىسىز قوغلاشنى توختاتتى. لې-
كىن، بۇ قېتىمقى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ئاسانغا توختىمى-
دى. پەيجاڭ مايىت ئاخۇن باشچىلىقىدىكى ئون سەككىز نەپەر
جەڭچى دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالدى. ئۇلار
ئاتلىرىغا ئوق تېگىپ يىقىلغانلار ئىدى.

*          *          *

ۋاششەرى نوپۇسى ئاز كىچىككىنە بىر يېزا ئىدى. بۈگۈن
دۈشمەنلەر بۇ يېزىنىڭ پۇقرالىرىنى قورال كۈچى بىلەن ئۆيلە-
رىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ناسىر ھاجىمنىڭ جايىغا يىغماقتا ۋە
بىر تەرەپتىن ئىگىسىز قالغان ئۆيلەردىن قولىغا چىققانلىكى
نەرسىنى ئېلىپ بۇلاپ - تالىماقتا ئىدى. چۈشكە يېقىن پۈتۈن
ۋاششەرى خەلقى ياش - قېرى، ئەر - ئايال دېمەي ھەممىسى
ناسىر ھاجىم بىلەن مۇھەممەت يۇسۇپ ئەرۋاھنىڭ جايىغا يىغىل-
دى. ئەتراپنى ئەسكەرلەر قورشىۋالدى. ھېچكىمنىڭ ئۇياق -
بۇياققا مېڭىشىغا ياكى ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىشىغا يول قويما-
دى. يىغىلغان خەلق بۈگۈن چوقۇم بىرەر پاجىئەنىڭ يۈز بېرى-
شىنى بىلگەندەك جىمجىت تۇرۇشاتتى. بىر قىسىم دېھقانلار
قوزغىلاڭچىلارنىڭ نەيزىسى ئاستىدا ئۆلگەن تۇڭگانلارنىڭ ئۆلۈ-
گىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە مۇشۇ ئىش
بىلەن شۇغۇللاندى. «چەنفاڭ سىلىڭ»ى ماۋۇنىڭ ھاجىمنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن يېتىپ كەلگەن مۇھەممەت قۇربان ئەلەم ئاخۇنۇم
ئۆلگەن تۇڭگانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ
ئۆلۈكىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ:
— راستا ئەدىبىنى يەپتۇ بۇلاڭچىلار، — دەپ پىچىر-
لىشاتتى.

تۇڭگانلارنىڭ ئۆلۈكى كۆمۈلگەندىن كېيىن، ئەسىرگە
چۈشكەن ئون سەككىز نەپەر قوزغىلاڭچىنى قاماپ قويۇلغان
يەردىن ھەيدەپ چىقتى. بۇ چاغدا قۇياش چۈشتىن قايرىلغانىدى.
ئەسىرلەرنىڭ قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغانىدى. ئۇلارنى
ناسىر ھاجىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ
ئالدىدا يۈزلىرىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇر-

غۇزدى. ھەربىر ئادەمنىڭ يېنىدا بىردىن جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇردى. ئەسىرلەر توختىماي دورۇت ئوقۇيتتى. مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى. ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەكلەر بىلەن قولىغا قورال ئالغان، نۇرغۇن جەڭلەردىن ئامان چىققان. ئاخىرىدا ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا دىيارىدا كىملىكى نامەلۇم بولغان بىر توپ كەلگۈنى باندىتلار قولىدا ناھەقتىن، ناھەق ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بۇ ياش يىگىتلەر يىغلىماي كىم يىغلىسۇن! . . . ئۇلارنىڭ ئازادلىققا تەلپۈنگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. قېرىغان ئاتا ـ ئانىسى، سۆيگەن يارى، ئۇماق بالىلىرى باشپاناھسىز قالدى. ئاھ خۇدا نېمىدېگەن تەڭسىز ئالەم؟! نېمىدېگەن پاجىئەلىك دۇنيا بۇ ـ ھە؟! . . . بىر تۇپ قاراقچى باندىتلار مۇشۇ جاينىڭ ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتسا، شەھەر ـ يېزىلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋاتسا، ئادەملىرىنى بۇلاپ خانىۋەيران قىلىۋاتسا بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولسۇن! . . .

— ھەممىمىز مۇسۇلمان، سىلەر تەكبىر ئوقۇۋېلىڭلار، — دېدى جاللاتلارنىڭ باشلىقى ماۋۇنبىڭ ھاجى. ئۇ ئۆزىنىڭ رەھىمدىل ئادەملىكىنى، ئىسلام دىنىنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى، — قېنى ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار ئاللاھۇ ئەكبار، ئاللاھۇ ئەكبار. . . .

ئەسىرلەرنىڭ ئالدىدىكى قىلىچۋاز ئەسكەرلەر قىلىچ ئوينىتىپ ھەدەپ ئۆز ماھارىتىنى كۆز ـ كۆز قىلماقتا ئىدى. ماۋۇنبىڭ تەكبىر ئوقۇيتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەسىرلەرمۇ ئوقۇيتتى. كۆزى بولسا ئەسكەرلەرنىڭ قىلىچىدا ئىدى. ئۈچ قېتىم تەكبىر ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن تەڭ شۇ يەردە تۇرغان سىمازا ئىنچىكە چىرقىراق ئاۋاز بىلەن:

— چاپ، — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ ھامان ئون سەككىز

نەپەر يىگىتنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى. قاراپ تۇرغان خالايىق قولى بىلەن يۈزلىرىنى ئېتىۋالدى. جاللاتلار بېشىنى تېڭىۋالغان ئاق ماتانى ئېلىپ قىلىچنى سۈرتۈپ يەرگە تاشلىدى. بەزىلەر قىلىچلىرىنى لېۋىگە سۈرۈشتى. باشسىز جەسەتلەردىن چاچرىغان قان ئەتراپقا يېيىلدى. تۇيۇقسىز باشتىن ئايرىلغان كۈچلۈك تەن ھە دەپ يىقىلىپ-تۈگۈلەتتى. سىلكىنەتتى ۋە يەردە دومىلايتتى، باشلار سەكرەيتتى . . .

— كىمكى تۇڭگانغا قارشى چىقسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى جاللات باشلىقى ما ۋۇنبىڭ. كىشىلەر تېخىچە جەسەتلەرگە قاراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇششاق باللار قورقۇپ ئانىلىرىنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ ئىچىگە باشلىرىنى تىقىۋالغانىدى.

ئەسكەرلەر ئاستا-ئاستا تارقىلىپ ۋاشەرىدىكى جازا مەيدانىغا ھەيدەپ كېلىنگەن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاشقا كەتتى. ئاتلىرىنى ئەمدى باش چىقارغان بۇغدايلىققا قويۇۋەتتى. پۈتۈن يېزىنىڭ ھەممە جايىدىن يىغا-زارە كۆتۈرۈلۈپ، يانغىنلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭچىلىققا كەتكەنلىكىنى كۆرگەن خەلق ئۆزلىرىنى ئويلىماي يىغا-زارە قىلىشىپ چوڭ ھازا ئاچتى. ئۇلار ناسىر ھاجىمنىڭ ھويلىسىدىن توققۇز جەسەت، مۇھەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھنىڭ ھويلىسىدىن يەتتە جەسەتنى تېپىپ چىقتى. ئۇلار جەڭ ۋاقتىدا ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەر ئىدى. شۇ بىر كۈندە ۋاشەرى خەلقى ئەللىك بىر جەسەتنى يەرلىكىدە قويدى.[1] كېيىنكى ئىككى كۈندە ماۋۇنبىڭ-

---

① شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلىگەندە بەزىلەر «ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن» دەيدۇ. لېكىن، شۇ كۈنى ئەللىك بىر جەسەتنىڭ يەرلىكتە قويۇلغىنى راست. ئوسمان شاڭيونىڭ ئىنىسى پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇرېھىم رازاق شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ۋاشەرىدە «سەكسەندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. تۇڭگان ئەسكىرى ياقۇپ تۆمۈرچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

نىڭ ئەسكەرلىرى بولاڭ - تالاڭدا ئون نەچچە ئادەمنى قىيناپ ئۆلتۈردى. نۇرغۇنلىغان نارەسىدە قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلدى.

* * *

ۋاششەرىدە قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قۇياش چۈشتىن قايرىلغان چاغدا قىرىق بەش كىلومېتىر يولنى بېسىپ «جىنلىغ»[1] دېگەن ئۆتەڭگە كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار ئاتلارنى سۇغىرىپ بىر ئاز ئوت يېگۈزۈۋالماقچى بولۇشتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئاچ قالغان، تۇنۇگۈندىن بۇيان ھېچ نەرسە يېمىگەنىدى. ئۇلار ئەمدىلا ئاتلارنى سۇغىرىپ تۇرۇشىغا ئېگىز دۆڭدە تۇرغان قاراۋۇل خەۋەر بەردى:

— چاقىلىق تەرەپتىن چاڭ توزۇتۇپ نۇرغۇن ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە دېدىڭ؟ ئادەم كېلىۋاتىدۇ؟ — ھەيران بولغان تۇردى يىڭجاڭ يۈگۈرگەن پېتى دۆڭگە چىقتى. راست دېگەندەك يىراقتا ئات تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ - توزان ئىچىدە خېلى كۆپ ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرى قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلاتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قوراللىق قىسىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— جەڭگە تەييارلان، — دەپ بۇيرۇق بەردى تۇردى يىڭجاڭ. ئۆزى بولسا دۆڭ ئۈستىدە يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلارغا قاراپ خۇددى قەدىمكى زاماندىكى باھادىرلاردەك قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇردى. ھارغان جەڭچىلەر ئايۇپ فوگۇەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

---

[1] جىنلىغ — ھازىرقى تاتلىق بولاق.

تۇردى يىڭجاڭنىڭ مۇشۇ قېتىمقى تۇرقى ئايۇپ فۇگۇەننىڭ ئې-
سىدە ئۆمۈرۋايەت قالدى.

ئارىدىن ئۇن مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. ئاتلارنىڭ دۈكۈرلە-
گەن تۇياق ئاۋازىنى ھەممەيلەن ئېنىق ئاڭلىدى. تۇردى يىڭجاڭ
نېمىلەرنى ئويلىدى. لېكىن، ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي تۇراتتى.
ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ ئېسىگە ياڭ مىڭجۇدىن ئولجا ئالغان دۇربۇن
كەلدى ـ دە، دۇربۇننى ئېلىپ كۆزىگە تۇتتى ۋە بىردىنلا ھەيران
بولۇپ قالدى. كېلىۋاتقانلار ئۆز ئادەملىرى بولۇپ، ئەڭ ئالدى-
دىكى قۇلا يورغىدا مىنگەن كىشى ھوشۇرلەنجاڭ ئىدى. ئەمدى
بۇ نېمە ئىش؟ دەپ ئەجەبلەنگەن تۇردى يىڭجاڭ ئايۇپ فۇگۇەنگە
قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ ئايۇپ فۇگۇەن، جەڭچىلەر ئارام ئالسۇن، ھوشۇر لەن-
جاڭ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ گەپتىن ھەيران بولغان ئايۇپ فۇگۇەنمۇ دۆڭگە چىقتى
ۋە سوئال تەرىقىسىدە تۇردى يىڭجاڭغا قارىدى. ئۇ بولسا «ئۇق-
مۇدۇم» دېگەندەك قىلىپ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. ئەمدى
كۆپ ساقلاشقا توغرا كەلمىدى. ھايال بولمايلا ھوشۇر لەنجاڭ
ئوتتۇزدەك ئادەم بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل دۆڭ تۆپىسىدە
تۇرغان تۇردى يىڭجاڭنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى.

ــ دوكلات يىڭجاڭ، كېچىدىن بۇيان ئابدۇكېرىم ئەلەم-
نىڭ ئادەملىرى بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇرتنى تارتىۋالدى. مەن
بۇ ئازغىنە ئادەم بىلەن سىزنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم، ــ دېدى
ئۇ.

ــ كۆرۈڭ ماۋۇ تاماشانى «ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك»
دېگەندەك ئىش بولدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئالدىمىزدا
ئابدۇكېرىم ئەلەم، كەينىمىزدە تۇڭگانلار بار. ئىككى تاشنىڭ
ئارىسىدا قاپتۇق ـ دە؟!...

ئەھۋال ھەقىقەتەن جىددىي ئىدى. چاقىلىقنى ساقلاشقا قال-

غان ھوشۇر لەنجاڭنىڭ قىسمى سۆيقەستكە ئۇچراپ قېچىپ كەلگەنىدى. ئۆزلىرىنى بولسا ماۋۇنىڭ قوغلاپ كەلمەكتە. ھازىر بېرىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قوغلاپ چىقىرىپ ناھىينى قايتا قولغا كىرگۈزگەن تەقدىردىمۇ، بۇگۈن بولمىسا ئەتە ماۋۇن-بىڭنىڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا بىر تەرەپتە ماۋۇن-بىڭنىڭ قوشۇنى، يەنە بىر تەرەپتە ئابدۇكېرىم ئەلەم پەيدا بولسا، بۇ ئازغىنە ھالىدىن كەتكەن قوشۇن بىلەن نېمە ئىش قىلالايدۇ؟! . . . ئۇ شۇلارنى ئويلاپ قالدى.

— ھاكىم قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى تۇردى يىڭجاڭ ھوشۇر لەنجاڭدىن.

— ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىلەر يوشۇرۇنۇۋاپتۇ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئابدۇكېرىم ئەلەم تۇتۇۋاپتۇ دەيدۇ، — دېدى ھوشۇر لەنجاڭ.

— خۇدايىم ئۆزى ساقلا، ھەرگىز تۇتۇلۇپ قالمىسۇن. تۇتۇلۇپ قالسا ئۇ ئادەم تۈگىشىدۇ، — دەپ تۇردى يىڭجاڭ جەڭچىلەرگە بۇيرۇق بەردى، — قېنى ئاتلارغا مىنىڭلار، يولغا چىقىمىز.

— قەيەرگە؟ — دەپ سورىدى ئايۇپ فۇگۇەن.

— قەشقەرگە «ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشسەڭ كۆتۈم ئاغرىدى دېمە» دېگەن شۇ دېدى ئۇ، كۆزىنى قىسىپ.

ئۇلار ئاتلىنىپ بۇ يەرلەرنى ياخشى بىلىدىغان تۇردى موللا، ئەيسا پەشتاق قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن «جىنلىغ» نىڭ دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ كەتتى.

* * *

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار ناشتا ۋاقتىدا «بوزكۆل» دېگەن چوڭ يايلاققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئېزىز ھاجىم، پولات

ھاجىم، باقى شەيتان، توقى ئاخۇن قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ ئون مىڭدىن ئارتۇق قويى بار ئىدى. ئۇلارنى بۇ يەردىكى قويچىلار ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. چۈنكى، قوزغىلاڭچىلار ئۇلار بىلەن ياخشى تونۇشاتتى، بۇ كىشىلەر قوزغىلاڭچىلار كوماندىرى تۇردى يىگىتاڭ ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان ئايالى ھاشىخان توغرىسىدا تالاي ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى.

— ھېلىراقتا قوراللىق ئون ئالتە ئەر كىشى ۋە بىر خوتۇن كىشى مۇشۇ يەردە چاي ئىچىپ ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ خەۋەر بەردى قويچىلار. خوتۇن كىشىنىڭ ھاشىخان ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى.

— ئۇلار قاياققا كەتتى؟ — دەپ سورىدى تۇردى يىگىتاڭ خۇشال بولۇپ.

— چاقىلىققا، — دېدى ئېگىز بويلۇق كوسا ئادەم.

— قاياق بىلەن كەتتى؟ — يەنە سورىدى تۇردى يىگىتاڭ.

— كاللا ئاستىنىڭ يولى بىلەن كەتتى. ھازىر قۇم بۇلۇڭغا ياكى ئات ئۆلگەنگە بارغاندۇ، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

تۇردى يىگىتاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ ئۆتكەن بىر ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەشۇقىنى يەنى پۈتۈن ھاياتىدا جېنىدىن ئېزىز كۆرىدىغان خوتۇنىنى شۇنچە ئالدىراش ھەم جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقىنىغا قارىماي بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرالمىغانىدى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ھەم نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن شەخسىي ئىشنى ئاغزىدىن چىقىرالمىسىمۇ، يۈرىكىدە مىڭ - مىڭ يىغلايتتى. ئادەم يوق چاغلاردا كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. مانا ئەمدى بۇ جاپاكەش سۆيۈملۈك مەھبۇبىنىڭ خەۋىرى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خۇشاللىق ياشلىرى قاپلاپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئاتقا مىندى.

— سىلەردىن ئۆتۈنەي، — دەپ قاراپ تۇرغانلارغا يال-

ۋۇردى ئۇ، — بىرسىڭلار ماڭا يول باشلاپ بېرىڭلار. كەتكەن-
لەرنى قايتۇرۇپ كېلەيلى...

— ياق، — دەپ كەسكىن رەت قىلدى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئايۇپ فۇگۇەن، — باشقا ئادەم بارسۇن. سىدلەرگە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بىز سەركىسىز پادىغا ئايلىنىپ قالىمىز.

— يىڭجاڭ رۇخسەت قىلىڭ بىز بارايلى، — دەپ ۋارقىدراشتى جەڭچىلەر.

— ئەستاغپۇرۇللا... — دەپ تۇردى يىڭجاڭ ئاتتىن چۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايۇپ فۇگۇەن چاققان ھەم پەملىك رۇستەمگە ھۇشۇرلەنجاڭ ۋە ئەخمەت پۇچۇق دېگەن يىگىتنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار ھاشىخان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى جەڭچىلەرنى بۇ تەرەپكە قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى يۇرتقا چىقىپ ئېزىز ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ئاز پۇل ۋە ئۇن ئېلىپ كەلمەكچى بولدى. چۇنكى، قوزغىلاڭچىلار ۋاششەرىدە قونغان كېچىسى ئارقا سەپ تەمىنات ئىشىغا مەسئۇل بولغان ئېزىز ھاجىم ئۆز ئادەملىرى بىلەن چاقىلىقتا قاراپ يۇرۇپ كەتكەنىدى.

— ئېزىز ھاجىمغا پۈتۈن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈڭ، — دەپ جېكىلىدى. تۇردى يىڭجاڭ ھوشۇر لەنجاڭغا، — يول يىراق، سەپەر مۇشكۇل. خىراجەت كۆپ كېتىدۇ. يەنە ھاجىمغا ئېيتىڭ بىز بۇ يەردە قويدىن بىر نەچچىنى ئىشلىتىمىز. پۇلىنى تۆلەپ بېرىمىز.

— خوپ يىڭجاڭ، بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىمەن، — دېدى ھوشۇر لەنجاڭ.

— ئۆزۈڭلارغا پەخەس بولۇڭلار. دۈشمەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالماڭلار. ناۋادا تاسادىپىي دوقۇرۇشۇپ قالساڭلار، ئېتىشماي چېكىنىپ كېتىڭلار. مۇمكىن بولسا تېز بېرىپ، تېز

قايتىپ كېلىڭلار. سىلەرگە ئاق يول بولسۇن.

— خوپ، — دەپ ئۇچەيلەن ھەربىي ھالەتتە تۇرغاندىن كېيىن ئاتقا مىندى.

* * *

ھاشىخان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئەتىگەندىلا يولغا چىققانىدى. لېكىن، بۇ يولنىڭ نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەتراپنىڭ ھەممە يېرى سۇ، ھەممە يېرى ئوتلاق جاڭگال ئىدى. ھاشىخان باشچىلىقىدىكى ئون يەتتە نەپەر قوزغىلاڭچى «بوز كۆل» دەپ ئاتالغان بۇ تولىمۇ چوڭ ياپلاقتىكى سۇ بېسىپ كەتكەن چىغىر يولنى ھېلى لايغا پېتىپ قېلىپ، ھېلى سازلىقلارغا تىقىلىپ قېلىپ، مىڭبىر مۇشكۇلاتلار ئىچىدە گاھى پىيادە، گاھى ئاتلىق بېسىپ ئۆتۈپ، كەچ پېشىن ۋاقتىدا «قۇم بۇلۇڭ» غا يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا «بوز كۆل» چەرچەن دەرياسى، ۋاشىشەرى دەرياسى، چاقىلىق دەرياسى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوشۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. تاغلاردىكى ئېرىگەن قارسۇلىرى كەلكۈن پەيدا قىلىپ، قۇرۇق يەرلەرنى بېسىپ كەتكەنىدى. دىققەت قىلمىسا ئاسانلا لايغا پېتىپ قالاتتى. ئەتراپتىكى قومۇشلار بۇلۇق ئۆسكەن، توغراقلار راسا ياشارغان، يۇلغۇنلار چېچەكلەپ قىزارغانىدى. ئادەم بوي ئۆسكەن قومۇشلۇقلارنى سۇ بېسىپ كەتكەچكە، قەيەر چوڭقۇر، قەيەر تېيىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۇ يەردە ماڭماق تولىمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ۋە ئاتلارنى پاشا، كۇمۇتا چېقىپ ئارام بەرمەيتتى.

ئۇلار «قۇم بۇلۇڭ» دا ئاتلارنى بىر ئاز دەم ئالدۇرۇپ، ئۆزلىرىمۇ قويچىلار بەرگەن كۆمەچ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇشتى. ئۇلار «بوز كۆل» دىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ

ئالدىدا يەنە «قۇم بۆلۈك» دىن «ئات ئۆلگەن» گە يېتىپ بارغۇ-
چە ئون نەچچە كىلومېتىرلىق يولنى توسۇۋالغان تاغدەك،
تاغدەك قۇم بارخانلىرى بار ئىدى. ئۇلار بىر قۇم تاغنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ چۈشسە، ئالدىدا يەنە بىر قۇم تېغى هازىر
بولاتتى. . . . شۇنداق قىلىپ «ئات ئۆلگەن» گە كەلگۈچە كەچ
كىرىپ قالدى. «ئات ئۆلگەن» بۇ يەردىكى بىردىنبىر سېغىز
توپىلىق يەر بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى تار يولنى هېسابقا ئالمىغاندا
ئەتراپىنىڭ هەممىسى قېلىن يۇلغۇنلۇق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار
خۇددى قاقىرلاردەك سەپ تارتىپ مېڭىشتى. ئەتراپتىن ياۋا
چوشقا، جەرەن، بوغا - مارالالارنىڭ ۋە ياۋا غاز - ئۆردەكلەرنىڭ
خىلمۇ خىل ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈن قاراڭغۇسى
بولغاچقا ئۇلار ئېزىپ قېلىشتىن بەكمۇ قورقاتتى. ئۇلار ئېغىر
ياتقۇدا «كاللا ئاستى» نىڭ دەرياسىغا كېلىپ توسۇلۇپ قالدى.
دەريا تار، ئەمما سۈيى چوڭقۇر ئىدى.

* * *

هوشۇر لەنجاڭ بىلەن ماڭغانلار بۇ يولدا كۆپ ماڭغانلىقتىن
هاشىخانلار يېتىپ كېلىپ ئۈزاققا قالمايلا ئۇلارمۇ «كاللا ئاس-
تى» نىڭ دەرياسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشتى. بۇ چاغدا
هاشىخان باشچىلىقىدىكى ئادەملەر ئات تويىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-
لاپ قېلىپ، يۇلغۇنلۇققا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئەمما، بىر ئات
كىشنەپ سېلىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. شۇ چاغدا رۇستەم
ئات كىشنىگەن جايغا كېتىپ ئۇ يەردىكى توقۇغلۇق جەڭ ئاتلى-
رىنى كۆردى - دە ئەهۋالنى هوشۇر لەنجاڭغا خەۋەر قىلدى:
— ئەهۋالدىن قارىغاندا هاشىخانلار دەريادىن ئۆتمەپتۇ، —
دېدى ئۇ.
بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلارمۇ هاشىخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە

قورالـلـرىنــى بەتلــەپ چاتقــال ئىچىدە هوشيارلــىق بىلەن ئول-
تۇراتتى.

— هاشىخان، مەن هوشۇر لەنجاڭ سىز نەدە؟ — دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدى هوشۇر لەنجاڭ هاشىخاننىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان بولسىمۇ لېكىن ئېھتىيات قىلدى.

— يېنىڭدىكى كىم؟ — دېدى هاشىخاننىڭ يېنىدىكى بىر قوزغىلاڭچى، بۇ ئاۋازنى رۇستەم تونۇدى:

— هەي ئىساق بۇ يەرگە چىققىنا! هاشىخان قەيەردە؟ — دېدى.

ئۇلار هاشىخاننىڭ شەرەت قىلىشى بىلەن يوشۇرۇنغان جا-يىدىن چىقتى ۋە دەريا بويىدا ئۇچەيلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى هەم دەريا بويىغا ئوت ياقتى ئارقىدىن هەممەيلەن يىغىلغاندا هوشۇر لەنجەڭ ۋاششەرىدە هەم چاقىلىقتا يۈز بەرگەن ئوڭۇش-سىزلىقلارنى قوزغىلاڭچىلارغا سۆزلەپ بەردى، هاشىخان بولسا ئۆزى بىلەن ماڭغان بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىدى.

ئۇلار شۇ كېچىنى پاشا، كۇمۇتانىڭ دەستىدىن كۆز يۇمماي ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقاندا هاشىخان باشچىلىقىدىكى ئون يەتتە نەپەر قوزغىلاڭچى تۇردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار تە-رەپكە، هوشۇر لەنجاڭ جەنۇبقا ماڭدى. ئۇلار «كاللا ئاستى» نىڭ دەرياسىدىن ئاتلارنى ئۈزدۈرۈپ ئۆزلىرى ئاتلارنىڭ قۇيرۇ-قىغا ئېسىلىپ ئۆتتى.

هاشىخان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار راسا بىر كۈن يول يۈرۈپ قاش قارايغاندا، «بوز كۆل» نىڭ شىمالىدىكى چەرچەن دەرياسى بويىدىكى توقايلىقتا جايلاشقان قوزغىلاڭچىلار قېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە هاشىخان ئېرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. كېچىسى هاشىخان «تاختا پەرەدۆڭ» دە ئەسىر چۈشۈپ قالغاندىن بۇيان

بولغان ئىشلارنى تۆردى يىڭجاڭغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. تۆردى يىڭجاڭنىڭ خوتۇنىغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى، ئۇلار بۇ يەردە بەش كۈن تۇرۇپ قالدى. شۇ بەش كۈن ئىچىدە قوزغىلاڭ-چىلارمۇ، ئاتلارمۇ خېلى ئارام ئېلىۋالدى. 1935 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇلار تارىمنى بويلاپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

# مالەنجاڭغا سوۋغا

ئاق توخۇنىڭمۇ گېلى بار،
چار توخۇنىڭمۇ (گېلى) بار.
——ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

1935 ـ يىل 30 ـ ماي كۈنى.

تاڭ سەھەردە شەرقتىن چىقىۋاتقان شامال قۇياشنىڭ كۆتۈ-
رۈلۈشى بىلەن بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. پۈتۈنلەي
ھىمايىسىز قالغان چاقىلىققا ۋاشىەرنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئادەم
ئۆلتۈرۈپ ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويالغان دۈشمەنلەر باستۇرۇپ
كەلدى. سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھوقۇق تارتىۋالغان ئابدۇ-
كېرىم ئەلەم ھەم ئۇنىڭ قول چوماقلىرى ئۇلارنىڭ شەپىسىنى
ئاڭلاپلا تىكىۋەتكەنىدى. تۇڭگانلار ناشتا ۋاقتىدا ناھىيە بازىرىغا
كىرىپ كەلدى. ئۆزىنى «سوپى ھاجى» دەپ ئاتىۋالغان «چەنفاڭ
سىلىڭ»ى ماۋۇنىڭ سەپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھەممەيلەننى باشلاپ
كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن تۆتتىن تىزىلغان ئاتلىق ئەسكەر-
لەر ماڭغانىدى. بۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە ۋەھشىيلىكى ھەققىدە
تالاي گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالغان بىچارە خەلق
دەرۋازىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن قورقۇش ئىچىدە مارىلاپ تۇراتت-
تى. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەتىكى كۈننىڭ نېمە بىلەن ئاياغلى-
شىشىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ھەممە ئادەم جىددىي
پەيت كەلگەندە ئۆزلىرىنى دۈشمەن قولىغا تاشلاپ قويغان ئابدۇ-

كېرىم ئەلەم ۋە ئۇنىڭ قول ـ چوماقلىرىغا لەنەت ئوقۇيتتى.
بۇگۇن شامالنىڭ كۇچىيىشىگە ئەگىشىپ ھاۋا تۇتۇلۇپ، ناھايىـ
تى ئاچچىقى بىلەن تۇراتتى. شەرقتىن چىقىۋاتقان شامال توپىـ
لارنى قۇيۇن قىلىپ چۆرگىلىتەتتى. قۇياش بىردە كۆرۈنۈپ،
بىردە يوشۇرۇنۇپ كېيىنكى كۇنلەردە يۈز بېرىدىغان پاجىئەدىن
قاچقاندەك قىلاتتى. ماۋۇنبىڭنىڭ ئەسكەرلىرى سالماق قەدەم
بىلەن ئالدىرىماي ئەتراپقا شۇبھىلىنىپ قاراپ مېڭىشاتتى.
«تىرق» قىلغان ھەربىر ئاۋاز ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇـ
لالمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ھەرخىل رەڭدە بولسىمۇ، جابدۇقـ
لىرى ئوخشاش ئىدى. ئەسكەرلەر بولسا پاختەك تۇكى رەڭدە
بويىغان ماتادا ئوخشاش ئىشتان ـ چاپان، بېشىغا خۇددى خوتەندە
قۇيۇلغان قول دەزمىلىدەك شەپكە كىيگەنىدى. ئۇلار تۆت كوـ
چىنىڭ دوقمۇشتىكى مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شۇ
چاغدا ئالدىن ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچى قىسمىدىن خەۋەر كەلدى.
ئورۇق، پاناق بۇرۇن بىر ئەسكەر ئاق ئاتنى چاپتۇرغىنىچە
«چەنفاڭ سىلىڭ»ى ماۋۇنبىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن
چۇشتى.
— سىلىڭغا مەلۇم بولغاي، ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆزىنىڭ
ئازغىنە ئادىمى بىلەن يۇرتنى تاشلاپ كېتىپتۇ.
— قالغانلارچۇ؟ — دەپ سورىدى ما ۋۇنبىڭ. لېكىن،
خەۋەرچى دۇدۇقلاپ قالغانىدى. ما ۋۇنبىڭ ئۇنى تىللىدى، —
گالۋاڭ، ۋاشىشەرىدىن قاچقان ئوغرىلارنى دەۋاتىمەن.
— ئۇلار توغرىسىدا خەۋەر يوق. ئەسلىدە بۇ يەردىكى
ئوغرىلار چەرچەنگە ماڭغاندا بۇ يەردە بىر لىيەن ئەسكەر قاپتىـ
كەن. بەش كۇن بۇرۇن كېچىسى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تەرەپـ
دارلىرى ئۇلاردىن ھوقۇق تارتىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۆلگىنى ئۆـ
لۇپ قالغىنى تىكىۋېتىپتۇ.
— ياخشى. ئۇلار مۇشۇنداق بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلسا
بىز ئۇچۇن كۆپ پايدىلىق بولاتتى، — دېدى ماۋۇنبىڭ ھىجىـ
يىپ. ئارقىدىن سىمازىنى چاقىردى، — مالەنجاڭ.

— خوپ مەن بۇ يەردە، — دېدى سىمازا. ئۇ ئەمدى لەن‐ جاڭ بولغانىدى.[1]

— سەن يۇرتنى ساقلا. بىز ئابدۇكېرىم ئەلەمنى يوقاتقىلى بارىمىز. بىز بۇ يۇرتنى ئۇزۇل ‐ كېسىل تىنجىتمىساق بولماي‐ دۇ. بەك هوشيار تۇرغىن. دۈشمەن سېزىلسە هەرگىز شەپقەت قىلمىغىن. ئۆستەڭلەرنى بۇزۇپ، سۇنى دەرياغا قويۇۋەت. چا‐ قىلىقتىكى ئوغرىلار ئاچتىن ئۆلسۇن.

— خاتىرجەم بولۇڭ سىلىڭ جانابلىرى. مەن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن، — دېدى سىمازا.

— ئانداق بولسا ماڭايلى، — دەپ بۇيرۇق بەردى ماۋۇنبىڭ.

ماۋۇنبىڭنىڭ ئەسكەرلىرى شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مالەنجاڭنىڭ قىسمىلا شۇ يەردە قالدى. باشقىلار كەتكەندىن كېيىن بازارنىڭ غەربىدىكى ئەسلىدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى جايلاشقان ۋە شۇلار ياساپ پۈتكۈزگەن هەربىي گازارمىغا ئورۇن‐ لاشتى. بۇ يەردە ئاتلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئوت ‐ سامان، بېدە، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خېلى كۆپ مىقداردا ئاشلىق بار ئىدى. ئەتى‐ سىدىن باشلاپ پۈتۈن يۇرت ئۇلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا قالدى. ئۇلار كەلگەن كۈنىلا كېچىدە يۈرۈشنى مەنئىي قىلدى.

* * *

«چەنفاڭ سىلىڭ» ماۋۇنبىڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقىپ تۆتىنچى كۈنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ قارىسىنى ئالال‐ دى. بۇ چاغدا ماۋۇنبىڭنىڭ ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇكېرىم ئەلەم چاقىلىقتىن بىر يۈزئون كىلومې‐

---

[1] كېيىنكى چاغلاردا «ئىسمائىل تۇڭگان» دەپ نام چىقارغان مۇهەممەت گوپەيىنىڭ كۈيئوغلى.

تىر شىمالدىكى «توقام» دېگەن يەردە تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىد-
گە ئۆتۈۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆپچىلىكى بۇ
يەردىكى كىچىكلەرنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما، بۇ يەرنىڭ كېچىد-
سى بىر دوزاقنىڭ ئۆزى ئىدى. پاشا، كۇمۇت ئادەمگە زادىلا
ئارام بەرمەيتتى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم ئەلەم ئادەملىرىگە بۇيرۇق
بېرىپ مىڭلاپ گۇلخانلارنى ياقتۇردى. ئۇنىڭ مەقسىتى بىر
تەرەپتىن، ئىس ئارقىلىق پاشا، كۇمۇتىدىن ساقلىنىش ئىدى.
يەنە بىر تەرەپتىن، مۇشۇ گۇلخانلارنى يېقىش ئارقىلىق ئۆزىنى
قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى قايمۇقتۇرۇش ئىدى. چۈنكى، «ئۇرۇش-
نىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن گەپ بىكار ئەمەستە
ئەلۋەتتە. . . بۇ تارىم دەرياسىنىڭ راسا كەلكۈن ۋاقتى بولۇپ،
دەريا تاشقىنى ئەتراپنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
يىل 5 - ئاي كىرگەندىن بۇيان ھاۋا ئۆزگىرىپ پات - پات
يامغۇر يېغىپ تۇرغاچقا، دەريا سۈيى يىللاردىكىدىن كۆپ ئىدى.
كېچىسى دەريانىڭ شەرقىدە كۆيۈۋاتقان مىڭلاپ گۇلخانلارنى
كۆرۈپ ماۋۇنبىڭنىڭ قوشۇنى توختاپ قالدى. قانداق قىلىش
كېرەك؟ دېگەن سوئال ئۇلارنى قىينايتتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ
ئالدىغا ئابدۇكېرىم ئەلەم قويچى قىياپىتىدە ئايغاقچىلارنى ئەۋەت-
تى. ئۇلار تۇڭگانلارغا كۇتۇلمىگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.
— ئۇرۇمچىدىن بەش مىڭ ئەسكەر كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار-
نىڭ ئالدىنقى قىسمى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورۇس-
لارمۇ بار ئىكەن. ئابدۇكېرىم ئەلەم شۇلارغا قوشۇلۇۋالدى.
كەينىدىكى قىسىم كەلگەندە چاقىلىققا بارىدىكەن.
— ھەي گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ما
ۋۇنبىڭ، — يالغان ئېيتساڭ ئۆلتۈرمەن ئۇقتۇڭمۇ؟
— نېمىشقا يالغان ئېيتقۇدەكمەن. مەن ئەمەلدار بول-
مىسام، مەن پەقەت قويچى. ئاران جان بېقىپ يۈرگەن
بىر ئادەم، — دېدى «قويچى».

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ماۋۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنـ
ـكى هازىر تارىمنىڭ تاشقىن ۋاقتى كۆچىيىپ ئۆتۈشمۇ تەس.
ئەگەردە يېڭىلىپ قالسا چىكىنىشمۇ تەس. بۇ يەرلەرنى ئوبدان
بىلىدىغان ئادەممۇ يوق. بولۇپمۇ شىڭ شىسەي ئارمىيىسىدە
تۇرۇۋاتقان ئورۇسلار ماۋۇ ئەخمەق چەنتۇلارغا زادىلا ئوخشىمايـ
ـدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ پىلموتلىرى بار. دەريانى كېچىپ ئۆـ
تۈشتە ئالدىدىن ياكى ئارقىدىن راسا ئوققا تۇتۇدۇ. لازىم تاپسا
ھەتتا ئايروپىلان چاقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئىش چاتاق.
مەن بۇيرۇق بويىچە چاقىلىقنى ئالدىم. ئالغاندىمۇ بىر پاي ئوق
ئاتماي ئالدىم. ئەگەردە ماۋۇ قويچىنىڭ دېگەن خەۋەرلىرى يالـ
ـغان بولغان تەقدىردىمۇ ئەمدى ئابدۇكېرىم ئەلەم ھەرگىز قايتىپ
بارالمايدۇ. ماۋۇنىڭ مۇشۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن دەريادىن
ئۆتمەي چېكىنىپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

* * *

ماۋۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچ كۈندىن بۇيان چاقىلىقنى بۇلـ
ـماقتا ئىدى. ئۇلار ھېچكىمگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايتتى.
بۇلاڭچىلىقنىڭ بېشى ئۆزىنى «سوپى ھاجى» دەپ ئاتىۋالغان
«چەنفاڭ سىلىڭ»ى ماۋۇنىڭ ئىدى. ئەسكەرلەر ئۆيمۇ ئۆي
يۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلاتتى. پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەمـ
ـمىسىنى تارتىپ ئالماقتا ئىدى. پۈتۈن يۇرتنى يىغا ـ زار ۋە
قىيا ـ چىيا قاپلاپ كەتكەنىدى. پات ـ پات ئوق ئاۋازلىرى
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يات پۇراقنى سەزگەن ئىتلار توختىماي قاـ
ـۋايتتى. ئەسكەرلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرگەن ئۆيدىكى ئادەملەرـ
ـدىن ئەڭ ئاۋۋال سورايدىغىنى بىرلا ئىدى:

— ئالتۇن نەدە؟ كۈمۈش نەدە؟

يول بويلىرى، مەسچىتلەرنىڭ ئالدى، يول ئاچاللىرى،

كۆرۈك بويلىرىغا بەدەنلىرى تاياق زەربىدىن قانغا بويلىپ كەت-
كەن ئادەملەر ئېسقلىق تۇراتتى. بۇلاڭچىلار ئاياللارنىڭ قۇلد-
قىدىكى زىرىنى تالىشىپ نۇرغۇن ئاياللارنىڭ قۇلىقىنى يىرتد-
ۋەتكەن. ئۇزۇك تالىشىپ بارماقلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى.
توپلانغان بايلىقلارنى ئۇدۇللۇق ئۆز باشلىقى ماۋۇنىڭغا تاپشۇ-
رۇپ تۇراتتى. ئۇ بولسا بۇلاڭچىلارنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرەتتى:

— ياخشى. ئۆيلەرنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقىڭلار. ئوغۇل
بالىدەك ئىش قىپسىلەر، — دەيتتى ئۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەس-
كەرلەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش داۋامىدا
نۇرغۇنلىغان نارەسىدە قىزلارنى ئاياغ - ئاستى قىلماقتا ئىدى.
قارشىلىق قىلغان قىزنى ياكى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بۇلاڭچىلار
جايىدا ئېتىۋەتتى.

* * *

— نېمىگە شۇكۇر قىلاتتۇق. «باي بولىمىز» دېمىسەك
ئۆلۈم ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلەتتۇقمۇ؟

— گاسىلىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىزگە «شىنجاڭغا چىقساقلا باي
بولۇپ كېتىمىز» دېگەنىدى. يەنە «ئۇ يەردە ئالتۇن تاغ
بار. دەريالىرىدا ئالتۇن ئاقىدۇ» دېگەن. قېنى ئۇ باي-
لىق؟ ئاناڭنى...

— شۇنىڭغىمۇ شۇكۇر قىل دەيمەن. بولمىسا ئۆلۈكۈڭ
چۆلدە قالىدۇ.

ئۈچ نەپەر بۇلاڭچى مانا شۇنداق تالىشا - تالىشا ئاخىر
ھېيتئاخۇن بىلەن يۇسۇپبەگنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىغا كەپقال-
دى. ئۇلار ھېيتئاخۇننىڭ يوغان دەرۋازىسىنى كۆرۈپ، ئۇ
يەرگە ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن، ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىدا يوغان ئالا
ئىت توسۇۋالدى.

— هاۋ، هاۋ، هاۋ...

— مەيزا ئىتنى ئېتىۋەت، — دېدى ئەسكەرلەرنىڭ ياشتا چوڭراقى. ھېلىلا ئۆزىنىڭ بولاڭچىلىق قىلىپ تاپقان نەرسىسىدىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان ياش ئەسكەر مىلتىقنى ئېلىپ ئىتنى ئېتىۋەتتى. ئىت غىڭشىپ بېرىپ يىقىلدى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان يۈسۈپبەگ ئاستا مارىلاپ ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ ئايالىنى ۋە ئايالىنىڭ سىڭلىسىنى ئېلىپ، ئۆيىنىڭ كەينىدىكى بۇغدايلىق ئارقىلىق ئەيسا قالماقنىڭ بېغىغا كىرىپ يوشۇرۇندى.

ھېيتئاخۇننىڭ ئىتىنى ئېتىۋېتىپ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەن بولاڭچىلار قولىغا چىققۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى. ئامال قىلالمىغان بولاڭچىلارنىڭ كۆزى تۇغۇتتىن يېڭى قوپقان ياش ئايالغا چۈشتى — دە، ئۇلار ئاچ قالغان بۆرىدەك ئۇنىڭغا ئېسىلدى...

بۇ قاراقچىلار ئۇ يەردە ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇپ چىققۇچە يۈسۈپبەگنىڭ قېينانىسى تاجىخان ئۆيدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بەزى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قولىقىدىكى زىرىسىنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن بولاڭچىلارنىڭ كۆزى ئەڭ ئاۋۋال ئاشۇ زىرىگە چۈشتى، ئۇلار زىرىنى تالىشىپ تاجىخاننىڭ بىر قۇلىقىنى يىرتىۋەتتى.

— ۋايجان! مەن ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي، — دەپ ۋارقىرىدى تاجىخان. ئۇنىڭغىچە زىرە ئىككى ئەسكەرنىڭ قولىغا چىقىپ بولدى. بىچارە قېرى ئايالنىڭ قۇلىقىدىن ئاققان قان ئۇنىڭ ئىڭىكىنى بويىۋەتتى.

— ھەي قېرى ئېرىڭ قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئوتتۇرا ياش ئەسكەر. ئۇ قارا شەھەرلىك بولۇپ، ئۇيغۇرچىنى ئوبدان سۆزلەيتتى. قالغان ئىككىسى چىڭخەيلىك ئىدى.

— ئېرىم يوق. ئۆلۈپ كەتكەن، — دېدى ئۆي ئىگىسى.

— مۇشۇنچىۋالا دەرگاھتا يالغۇز تۇرامسەن؟
— كۇيئوغلۇم بىلەن تۇرىمەن.
— كۇيئوغلۇڭ بىلەن قىزىڭ قېنى؟
— بازارغا كەتكەن.
— ئېيتە ئالتۇن نەدە؟ كۆمۈش نەدە؟
— مەن تۇل خوتۇن، مەندە نەدە ئالتۇن بولسۇن. بارىنى ئالدىڭلارغۇ. . .
— قالغىنى قەيەردە؟
— ھېچنېمە يوق. بولسا ئالمامسەن، — دېدى غەزەپلەنگەن تاجىخان.
شۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلەر تاجىخاننىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. لېكىن، ئۇلار ئىزدىگەن ئالتۇن بىلەن كۆمۈش ھېچ يەردىن چىقمىدى. كىچىك قىزى ئۈچۈن ئاتاپ سوقتۇرۇپ قويغان ئىككى جۈپ كۆمۈش بىلەزۈكنى ھەم تاجىخان بىلەن ئىككى قىزنىڭ بىرنەچچە قۇردىن تاۋار - دۇردۇن كىيىم - كېچەكلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۇلار تاجىخاننى باغلاپ ئىشىك ئالدىدىكى قېرى ئۈجمىگە ئېسىپ ئۇرۇشقا باشلىدى:
— ئېيتە قېنى ئالتۇن نەدە؟ كۆمۈش نەدە؟
— ۋايجان ئۇرماڭلار! مەندە ئالتۇن يوق، مەن دېگەن تۇل خوتۇن.
— سەندە بولمىسا كۇيئوغلۇڭدا بار. ئۇ بەگ ئىكەن.
— ئۇنىڭدىمۇ يوق، خۇدا ھەققى ئالتۇن - كۆمۈش يوق.
ئۇلار تاجىخاننى ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇردى. لېكىن، ئالتۇن - كۆمۈش تاپالمىدى. ھەقىقەتەن ئۇلاردا بايلىق يوق ئىدى. «بەگ» دېگەن بىر قۇرۇق نام ئىدى. ئامال قىلالمىغان بۇ قاقچىلار تاجىخاننىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇپ تاشلاپ كېتىشتى. كەچتە بۇ يەرنى يىغا - زار، قىيا - چىيا

قاپلاپ كەتكەندى. يۈسۈپبەگلەر قايتىپ كەلگەندە تاجىخاننى قوشنىلىرى ئايۋاندا ياتقۇزۇپ قويغانىدى. ئۇنى بۇ هالدا كۆرۈپ هەممەيلەن يىغلىشىپ كەتتى.

— يىغلىماڭلار بالىلىرىم، مەن ئوڭشىلىپ كېتىمەن. خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر سىڭلىڭلارنىڭ نومۇسىنى ساقلاپ قالدىڭلار. قىز بالا دېگەننىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتسە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەمما، مەن هېچ نەرسە بولمايمەن، — دېدى تاجىخان پەس ئاۋازدا، ئانىنىڭ دېگەن تەسەللى سۆزلىرى يۈسۈپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزدى.

— ئانامنى ئوغلاق تېرىسىگە ئالايلى. مەن ئوغلاق تاپاي، — دېدى يۈسۈپبەگ.

* * *

ئىيۇن ئېيىنىڭ راسا ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى. دېهقانلار هەممە يەردە بۇغداي ئورمىسىنى باشلىغانىدى. هېلىتىنلا قاراقچىلار بۇغدايلىقلارغا نازارەتچى قويغانىدى. شۇڭا، يىللاردىكىدەك تەرەپ - تەرەپتىن ئورما ناخشىسى ئاڭلانمايتتى. پۈتۈن يۇرت بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قالغانىدى. بۇ يىل قاراقچىلار ئۆستەڭلەرنى چېپىپ سۇنى دەرياغا قويۇۋەتكەچكە بۇغدايغا دان سۇيى كىرمىگەنىدى. بۇغداينىڭ دېنى ناهايىتى قۇرۇق ئىدى.

بۈگۈن «چەنفاڭ سىلىڭ»ى ماۋۇنبىڭ هەربىي گازارمىنىڭ چوڭ ئامبىرىغا قاماپ قويۇلغان چاقىلىقنىڭ ئاز تولا قول ئىلكىدە بار كىشىلىرىنى سوراق قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باهاۋۇدۇن هاجىم، ئېزىز هاجىم قاتارلىق ئەللىكدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ماۋۇنبىڭ كىرگەن چاغدا ئامبارنىڭ تېمىغا

يۆلىنىپ ئولتۇرغان تۇتقۇنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ماۋزۇبىڭ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، گىدەيگەن پېتى ئامبارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، توختىدى ۋە ھەممەيلەنگە قاراپ زەھەرلىك ھىدجىيىپ قويدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرغان تۇتقۇنلارنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ غالىبلىقىنى پەش قىلىپ قورقۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچىدى. چۈنكى، ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە رەھىمسىزلىكى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى بۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭمۇ ئاڭلىغانلىقىدىن ھەرگىز گۇمان قىلمايتتى. ئۇ ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— سەنلەرنى بۇ يەرگە تۇتۇپ كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى، تۆردى يىڭجاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوزغىلاڭچى ئوغرىلار بىزنىڭ نۇرغۇن مېلىمىزنى بۇلاپ كەتتى. سىلەر بولساڭلار ئۇنى كۆرمەسكە سالدىڭلار. ھەتتا بۇ ئىشتا يول كۆرسەتكەنلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇ بۇلاپ كەتكەن مالنىڭ پۇلىنى سىلەر تۆلەپ بېرىسىلە، قېنى ئېيتىڭلارچۇ سىلەر پۇلغا تۇرامسىلەر؟ جانغىمۇ؟ جان لازىم بولسا ھەربىر ئادەم ئەللىك سەردىن ئالتۇن تاپشۇرساڭلار سىلەرنى ھازىرلا قويۇۋېتىمەن. تاپشۇرامسىلە؟

ھەممەيلەن جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەللىك سەر ئالتۇن ئازمۇ؟ چاقىلىق دېگەن كىچىككىنە بىر يۇرت. ئۆزىنى «باي» دەپ ئاتىغان نۇرغۇن كىشىلەردە بىرنەچچە يۈز قوي، يىگىرمە - ئوتتۇز كالا، بىرنەچچە ئون مودىن يەر بار. لېكىن، ئالتۇن نېمە ئىش قىلسۇن؟!... سودىگەرلەردە بولسا بىرنەچچە يۈز سەركۆمۈش ياكى يۈڭ - تېرە بار. لېكىن، نەخ پۇل نېمە ئىش قىلسۇن؟... ئۆتكەن ئىككى يىلدا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۇپەيلىدىن سودا يۈرۈشمىدى. ھەممە ئادەمنىڭ بېشى ساڭگىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىنى كۆ-

روپ ماۋۇنىڭ ئاچچىقلاپ كەتتى:

— قېنى ئېيتە سەنلەر تاپشۇرامدۇ - يوق؟ سەن تاپشۇرمىسا مەندە بەنپا بار. مەن تاپشۇرغۇزۇدۇ، — دەپ ھۆركىرىدى ئۇ.

— زىخۇي جانابلىرى، — دېدى ئەللىك ياشلاردىكى كەكە ساقال، بېشىغا قارا دۇخاۋا دۇپپا، ئۇستىگە ئاق چۇچۇنچە پەشمەت كىيگەن، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم، — بىزدە ھەرگىز ئالتۇن يوق. قوي، يۇڭ - تېرە دېسىڭىز بار. تۆت - بەش سەر ئالتۇن تاپساق ئۇنىڭغا مال ئەكېلىپ سېتىپ تۇرغان. ئۆتكەن ئىككى يىلدا ئۇرۇش بولغاچقا سودا قىلالماي قالدۇق.

بۇ گەپنى قىلغان ئادەم ئېلى ھاجىم ئىدى. گەپنى ئاڭلاپ ماۋۇنىڭ ۋارقىرىدى:

— مەن ھازىرلا بىلىدۇ. سەندە ئالتۇن بارمۇ؟ يوقمۇ؟ — دەپ ئۇ جاللاتلارنى چاقىردى، — كېلىڭلار، قىيناڭلار بۇلارنى.

سىرتتا تۇرغان جاللاتلار ئېتىلىپ كىردى. تۇتقۇنلارنى باغلاپ تورۇسقا ئېسىپ ئۇرۇشقا باشلىدى:

— ئالتۇن نەدە؟ كۆمۈش نەدە؟

— راسا ئۇر، ياغدا داغلا، ئوتتا كۆيدۇر، — دەپ ۋارقىرايتتى ماۋۇنىڭ.

تاياق زەربىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىتىلىپ، كىيىم - كېچەكلىرى قانغا بويىلىپ كەتتى. گاھى ئادەملەر تاياق زەربىسىدىن ھوشىدىن كەتتى. ئۇلارغا سوغۇق سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۇرگەندىن كېيىن يەنە سوراق قىلاتتى.

— ئالتۇن نەدە؟ كۆمۈش نەدە؟ — قىيناش يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى.

ئىككىنچى كۇنى قىيناش يەنە داۋام قىلدى. بۇ كۇنى تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەرنىڭ چوڭ ئوغۇللىرىنى ياكى شۇ كىشى-

ىنىڭ ئايالىنى قىيناقنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەسكەرلەر مەجبۇرىي ھەيدەپ كەلدى. ئۇلار كېلىپ چالا بوغۇزلاپ كانارىغا ئېسىپ قويغان قويدەك قانغا بويىلىپ كەتكەن دادىلىرىنى ياكى ئايالىلار ئەرلىرىنى كۆرگەندە قان ئېقىپ تۇرغان تەنلەرنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ ئايالىلارنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى ياكى قارا كۆنلەرگە ئاتاپ ئېلىپ قويغان ئازغىنە نەرسىلىرىنى ئەكېلىپ تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن قاراقچىلارنىڭ نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى ۋە تۇتقۇنلارنــى قىزىق ياغدا داغلاپ، قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن كۆيدۈرۈپ قىيناشقا باشلىدى.

* * *

ماۋۇنبىڭ قوشۇنىنىڭ كەلگىنىگە بىر ئاي بولۇپ قالدى. بۇ بىر ئاي خەلق ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازابلىق بىر ئاي بولدى. قاراقچىلار چاقىلىق خەلقىنى بۇلاپ ـ تالاپ قىرغىن قىلغاندىن تاشقىرى نۇرغۇنلىغان نارەسىدە قىزلارنى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى.

ئۆزىنى «سوپى ھاجى» دەپ ئاتىۋالغان قاراقچىلار باشلىقى ماۋۇنبىڭ خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئالماقتا ئىدى. ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر قىز يەڭگۈشلەيتتى. بۇگۈن ئۇ بەشىنچى قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ بىر قوغۇنچىنىڭ قىزى بولۇپ، يولدا ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتقان «سوپى ھاجى» نىڭ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن، سۇغا چىققان قىز يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى. ئۇ قىز ئون بەش ياشتا ئىدى.

— ھەي ئاخۇن، سەن قىزنى ماڭا بەسۇڭ، — دېدى قوغۇنچىنى چاقىرىپ ماۋۇنبىڭ.

— زىنخۇي جانابلىرى قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق، — دېدى قوغۇنچى يالۋۇرۇپ.

— ئۇ باغلايدىغان قوي ئەمەسقۇ؟ — دېدى چۈشەنمىگەن ماۋۇنبىك.

— قىزىمغا چاي ئىچكۈزۈپ قويغان. يېقىندا توينى قىلماقچى، — دەپ چۈشەندۈردى قوغۇنچى.

— بولدى بۇ قىزنى مەن ئالدى. مەندەك ھاجىمغا بەرسەڭ قىزىڭ جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى - دە، يېنىدىكىلەرگە بىر نەرسىلەرنى دەپ كالدىرلاپ ئۆزى كېتىپ قالدى. قوغۇنچىنىڭ ئىشىكىدە ئىككى ئەسكەر قالدى. قوغۇنچىغا «ماقۇل» دېمەكتىن ئۆزگە يول قالمىغانىدى. ئۇلار يىغا - زار قىلىشتى. ھەسرەت چېكىشتى. لېكىن، «مەندەك ھاجىمغا تەگسە قىزىڭ جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆز ئۇلارغا تەسەللى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەيسا قوغۇنچى قاش قارايغان چاغدا ئىككى ئەسكەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا قىزىنى «سوپى ھاجى»نىڭ قارارگاھىغا ئەكېلىپ بەردى.

— سەن كەتسۇن. مەن ئاخۇن تېپىپ نىكاھ ئوقۇتۇدۇ، — دېدى ماۋۇنبىك ۋە ئەيسا قوغۇنچىغا بىر بولاق نەرسىنى بەردى. ئۇنىڭدا بىر كىيىملىك شايى ئون بەش سەر كۆمۈش بار ئىدى.

ئەيسا قوغۇنچى كەتتى. لېكىن، ئۆزى كەتتىيۇ يۈرىكى مۇشۇ يەردە قالدى. قوغۇنچى يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ باردى. شۇ كېچىسى ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككىسى قىزىنىڭ ھەسرىتىدە كۆز يۇمماي چىقتى. ماۋۇنبىگىغا ھېچقانداق نىكاھ ئوقۇيدىغان ئاخۇنمۇ، گۇۋاھچىمۇ كېرەك ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تۆت نەپەر قىزغىمۇ گۇۋاھچى كەتمىگەن. بىر ئۆزى يالغۇز تەكبىر ئوقۇپلا گۇۋاھچى قويماي، قىزلارنى خوتۇن قىلىۋالغان. بالدۇرقىدەك بۇگۇنمۇ ئەيسا قوغۇنچىنىڭ قىزىنى خۇپتەندىن كېيىن ھۇجرىغا ئېلىپ

كىردى. ئۇنىڭغا كوچىدىكى بىر دەللال خوتۇن ھەمراھ بولغاندى. ئۇلار يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇشتى. قىزنىڭ يۈزى يېرىم ئوچۇق ئىدى. ماۋۇنبىڭ ئۆزى تەكبىر ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئاللاھۇ ئاكبار... ئاللاھۇ ئەكبار... مەن سەن ئالدى، — دېدى ماۋۇنبىڭ. يەنە تەكبىر ئوقۇدى، — ئاللاھۇ ئەكبار... ئاللاھۇ ئەكبار... سەن مەن تەگدىمۇ؟ قىز ئىزا تارتىپ جىم ئولتۇراتتى. دەللال ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلايتتى. ماۋۇنبىڭ تاقەتسىزلەندى:

— سەن مەن تەگدىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى، قىزنىڭ قورقۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى ماۋۇنبىڭنىڭ رەسمىي ئاچچىقى كەلدى.

— سەن مەن تەگدىمۇ؟ — دېيىش بىلەن تەڭ قىزغا «چاڭ» قىلىپ بىر شاپىلاق تەگدى.

— ۋايجان تەگدىم، — دېدى قىز ۋارقىراپ.

— ھە... ئەمدى ياخشى بولدى، — دېدى ماۋۇنبىڭ. ئارقىدىن دەللالغا بىر تەڭگە تاشلىدى. — يوقال بۇ يەردىن. سەن قىزنى مۇشۇنداق ئۆگىتەمدۇ؟

ماۋۇنبىڭنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن دەللال ئاستا ئىشىكتىن «غىپلا» قىلىپ چىقىپ تىكىۋەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ماۋۇنبىڭ چەرچەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ئىككى ھەرەمنىڭ دىدارىنى كۆرگەن «سوپى ھاجى» بەش قىزنىڭ ئۇۋالىغا قالدى. قىزنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تەمە قىلغان بىچارە نادان خەلق قىزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىنى ھېچكىمدىن كۆرمىدى. ماۋۇنبىڭ كەتكەندىن كېيىن چاقىلىقتا كۇچەيتىلگەن بىر روتا ئەسكەر بىلەن ئىسمائىل قالدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئىسمائىل پۈتۈن قوشۇنغا كوماندىر، چاقىلىققا ھاكىم بولغانىدى.

* * *

بۇ كۈنلەردە ھاشىمبەگ بىلەن سەيدەك قوزۇق قاماقتا [1] ئىدى. ھەر كۈنى ئەيش ـ ئىشرەت كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن ماۋۇنبىك ئۇچۇن بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋاقىت يوق ئىدى. پەقەت ئاتاغلىق تېۋىپ جالالىدىن ئاخۇننىڭ ئۆيگە بېرىپ قۇشقاچ گۆشىدە قىلىنغان شورپىنى ئىچىشنى ئۇنتۇل- مايتتى. ھاشىمبەگنى كىمدۇر بىرى «قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ ئادىمى» دەپ چېقىشتۇرۇپتۇمىش. سەيدەكنى بولسا، ئەسكەرلەر تونۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇراتتى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە 7 ـ ئايمۇ ئاخىرلىشىپ قالاي دېدى. بالدۇر تېرىغان قوغۇن ـ تاۋۇزلارمۇ پىشىپ قالدى. چاقىلىق قۇرغاق رايون بولغاچقا قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە باشقا مېۋەلە- رى ناھايىتى تاتلىق ئىدى. بۇنداق تاتلىق مېۋىلەرنى كۆرگەن ئەسكەر- لەر تەرەپ ـ تەرەپتە چېپىپ يۈرۈپ مېۋە ـ چېۋىلەرنى بۇلاپ ـ تالاشقا كىرىشتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يىگىت مالەنجاڭ قارارگاھىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە يوغان تاۋۇز بار ئىدى. بۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىسسىق بىر كۈن بولغانىدى. شەرقتىن ئىسسىق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

ـــ مەن بۇ تاۋۇزنى مالەنجاڭغا ئېلىپ كەلدىم، ـــ دېدى تاۋۇز كۆتۈرگەن يىگىت قاراۋۇلغا.

ـــ بولدى تاۋۇزنى ماڭا بېرىپ، ئۆزۈڭ كېتىۋەرگىن، ـــ دېدى قاراۋۇل.

---

[1] قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن ئىچىگە كىرگۈزگەن ئايغاقچىنى «قوزۇق» دەپ ئاتىغان.

— ياق، مەن بۇنى مالەنجاڭنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىمەن، — دېدى ئۇ.

— ئەمىسە نېرىراقتا بېرىپ كۈتۈپ تۇرغىن، — دېدى قاراۋۇلنىڭ بىرى تاۋۇز كۆتۈرگەن يىگىتنى قوغلاپ ھەم يېنىدىكىگە بۇيرۇدى، — لەنجاڭغا خەۋەر قىلغىن.

ئۇ كىرىپ كەتتى. يەنە بىر قاراۋۇل ھېلىقى تاۋۇز كۆتۈرگەن يىگىتكە هازىرلا ھۇجۇم قىلىدىغاندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، مالەنجاڭ (سىمازا) ھېلىقى قاراۋۇل بىلەن چىقتى. مالەنجاڭ تاۋۇز كۆتۈرگەن يىگىتكە قاراپ توختاپ قالدى.

— ھەي... — دەپ چاقىردى قاراۋۇل، — مالەنجاڭ دېگەن مۇشۇ.

ھېلىقى يىگىت يېقىن كېلىپ تاۋۇزنى مالەنجاڭغا ئىككى قوللاپ تۇتتى. مالەنجاڭ تاۋۇز ئىچىدە بومبا بارمىكىن دەپ ئويلىدىمۇ قانداق؟ ئۇ ناھايىتى تەستە قوللىرى تىترەپ، رەڭگى ئۆڭۈپ، ئاۋايلاپ تۇرۇپ تاۋۇزنى تۇتتى ۋە ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى. تاۋۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك چاقماق ئورۇلغانىدى. ئۇ چاقماقنى ئاچماقچى بولغانىدى.

— لەنجاڭ چاقماقنى ئۆيىگە كىرىپ ئېچىڭ، — دېدى تاۋۇز ئەكەلگەن يىگىت. مالەنجاڭ تۇرۇپ قېلىپ، بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى - دە:

— سەن كىم؟ — دېدى.

— ھاشىمبەگنىڭ ئىنىسى.

— ھە... ماخور، — دەپ مالەنجاڭ بېشىنى لىڭشىتتى. يىگىت قايتىپ كەتتى. مالەنجاڭ ئۆيىگە كىرىپ تاۋۇزنى كەستى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر سەرلىكتىن بەش دانە چوكا ئالتۇن چىقتى.

*      *      *

بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان پۈتۈن يۇرتتىكى مەسچىتلەردە مالەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈشتى. ئۇنىڭدا پۈتۈن خەلقنى ھەر يىلدىكى ھېيت كۈنلىرى پۈتۈن خەلق يىغىلىپ بايرام قىلىدىغان كونا لەڭزىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشقا بۇيرۇلغانىدى. ئەسكەرلەرنىڭ قىلىچى ئاستىدا چاشكا ۋاقتىدا بىرنەچچەمىڭ ئادەم كۆرستىلگەن ئورۇنغا يىغىلىپ، ئاستا ئاۋاز بىلەن مۇشۇنداق ئالدىراش يىغىلىشنىڭ سەۋەبىنى مۇھاكىمە قىلىشاتتى.

ۋاشىشەرىدە پۈتۈن خەلقنى يىغىپ، شۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قولغا چۈشۈپ قالغان قوزغىلاڭچىلارنى چېپىپتۇ. . .

— سەيدەكنى ئاتارمىش. . .

— ھاشىمبەگنى چاپارمىش. . .

مانا شۇنداق بىرىدىنبىرى دەھشەتلىك سۆزلەر كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇراتتى. سائەت ئونلاردا مالەنجاڭ ئۆزىنىڭ بىر قانچە يۈگۈر ـ يېتىمچىسى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار تولۇق قوراللىق ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرەر يۈزچە قوراللىق ئەسكەر كېلىپ خەلقنى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئورىۋالدى. مەيدانغا ئىككى دانە پىلموتنى ئورنىتىپ ئېتىشقا تەييارلاپ قويدى. بۇ ئىشلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قولى كەينىگە قىلىپ باغلانغان سەيدەكنى ئون نەپەر ئەسكەر ئارىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنى كونا لەڭزىنىڭ جەنۇبىدىكى ناسىر ھاجىمنىڭ بېغىنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ يۈزىنى غەربكە قارىتىپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. سەيدەك بولسا، توختىماي دۇرۇت ئوقۇيتتى. بىر نەپەر ئەسكەر ئالدىغا ئۆتۈپ قىلىچىنى ئويناتقىلى تۇردى. سەيدەكنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى.

— چاپ، — دېگەن ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ سەيدەكنىڭ بېشى يەرگە چۈشتى. ئەتراپقا قىپقىزىل قان چاچرىدى.

قاراپ تۇرغان خالايىق كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بېشىدىن ئايرىل-
غان تەن جان تالىشىپ يەردە دومىلايتتى، يىغلىپ - تۇگۈلەت-
تى. . . باش سەكرەيتتى.

— كىمكى قوزغىلاڭچى ئوغرىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى مالەنجاڭ چىقىراق ئاۋاز بىلەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلەر كېتىپ قېلىشتى. خالايىق «بەندىچىلىك» دېيىشىپ جەسەتنى قول - قولچە كۆتۈرۈپ جۇمە مەسچىتكە ئېلىپ كېتىشتى. . . شۇ ئاخ-
شىمى ئەل ياتقۇدا هاشىمبەگ ئۆز ئۆيىدە پەيدا بولدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## سىرلىق دىۋانە

دېكابىر ئېيىنىڭ ئاخىرى.

ھاۋا ناھايىتى بەك سوۋۇپ كەتكەنىدى. پۈتۈن يەر ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن. دەريا، ئۆستەڭ، كۆللەردىكى سۇ مۇز بولۇپ قاتقانىدى. بىر ھەپتىدىن بۇيان يېغىۋاتقان قار داۋاملىق چۈشۈپ تۇراتتى. ھاۋانىڭ سوغۇقلىقىدىن كېچىلىرى يەر - يۈزىنى تۇمان قاپلاپ، يوپۇرماقلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن قاقشال دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئاپئاق قىرو باغلاپ كېتەتتى. چاقىلىق خەلقى ماۋۇنبىڭ قوشۇنى ئۈچۈن قوي، كالا، توخۇ، تۇخۇم، ئاتلىرى ئۈچۈن ئوتۇن، سامان، بېدە، يەم - بوغۇز، توشۇيتتى. ماۋۇنبىڭ قوشۇنى مۇشۇ دەھشەتلىك قارا قىشتا خەلقنى ئاچ - يالىڭاچ قالدۇرغان بولسىمۇ خەلقتىن ھەرگىز رازى ئەمەس ئىدى. ئۆلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا ھەر كۈنى تاياق زەربىدىن باش - كۆزى يېرىلىپ كەتكەن، كىيىم - كېچەكلىرى قانغا بويىلىپ كەتكەن ئادەملەر ئۇچراپ تۇراتتى. يۇرتنى ئەندىشىزچىلىك، ۋەھىمە قاپلىغان. قاراقچىلارنىڭ دەستىدىن ھەممە ئائىلىنى خانىۋەيرانچىلىق، يوقسۇزچىلىق قاپلاپ كەتكەنىدى. چاقىلىق خەلقى بۇ يىل قىشمۇ ئۆتكەن يىل قىشتىكىگە ئوخشاش ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانىدى. خەلق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا ماۋۇنبىڭ قوشۇنىنىڭ قا-

رارگاھى بوش قالدى. ئۇلارنىڭ قەيەرگە يوقالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە قەشقەرگە كەتكەن تۆردى يىڭجاڭنىڭ نۆرغۇن ئادەم باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قاراقچىلار تۈن كېچىدە چەرچەنگە قاراپ تىكىۋەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىن- قى قاراۋۇلدا تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللىرى زور تۆركۈمدىكى قورال- لىق قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنىدى. قاراقچىلار ئوت - سامانغا، بىر قىسىم ئاشلىققا ئوت قويۇۋەتكەنىدى. ئۇلار كېتىپ ئەتىسى كەچ پېشىن ۋاقتىدا چاقىلىق بازىرىغا تۆردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن ھەيۋەت بىلەن كى- رىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پۈتۈن يۇرت خەلقى يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى.

6 - ئايدا قەشقەرگە كەتكەن تۆردى يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن قەشقەرگە بېرىپ، ناھايىتى تەستە مەھمۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار مەھمۇت سىجاڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى، ماسىڭيۈەن قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇش، ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە قارا شەھەر ۋالىسى ياڭ مىڭجۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بەردى.

— يارايسىلەر باتۇر ئەزىمەتلەر. ئوغۇل بالا دېگەن سىلەر- دەك بولۇشى كېرەك، — دەپ ماختىدى تۆردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەننىڭ دوكلاتنى ئاڭلىغان مەھمۇت سىجاڭ، — ئەمما ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ يۈز ئۆرۈشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنار- لىق ئىش بوپتۇ. بۇ خۇددى كونىلارنىڭ «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش. بىز ئۇنىڭغا كۆپ ئۈمىد باغلى- غان. ئۇ بىز بىلەن ھەمكارلاشقان بولسا ئىشلار خېلىلا ئاسانغا چۈشەتتى. چۈنكى، ئۇ يۇرتتا خېلىلا تەسىرى بار ئادەم - دە! . . .

— شۇنداق، ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىكەن، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — بىراق ناھايىتى يۇرتۋاز. ھەممە ئىشتا «مەنلا» دەيدىغان ئادەم ئىكەن. بولمىسا بىز ئۇنىڭغا كۆپ يول قويدۇق.

— نادانلىق، پۈتۈنلەي نادانلىق، — دېدى مەھمۇت سىجاڭ ئەپسۇسلانغان ھالدا ئېچىنىپ. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. پۈتىدىكى خۇرۇم ئۆتۈك توختىماي غاچىلدايتتى.

— شۇنچە ياشقا كىرگەن ئادەمنى نادان دېگىلى بولماس، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— نادان بولمىسا ئالدىڭدا تۇرۇۋاتقان دۈشمەننى كۆرۈپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ، بىر يۇرتتىكى خەلقنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەمدۇ؟! نادان بولغاچقا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ بەتنىيەتلىك قىلغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ قازىنى تېشىلىپ كېتىپ، بىكاردىن بىكار پۈتۈن بىر يۇرت بۇلاڭچىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالغان. ئۆزى خەلقنىڭ لەنىتىگە قالغان، — دەپ مەھمۇت سىجاڭ ناھايىتى قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇكاپات خەلقنىڭ ساڭا قىلغان ھۆرمىتى.

— بەرھەق، بەرھەق، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ئولتۇرغانلار.

— سىلەر شتابتا تۇرىۋېرىڭلار. يېڭى ئۇرۇش ئىلمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىڭلار، — دېدى مەھمۇت سىجاڭ تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەنگە، — ئەسكەرلەرنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇردۇمەن. ھازىرچە ئارام ئېلىڭلار.

— خوپ سىجاڭ، — دەپ ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار بىرنەچچە ئايغىچە قەشقەردىكى 6 - دىۋىزىيە قارمىقىدا تۇرۇپ قالدى. كۈز كەلگۈچە ئۇلار خېلى ئوبدان كۈتۈلدى ھەم ھەر كۈنى ھەربىي تەلىم ئېلىپ

تۇردى. چۈنكى، بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئارمىيىسىنى تەربىيە-
لەشكە كەلگەن شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرى
پەيجاڭدىن يۇقىرى ھەربىي كادىرلارغا ھازىرقى زامان ئۇرۇش
ئىلمىدىن تەلىم بېرىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئاتلىق ئەسكەر مەشىقى
ئالاھىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ
جەڭگىۋارلىق روھى تېخىمۇ ئۆستى. بولۇپمۇ ھازىر يەنىلا جەڭ-
گىۋار ھالەتتە تۇرۇۋاتقان كونا قوزغىلاڭچىلارنى كۆرۈپ ئۇلار-
نىڭ روھىغا روھ قوشۇلدى. بۇ چاغدا قەشقەردە ۋەزىيەت ناھايى-
تى جىددىي ئىدى. شىڭ شىسەيگە باش قويغان ساتقىنلار،
جاسۇسلار، مۇناپىقلار ھەممىلا يەرگە يامراپ كەتكەنىدى. نويا-
بىر ئېيىنى كۆرۈپ مەھمۇت سىجاڭ تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ
فۇگۇەننى چاقىرىپ چاقىلىقتا قايتىپ ئۇ يەرنى قاتتىق ساقلاشقا
بۇيرۇق بەردى.
— سىلەرگە سېتىۋالدى لەنجاڭ، تىلىۋالدى لەنجاڭ، ئا-
رىف لەنجاڭنىڭ ئادەملىرىنى قوشۇپ بەردىم. ئىتتىپاقلىقنى
قاتتىق ساقلاپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىڭلار. ئۇلارنى مە-
كتەپتە كۈتۈۋېلىڭلار.
— خوپ سىجاڭ دېگەنلىرىدەك قىلىمىز، — دېدى تۇردى
يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن تىك تۇرۇپ. ئۇلارغا قوشۇپ
بېرىلگەن قىسىم تەجرىبىلىك كونا قوزغىلاڭچىلاردىن بولۇپ
ئاساسەن تۇرپان، توقسۇن، پىچانلىق قەھرىمان يىگىتلەر ئىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. قوزغىلاڭ-
چىلارغا يېڭى قورال-لار ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى ۋە شورالار ھۆكۈ-
مىتى شىڭ شىسەي ئارمىيىسىگە بەرگەن خېلى كۆپ دىكتار
پىلموت ۋە ئاپتوماتلارنى سەپلەپ بەردى. كۆپ مىقداردا زاپاس
ئوق - دورا ۋە بىرنەچچە قۇردىن قىشلىق، يازلىق كىيىم -
كېچەك بەردى. بۇ ماددىي نەرسىلەر قوزغىلاڭچىلارنى يېڭى
تۇسكە كىرگۈزدى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زور غەيرەت ۋە ئىرادە بىلەن ئۇلۇغ ئارزۇ ـ مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يولغا چىقتى.

*　*　*

«بارلىق چېچىلىپ كەتكەن جەڭچىلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا هازىر بولسۇن» دېگەن بۇيرۇق ئۇلار كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا، چوڭ يول دوقمۇشلىرىغا، كوچىلارنىڭ كېسىشكەن جايلىرىغا چاپلاندى. تارقىلىپ كەتكەن، تۇڭگانلاردىن قېچىپ يۈرگەن قوزغىلاڭچىلار بىردىن، ئىككىدىن سەپكە قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئابدۇكېرىم ئەلەممۇ ئۇلارغا يول تېپىپ بېرەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار شتابى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ، جەڭ-گە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. شىمالدا دورالغا، غەربتە ئاق-تازغا، شەرقتە پاختا بولاق قاتارلىق جايلارغا قاراۋۇل قويىدى. هازىر دوڭخۇاڭدا تۇرۇۋاتقان گاجىت بەكرىنى چاقىرىشقا ئەيسا پەرەڭنىڭ يول باشلىشىدا ئىككى ئادەم ئەۋەتتى. بۇ قېتىم قوز-غىلاڭچىلارنىڭ روھى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار يەنە تۇڭ-گانلار بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات توپلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئايغاقچىلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇستا ھۈنەرۋەن-لەردىن بولغاچقا ئاسانلا كىشىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى.

*　*　*

1936 ـ يىل يانۋار.

ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ دەل ـ دەرەخلەرنى قىرو باغلاپ كەتكەنىدى. كېچىلىك تۇماندا يۇلتۇز-لار غىل ـ پال كۆرۈنەتتى. لېكىن، قىش كېچىسىگە خاس

بولغان قاراڭغۇلۇق ئەتراپنى قاپلاپ تۇراتتى. تاڭ ئالدىدىن بەلگە بېرىپ خورازلار توختىماي چىللايتتى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان باھاۋۇدۇن ھاجىم ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقتى. بۇ چاغدا تېخى چولپان يۇلتۇزى چىقمىغانىدى. باھاۋۇدىن ھاجىم قىسقا - قىسقا يۆتەلدى. شۇ چاغدا دىۋانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەق دوست! يا ئاللا، ياھەق...

بۇ تۈن كېچىدە كەلگەن دىۋانىدىن باھاۋۇدۇن ھاجىم ھەيران بولدى ۋە دىۋانە دېگەن مەسچىتتىن يانغاندا كېلەتتى. بۇ قانداق دىۋانە يېرىم تۈندە كېلىدىغان؟ دېگەن پىكىر ئۇنىڭ مېڭىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ:

— بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، — دەپ ئايەت ئوقۇپ قولىنى يۇدى. ئاندىن دىۋانە ئاچ قالغان بولسا كېرەك، دېگەن خىيال بىلەن ئۆيگە يېنىپ كىرىپ يوغان بىر دانە ھەمەك ناننى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇدۇل دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. دەرۋازا سىرتىدىن دىۋانىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مويسىپىت دىۋانە ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان باھاۋۇدۇن ھاجىم زەنجىرنى قاغا تۇمشۇقتىن چىقىرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا دىۋانە:

— مەھمۇت سىجاڭدىن سالام، — دېدى - دە، تەكلىپنى كۈتمەيلا ھويلىغا كىردى. باھاۋۇدۇن ھاجىم ئەجەبلەنگەن ھالدا دەرۋازىنى تاقىدى ۋە دىۋانىنى چىراغ يېنىپ تۇرغان مېھمانخانىغا باشلىدى. دىۋانە مۈرىسىدىكى خۇرجۇننى، قولىدىكى ساپايىنى ئىشىك تۈۋىدە قويۇپ ئۆيگە كىردى. ئۆي ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. مەشتە ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. دىۋانە يەنە بىر قېتىم:

— مەھمۇت سىجاڭدىن سالام، — دېدى ھەم بېشىدىكى كۇلاسىنى ئالدى. ئۇنى باھاۋۇدۇن ھاجىم دەرھال تونۇدى.

— ۋەئەلەيكوم ئەسسالام. مۆمىنئاخۇن؟!... بۇ نېمە

ئىش؟ — دېدى ھەيران بولغان باھاۋۇدۇن ھاجىم، ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. باھاۋۇدۇن ھاجىم ھەيرانلىقتىن مۆمىنئاخۇنغا قاراپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بولۇر ھاجىم، — دەپ جاۋاب بەردى مۆمىنئاخۇن، — جاھان ناھايىتى ئەنسىز. بىر تەرەپتە ماجۇڭيىڭ يەنە بىر تەرەپتە ئورۇسلار بىلەن شىڭ دوبەن. مۇشۇنداق قىلماي بولمىدى.

— قەشقەردىن قاچان يولغا چىققان ؟ — سورىدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

— ئۈچ ئاي بۇرۇن.

— كۆپ جاپا تارتىپلا. سىلى ئارام ئالسىلا، مەن ناماز ئوقۇۋالاي.

— ياق، سىلى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇمىغىلى بەش يىل بوپتۇ. بۈگۈنكى بامداتنى بىللە ئوقۇيلى ھاجىم، — دېدى مۆمىنئاخۇن خۇددى يالۋۇرغاندەك.

— بەك ئوبدان، مەن تەرەتكە سۇ ئېلىپ چىقاي، — دەپ باھاۋۇدۇن ھاجىم نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مۆمىنئاخۇن بۇ ئۆيگە سەپسالدى. بۇ ئۆي بەش يىل بۇرۇن قانداق بولغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق جابدۇغلۇق ئىدى. مورا ئوچاقمۇ، چوڭ كاتمۇ جايىدا تۇراتتى. پەقەت مۇشۇ مەشلا بۇ ئۆيگە يېڭىدىن قويۇلغاندى. ھايال بولمايلا باھاۋۇدۇن ھاجىم ئىككى ئاپتۇۋىدا سۇ كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇلار تاھارەت ئېلىپ بامدات نامازنى بىللە ئوقۇدى.

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر...

ئۇلار نامازنى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن چاي كەلتۈرۈلدى. مۆمىنئاخۇن ئالدىغا قويۇلغان شورپا بىلەن سېمىز پاخلان گۆشىنى تولىمۇ ئىشتىھا بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يېدى.

— شۈكۈر خۇدايىم، — دېدى مۆمىنئاخۇن تويغاندىن كېيىن، — چەرچەندىن بۇ يەرگە كەلگۈچە ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرىدىن قورقۇپ تۇزۇكرەك غىزامۇ يېيەلمىگەنىدىم. خۇدا، بەرگەن كۈنىڭگە شۈكۈر.

— يەنە ئازراق يېسىلە، — دەپ باھاۋۇدۇن ھاجىم تەكلىپ قىلدى.

— رەھمەت ھاجىم تويغۇچە يېدىم. كۆپ رەھمەت، — دەپ مۆمىنئاخۇن دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ئامىن! . . .

*　　　*　　　*

مۆمىنئاخۇن ئەسلىدە ئاتۇشلۇق بولۇپ، باھاۋۇدۇن ھاجىملار بىلەن شىرەم تۇغقان كېلەتتى. 1929 ـ يىلى باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئىنىسى ئىمىن ھاجىم ھەج تاۋاپ قىلىشقا بېرىپ قايتقاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن. تىجارەت ئىشلىرىغا ناھايىتى پىششىق، ئۆزى تىرىشچان ھەم ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ كېلىشتىن سەل بۇرۇن موسولباي باھاۋۇدۇن ھاجىمغا قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن تەرەپلەر بىلەن تونۇشلۇقى بولغان بىر خىزمەتچى لازىملىقىنى ئېيتقانىدى. مۆمىنئاخۇن ئۆزلىرىنى پاناھ تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، موھىتىلار ئائىلىسىگە خەت يېزىپ، مۆمىنئاخۇننى تونۇشتۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن موھىتىلار ئائىلىسى ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئۇمۇ ئۆز خوجايىنلىرىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. موسولبايلار مۆمىنئاخۇندىن ناھايىتى رازى بولدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي خەلق قوزغىلىڭى باشلىنىپ جاھان ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى. خەلقپەرۋەر موھىتىلار ئائىلىسى قوزغىلاڭچى خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، پۈتۈن مۈلكىنى ۋە جېنىنى شۇنىڭغا ئاتىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەس-

ئۆل بولغان موسولباي مۆمىنئاخۇننى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى. كېيىنرەك ئۇ مەھمۇت سىجاڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ مەھمۇت سىجاڭنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ناشتىدىن كېيىن مۆمىنئاخۇن ئۇستىدىكى جۇلدۇر چاپانى- نىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان قارا چىپەرقۇت پاختىلىق چاپاننىڭ يېڭىنى سۆكۈپ، مۇرىسىگە قويغان قاتۇرمىنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ باھاۋۇدۇن ھاجىمغا سۇندى.

— بۇ خەتنى مەھمۇت سىجاڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن ھاجىم.

— رەھمەت، سىجاڭ بىزنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم سۆيۈنۈپ، — سىجاڭنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ساق ـ سالامەت. يىراقتىكى دوستلى- رىنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدۇ، — دېدى مۆمىنئاخۇن، — لې- كىن ئەھۋال سەل چاتاقراق.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — ھەيران بولدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

— چۈنكى، شىڭ شىسەي ھەر جەھەتتىن ئۇستۇن ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. جاسۇسلار، ساتقىنلار، مۇناپىقلار ئەتراپقا يامراپ كەتتى. بىر بۆلۈم تۇراقسىز ئادەملەرمۇ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەھمۇت سىجاڭمۇ ئاران ـ ئاران دەسسەپ تۇرۇۋا- تىدۇ. قەشقەردە بۈگۈن يېتىپ، ئەتىلىككە ساق ـ سالامەت قوپۇشنى بىر خۇدانىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئاتاغلىق ئادەملەر بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىشتا شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى بىلەن شىڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن رۇسلار، قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار ئالاھىدە رول ئويناۋاتىدۇ، ئادەملىرىمىزنى تارتىپ كېتىۋاتىدۇ.

— شورالار ھۆكۈمىتى ئاجىز مىللەتلەرگە ياردەم قىلغۇ- دەك دېيىشكەن ئىدىغۇ؟

— ئۇ، ئېغىزدىكى شوئار، ئەمەلىيەتتە بۆرى بۆرىنىڭ قاياشى ئىكەن. قوي يېمەيدىغان بۆرە زادىلا يوق ئىكەن، — دېدى مۆمىنئاخۇن.

مۆمىنئاخۇننىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغان باھاۋۇدۇن ھاجىم ئويلىنىپ قالدى. مۆمىنئاخۇننى خېلى يېتىشىپ قاپتۇ دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن يېرىم يىل بۇرۇن ئۆز ئىنىسى ئىمىن ھاجىم كورلىدا خوجىنىياز ھاجىمنى ئېلىپ ماڭغان رۇسلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇ چاغدا شىڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ كوماندىرلىرى كورلىنىڭ بازىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئالدىغا ئۇچرىغان بەزى ئادەملەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىز باندىت؟ — دېگەن. بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن نادان كىشىلەر:

— ھەئە، ھەئە، — دېيىشى بىلەن تەڭ ھېلىقى كوماندىرنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچى ئۇ ئادەمنى دەرھال رەسمگە تارتىۋالغان. ئۇ نادان بىچارە شۇ كېچىسىلا يوقاپ كەتكەن. بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىمىن ھاجىم خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن ئالدىن مۆلچەرلەپ ئۇزاق ئۆتمەيلا گەنسۇغا بېرىۋالغان. مانا ئەمدى مۆمىنئاخۇن يەنە شۇ گەپنى قىلىۋاتىدۇ. شۇلارنى ئويلىغان باھاۋۇدۇن ھاجىم قولىدىكى خەتكە قاراپ، مەھمۇت سىجاڭ نېمىلەرنى يازدىكىن دېگەن خىيال بىلەن خەتنى مۆمىنئاخۇنغا سۇندى:

— قېنى ئوقۇسىلا.

خەت ئادەتتىكى سالام - سەھەتتىن كېيىن مۇنداق يېزىلغانىدى:

— ھاجىم شۇنداق قىلىپ، شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا

ئېلىپ، ئۆز قولىمىز بىلەن شىڭ شىسەيگە تۇتۇپ بەردۇق.
ئارقىدىن ھاجى ئاكامنى رۇسلار ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتتى.
ھاجى ئاكامدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلىمەن. كۆنلەردىن بىر كۈنى
تۆمۈر خەلىپىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ھاجى ئاكامنىڭ بېشىغا
كەپقالارمۇ؟ ! دەپ ناھايىتى خاۋاتىرلىنىمەن. باشتىلا ھاجى ئا-
كام رۇسلارغا بەكلا ئىشىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ زۇلۇمنى يوقى-
تىش ئۈچۈن بەل باغلاپ چىققان بولسىمۇ، ھەممىمىز ئوقۇمى-
غان نادان ئادەملەردىن بولغاچقا، بىرنەچچە ئەمەلدارنى ئۆلتۈ-
رۈپ، بىرقانچە شەھەرنى ئىشغال قىلىش بىلەن زۇلۇم يوقالماي-
دىغانلىقىنى چۈشەنمەپتۇق. بۇنى چۈشىنىدىغان ئاكام مەخسۇت-
باي بىلەن ئابدۇخالىق ئەپەندىلەر بالدۇرلا ئۆلۈپ كېتىپ قاپتۇ.
ئەمەلىيەتتە تامغا كىمنىڭ قولىدا بولسا، ھوقۇقمۇ شۇنىڭ قولى-
دا بولۇپ ئۇ خالىغىنىنى قىلالايدىكەن. شورالار ھۆكۈمىتى
تامغىنى شىڭ شىسەيگە تۇتقۇزۇپ قويغاچقا ئۇ ھەممە ھوقۇقنى
بىزدىن تارتىۋالدى. بىزگە قارىغاندا جىرجىس ھاجى قاتارلىقلار
كۆپ ئەقىللىق ئىكەن. ئۇلار شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە
ھەقىقىي ياردەم بېرىشىدىن گۇمانلانغان ۋە زادىلا ئىشەنمىگەن.
لېكىن، ئۇلار ھاجى ئاكامغا بەكمۇ ئىشەنگەن ۋە ھۆرمەت قىلغان
ھەم يىراقنى كۆرۈپ ھەممىمىزنى بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن
قول چىقىرىشقا، بىرلىكتە زۇلۇمنى يوقىتىشقا تەكلىپ قىلغاند-
دى. لېكىن، ھاجى ئاكام بۇ تەكلىپلەرنى قوپاللىق بىلەن رەت
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا
بىز ئۆزئارا بىرلىشىش ئورنىغا پارچىلىنىپ كەتتۇق. شۇنداقلا
بىزدە ئەنئەنىۋى دىنىي ئەقىدىچىلىك كۆز قارىشى ناھايىتى كۈچ-
لۈك بولغاچقا تۇڭگانلارنى «دىنىي قېرىنداش» دەپ ئۇلارنى
ياردەمگە چاقىرساق، ئەمەلىيەتتە بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كېلىپ،
«يارنىڭ ئۈستىگە كۆيدۈرگە چىقىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى.
ھاجى ئاكام ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىس بولدى،

«ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. كېيىنكى كۈنلەردە شېيخ شىسەي ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالامدۇ ـ يوق؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك ناھايىتى تەس. مۇبادا ئۇلار ۋاپا-سىزلىق قىلسا قىزىل قىيامەتنىڭ ئۆزى بولمامدۇ؟! . . . مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان شېھىتلەرنىڭ قېنى بىكار كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا بۇ ئىشقا كىم جاۋابكار بولىدۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ھەممىمىزنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مېنىڭمۇ ئەتراپىمنى ساتقىنلار، جا-سۇسلار، خائىنلار قاپلاپ كەتتى. قەشقەر شەھىرىمۇ ئېغىر ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىغا ئوخشاش مەشھۇر كىشىلىرىمىز بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. ئابدۇغوپۇردا-موللىدەك ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيلىرى شېيخ شىسەي دېگەن جال-لاتنى پەردازلاپ «ئاللانىڭ ئەلچىسى» قىلىپ كۆرسىتىشكە تى-رىشىۋاتىدۇ.

ـــ ئۇلار كىم؟ نېمە ئادەملەر؟ ـــ دەپ سورىدى باھاۋۇ-دۇن ھاجىم.

ـــ قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئاتاغلىق ئۆلىما، قــەشقەرنىڭ قازىكالانــى، ئابدۇغوپۇردامولللا موللىلار ئىچىــدىن چىققــان ساتقىن، ـــ دېدى مۆمىنئاخۇن.

ـــ شۇنداقمۇ؟ قېنى ئوقۇسىلا، ـــ دېدى باھاۋۇدۇن ھا-جىم. مۆمىنئاخۇن ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىدى ـ دە، ئو-قۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ـــ ھاجىم ئۆزلىرىگە مەلۇم بىز ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ھەم ئۆزىمىز تاپقان پۈتۈن بايلىقىمىزنى سەرپ قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلان-غاندۇق. كىچىك ئاكام شېيخ شىسەينىڭ ئوقىدا شېھىت بول-دى. چوڭ ئاكام بولسا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ئۈمىدىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ھەممە بايلىقىمىز تۈگىدى. مەن ھازىر

قۇرۇق قول. شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپ تۇرۇ-
ۋاتىمەن. ھەر كۈن، ھەر سائەتتە مېنىڭمۇ بېشىمدا ئەجەل
چۆرگىلەپ يۈرۈيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز قەشقەر
خەلقىنىڭ ھىممىتىگە باغلىق. شېڭ شىسەي بىلەن بىللە ئۆتۈش-
نىڭ زادىلا مۇمكىن ئەمەسلىكى ماڭا بارغانسېرى ئايان بولۇۋاتى-
دۇ. ئەگەردە ئاللا ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىل - پاراسەت
ئاتا قىلسا، قەشقەر خەلقى ياردەم قولىنى سۇنۇپ مەدەت بەرسە،
«يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دېگەندەك دۈشمەن بىلەن يەنە بىر
قېتىم ئېلىشىپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. ھېچبولمىغاندا سىلەرنىڭ
يۇرتقا ياكى تارىم بويىدىكى ئورمانلىقلارغا چېكىنىپ قۇمۇل،
تۇرپان قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقە باغلاپ كۆرەشنى قايتا باشلى-
ساق دېگەن خىيالىم بار. ئەگەردە قەشقەر خەلقىنىڭ قوللىشىغا
ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشەلمىسەك، قۇرۇق قول بىلەن ھېچ
ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

ھاجىم بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بەختسىز-
لىكلەر، بىزنىڭ ئالتۇنغا دەسسەپ تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ
يۈرۈشىمىز، باشقىلار ھاۋادا ئۇچۇپ، دېڭىز - ئوكيانلاردا ئۈ-
زۈپ يۈرسە، بىزنىڭ يەنىلا ئېشەك مىنىپ، كالا ھارۋىسىنى
ھەيدەپ يۈرۈشىمىز بىر جەھەتتىن بىزنىڭ پۈتۈنلەي ئوقۇمىغان
نادانلىقىمىزدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەنلىرى-
مىزنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولدى. ئۇلار بىزنى
تالان - تاراج قىلىشتا سۆڭەك تالاشقان ئىتقا ئوخشىسىمۇ،
بىزگە قارشى تۇرۇشتا، يالغۇز ئۆكۈزگە يېپىشقان بىر توپ چىل
بۆرىگە ئوخشايدۇ. ئۆزىنى مىللەتنىڭ «دانىشمەنلىرى» دەپ
ئاتىۋالغان موللىلارنىڭ بىر قىسمى بىر پۇل ئۈچۈن پۈتۈن
مىللىتىمىزنىڭ غېمىنى يەۋاتقان كىشىلەرنى شېڭ شىسەيگە سې-
تىۋېتىشكە تەييار تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىتىمىز نادان
بولغاچقا تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىپ پىكىر بىرلىكى بولماس-

لىق، مەنمەنچىلىك قىلىش، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش، كە-
چىككىنە پۇل ياكى مەنسەپنى كۆرسە تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئانى-
سىنىمۇ سېتىۋېتىشكە تەييار تۇرۇش، دوستلىرىغا، قېرىنداش-
لىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئىككى يۈزلىمىلىك، يالغانچىلىق،
خۇشامەتچىلىك قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋې-
لىپ، دۈشمەنلەر ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى
ئالداپ، «لولىنىڭ ئىتىنى سۇغۇرۇپ پۇلىنى ئال» دەيدىغان
قۇلچىلىق خاھىشلىرى يامراپ كەتكەنلىكتىن، ھەدېسىلا «تۇ-
خۇمنى تاشقا ئۇرۇپ بولمايدۇ» دەيدىغان توخۇ يۈرەكلىك ئەۋج
ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز بېشىنى كۆتۈرەلمەي
قالغان. ھاجىم، خېتىم ئۈزىراپ كەتتى مېنى كەچۈرگەيلا.
ھاجىم ئاخىرىدا ئۆزلىرىدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار. كۈنلەر-
دىن بىر كۈنى بېشىمغا بەندىچىلىكنىڭ ئېغىر كۈنى كېلىپ
قالسا، بۇرۇنقى دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن تۇرپان
تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قالسىلا ئائىلىمىزنى يوقلاپ قويۇرلا...
باھاۋۇدۇن ھاجىم مەھمۇت سىجاڭنىڭ خېتىنى ئاڭلاپ ئۇ-
زاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆز
ئالدىغا ئاستانىدىكى موھىتىلار ئائىلىسى كەلدى. مانا ئالدى
جەنۇبقا قاراپ چوڭ دەرۋازا ئالدى قارىغاي تۈۋرۈكلۈك ئېگىز
پېشايۋانلىق ئىككى قەۋەت كېمىر ئۆيلەر، ناھايىتى نۇرغۇن
روسىيە ھەم جۇڭگو ماللىرىنى چۈشۈرۈپ قويغان چوڭ ھويلىدا
ئۇلار ھېساۋات قىلماقتا. ماللاردىن زاكات ئايرىماقتا ئىدى.
باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئائىلىگە ھەر يىلى بىر ـ
ئىككى قېتىم كېلىپ كېتەتتى. مانا بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۇلۇغ
مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئوچۇق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى.
مەخسۇتباي ياشلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئويلاپ
باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ قارا كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاق-
تى. مۆمىنئاخۇن بولسا، باھاۋۇدۇن ھاجىمنى زادىلا مۇنداق

ئەھۋالدا كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ بۇ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ جىمجىت ئولتۇراتتى.

— ئەمدى بۇ يەردىن يېنىپ تۇرپانغا باراملا، — دەپ سو-رىدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

— ياق، مېنىڭ ۋەزىپەم باشقا، ئىچكىرىگە ماڭىمەن، — دېدى مۆمىنئاخۇن.

— نېمىشقا؟

— مەھمۇت سىجاڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە شىنجاڭ خەلقى نامىدىن بىر پارچە خەت ئەۋەتتى، — دېدى مۆمىنئاخۇن.

— ئەگەردە مەخپىي بولمىسا بۇ خەتتىن خەۋەرلىرى بار-مۇ؟ — دەپ سورىدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

— ئازراق خەۋىرىم بار، — دېدى مۆمىنئاخۇن ئالدىرىماي سۆزلەپ، — قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئەنجانلىقلار مەھمۇت سىجاڭ-نى «رۇسلار ناھايىتى ياۋۇز، ئۇلار شېڭ شىسەي بىلەن بىرلى-شىپ چوقۇم شىنجاڭ خەلقىنى قىرغىن قىلىدۇ» دەپ ئىشەندۇ-رۇپتۇ. شۇڭا، مەھمۇت سىجاڭ ئۆتكەن يىل كۈزدە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەخسۇس خەت يېزىپ بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن.[1] بۇ خەتتە شېڭ شىسەينى چاقىرتىۋېلىش، خارجى ئىشلار يولى بىلەن رۇسلارنى چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، ئۇ ئادەمدىن ھازىرغىچە خەۋەر يوق. شۇڭا، بۇ قېتىم يەنە مېنى ئەۋەتتى.

— سىلى خەنزۇچە بىلمىسىلە قانداق قىلالا؟

— لەنجۇغا بېرىۋالسام، ئۇ يەردە مەھمۇت سىجاڭنىڭ بىر تونۇشى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەن. شۇ كىشى ئارقىلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى مۇناسىۋەتلىك كىشى-لەر بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدىكەن، — دېدى مۆمىنئاخۇن.

— جۇچۈەندە ياكى لەنجۇدا بىزنىڭ ئىمىن ھاجىم بار.

---

[1] دەسلەپتە ئىمىن داموللىنى ئەۋەتكەن.

سىلى ئىزدىگەن ئادەمنى بىلىشى مۇمكىن. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمىكىن؟ — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم.

— گاۋچاڭ ئەمەتئاخۇن.

— ئابدۇللا، — دەپ چاقىردى باھاۋۇدۇن ھاجىم. ئوتتۇز ياشلاردىكى چىرايلىق بىر يىگىت ئۆيگە كىرىپ قول باغلاپ تۇردى. بۇ باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى.

— خوش دادا.

— لەنجۇدا گاۋچاڭ ئەمەتئاخۇن دېگەن كىشىنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن دادا، — دېدى ھاجىمنىڭ ئوغلى، — بىز دائىم سودا قىلىپ تۇرىمىز.

— ئانداق بولسا مۆمىنئاخۇن ئاكىڭىزغا ئۇ كىشىنى قانداق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم. مۆمىنئاخۇن بولسا «خۇدا بەندىسىنى كەچ قويسىمۇ، ئاچ قويماپتۇ» دېگەن شۇ دەپ ئويلايتتى.

— مۆمىنئاخۇن ئاكا، ئۆزلىرى لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن ئادەم سۈرەيدىغان ھارۋىدىن بىرنى تېپىپ «ئالتاي شاڭفاڭ»غا بارىمەن دېسىلە. سىلىنى ئۇدۇل گاۋچاڭ ئەمەتئاخۇن تۇرغان جايغا ئاپىرىدۇ، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئوغلى.

— ئالتاي شاڭفاڭ، ئالتاي شاڭفاڭ، — دەپ تەكرارلىدى مۆمىنئاخۇن.

— ئانداق بولسا، ياخشى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى باھاۋۇدۇن ھاجىم ھازىرچە مۇشۇ ئۆيدە ئوبدان ئارام ئالسىلا.

باھاۋۇدۇن ھاجىم ئوغلى بىلەن چىقىپ كەتتى. مۆمىنئاخۇن بېشىنى ياستۇققا قويۇشى بىلەن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن مۆمىنئاخۇن باھاۋۇدۇن ھاجىم تېپىپ بەرگەن ئىشەنچلىك بىر يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا دوڭخۇاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. يولغا چىقىش ۋاقتىدا باھاۋۇدۇن ھاجىم ئۇنىڭغا ئۆزى مىنىدىغان يايلى قارا قولا ئاتنى ۋە قاما ياقىلىق

بۆره جۇگىسىنى يوللۇق تۇتتى ھەم بىر دانە تۇلكە قۇلاقچا كىيگۈزۈپ قويدى.

— خەير ئىنىم سالامەت بولۇڭ، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن، — دېدى باھاۋۇدۇن ھاجىم كۆزنگە ياش ئېلىپ، — خىراجەت كەملىسە ئىمىن ھاجىمدىن ئېلىڭ. جاۋابىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

— خەير ھاجىم، خۇداغا ئامانەت، — دەپ مۆمىنئاخۇنمۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا يولغا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۆ-مىنئاخۇننى ھېچكىم كۆرمىدى.

* * *

باھاۋۇدۇن ھاجىم مەھمۇت سىجاڭنىڭ خېتىنى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ خەتنى قوزغىلاڭچىلار شتابىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ بۇ خەتنى شەخسەن ئۆزىنىڭ ئوقۇ-يالمىغىنىغا ناھايىتى پۇشايمان قىلدى. چۈنكى، ئۇ دادىسىدىن كىچىك قالغان، ئائىلىسى خانىۋەيران بولغان، شۇڭلاشقا ئۇ ئوقۇيالماي ساۋاتسىز قالغانىدى. ھازىر مىڭ مەرتىۋە پۇشايمان قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى-نى مەكتەپتە ئوقۇتتى.

مەھمۇت سىجاڭنىڭ خېتى قوزغىلاڭچىلارغا ناھايىتى زور ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار شتا-بىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن باشچىلىقىدا بىر گۇ-رۇپپا ئادەم تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونى، بولۇپمۇ چىۋىنكۆل ئەتراپلىرىغا ئىككى قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم بۇ يەردە كەلگۈسىدە بولىدىغان پارتىزانلىق ھەرىكەت ئۈچۈن جاي تاللىدى. شۇنداقلا ۋاقتى كەلگەندە تېرىلغۇ قىلىش ئۈچۈن بوز يەرلەرنى كۆرۈپ چىقتى.

ئاتلارنى بېقىش ئۈچۈن چوڭ ـ چوڭ ئوتلاقلارنى ئىزدىدى.
شۇنداق بولسىمۇ قوزغىلاڭچىلار چاقىلىقنى بازا قىلىپ، غەربتە ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا، شەرق ۋە شىمالدا شېڭ شىسەيگە قارشى كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ماخوسەننىڭ بۇيرۇقى — چاقىلىقنى تۇزلىۋېتىڭلار

رىچاردنىڭ بۇيرۇقى:① قارشىلىق كۆرسەتكەن
ئېروسالىم ئاھالىسىنى ياش - قېرى، ئەر -
ئايال دېمەي ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاڭلا.
——«سالاھىدىن» كىنو فىلىمىدىن

قەشقەردىن قايتىپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى چوڭ يوللارنى قاتتىق قامال قىلىپ، ئەمدى ماخۇسەن كارۋانلىرىنىڭ ئۆتۈشىگە مۇتلەق يول قويمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ماخوسەن خوتەن تەرەپتىن بۇلىغان ئالتۇن، كۆمۈش ۋە باشقا بايلىقلارنى چىڭخەي، گەنسۇ تەرەپلەرگە توشۇۋاتاتتى. ئامالسىز قالغان تۇڭگانلار ئەمدى ئالتۇنتاغ ئېچىدىكى رازىباي، ئېشەك پاتتى، غازلىق قاتارلىق جايلار بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، بۇ يەرلەردىن 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچىلا ماڭغىلى بولاتتى. قالغان چاغلاردا بۇ يەر قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلار شتابى بۇ يەرگە مەخسۇس تاغچىلاردىن تەشكىل

---

① رىچارد ئەنگلىيە پادشاھى 1187 - يىلى ياۋروپا كرېست (+) ئارمىيىسىنىڭ 3 - قېتىملىق سەلىب يۈرۈشىگە قوماندانلىق قىلىپ ئېروسالىمغا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن، سالاھىدىن تەرىپىدىن يېڭىلىپ ئۆلگەن.

قىلىنغان قاراۋۇل ئەترىتىنى ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ يەرنىڭ يوللىرى-
نى پىششىق بىلگەندىن تاشقىرى يەنە ئۇلار ئادەملەر ۋە ئاتلارنىڭ
پاناھلىنىشى ئۈچۈن قىشلىق يايلاقلارنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئۇلار ناھايىتى ئۇستا ئوۋچى مەرگەنلەر بولۇپ،
بىر جايدا سائەتلەپ، ھەتتا كۈنلەپ كۈتۈشكىمۇ چىدامىلىق ئى-
دى. ئوقنى ھەرگىز زايە كەتكۈزمەيتتى. ئاچلىققا ۋە سوغۇققا
چىدامىلىق بولۇپ، ئازراق ئۇن ياكى تالقان تاپسا خېلى كۈن جان
باقالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماخوسەننىڭ كارۋانلىرى بىلەن قوز-
غىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا كالتە جەڭلەر توختىماي داۋام قىلدى.
قوزغىلاڭچىلار ماخوسەننىڭ ئادەملىرى بۇلىغان بايلىقلارنى قو-
لىدىن تارتىۋالدى. تۇنجى جەڭ 1936 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ
2 ـ كۈنى غاز كۆل ئەتراپىدا يۈز بەردى.
ھاۋا سوغۇق ھەم تۇتۇق، قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇراتتى.
ھەممە ياق ئاپئاق كۆرۈنەتتى. ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى پەرق
ئەتمەك تەس ئىدى. قوزغىلاڭچىلارغا غىل ـ پال قارا ـ قۇرا
نەرسىلەر كۆرۈنگەندەك بولاتتىيۇ، يەنە يوقاپ كېتەتتى. يەنە
پەيدا بولۇپ قالاتتى ئاخىر بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دىققىتىنى
قوزغاپ قويدى. ئۇلار دۇربۇن بىلەن قارىغانىدى. ئۇنىڭ كېلى-
ۋاتقان تۆگىلىك كارۋان ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. دېمەك،
ھەممە نەرسىلەر ئېنىق بولدى. تۆگىكانلارنىڭ تۆگە كارۋىنىدىن
باشقا كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق كۈنلەردە بۇ يەردىن مېڭىشى مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. يول باشلىغۇچىلار بۇ يەرلەرنى پىششىق
بىلمىسە كېرەك، ئۇلار كېلىپ ئىسسىق سۇلۇق سازلىققا تىقى-
لىپ قالدى. چۈنكى، ئۇلار كونا يولدىن چەتلەپ كەتكەنىدى.
يېغىۋاتقان قارغا قارىماي تۆگىكانلار ۋە تۆگىچىلەر ھەدەپ لايغا
پېتىپ قالغان تۆگىلەرنى چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. بۇ
قارلىق تاغدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ
كەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلار مىلتىقلىرىنى ئاتلارنىڭ ئىگەرلىرىگە

قىلىپ قويۇپ، تەرلەپ پىشىپ ھەرىكەت قىلىشاتتى. يىقىلغان تۆگىلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قوزغىلاڭچىلار تاغ چاتقىلى ۋە بۇغۇنا قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى دالدا قىلىپ ئاستا - ئاستا ئۇلارغا يېقىنلاشتى. «كارۋانلار» تۇرغان جاي تۈزلەڭ بولۇپ بىر تەرىپى چوڭ كۆل ئىدى. بىردىنلا پەيجاڭ ساۋۇتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئات.

بىرىنچى قېتىم ئېتىلغان ئوقتا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان تۆت نەپەر بۇلاڭچى يىقىلدى. قالغانلار ئىشنى تاشلاپ ئاتقا يۈگۈردى، ئۇنىڭغىچە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئاتقان ئوقىدىن بىر قانچە ئات ۋە يەتتە نەپەر ئەسكەر يىقىلدى. ئىككى نەپەر ئەسكەر تىرىك ئەسىرگە چۈشتى. ئۇنىڭ بىرسى مۇشۇ كارۋاننىڭ باشلىقى مايەنچىڭ (شاربا) دېگەن ئوتتۇز ياشلاردىكى قاۋۇل ئادەم بولۇپ، ئۇ بىلىكىدىن يارىلانغان، ئېتى ئۆلگەندى. يەنە بىر نەچچىسى قېچىپ قۇتۇلدى. مايەنچىڭنى سوراق قىلىش نەتىجىسىدە شۇ نەرسە مەلۇم بولدى. بۇ سەكسەن تۆگىلىك مالنىڭ تەڭ يېرىمى، ماجوڭيىڭ ۋە ماخوسەنگە تەۋە ئىكەن. ئۆزى بولسا ماخوسەننىڭ تۇغقىنى ئىكەن. قالغان مال ھەرقايسى قاراقچى ئاتامانلارنىڭ ئىكەن. بۇ ماللار ناھايىتى قىممەت باھالىق ماللار بولۇپ بۇغا - بۆكەن مۈڭگۈزلىرى، ئەسىرى - سۈلەيسۇن تېرىلىرى. خوتەننىڭ يىپەك يىپلىرى قاشتېشى، ئالتۇن - كۈمۈش ياللىتىلغان قاچا - قۇچىلار، ھىندىستان گىلەملىرى، قۇندۇز ياقىلىق جۇۋىلار، بىر قىسىم كۆن خۇرۇم قاتارلىق نەرسىلەر ۋە ئەپيار قاتارلىق مەشھۇر دورىلار ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇلار خوتەن، يەكەن قاغىلىق، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن بۇلىغانىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى قايتۇرۇۋالدى.

*　　　*　　　*

— مالنى تارتىۋالدى. قانلىق جەڭدە مايەنچىلىك قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم ئۆلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى قېچىپ بارغان ئەسكەرلەر ماخۇسەنگە. ماخۇسەن جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى ۋە:

— چەرچەندە تۇرۇشلۇق ماسىڭيۇەنگە بۇيرۇق — چاقىلىق تۇزلىۋېتىلسۇن. قارشىلىق قىلغانلار رەھىم - شەپقەت قىلىنماي قىرىپ تاشلانسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

بۇ بۇيرۇق بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە ئات ئالماشتۇرۇپ ماسىڭيۇەن شتابىغا يەتكۈزۈلدى. ماسىڭيۇەن جىددىي جەڭ تەييارلىقى بۇيرۇقــى جاكارلىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق جىددىي ھەرىكىتىنى چەرچەندىكى ئايغاقچى سېزىپ قالدى. ئۇ ئاقتازدىكى ئالدىنقى قاراۋۇلغا خەۋەر بەردى:

— تۇڭگانلار جىددىي جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. نىشان ئېنىق ئەمەس... بۇ خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغان تۇردى يىڭجاڭ:

— نىشان ئېنىق. ئۇلار ئۆتكەنكى تارتقان زىيىنى ئۈچۈن بىزدىن ئۆچ ئالماقچى، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەنمۇ، — بىز شۇ چاغدىلا بۇنى مۆلچەرلىگەن. «ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ». مانا بىز تەييار، بولاڭچىلار كېلىۋەرسۇن.

بۇگۈن ئۇلار قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ھاكىم گاجىت بەگ، ئېزىز ھاجىم، باھاۋۇدۇن ھاجىم قاتارلىقلار ئاھالىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. ئۇلار ئاھالىلەرنى چېگىلىك ئۆي، كەڭ لايقا قاتارلىق جايلارغا تارقاقلاشتۇردى. تۇردى يىڭجاڭ ئاھالىلەرگە مۇراجىئەتنامە چىقاردى.

— پۈتۈن ئاھالىغا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمەنكى، بارلىق پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئاشلىقنى، چارۋا مالنى دۈشمەننىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئارقىدىن تۇردى يىڭجاڭ قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىگە بۇيرۇق بەردى:

— دۈشمەن رەھىمسىز، بارلىق جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ غازىلىق سالاھىيىتى بىلەن جان پىدالىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلىشى كېرەك. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بىزنىڭ ھالاك بولۇشىمىز ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىزنى بەلگىلەيدۇ. بۇ قېتىممۇ قاراقچىلار بۇرۇنقىدەك شىمالىي ۋە جەنۇبىي سەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ھەرگىز ئۇدۇلدىن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىمالىي سەپنى بۇ يەرنىڭ شارائىتى بىلەن پىششىق تونۇش بولغان ھوشۇرلەنجاڭنىڭ يىگىتلىرى بىلەن ئېزىز ھاجىمنىڭ قول ئاستىدىكىلەر مۇداپىئە قىلىدۇ. جەنۇبىي سەپنى ئارىپ لەنجاڭنىڭ يىگىتلىرى مۇداپىئە قىلىدۇ. بۇنىڭدا سايباغ بىرىنچى سەپ، كۆنچى مەھەللىسى ئىككىنچى سەپ بولىدۇ. چېچەكچىنىڭ تۈگمىنىدىن قەبرىستانلىققىچە تىلىۋالدى لەنجاڭنىڭ يىگىتلىرىنىڭ يېرىمى مۇداپىئە قىلىدۇ. بۇ ئۈچىنچى سەپ بولىدۇ. ھەمدۇللا پەيجاڭ بەش دانە پىلموت بىلەن ئوتتۇرا ياردا ئېھتىيات ئۈچۈن پىستىرمىدا تۇرىدۇ. قالغان قىسىملار مەن بىلەن ئايۇپ فۇگۇەننىڭ باشچىلىقىدا كوچا ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىپ كونا لەڭزە، ھەربىي گازارما، كونا يامۇلدا تۇرۇپ دۈشمەننىڭ باستۇرۇپ كىرىش يولىنى توسىدۇ. قانداق پىكىر بار؟

— خوپ ئىجرا قىلىمىز، — دەپ ۋارقىراشتى كوماندىرلار.

— ئوق - دورىنى كۆپرەك ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن، — بۇ قېتىم ئۇلار بىزگە ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ھەرگىز ئايىماسلىقىمىز لازىم.

— ئۇقتۇڭلارمۇ؟ — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— ئۇقتۇق. — دېيىشتى كوماندىرلار.
— ئانداق بولسا ھەممىمىز ئاتلىنىپ. ھەرقايسى قىسىملار
ئورۇنلىشىدىغان جايلارنى كۆرۈپ چىقايلى، — دېدى تۇردى يىڭ-
جاڭ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن ئاتلىنىپ يولغا چىقتى.

* * *

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھاۋا تۇتۇلۇپ توختىماي چاقماق
چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلەيتتى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، يەر
شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ قۇياش بىرە - بىرە كۆرۈن-
سىمۇ يەنىلا شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتاتتى. مۇنداق قارىغاندا
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان پاجىئەگە ھازا ئېچىۋات-
قان ھازىداردەك ئاسمان سىمىلدىتىپ كۆز يېشىنى توختىماي
تۆكۈپ تۇراتتى. ئالتۇنتاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىنى قارا بۇلۇت
قاپلاپ ۋال - ۋۇل قىلىپ توختىماي چاقماق چاقاتتى. قۇياش
بولسا، بىر خىلدا غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى - دە يەنە
بۇلۇتلار ئارقىسىغا ئۆتۈۋالاتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان قوزغىلاڭچى
قوشۇن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سايباغدىن تاكى بازارنىڭ
غەربىي شىمالىدىكى قەبرىستانلىققىچە بولغان ئۇزۇن لىنىيىدە
ئۆستەڭ بويلاپ ئاكوپ قېزىپ ئېتىش نۇقتىلىرىنى قۇرماقتا ۋە
مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ پىلموتلارنى ئورۇنلاشتۇرماقتا ئىدى.
بۇ ئىشتا قوزغىلاڭچىلارغا قەشقەردە چاغدا شورالار ھۆكۈمىتى-
نىڭ ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئالغان ھەربىي تەلىم خېلى
ئەسقاتماقتا ئىدى. پەيجاڭلار، لەنجاڭلار ئۆزى قول سېلىپ
ئىشلىمەكتە ئىدى.

بازار ئىچى پۈتۈنلەي قۇرۇغدىلىنىپ قالغانىدى. ئاھالىلەر
تارقالاشتۇرۇلغان، مال - مۈلۈكلەر يۆتكەپ كېتىلگەنىدى.
جەڭچىلەر ئالدىراشلىق بىلەن كوچىلارغا توسۇقلار قۇرماقتا،

تامنى تېشىپ ئېتىش نۇقتىلىرىنى تەييارلىماقتا ئىدى. ھەربىر كوچا بىرنەچچە جايدىن توسۇۋېلىنغان بولۇپ ئالدى تەرىپىگە يۇلۇڭ، كىگىز قاتارلىق ئوق ئۆتمەيدىغان نەرسىلەر بېسىلغانىدى. جەڭچىلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار هاردىم - تالدىم دېمەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيتتى. گاھىلىرى قىلىچلىرىنى بىلەپ پار-قىرىتىۋەتكەنىدى. بەزىلەر نەيزە ئۇرۇشنى مەشىق قىلاتتى. يەنە بەزىلەر مىلتىقلىرىنى سۈرتۈپ تەييار قىلماقتا ۋە بىرەر قۇشقاچ ئۇچسىمۇ قارىغا ئېلىپ باقاتتى. شۇنداق قىلىپ بىرەرمۇ بىكار ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى.

تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن يەنە بىرنەچچە كىشى قىلد-ىنىۋاتقان جەڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ يۈرۈشەتتى. سالقىن ھاۋادا جەڭچىلەر دەم ئالماي ئىشلەۋاتاتتى. باشلىقلار بولسا بىردە تو-سۇقلارنى كۆرەتتى. بىردە ئېتىش نۇقتىلىرىنى كۆزدىن كەچۈ-رەتتى. مۇۋاپىق بولمىغانلارغا تۈزىتىش پىكرى بېرەتتى. ئۇلار ھەرگىز كىشىلەرنى كايىمايتتى. بۇ نۆۋەتتىكى جەڭچىلەر خېلى پىشىپ قالغان تەجرىبىلىك، كونا جەڭچىلەر بولغاچقا ھەممىسى ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىلىپ قىلاتتى. جەڭچىلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن ئايۇپ فۇگۇەننىڭ بىردىنلا كۆزى ھاشىخانغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ بەل گۇرجەكتە ئاكوپ قېزىپ ئېتىش نۇقتىسى تەييارلاۋاتاتتى. ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز سىڭلىم؟ — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.

— ئاكوپ قېزىۋاتىمەن. ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىمەن، — دېدى ھاشىخان.

— سىز دېگەن بايراقچى تۇرسىڭىز، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟

— مەن دېگەن جەڭچى. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشىمەن. مەن بايراقنى تۇتۇپلا تۇرسام بولماس، دۈشمەن مېنى ئۆلتۈرەلمىگەن

ئىكەن. مەن چوقۇم دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك، — ئۇنىڭ
گەپلىرى ناھايىتى قەتئىي ئىدى. «تاختا پەرە دۆڭدىكى ئاچچىقى
تېخى چىقماپتۇ» دەپ ئويلىغان ئايۇپ فۇگۇەن ئەمدى ئۇنىڭ
ئېتىش توچكىسىغا قارىدى. بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئورەك-
نىڭ چۆرىسىگە يوغان - يوغان تاشلارنى قويۇپ، كىچىك بالى-
نىڭ بېشى پاتقۇدەك ئارىلىق قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇم
تاغارلىرىنى ئارتىپ، ئېتىش — توچكىسىنى خەۋپسىزلەندۇر-
گەنىدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ئايۇپ فۇەنگە يارىدى.

— ئاجايىپ باتۇر خوتۇندە بۇ. ئەر كىشىدىگە بەرگۇ -
سىز، — دەپ ئويلىدى ئايۇپ فۇگۇەن، — ھەم ئەقىللىق، ھەم
غەيرەتلىك. كۆرۈڭ تېخى ئۇنىڭ جايلاشقان جايىنى. نەق دۈش-
مەن ئۆتىدىغان جاي. بازارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلار مۇشۇ يەردىن
ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس. . .

— قانداق فۇگۇەن بوپتۇمۇ؟ — ھاشىخانىنىڭ سوئالى ئا-
يۇپ فۇگۇەننىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بىراق، سىز بۇنداق ئاكوپ
قېزىشنى قەيەردىن ئۆگەنگەن؟

— ئۇرۇشتىن، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ھا-
شىخان، — ئۇرۇشتا دۈشمەننى يوقىتىش بىرىنچى ئورۇندا، ئۆ-
زۈڭنى قوغداش ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ،
ئۆزۈڭنى ئۇنۇملۇك قوغدىغاندىلا دۈشمەننى يوقىتالايسەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ ئېنىق ئىشقۇ. ئۆلۈك ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئۆزۈڭ
ھايات بولغاندىلا دۈشمەننى يوقىتالايسەن. ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى
دۈشمەننى يوقىتىش. دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ھاياتىڭنى
ساقلىشىڭ، كېرەك.

— راست دەيسىز، — دەپ تەن ئالدى ئايۇپ فۇگۇەن، —
لېكىن مۇنچىۋالا ئەر كىشىلەر ئارىسىدا سىزگە بىئەپ تۇ-

يولامدۇ؟

— قىزىق گەپتە بۇ، — دەپ ھاشىخان كۈلۈۋەتتى. كۈلگەندە ئۇنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ، يۈزىدىكى زىناقلىرى بىلىنىپ ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتتى، — ھەممە ئادەم جان بىلەن قالغاندا ماڭا قاراشقا كىمنىڭ چولىسى فۇگۇەن.

— يىڭجاڭ سىزنىڭ بۇ يەردە جەڭ قىلىشىڭىزنى ماقۇل كۆردىمۇ؟

— ياق. ئۇ مېنىڭ قورغاندىن چىقماسلىقىمنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن بولسام جەڭ مەيدانىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ھاشىخان. شۇ چاغدا تۇردى يىڭجاڭ كەلدى ۋە خوتۇنىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ھەيران بولدى.

— ھە. . . جاھىل خوتۇن. ئاخىر ئۆزۈڭنىڭ دېگىنىنى قىپسەن ـ دە؟ — دېدى.

— رۇخسەت قىلىڭ يىڭجاڭ، — دېدى ھاشىخان قولىنى چېكىكىسىگە تەككۈزۈپ تۇرۇپ، — بۇ قېتىم مېنىڭ جەڭگە قاتنىشىشىمغا رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

بۇ گەپتىن تۇردى يىڭجاڭ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. لېكىن، ئايۇپ فۇگۇەننى كۆلكە قىستىدى، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— بايراقنى قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

— مانا بۇ يەرگە قادايمەن، — دەپ يوغان ئۈچ تاشنىڭ ئارىلىقىنى كۆرسەتتى. كىمكى بايراققا قول سۇنسا ئۇنىڭ بارار جايى جەھەننەم. ھۇجۇم ۋاختىدا بايراقنى كۆتۈرۈپ ئەڭ ئالدىدا ئۆزۈم ماڭىمەن.

شۇ چاغدا خەۋەرچى كېلىپ دوكلات قىلدى:

— «چاپان قالدى» دېن ئادەم كەلدى.

— قېنى ئۇ ئادەم؟ — دەپ سورىدى تۇردى يىڭجاڭ.

— ئۆستەڭ بويىدا سۇ ئىچىۋاتىدۇ، — ئۇنىڭ گېپى تۇ-گۇمەي تۇرۇپلا قارا ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئۇ قويچى قىيا پىتىدە ئىدى.

— ئاخشام ماسىڭيۈەننىڭ ئەسكەرلىرى «چاپان قالدى» نى يانداپ ئۆتتى، — دېدى ئۇ.

— ئۇلار قانچىلىكچە بار؟ — سورىدى تۇردى يىڭجاڭ.

— مۆلچەرلىشىمىزچە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىكەن. يەنە پىلموتلىرىمۇ بار، — دېدى ئۇ.

بۇ 1936 - يىل 31 - ماي كۈنى ئىدى.

* * *

1936 - يىل 1 - ئىيون. ھاۋا تۇتۇق. سىم - سىم يامغۇر توختىماي ياغماقتا. جەنۇبتىكى تاغلاردا ھاۋا گۈلدۈرلەپ توختىماي چاقماق چاقماقتا ئىدى. بۈگۈن كېچە قوزغىلاڭچىلار ئۇ-چۇن ئىنتايىن ئەنسىز بىر كېچە بولدى. چۈنكى، غەپلەت ئۇيقۇ-سىدا قېلىپ، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قېلىش-تىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھېچكىم ئۇخلىمىدى. كېچىسى ئىككى قېتىم خەۋەر كەلدى.

— دۈشمەنلەر «جىنلىغ» دىن ئۆتتى.

— دۈشمەنلەر «ياقۇپباي قۇدۇق» دىن ئۆتتى.

ئاستا - ئاستا تاڭ ئاتماقتا ئىدى. سىم - سىم يامغۇر يەنىلا توختىماي يېغىپ تۇراتتى. ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا تاڭ ئېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئانچە يورۇق ئەمەس ئىدى. ئاستا - ئاستا قۇياش چىقىپ، بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە كۆرۈنمەي قالاتتى. شۇ چاغدا دۈشمەنلەرنىڭ يۇرت ئىچىگە كىرگەنلىكى توغرىسىدا خە-ۋەر كەلدى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار غىزالىنىۋاتاتتى. ھەممەي-لەنگە تۇردى يىڭجاڭنىڭ بۇيرۇقى يەتكۈزۈلدى.

— ھەممە ئادەم جەڭگە ھازىر بولسۇن. چېكىنىشكە رۇخ-سەت يوق.

بۇيرۇق بويىچە ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا بىرىپ جايلاش-تى. ھەممە ياق جىمجىت. ھەر دائىمقى ئورۇش ئالدىدا مۇشۇن-داق بولاتتى. بۇنىڭغا جەڭچىلەرمۇ كۆنۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئۇ-رۇش ئالدىدىكى ھالەت ئىدى. ئۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنەتتى. جەڭچىلەر تاماكىلىرىنى قاتتىق - قاتتىق شورىشاتتى. ھەر سائەت، ھەربىر مىنۇتتا دۈشمەننى كۈتۈپ تۇراتتى.

ناشتا ۋاقتىدا يىراقتىن دۈشمەنلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. دۈشمەنلەرنىڭ شتابى بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ماۋۇنىڭ جاي-لاشقان ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىگە جايلاشتى. ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ئىككى تاشلىق تۈگمەن بولۇپ، ئەتراپى دەل - دەرەخلەرگە ئورالغان، باغ - ۋارانلىق، سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان ساپ ھاۋالىق جاي ئىدى. ساپىبىرىق پىشقان ئۆرۈك-لەرنى كۆرۈپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ قارىسىنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار جىد-دىيلىشىپ قالدى. لېكىن، دۈشمەن تەرەپ جىمجىت ئىدى.

سائەت ئونلاردا دۈشمەنلەر بىرىنچى ھۇجۇمنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئىدى. بۇ قېتىم تۈڭگانلاردىن مىڭ نەپەر، ئۇيغۇر يالللانما قوشۇندىن بەش يۈز نەپەر ئادەم كەلگەن-دى. ئۇلار جەنۇبىي سەپتە ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىدىن ئۇدۇل دۆڭلۈكلەرنى پاناھ قىلىپ سايباغقا قاراپ ھۇجۇم قىلىپ كەل-مەكتە ئىدى. سايباغدىكى يوغان توغراق تۈۋىدىكى ئېگىز ئېرىق ئىچىگە خوتەنلىك خەلق قەھرىمانى ئوسمان خاۋا باشچىلىقىدىكى ئون ئىككى نەپەر مەرگەن جايلىشىۋېلىپ، كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالغان دۈشمەننى يىقىتىپ تۇردى. لېكىن، بۇ يەردىكى دۈشمەن-لەرنىڭ ھۇجۇمى ناھايىتى شىددەتلىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ دۈشمەنلەر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار خېلى كۆپ چىقىم

تارتتى. نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات ئۆلدى. چاقىلىق ئاسمىنىنى ئوۋىغا دورىنىڭ ھىدى قاپلاپ كەتتى. ھەممە جايدىن قوماچ قورۇغاندەك ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خۇسۇسەن پىلموتلارنىڭ سايراشلىرى ئادەمگە دەھشەت سالاتتى.

شىمالىي سەپتە جامال باشچىلىقىدىكى ياللانما قوشۇن «ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچىش» شوئارى ئاستىدا، جەنۇبىي سەپتىكى ئۆزىنىڭ تۇغقان «قېرىنداشلىرى» بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلارغا «ئاخۇن تۆەنجاڭ» دەپ ئاتالغان بۇلتۇرقى «چەنفاڭ سىلىڭ» ى ماۋۇنىڭ ھاجى باشچىلىقىدىكى بىرمۇنچە ئەسكەرلەر «ياردەمگە كەلگەن» ىدى. ھۇجۇم باشلىنىش بىلەن بۇيرۇققا بىنائەن دەريانىڭ شەرقىدىكى ئېزىز ھاجىمنىڭ ئادەملىرى چېكىنىدى. بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ جامال ئۆز ئادەملىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى.

— ئالغا! ئابدۇكېرىم ئەلەمنى تىرىك تۇتمىغۇچە يانمايمىز.

— ئالغا! ئالغا! — دەپ ۋارقىراشتى باشقىلارمۇ، ئۇلار ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ دەرياغا چۈشتى. «چەنفاڭ سىلىڭ» ى ماۋۇنىڭ تولىمۇ ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. ئۇ جامالنىڭ ئادەملىرىنى تۇسۇماقچى بولغان بولسىمۇ، قارشى قىرغاقتىكىلەرنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن تەمسىلنى ئەسكە ئالدى - دە، ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئادىمى بىلەن ھەممىنىڭ كەينىدىن دەرياغا ئات سالدى. ئىككى قاسناقنىڭ ئارىلىقى يۈز مېتىردىن ئارتۇقراق بولۇپ بىر تال يىڭنە چۈشسە كۆرۈنگۈدەك تۈزلەڭلىك ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا دەرياغا چۈشۈشكە يارلىقنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ھوشۇر لەنجاڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بەردى:

— ئات.

كوماندا بېرىلىشى بىلەن تەڭ تۆت دانە دىكتار پىلموت،

ـڕ دانه ئاپتومات، بىر يۈز ئەللىك مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى جاھاننى قاپلاپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئەڭ ئاۋۋال قاچقانلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىغا تاپاي- چا، قىلىچ ئېلىپ ھەممىنىڭ كەينىدە ماڭغان «چەنفاڭ سىلىڭ» ى ماۋۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى يىقىتىشتى. ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ ساق قالمىدى. ئەمدى ياللانما قوشۇن ئۈچۈن قىيا- مەت قايىم بولدى. ھوشۇر لەنجاڭنىڭ يىگىتلىرى ئاتقان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئېزىز ھاجىمنىڭ ئادەملىرى ئەمدى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دۈشمەننى ئېتىشقا باشلىدى. ياللانما قوشۇن قىيا - چىيا قىلىشىپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئىگىسىگە ئوق تەككەن ئاتلار چولۋۇرلىرىنى سۆرەپ خارتىلداپ چېپىپ يۈرەتتى. جە- سەتلەر قالايمىغان ياتاتتى. يارىدارلار توختىماي ئىڭرايتتى. ياللانما قوشۇنغا كىرىپ كېتەي دېسە يەر قاتتىق، چىقىپ كېتەي دېسە ئاسمان ئېگىز كەلدى. ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي جان قۇتقۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئەمدى ئۇلار چېكىنمىسە ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانىدى. جامال ئۆز ئادەملىرىگە ھەرقانچە ۋارقىرىسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ كەتتى ۋە ھاۋاغا قارىتىپ تاپانچىسىدىن توختىماي ئوق ئاتاتتى.

— توختاش توخۇ يۈرەكلەر، قورقانچاق ھېجىقىزلار...

ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلىكىگە ئوق تەككەنىدى. قورققانلىقتىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان دۈشمەننىڭ بۇ كوماندىرى ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئات دەريانىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى «كېرەم شاڭيۇنىڭ يار بېشى» دېگەن يەرگە چىقتى. بۇ يەر بۇغدايلىق بولۇپ كېچە سۇ كىرگەنىدى. پاتقاقتا ئات ماڭالماي قالدى. شۇ چاغدا ئاتقا ئوق تېگىپ يىقىلدى. جامال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى كەلگەن يولى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ كې-

تىشكە كۆزى يەتمىدى. ئۇ بۇغدايلىقتا ئۆمىلەپ يۈرۈپ كانايغا كەلگۈدەك سۇيى بار بىر چوڭقۇر ئازگالنى تېپىپ شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ بىر سائەت بۇرۇن كۆرەڭلەپ جاھانغا پاتماي كەلگەن دۈشمەن بىر يۈزئەللىكچە ئادەم يەتمىش - سەكسەن ئات چىقىم تارتىپ جەڭ مەيدانىدىن شەرمەندىلەرچە قېچىپ چىقتى.

— «تاختا پەرەدۆك» دىكى ئىنتىقامنى ئالدۇق، — دەپ ۋارقىراشتى قوزغىلاڭچىلار.

*　　　*　　　*

ياللانما قوشۇننىڭ جەڭ مەيدانىدىن شۇنداق ئاسان چېكىنىپ چىققانلىقى ھەم ماۋۇنىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكى ماسىڭيۈەننى قاتتىق غەزەپلەندۈردى.

— سەن چەنتۇلارغا زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئالدىدا باش بولۇپ چېكىنگەن زادى كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئالدىدا باش بولۇپ چېكىنگەنلەر ئالدىغا چىقسۇن.

ھەممە ئادەم يەرگە قاراپ جىم تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ماسىڭيۈەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى.

— رامزان، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ توپقا قاراپ. توپ ئىچىدىن يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر ئاق سېرىق ئادەم چىقتى. ئۇ ئەسلىدە خوتەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ ئۇنىڭ تۇڭگان ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ ھازىر پەيجاڭ ئىدى.

— ئېيتە ئالدىدا قاچقانلار كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى ماسىڭيۈەن. رامزان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يەر ئاستىدىن تۇپقا قاراپ جىم تۇراتتى. ماسىڭيۈەن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ پېشانىسىغا تەڭلىدى.

— ئېيتامسەن - يوق؟

— مەن ئېيتاي، مەن ئېيتاي، — دېدى رامزان تىزلى-نىپ. يۈسۈپ لەنجاڭ قاتارلىق يەتتە ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتى-دى. ئىسمى ئاتالغانلارنى دەرھال سۆرەپ چىقتىدە شۇ يەردىلا چېپىپ تاشلىدى.

— رامزان قاماپ قويۇلسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى ما-سىڭيۇەن. ئۇنى ھەيدەپ ئاپىرىپ تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىگە «قاماپ» قويدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنى باشقىلارنىڭ ئېتىپ تاشلىشى چوقۇم ئىدى.

* * *

چۈشتىن كېيىن دۈشمەنلەر ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىدىن ئۇدۇل سايباغقا، كۆنچى مەھەللىسىگە قاراپ پىيادە ھۇجۇم باش-لىدى. ئۇلار ئۇيغۇر ياللانما قوشۇننى ئالدىغا سېلىۋالغانىدى. بۇ چاغدا ھاۋا تېخىمۇ بۇزۇلۇپ سىم - سىم يامغۇر داۋاملىق يېغىپ تۇراتتى. ئەتىگەندىن بۇيان جەنۇبتىكى تاغلارنى قارا بو-لۇت قاپلاپ كەتكەن، ھاۋا گۈلدۈرلەپ توختىماي چاقماق چاقات-تى. دۈشمەننىڭ قوماندانلىق شتابى جايلاشقان ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىدىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىگىچە ئىككى كى-لومېتىر كېلەتتى. تۈگمەن بېشىدا تۇرۇپ قارىغان ئادەمگە بۇ سايلىقتىكى ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماسىڭيۇەن تۈگمەن بېشىدىكى يوغان تېرەكنىڭ تېگىدە تۇرۇپ دۇربۇن ئار-قىلىق ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى ۋە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلات-تى. دۈشمەنلەر سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ خۇددى توزنىڭ قۇيرۇقىدەك يېيىلدى. ئۇلار ئۇچكە بۆلۈنۈپ ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر بۆلىكىدە بۇلتۇر بۇ يەردە يېرىم يىل تۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىش جەريانىدا ھەممە جاينى بىلىپ كەتكەن سىما-زانىڭ ئەللىكتىن ئارتۇق ئادىمى يول باشلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ

ئۈچ گۇرۇپپا دۈشمەننىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس
بەلگىلەنگەن ۋەزىپىسى بار ئىدى. سايباغقا ھۇجۇم قىلغان دۈش-
مەنلەر ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىپ چاقىلىق
بازىرىنى جەنۇبتىن ئايلىنىپ ئۆتمەكچىدى. كۆنچى مەھەللىسىگە
ھۇجۇم قىلغان ئوتتۇرىدىكى قىسىم كونچى مەھەللىسىنى ۋە
ئىمىنئاخۇن چېچەكچىنىڭ تۈگمىنىنى ئىشغال قىلىپ ماسىڭ-
يۈەننىڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشىگە يول
ھازىرلاش ۋە ئۇدۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئارقا تەرەپتىن ھۇ-
جۇم قىلىپ ئۇ يەرنى ئىشغال قىلماقچىدى. شىمالىي تەرەپتىكى
قىسىمنىڭ ۋەزىپىسى ئۇدۇل چاقىلىق بازىرىغا باستۇرۇپ كى-
رىپ، بازارنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان قوزغىلاڭچىلار ئار-
مىيىسىنىڭ تۇرالغۇسىنى قورشىۋېلىپ مۇشۇ ئارقىلىق قالغان
قىسىملارنىڭ ئۇنۇملۈك ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىش ئى-
دى. بۇ قىسىم ئەلۋەتتە ھاشخان تۇرغان جايدىن ئۆتەتتى.

دۈشمەنلەر ئۇششاق - چۈششەك دۆڭلۈكلەر، يۇلغۇنلار،
چاكاندىلارنى پاناھ قىلىپ، بىردە يېتىپ، بىردە يۈگۈرۈپ كەل-
مەكتە ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ئاكوپلاردىن باشلىرىنى چىقىرىپ
دۈشمەنلەرنىڭ يېقىنراق كېلىشىنى كۈتۈپ تەييار بولۇپ تۇراتت-
تى. دۈشمەنلەر غەلىبە قۇچۇش خام خىيالىدا ئۈنۈملۈك ئىلگى-
رىلەۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار بولسا ئاخىرقى نەپىسى قالغۇچە
ئۇرۇشۇش خىيالىدا پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەگەردە بۇ قې-
تىم يېڭىلىپ قالسا ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ زېمىن-
دا ئۇلارغا پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك بىر قەدەممۇ يەر قالمايدىغان-
لىقىنى ئۇلار چۈشىنەتتى. ئۇلار بىلەن دۈشمەنلەر ئوتتۇرىسىدا
ئىككى يۈز مېتىر ئارىلىق قالدى. يەنە بىريۈز ئەللىك مېتىر
قالدى. يەنە ئەللىك مېتىر ماڭسا دەريادىن كېسىپ ئۆتكەن
بولاتتى. شۇ ھالقىلىق پەيتتە «ئوۋچىنىڭ قۇشى بولسا، تۈلكى-
نىڭ خۇداسى بار» دېگەندەك كارامەت مۆجىزە يۈز بېرىپ، يەر -

جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، گۈلدۈر ـ گۈلدۈر، قاراس ـ قۇرۇس ئاۋاز چىقىرىپ، ئاسمانغا چاڭ توزۇتۇپ، جەنۇب تەرەپ- تىن كەلگۈن ـــ كېلىشكە باشلىدى. كەلگۈن ناھايىتى شىددەت- لىك ئىدى. بولۇپمۇ كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەن- دىن كېيىن باشتا تارىلىپ ئاققان سۇ بىر يەرگە يىغىلىپ شىددەتلىك دولقۇن ھاسىل قىلغانىدى. توپتوغرا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دۈشمەننىڭ خىللان- غان قىسمىنىڭ ئازراق ئادىمىلا دەريادىن كېچىپ ئۆتەلىدى. قالغانلىرى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە قالدى. ئاتقا مىنىپ قىلىچلى- رىنى يالىڭاچلىۋالغان كوماندىرلار ئۇلارنى دەريادىن ئۆتۈپ قوز- غىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا زورلايتتى. لېكىن، ھېچكىم ئال- دىغا مېڭىشقا، زور كەلگۈننى ئۈزۈپ ئۆتۈشكە پېتىنالمايتتى. چېكىنگەنلەرنى كوماندىرلار قىلىچلايتتى. ئالدىغا ماڭغانلارنى كەلگۈن يۇتۇۋېتەتتى. . .

دەريادىن ئۈزۈپ چىقىپ سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ، كەتكەن يىگىرمە نەچچە دۈشمەن ھاشىخاننىڭ ئۇدۇلىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بايراقنى قولغا چۈشۈرۈپ، بازارغا ھۇجۇم قىلىش يولىنى ئېچىش ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ ھاشىخان- نىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

ـــ كېلىشە مەلئۇنلار! چەرچەن تاتراڭدىكى ئىنتىقامنى بۇگۈن ئالىدىكەنمەن. كېلىشە يوتقاننىڭ تېشىدىن بولغانلار، ـــ دېدى ـ دە، دۈشمەننى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن كارابىن مىلتىقى يېڭى ئىدى ۋە دەل جايىغا تېگەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىتلەرمۇ توختىماي ئاتاتتى. بۇ چاغدا تۇردى يىڭجاڭ قەيەردە خەتەر بولسا، شۇ يەردە ھازىر بولۇپ جەڭ قىلىپ يۈرەتتى، جەڭ راسا قىزىغان چاغدا بىر توپ مەرگەن بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھاشىخاننىڭ ئاتقان ئوقىدىن تۆت نەپەر دۈشمەن يىقىلغانىدى. ھاشىخاندىن ئون

قەدەم نېرىدىكى يانتاقنىڭ كەينىدە بىر دۈشمەن ئاغزىغا بىر دانە خەنجەرنى چىشلەپ، ئىككى قولىدا بىردىن تاپانچىنى تۇتۇپ ماراپ ياتاتتى. ھاشىخان ئۇنى غىل - پال كۆرۈپ قالىدى - دە، قارىغا ئېلىپ كۈتۈپ تۇردى. ئۇ ئىككى مىنۇتچە كۈتكەنىدى ھېلىقى ئەسكەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئىككىلا تاپانچىدىن ئوق چىقاردى - دە، ئالدىدىكى يانتاقتىن سەكرەپ ئۆتۈشكە ھاشىخان مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى. ئۇ بۆرىدەك بىر ھۇۋلىدى - دە، ئاغزىدىكى خەنجەرنى چىشلىگەن پېتى دۈم چۈشتى. قالغان دۈشمەنلەر قاچتى. ئۇلارنى باشقىلار ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. لېكىن، ھاشىخانىنىڭ كۆزى يىقىلغان دۈشمەندە ئىدى. ئەگەردە ئۇ ئۆلمەي يېتىۋالغان بولسا پۇرسەت تېپىپ ھۇجۇم قىلىشى تۇرغان گەپ. لېكىن، ئۇ زادىلا مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى. . .

چېكىنگەن بىرنەچچە ئەسكەر قېچىپ بېرىپ ئەللىك مېتىر-چە نېرىدىكى دەريا سۈيى ئويىۋەتكەن يارلىققا يوشۇرۇندى. ئۇزاق ئۆتمەي يار ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ قاچقان دۈشمەننى بېسىۋالدى. ھاشىخان تۇرغان جايدا قاتتىق ئېتىشىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى يىراقتىن كۆرگەن ئايۇپ فۇگۇەن كەلگەن چاغدا ھاشىخان غالىب-لارغا خاس كەيپىيات ئىچىدە مىلتىقنى تازىلاۋاتاتتى. ئاكوپتىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تۆت جەسەت ياتاتتى. ئۇنىڭ بىلىكى ياغلىقتا تېڭىقلىق تۇراتتى.

— ياردار بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن، — خۇ-دايىم بىر ساقلاپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ فۇگۇەن «ئەجەل يەتمەي كىشى ئۆل-مەس» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغانمۇ؟ — دېدى ھاشىخان، — ئوق ئازراق سۈرۈپ كېتىپتۇ.

— بىزنىڭ بۇ تۇەنجاڭ قالتىس غەيرەتلىك خوتۇن

ئىكەن، — دېدى يېنىدىكى جەڭچى، — ئاۋۇ ياتقان دۈشمەنلەرنى مۇشۇ خوتۇن ئۆلتۈردى.

— ھەي مۇھەممەت نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۇلارنى ھەممىمىز ئۆلتۈردۇق. سىلەر بولمىساڭلار مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ — دېدى ھاشىخان.

— ئېنىق گەپ ماۋۇ بەش دۈشمەننى سىز ئۆلتۈردىڭىز، قالغانلارنى باشقىلار ئۆلتۈردى، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مۇھەممەت.

— بولدى تالاشماڭلار. ئەمدىغۇ دەردىڭىز چىققاندۇ؟ كېتەيلى، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن. لېكىن، ھاشىخان بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

— ياق. شېڭ شىسەي بىلەن بۇ مەلئۇنلار مەۋجۇت ئىكەن، بىزنىڭ دەردىمىز ھەرگىز چىقمايدۇ.

* * *

سايباغقا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ ئۇلار باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ يەرنىڭ دۆڭلۈكلىرى كۆپ ھەم سۇ يېيىلىپ ئاققاچقا ھۇجۇمغا قاتناشقان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ھەممىسى سۇنى كېچىپ ئۆتكەندى. سايباغدىكى يوغان توغراق تۈۋىدىكى ئېرىقنى ئۆزلىرىگە پاناھ قىلغان ئوسمان خاۋا باشچىلىقىدىكى ئون ئىككى نەپەر مەرگەن دۈشمەنلەرنى كۆرگەن ھامان يەر چىشلىتىپ تۇردى. لېكىن، دۈشمەنلەر ئۇلاردىن يىگىرمە نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قوزغىلاڭچىلار بىر قەدەممۇ چېكىنمەي جەڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. دۈشمەنلەر ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالدى. ئۇلار كەچ كىرىشنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئىلاجىسىز قوزغىلاڭچىلاردىن ئۈچ يۈز مېتىردەك جەنۇبتىكى ئېزىز ھاجىمنىڭ تۈگمىنىدە ياردارلىرىنى پاناھلاندۇرماقچى

بولدى ۋە ئۇ ئۆيدە جىمجىت ئولتۇرغان توختاخۇن تۆگمەنچىنى كۆرۈپ «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك ئۇ بىچارىنى چېپىپ تاشلىدى.

ناماز ئەسىرى ۋاقتىغا كەلگەندە قوزغىلاڭچى مەرگەنلەردىن ئون ئادەم قۇربان بولدى. پەقەت ئوسمان خاۋا بىلەن ئامبال باراتلا قالدى. ئوق - دورا ئاز قالماقتا ئىدى. ھازىر بار ئوق - دورا ئۇزاققا يەتمەيتتى.

— ئۇكام بارات، — دەپ چاقىردى ئوسمان خاۋا ھەمراھىنى، — مەن دۈشمەنلەرنى توسۇپ تۇراي. سەن بېرىپ يېڭجاڭغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلغىن، ياردەمگە ئادەم ئەۋەتسۇن. كۆپرەك ئوق - دورا بەرسۇن.

— سىز يالغۇز. . . — دەپ ئامبال بارات گېپىنى داۋام-لاشتۇرالمىدى.

— ماڭ، دەرھال ماڭ، ئۇق - دورا تۈگىسە چاتاق بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل، قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ ئوسمان ئاكا، — دەپ ئامبال بارات ئېڭىشكەن پېتى يۈگۈرۈپ كەتتى. ئوسمان خاۋا يالغۇزدىن - يالغۇز ئاتماقتا ئىدى. ئۇ قۇربان بولغان يولداشلى-رىنىڭ مىلتىقلىرىنى بەتلەپ قويۇپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر بىلەن قاتتىق ئېتىشماقتا ئىدى. شۇ كۈنكى جەڭدە شۇ يەردىلا ئوتتۇزدىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسكىرى ئۆلۈپ، خېلى نۇرغۇن ئادەم يارىدار بولغانىدى. قاش قارايغان چاغدا دۈشمەنلەر يالغۇز توغراق تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلىنىپ كەتكەن ئوسمان خاۋا[1] تېخى جان ئۈزمىگەنىدى. دۈشمەنلەر ساناپ چىقتى، ئۇ توققۇز يېرىدىن يارىلانغانىدى. دۈشمەنلەر ئوسمان خاۋانى چاناپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى.

---

[1] قارا شەھەرنىڭ قارا دۆڭ دېگەن يېرىدىكى گوفۇسەي دېگەن توكۇر مۇنداق دەيدۇ: «بىز دەسلەپتە ناھايىتى چوڭ بوكتورمىگە ئۇچراپ قالغان ئوخشايمىز دېسەك. پەقەت ئون بىر ئادەم ئىكەن، مېنىڭ پۈتۈم شۇ يەردە يارىلانغان».

تۇردى يىگىجاگنى ئىزدەپ بارغان ئامبال باراتقا قوماندانلىق پونكىتىدا:

— تۇردى يىگىجاك هوشۇر لەنجاگنىڭ يىگىتلىرى بىلەن كونا يامۇلدا تۇرۇۋاتقان جەڭچىلـەرنىڭ بىر قىسمىنـى ئېلىپ ئۆزى سايباغقـا بارماقچى بولۇپ كونـا يامۇلغا كەتتى، — دېيىشتى.

ئامبال بارات كوچىلاردىكى توسۇقلاردىن تەستە ئۆتۈپ، تام ياقىلاپ كونا يامۇل تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئىسلامبەگنىڭ جايىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالدى تەرەپتىن بىر قولىدا تاپانچا تۇتقان يەنە بىر قولىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان بىر ئادەمنىڭ توت تەرەپكە ئەندىشىلىك قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دىققەت بىلەن قاراپ ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ دەرهال ئېهتىياتلاندى ۋە بىردىنىلا سوگگۈچتىن ئىمىنئاخۇن چېچەكچىنىڭ بېغىغا كىرىۋالدى. كوچا تەرەپتىكى ئەنجان تامنىڭ يېرىقىدىن كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ جامال ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردى. ئۇ بېشىدىكى شەپكىسى بىلەن چاپىنىنى تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ بارات ئۇنى تونۇيالىدى. چۈنكى، ئىككى يىل بۇرۇن ئۇ ئەسىرگە چۈشكەندە مۇشۇ ئامبال بارات ئالدىغا سېلىپ ئۇنى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغان. كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يالاپ ئاپىرىپ چەرچەنگە هەيدىۋەتكەندى. بۈگۈن ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. «رەقىبلەر تار يولدا ئۇچراشتى» دېگەن شۇ ئىدى. جامال ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئامبال بارات پەم بىلەن سوگگۈچتىن چىقتى ۋە جامالنى قارىغا ئالدى.

— جامال، — دەپ چاقىردى ئۇ. قورقۇپ كەتكەن جامال «هە» دەپ ئارقىغا بۇرۇلۇشىغا بارات مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. جامال دەلدەڭشىپ بېرىپ يىقىلدى. قولىدىكى تاپانچىسى يەرگە چۈشتى.

جامال كەچ بولغۇچە ئازگالدا يېتىپ هوشۇرلىيەنجاگنىڭ

ئادەملىرى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن بېشىدىكى شەپكە بىلەن چاپاننى تاشلىۋېتىپ دەريا بىلەن مېڭىشقا پېتىنالماي بۇغدايلىقتا ئۇ يەرگە مۆكۈپ، بۇ يەرگە مۆكۈپ ئاخىر ئابدۇكېرىم ئەلەمنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ تىكەنلىك مەھەللىدىكى جايىغا باردى. ئۇ ئەسلى مەقسىتىنى يوشۇرۇپ مالايغا:

— ئاخۇن يېڭجاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، — دېدى. لېكىن، ئۆي ساقلاۋاتقان مالاي:

— ئاخۇن يېڭجاڭ چىۋىنكۆلدە، — دېدى.

ئەمما، جامال يامان نىيىتىدىن يانماي ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ سۈرۈشتۈرگەندى. ئۇلارنىڭ كەڭ لايقىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ گەپلەردىن ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن جامال ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جايىغا ئوت قويۇۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭدا سەرەڭگە ياكى چاقماق يوق ئىدى. بۇ چاغدا ئوق ئاۋازلىرى ئازلاپ قالغانىدى. تۇڭگانلارنى غەلىبە قىلدى دەپ ئويلىغان جامال ئۇ ياققا مېڭىپ بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ «بەتنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك ئامبال باراتنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. ئۇزاق ئۆتمەي خەلق ئارىسىدا مۇنداق قوشاق تارقىلىپ كەتتى:

هەر تەرەپتىن كېلىدۇ،
خۇدايىمنىڭ شامىلى.
چاقىلىقتا جان بەردى،
بۇلاڭچىلارنىڭ جامالى.

* * *

كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىلاجسىز قالغان دۈشمەنلەر چېكىنىپ كەتتى. ئۇلار ناھايىتى زور چىقىم تارتتى. ئۇنىڭ

ئۇستىگە بىر قىسىم ئادەمنى يېزىلارغا ئەۋەتكەن بولسىمۇ يەيدىغان ھېچ نەرسە تاپالمىدى. پەقەت ئۆيلەردە بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارلا قالغانىدى. نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇراتتى. شۇ بىر كۈنلۈك جەڭ ئەھۋالىغا قاراپ گوماندىرى ماسڭېۋەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان ئۇلار بۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا قالمىغانىدى. ئۇنىڭ چاقىلىقنى ئېلىشقا زادىلا كۆزى يەتمىدى. ئالغان تەقدىردىمۇ ئەسكەرلىرى نېمە يەيدۇ. بۇغداي پىشىشقا يەنە بىر ئاي بار. ئىلاجىسىز قالغان ماسڭېۋەن چەرچەنگە قايتىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن خوتەندە تۇرۇۋاتقان بۇلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ماخوسەنگە:

— چاقىلىقتىكى قوزغىلاڭچى ئوغرىلار بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەن. ئەسكەرلەر قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. بىر كۈنلۈك جەڭدە بەش يۈز جەڭچىدىن ئايرىلدۇق. يارىدار بولغانلار تېخىمۇ كۆپ. ناھايىتى نۇرغۇن ئات ۋە قورال ـ ياراغ زىيان تارتتۇق، — دەپ مەلۇمات يازدى.

بۇ خەتنى رامزانغا تۇتقۇزۇپ، يەنە تۆت نەپەر ئەسكەرنى قوشۇپ ماخۇسەنگە ئەۋەتتى ھەم رامزاننى «ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ خىزمەتكە سېلىشقا بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى . يېرىم كېچىدە بەش ئاتلىق خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. قالغانلار سۇبھى كۆتۈرۈلگەن چاغدا چەرچەنگە قاراپ تىكىۋەتتى. قوزغىلاڭچىلار ئەتىسى چۈشكىچە دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتتى. بۇ چاغدا كەلكۈنمۇ ئازلاپ قالغانىدى. چۈشتىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھازا ئېچىپ شېھىتلارنى يەرلىكتە قويدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ئارىغا چايان كىردى

مەنسەپ دېگەن بىر خادا تاش، ئۇنىڭغا
بۈركۈتمۇ قونىدۇ، يىلانمۇ ئۆمىلەپ چىقىدۇ.
—— ئاباي

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتمەكتە ئىدى. قۇياش يەنىلا شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتاتتى. مەيلى شېڭ شىسەي بولسۇن ياكى ماجۇڭيىڭ، ماخۇسەنلەر بولسۇن، قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىشنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىدى. لېكىن، ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن يوقىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يول يىراق، قاتناش قالاق بولغان بۇ جايغا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئاجرىتىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ياڭ مىڭجۈنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن شېڭ شىسەي قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ «ماركسىزم» نىقابىنى يىرتىۋەتكەن ھەم ئۇنىڭغا قارشى شىمالىي شىنجاڭدا خەلق قوزغىلىڭى يېتىلىپ كېلىۋاتقانىدى. شۇڭا، ئۇ چاقىلىقتىكى قوزغىلاڭچىلارنى ماخۇسەنگە تاشلاپ قويغانىدى. 1935 ـ يىل 5 ـ ئايدا (تاختا پەرەدۆڭدە) ۋە 1936 ـ يىل 1 ـ ئىيۇندا چاقىلىقتا بولغان قانلىق جەڭنىڭ كارامىتىدىن جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان شېڭ شىسەي قورقۇپ كەتتى.

ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ھېچبىر قارارغا كېلەلمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا «قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش ھىيلىسى» نى قوللىنىش لازىملىقىنى پۈرىتىپ:

— بۇنداق قىلغاندا زىخمۇ كۆيمەيدۇ، كاۋاپمۇ، — دېدى ئاستاغىنە، — بۇ سىلەرچە «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى بوي-سۇندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ.

شېڭ شىسەيگە ئەلچىنىڭ گېپى ناھايىتى ياقتى. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن ۋە خېلى تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن 1935 - يىلى كۈزدە شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتكەن ئادەملىرىدىن زۇنۇن ئىسلاموفنى①چاقىلىققا ھاكىم قىلىپ ئە-ۋەتتى. ئوتتۇرا بوي، سەل - پەل توغرىلىق، يۈزى يۇمىلاق، چوڭ قوي كۆزلۈك، قارا قاش، بۇرنى سەل پاناقراق، ساقال - بۇرۇتىغا ئاق كىرگەن، بېشىغا شىلەپە (گاھىدا دوپپا)، ئۈستىگە سارجا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ يۈرىدىغان ئەللىك ياشلاردىكى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تەكتى قەشقەرلىق بولۇپ، ياش چاغلىرىدا روسى-يىگە ئىش ئىزدەپ چىققان. ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئىش-لەمچىلىك قىلغان، كېيىنرەك ئەزەر بەيجاننىڭ پايتەختى باكۇدا تۇرغان. باكۇ ئىشچىلىرىنىڭ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىغا قارشى ئىش تاشلىشىغا قاتناشقان. «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دەۋرىدە جەڭلەرگە قاتناشقان، ئۇرۇشتىن كېيىن موسكۋادا ئوقۇغان. 1935 - يىلى ئەتىيازدا شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھاشىم ھاجى، سىيىت ھاجىلار بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. يىل ئاخىرىدا شېڭ شىسەي ئۇنى چاقىلىققا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. لېكىن،

---

① چاقىلىقتا ھېچكىم بۇ ئادەمنى يامان دېمەيدۇ. باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېيتىشىچە (ئۇ، ھازىر توقسان يەتتە ياش) ئۇ، يالغۇز قالغان چاغلىرىدا «ستالىن بىلەن شېڭ دوبەن بىرلىشىپ شىنجاڭ خەلقىنى يەپ كېتىدىغان بولدى» دەپ يىغلايدىكەنمىش.

قوزغىلاڭچىلار ئۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇ شىڭ شىسەينىڭ ئالدىغا قايتىپ بارالمايتتى. شۇڭا، ئىمىنبەگنىڭ جايىدا مەك-تەپ ئېچىپ مائارىپنى تۇتتى. دېھقان قوزغىلاڭچىلارغىمۇ يا ئۇنداق ۋە ياكى مۇنداق كۆز قاراشتا بولمىدى. دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

*　　*　　*

1936 ـ يىلى ئىيۇل ئۇرۇمچى.

بۈگۈن هاۋا ئوچۇق هەم دىمىق. تۈنۈگۈن شارقىراپ ياغقان يامغۇردىن كېيىن، هاۋا بىر ئاز سالقىنلىغاندەك قىلسىمۇ قۇ-ياش چۈشكە ياماشقان چاغدا هاۋا قايتا ئىسسىپ كېتىپ، ئۆيلەر-نىڭ ئىچى دىمىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگەن ئازادە ئىشخانىدا شىڭ شىسەي خېلىدىن بۇيان توختىماي ماڭاتتى ۋە قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق شورايتتى. ئۇنىڭ قاتتىق شورىشىدىن تاماكىدىن خۇددى زەھەرلىك يىلان ئاغزىنى هەربىر ئاچقاندا چىققاندەك ۋىشىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ تاماكىنىڭ ئىسىنى هەربىر پۈۋلىگەندە قويۇق ئىستىن هاۋادا چەمبىرەكلەر هاسىل بولاتتى. ئۇ بىر هازا ئاشۇنداق قىلىپ يۈرگەندىن كېيىن مېڭىشتىن توختاپ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى جوزا ئۈستىدىكى كۈلدانغا تاشلىدى ۋە:

ــ خەپ چاقىلىقتىكى هايۋانلار، ــ دەپ چىشىنى غۇ-چۇرلاتتى، ــ مەن سەنلەرگە كۆرسىتىمەن. ئۇ چاغدا تۇغۇلغى-نىڭغا پۇشايمان قىلىسەن...

شۇ چاغدا ئېگىز بويلۇق مۇهاپىزەتچىلەر باشلىقى كىرىپ دوكلات قىلدى:

ــ ۋاڭ تۈەنجاڭ كەلدى.

— كىرسۇن.

مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى مىلەڭزىنى قايرىدى. ئۆيگە ئارا-بوي، سىرىق چىراي، توڭكاي چىش، كۆز ئەينەك تاقىغان، قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر ئادەم كىرىپ تىك تۇرۇپ شېڭ شىسەيگە سالام بەردى:

— بۇيرۇقىڭىزغا بىنائەن ۋاڭ تۇەنجاڭ ئالدىڭىزدا.

— ئۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەڭ. بىز دېگەن بىر يۇرتلۇققۇ؟ — دېدى شېڭ شىسەي سىپايە تەلەپپۇزدا، — قېنى ئولتۇرۇڭ.

— خوپ، — دېدى ۋاڭ تۇەنجاڭ. ئۇلار ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇشتى. ۋاڭ تۇەنجاڭ بېشىدىكى شەپكىسىنى ئالغانىدى. پايىنەك بېشى پارقىراپ كەتتى. ئۇ ئۆز خوجايىنىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۆز «يۇرتلۇقى» نىڭ ئەسلى تەبى-ئىيىتىنى ياخشى بىلگەچكىمىكىن ناھايىتى قورۇنۇپ، قورققان-لىقىدىن يەرگە قاراپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى چىشلەپ ئولتۇراتتى ۋە ھەدەپ يۈزلىرىدىن ئېقىپ تۇرغان تەرنى سۈرتەتتى.

— ۋاڭ تۇەنجاڭ سىزنىڭ قىسمىڭىزدا ئۇيغۇرلار خېلى كۆپقۇ؟ — دېدى گەپنى ئەگىتمەي شېڭ شىسەي تاماكىدىن بىر-نى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ.

— بىر روتا ئادەم بار، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋاڭ تۇەنجاڭ، — لېكىن كوماندىرى خەنزۇ.

— ئۇلار مەشىق قىلىۋاتامدۇ؟

— ئەلۋەتتە دوبەن جانابلىرى، سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى قات-تىق ئىجرا قىلىۋاتىمەن.

— ناھايىتى ياخشى، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ. تاماكا چې-كىڭ، — دەپ شېڭ شىسەي جوزا ئۈستىدىكى تاماكىنى كۆر-سەتتى. لېكىن، ۋاڭ تۇەنجاڭنىڭ تاماكا چەككۈسى بولسىمۇ

قول سۇنۇپ ئېلىشقا پېتىنالمىدى ۋە ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتتى.

— بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى شېڭ شىسەي ئال-دىرىماي.

— دوبەن بۇيرۇق بېرىڭ. ھەرقانداق ئىشقا تەييار -مەن، — دەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋاڭ تۈەنجاڭ. ئۇ بۇ يەردىن چاققانراق چىقىپ كېتىشنى ئويلايتتى.

— ئولتۇرۇڭ تۈەنجاڭ، ئالدىرىماڭ. مۇنداق ئىشتى، — دېدى شېڭ شىسەي ئالدىدىكى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ ناھايىتى سىلىق سۆزلىدى، — بىزگە ئۇيغۇرلاردىن بىر ئادەم لازىم ئىدى. ئۆزى غەيرەتلىك ئەمما قاتتىق تەرەپباز، ئەقىل-لىق، ئەمەلنى، پۇلنى كۆرسە ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانماي-دىغان، ھەم ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىسىغىمۇ يۈز - خاتىر قىلمايدىغان بولسۇن، شۇنداق بىر ئادەم تېپىلارمۇ؟

— بىزدە بىر مۇئاۋىن لەنجاڭ بار. ناھايىتى يۈرتۋاز ئا-دەم. پات - پات مۇشۇ سەۋەبتىن جېدەل چىقىرىدۇ. ئۆزى تۇرپانلىق. باشقا يۇرتلۇقلارنى قاتتىق يەكلەيدۇ. ئەمەلنى، پۇل-نى كۆرسە تۇغقان ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشكە تەييار. بىزگە سادىق. ئەمما، جەڭچىلەر ئۇنىڭغا ئۆچ.

— بىزگە سادىق بولسىلا بولدى. ئۇنى دەرھال لەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈڭ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنى سوۋېت ھەربىي ئوقۇت-قۇچىلىرى ئۆز تەربىيىسىگە ئالىدۇ.

— خوپ دوبەن جانابلىرى، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — ۋاڭ تۈەنجاڭ يېنىك نەپەس ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقىشقا ئالدىرى-دى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ مۇنداق جېدەلخور، يۇرتۋاز ئادەمنىڭ نېمە ئىشقا لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ زادىلا تېگىگە يېتەل-مىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ بىر باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇپ

قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ خېلى كۆڭلى ئارام تېپىپ قالدى.

*　　*　　*

1936 ـ يىلى سىنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ھاۋا ئوچۇق ۋە سۈزۈك، شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال يۈزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. قوزغىلاڭچىلار شتابىنىڭ ئىشخانىسىدا بىرقانچە ئادەم ئۈزۈم ۋە قوغۇن يېيىشمەكتە ئىدى. ئىشىك ئالدىدا يوغان ئىككى سېۋەت ئۈزۈم ۋە بەش ـ ئالتە تاغاردا قوغۇن ـ تاۋۇز تۇراتتى. بۇ راسا مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ مەي باغلاپ پىشقان ۋاقتى بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنى باھاۋۇدۇن ھاجىم جەڭچىلەرگە ئەۋەتكەنىدى. كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ كەلگەن ئادەم تۇردى يىڭجاڭغا:

ــ ھاجىم ئاز بولسىمۇ بۇ مېۋىلەرگە جەڭچىلەر ئېغىز تەگسۇن دەيدۇ، ــ دېدى.

ــ پۈتۈن قوزغىلاڭچىلار نامىدىن ھاجىمغا رەھمەت، ــ دېدى تۇردى يىڭجاڭ. ھارۋىكەش كەتتى. شۇ چاغدا دەرۋازا ئالدىدىكى نۆۋەتچــى يېتىپ كېلىپ تۇردى يىڭجاڭغــا دوكلات قىلدى:

ــ دوكلات يىڭجاڭ. ئۈرۈمچىدىن ئون نەچچە ئادەم كەپتۇ. سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يەنە خوجىنىياز ھاجىمدىن خەت ئېلىپ كەپتۇمىش.

ــ ئۇلار نەدە؟ ــ سورىدى تۇردى يىڭجاڭ.

ــ دەرۋازا ئالدىدا، ــ دېدى قاراۋۇل. تۇردى يىڭجاڭ ئايۇپ فۇگۇەنگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى. لېكىن، فۇگۇەن خىيال سۈرۈپ تۇراتتى.

ــ ئۇلارنى باشلاپ كەل، ــ دەپ بۇيرۇق بەردى تۇردى

يىڭجاڭ. قاراۋۇل كەتتى. ئۇلار كىيىم - كېچەكلىرىنى تۈزەش-
تۈردى. بىرنەچچە جەڭچى ئىشخانىنى تازىلىدى. ئون مىنۇتلار-
دىن كېيىن شتاب ئالدىغا ئون نەچچە ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى ھەربىي كىيىمدىكى قوراللىق ئادەملەر ئىدى.
ئۇلارنى كۆرۈپ تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەن ئىشخانىدىن
چىقتى. كەلگەن مېھمانلاردىن ئارا بوي، ئاق سېرىق، دومىلاق
يۈزلۈك، قىسقا بۇرۇت قويغان ئوتتۇزبەش ياشلاردىكى بىر يى-
گىت ئالدىغا چىقىپ:
— بىز ئۈرۈمچىدىن كەلدۇق. تۇردى يىڭجاڭ بىلەن كۆ-
رۈشمىز. ئۇ كىشىگە خوجىنىياز ھاجىمدىن سالام ئېلىپ
كەلدۇق، — دېدى.
— تۇردى يىڭجاڭ مەن بولىمەن. بۇياق ئايۇپ
فۇگۇەن، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن
تىك تۇرۇشتى. ھېلىقى ناتونۇش كىشى قولىنى چېككىسىگە
تەككۈزۈپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنى ۋە ھەمراھلىرىنى تونۇش-
تۇردى:
— مەن ياقۇپ ئىسمائىل بولىمەن. بۇ ياق مەخسۇت لەن-
جاڭ، — دەپ ئېگىز بويلۇق بىر يىگىتنى كۆرسەتتى. ئۇلار-
نىڭ ھەر ئىككىسىدە تاپانچا، قالغانلاردا مىلتىق بار ئىدى، —
بۇلار مۇھاپىزەتچىلەر.
تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەنمۇ قولىنى چېككىسىگە
تەككۈزدى ھەم قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:
— سىلەرنى قارشى ئالىمىز. سىلەرنى قارشى ئالىمىز...
ياقۇپ يىڭفۇ، تۇردى يىڭجاڭ بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتقاندەك
ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سىقتى. تۇردى يىڭجاڭ بولسا، مىيىقىدا
كۈلۈپ قويدى. ئارقىدىن ئۇ ئايۇپ فۇگۇەنگە قولىنى سۇندى:
— سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغانمەن. بۈگۈن سىز

بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇشەررەپ بولدۇم.

ياقۇپنىڭ بۇ سۆزىگە ئايۇپ فۇگۇەن جاۋاب قايتۇرمىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. ياقۇپنىڭ ھىجىيىپ تۇرۇشى ئۇنىڭغا ياقمىغانىدى. كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى تۇردى يىڭجاڭغا سۇندى.

ــــ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كەلدۇق. مېنىڭ ئىسمىم ياقۇپ. بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگىنىمىز توغرىسىدىكى بۇيرۇق. ماۋۇ بىزنىڭ گۇۋاھنامىمىز، ــــ دەپ خوجىنىياز ھاجى ئىمزا قويغان بۇيرۇقنى ۋە بىر قانچە گۇۋاھنامىنى كۆرسەتتى. تۇردى يىڭجاڭ بۇيرۇقنى ئېچىپ ئوقۇدى. بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«چاقىلىقتىكى قوشۇنلارنىڭ كوماندىرى تۇردى يىڭجاڭغا:

ئابدۇكېرىم ئەلەم مۇئاۋىن يىڭجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ياخشى ئۆتىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ياقۇپ ئىسمائىلنى مۇئاۋىن يىڭجاڭلىققا، مەخسۇت لەنجاڭنى قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتەشكە تەيىنلىدۇق. ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن.

خوجىنىياز ھاجى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى».

ــــ بۇ يەردىكى ئىشلاردىن ھاجىم خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە؟ ــــ دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

ــــ خەۋەر تاپتى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئىشىدىن بەك ئەپسۇسلاندى، ــــ دېدى ياقۇپ.

قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن «خوجىنىياز ھاجى» دېگەن ئىسىملا كۇپايە ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ شېڭ شىسەيىنىڭ خوجىنىياز ھاجى نامىدىن ياقۇپ يىڭفۇغا بەرگەن بۇيرۇقى ئىدى. چۈنكى، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەيىنىڭ جاسۇسلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەلىبىسى، تۇڭگانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەق-

قىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەنىدى. بۇ مەلۇماتتىن شىنىڭ شىد-
سەي ھۆكۈمىتى چۆچۈپ كەتتى. ئەگەردە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە
قوزغىلاڭچىلار تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتىپ «كۆزگە ئىلمىغان
پۇتقا چوماق» بولۇشىدىن قورقتى ھەم بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنىد-
جاڭدىمۇ شىڭ شىسەيگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ
يېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇيرۇقنى ۋە گۇۋاھنامىلارنى كۆر-
گەن تۇردى يىڭجاڭ:
— قېنى مەرھەمەت، — دەپ «مېھمانلار» نى ئىشخانىغا
تەكلىپ قىلدى.
— بىزنىڭ بىرقانچە بالا ئاتلارنى تۇتۇپ دەرۋازا ئالدىدا
قالغانىدى، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ ئايۇپ فۇگۇەنگە.
— ئايۇپ فۇگۇەن خەۋەرچىنى ئەۋەتىڭ. ئاتلارنى ياخشى
ئورۇنلاشتۇرسۇن. يىراقتىن كەلگەن سەپداشلارنى ياخشى غىزا
بىلەن كۈتۈۋالسۇن، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.
— بولىدۇ. مەن ئادەم ئەۋەتەي، — دەپ ئايۇپ فۇگۇن
نېرىسىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق يىگىتنى چاقىردى، — ھەمدۇللا
پەيجاڭ سىز ئۆزىڭىز بېرىپ خەۋەر قىلىڭ، يىراقتىن كەلگەن-
لەرنى ۋە ئاتلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرسۇن، ئاشخانا مېھمانلارنى
ئوبدان كۈتۈۋالسۇن.
— خوپ مانا ھازىر، — دەپ ھەمدۇللا كەتتى.
ياقۇپ يىڭفۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە بەك دىققەت قىلدى. تۇردى
يىڭجاڭ «سەپداشلار» دېگەن بولسىمۇ لېكىن ئايۇپ فۇگۇەن بۇ
سۆزنى ئېغىزغا ئالمىدى. دېمەك، بۇ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىش
كېرەك دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئايۇپ فۇگۇەن تۇردى
يىڭجاڭنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە ھەيران بولاتتى.
— توۋا دەيمەن بۇ يىڭجاڭنى زادىلا تونومىغان بىر ئادەمنى
كۆرۈپلا «سەپداش» دەۋالدى. ئۆزى زاغرا، ئۇماچ بىلەن ئاران -

ئاران كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالسۇن دېگىنى نېمىسى؟ خوجىنىياز ھاجىمنى تىلغا ئالغىنى ئۈچۈنمۇ؟!...

*　　　*　　　*

شۇ كۈنى كەچتە شتابنىڭ ئالدىدىكى مەيدان قىزىپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە جايغا جىن چىراغ يېقىلغانىدى. ھاۋا سالقىن ۋە ساپ ئىدى. بۈگۈن ئاخشام ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان داستىخان ناھايىتى مول بولدى. بۈگۈن ئاخشام باھاۋۇدۇن ھاجىم ئەۋەتكەن قوغۇن - تاۋۇز راسا ئەسقاتتى. يېڭى كەلگەنلەر بۇ مېۋىلەرنى يەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. بولۇپمۇ مەخسۇت لەنجاڭنىڭ ئىنىسى خېلىل پەيجاڭ بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ مېۋىلەرنى ھازىرلا يېگەندەك توختىماي ماختايتتى.

— يائاللا ئۈزۈم بىلەن قوغۇن - تاۋۇزنى تۇرپان، توخسۇندا دېسەك بۇ يەرنىڭ مېۋىلىرى قالتىس تاتلىقكەن، — دەيتتى ئۇ ئاكىسىغا.

شۇ كۈنكى كۈتۈۋېلىش ئولتۇرۇشىدا ھەممەيلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇردى. ياقۇپ يىڭفۇ شېڭ دوبەننىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز كۈچلۈكلۈكى ۋە بايلىقى، خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇش ئىمتىيازى ۋە چوڭ ھوقۇقتىن قانداق بەھرىمەن بولغانلىقى ھەققىدە ھەم ئۈرۈمچىدىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا، شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە يېڭى ئېچىلغان مەكتەپلەر توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى. ئايۇپ فۇگۇەن شۇ ئاخشىمى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ھەم ياقۇپ يىڭفۇنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا زادىلا ياقمىدى.

*        *        *

— ئاخشام ياقۇپ يىڭنۇ يوچۇنلا بىر گەپلەرنى قىلدىغۇ؟ — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان تۇردى يىڭجاڭغا، — ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئادەم بۇ يەرگە ياخشى نىيەت بىلەن كەلمىگەندەك قىلىدۇ.

— ئانداقمۇ دەپ كەتمەيلى. «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەن سۆزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايلى، — دەپ تۇردى يىڭ-جاڭ، ئايۇپ فۇگۇنگە تەسەللى بەردى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى غەش ئىدى. ئالدىراپ يېنىكلىك بىلەن بىر ئىشتىن خۇلاسە چىقىرىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

— قارىمامسىز يىڭجاڭ؟! ئاخشام ئەمدى كېلىپلا ھۆرمەت قىلغىنىمىزنى بىلمەي شىڭ دوبەننى ماختاپ، ئەل بولغانلارغا كۆرسەتكەن ھىممىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىـ-قىپ كەتتى. بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىق بولماي نېمە؟ — دېدى غەزەپلەنگەن ئايۇپ فۇگۇن.

— مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلىۋاتىمەن. بىراق... — توخ-تاپ قالدى تۇردى يىڭجاڭ.

— بىراق نېمە؟ توختاپ قالدىلاغۇ؟ — سورىدى ئايۇپ فو-گۇەن.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرپانلىق، توقسۇنلۇق ئىكەن. سىز قۇمۇللۇق، مەن كورلىلىق. ئەگەردە ئۇلارغا تېگىپ قويـ-ساق قىسىم بۆلۈنۈپ كېتەرمىكىن. بۇ ئىشتا ئېھتىيات قىلمىـ-ساق بولمايدۇ، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ غەمكىن ھالدا.

— سىلىزە بەك كەڭ قورساق جۇمۇ يىڭجاڭ، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن، — ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى جايلىۋەتكىنىمىز تۇ-

زۇك.

— بولمايدۇ فۇگۇەن. ئۇلار ياش ئىكەن. تەجرىبىسىزلىكتىن ئۆزىنى تۇتالمىغاندۇ. بىر مەزگىل قاراپ باقمامدۇق، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ. لېكىن، ئايۇپ فۇگۇەننىڭ قايىل بولغۇسى كەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئاق كۆڭۈل دوستى بىلەن تالىشىشنى ئەپ كۆرمىدى.

شېڭ شىسەي قوزغىلاڭچىلار كوماندىرلىرىنىڭ بىرسى كورلىلىق، بىرسى قۇمۇللۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇزاق پىلانلاش ۋە تاللاش ئارقىلىق يۇرتۋازلىق خاھىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ھە دېسىلا باشقىلارنى يەكلەپ جېدەل چىقىرىدىغان ياقۇپنى مۇئاۋىن لەنجاڭلىقتىن لەنجاڭلىققا ئۆستۈردى. كەينىدىنلا ئۇنى سوۋېت ھەربىي مۇئەللىملىرىنىڭ تەربىيىسىگە بەردى. ئۇ يەردە ئاز ۋاقىت بولسىمۇ، قەستلەش تاكتىكىسىنى ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بەكمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇيۇقسىز چاقىرتىلىپ، ئۆزىنىڭ چاقىلىقتىكى قوشۇنلارغا مۇئاۋىن يىڭجاڭ قىلىپ تەيىنلەنگەنلىك بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ بۇنىڭدىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتى.

— سىنىڭ ۋەزىپەڭ ناھايىتى ئېغىر. ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى يامان. خېلى ئوبدان جەڭ قىلىش تەجرىبىسى بار ئادەملەر. ئۇلارنىڭ باشلىقى تۇردى يىڭجاڭ كورلىلىق، شتاب باشلىقى ئايۇپ فۇگۇەن قۇمۇللۇق، ئۇلار تۇڭگانلارنى قان قاقشاتقان ئادەملەر. بۇنىڭدىن سەن ئۆز دۈشمىنىڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەنسەن؟ چۈنكى، سەن شېڭ دوبەننىڭ كۆزى چۈشكەن ئادەم، — دېدى كۆزەينەك تاقىۋالغان ھەربىي ئەمەلدار، — ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا خېلى كۆپ تۇرپان، توقسۇنلۇق قوزغىلاڭچىلار بار. سەن شۇلارنى ئۆز يېنىڭغا تارتىپ، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، ئاشۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرسەن. چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم. بىراق...

— چۈشەنگەن بولساڭ ئۆزۈڭگە بىرنەپەر ياخشى ياردەمچى تاللا. ئۇ قورقماس باتۇر ھەم سادىق دوست بولسۇن. يەنە ئون بەش نەپەر مۇھاپىزەتچى تاللا. ئۆزى بىزگە سادىق بولسۇن. مۇمكىنقەدەر قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە تۇغقانلىرى بارلار بولسا تېخىمۇ ياخشى، — دەپ يولىيورۇق بەردى كۆزەينەكلىك ئادەم، — ئۇلار ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنى پارچىلاش ئاسان بولىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ ئامال بولمىسا بەزىلەرنى پۇل بىلەن سېتىۋالىمىز.

— چۈشەندىم سەنمۇجاڭ، بىراق...

— نېمە بىراق؟ — دەپ ئاچچىقلاندى سەنمۇجاڭ، — چۈشەنگەن بولساڭ بىر ھەپتىلىك ۋاقىت بېرىمەن. پۇختا تەييارلىق قىلىۋال. يېتەرلىك پۇل، قورال - ياراغ، كىيىم - كېچەك بېرىلىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىساڭ ئەمىلىڭ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ شېڭ دۇبەننىڭ پەرمانى. قانداق ئورۇندىيالامسەن؟

— ئەلۋەتتە ئورۇندىيالايمەن، — دېدى ئۇ تىك تۇرۇپ.

— ئوغۇل بالا دېگەن يۈرەكلىك، غەيرەتلىك بولۇشى، باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشى، دۈشمەننى مانا مۇنداق مىجىۋېتىشى كېرەك، — دەپ جوزا ئۈستىدىكى بىر دانە شاپتۇلنى ئېلىپ مىجىپ گارشۇكقا تاشلىدى، — سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە تاللىغان ئادەملىرىڭنى تىزىملاپ كېلىپ تاپشۇرىسەن، چىقساڭ بولىدۇ.

— خوپ مەن تەييار. — دەپ ياقۇپ يىڭفۇ تىك تۇرۇپ ئوڭ قولىنى چېككىسىگە تەككۈزۈپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بەكمۇ خۇشال ئىدى. شۇ ماڭغانچە ئۆزىنىڭ كونا تەرەپباز دوستى ۋە مەسلىھەتدىشى توقسۇنلۇق مەخسۇت لەنجاڭنى ئىزدەپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى بىرنى قويماي سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ يەردە چوڭ باي بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. چۈن-كى، تۇڭگانلار بۇلىغان بايلىق شۇلارنىڭ قولىدا ئىكەن. ئۇ چاغدا تېخىمۇ چوڭ مەنسەپكە ئېرىشىمىز، — دېدى ئۇ.

مەخسۇت لەنجاڭ دەسلەپتە ئىككىلەندى. ئاخىرىدا ياقۇپ يىڭفۇنىڭ قايتا - قايتا ئىلتىجا قىلىشى بىلەن چاقىلىقنى بىللە بېرىشقا ماقۇل بولدى. ئارقىدىن مەخسۇت لەنجاڭ ئۆزىنىڭ بىر شىرەم تۇغقىنىنى بىللە بېرىشقا ماقۇل كەلتۈردى.

— بىز ئاكا - ئۇكا بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇپ بىللە بېرىپ كەلمەيمىزمۇ؟ «ئىككى ئاكا - ئۇكىدىن يولۋاس قورقۇدۇ» دېگەن تەمسىل بار. ئۇ يەردە تېخى خېلىل ئالتۇن بار. بىزنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار ئەل بولۇپ كەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس، — دەپ كۈلدى مەخسۇت لەنجاڭ، — كىم بىلـ-سۇن ناھايىتى باي بولۇپ كېتىمىزمۇ تېخى؟ چاقىلىق دېگەندە ئالتۇن كۆپمىش.

— مەن ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ، ئۆيگە قايتايمىكىن دې-گەنىدىم. ئەمدى ئۇ يەرگە بارساق قاچان كېلىۋرىمىز؟

— پات ئارىدا غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىمىز، — دېدى مەخسۇت لەنجاڭ، — بىرنەچچە يىل قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كۆر-مىگەن كۈن قالمىدى. ئەمدى ئامەت كەلگەندە ئۆيگە كېتەمدۇق؟ ئەخمەق، چوڭ ئەمەلدار بولىمىز ئۇقتۇڭمۇ؟

— ھەي تاڭەي. . . بوپتۇ ساڭا يۈز كېلەلمىدىم، مەخسوت ئاكا بولمىسا ھەرگىز بارمايتتىم، — دېدى ھېلىقى يىگىت.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار توقسۇنلۇق، تۇرپانلىق يىگىتلەر-دىن «كىمىنىڭ قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئۇرۇق تۇغقىنى بار؟» دەپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىمىغانلىرىنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ ياكى ئۆز يېقىنلىرىنى سەپلەپ 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن يولغا چىقتى. ئۇلارغا شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە ناھايىتى نۇرغۇن پۇل، قورال - ياراغ، ئوق - دورا بەردى.

* * *

ياقۇپ يىڭفۇ كېلىپلا ئالدى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىنتىزامىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى:

— نېمە دېگەن قاتتىق تۈزۈم بۇ؟ سىلەر رەسمىي ھەربىي بولمىساڭلار. سىلەر دېگەن قوزغىلاڭچى، «ئەركىنلىك» دەپ جان تىكىپ چىققان ئادەملەر، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتىزامىمۇ سىلەردەك چىڭ ئەمەس، — دېدى ئۇ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەزى بەڭۋاش، بوشاڭ يىگىتلەر نارازى بولۇشقا باشلىدى.

— بىز شۇنداق چىڭ تۇرغاچقا تۇڭگانلارنى يەڭدۇق، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن غەزەپلىنىپ، — بولمىسا ھەممىمىزنىڭ ئۆلۈكى قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولاتتى.

— ياش بالىلار قاتتىق ئىنتىزامغا چىدىيالماي قالارمىكىن دەيمىنا؟ — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ ئۆزىنى ئاقلاپ.

— بۇ چاغقىچە چىدىغان ئادەملەر ئەمدى چىدىيالماسما؟ — دېدى ھاشىخان، — جەڭچىنىڭ ھاياتى ئىتتىپاقلىق بىلەن ئىنتىزامدا. . .

ياقۇپ يىڭفۇ بۇ قېتىم خېلى ئوبدان دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي «جەڭچىلەر بىلەن سىردىشىش» دېگەن نىقاب ئاستىدا توقسۇنلۇق، تۇرپانلىق يىگىتلەرنى يېنىغا تارتىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ:

— بىز تۇرپان، توقسۇن خەلقى جىق قان ئاققۇزۇپ جەڭ قىلغان. بىراق، ئۇ قىلغان جەڭ، تۆككەن قانلار بىكارغا كەتتى. بۇ يەردە ھەممە ھوقۇقنى بىرنەپەر كورلىلىق بىلەن بىرنەپەر قۇمۇللۇق ئىگىلىۋېلىپ، سىلەرنى توپ يېمى قىلىۋەت-

مەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ئەمدى شىڭ دوبەنگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە دۇنيادا تەڭدىشى يوق شورالار ھۆكۈمىتى بار، — دېدى.

— يىڭفۇ، ئۆزلە غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلاغۇ؟! يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەننى خوجىنىياز ھاجىم تەيىنلىگەن، بۇ ئىككىيلەن بىزنى ئۆز ئىنىسىدىن ئېزىز كۆرىدۇ. ئۆزلەنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىك دېگەنلىرى نېمىسى؟ ئۆزلە

يىڭفۇ ئەمەس، بۇزغۇنچى ئىكەنلا، — دەپ ۋارقىرىدى ۋىجدانلىق ھەم جىگەرلىك ھەمدۇللا.

— سەن كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ مېڭەڭنى چۇگۇپ تاشلىماي يەنە، — دەپ ياقۇپ يىڭفۇ تاپانچىسىغا قول سالدى.

— سەندەك نېمىنىڭ مېنىڭ مېڭەمنى چۇگۇۋېتىشى ناتايىن. ئاتە قېنى يامان بولساڭ. بىر پاي ئوق چىقارساڭ، «ئۆلدۇم» دەۋەرگىن، — دەپ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا مەخسۇت لەنجاڭ ھىجىيىپ كەلدى.

— خاپا بولما ئۇكام، — دېدى ئۇ ناھايىتى ھىيلىگەرلىك بىلەن، — يىڭفۇ سېنى سىناۋاتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ يىڭفۇ؟ ئۇ ياقۇپ يىڭفۇغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— شۇنداق مېنى كەچۇر ئۇكام، قوپاللىق قىلىپ قويۇپتىمەن، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ ئۆزىگە چاتاق تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرەپ. لېكىن، ھەمدۇللا زۇۋان سۈرمەي گۇرس - گۇرس دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسا بىلىنگۇدەك جىمجىتلىققا چۆكتى.

— «ئاچچىق ئەقلنى كېسىپتۇ» دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالماڭ يىڭفۇ، — دېدى مەخسۇت لەنجاڭ، — ھەممەيلەنگە بۇيرۇق، بۇگۇنكى ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭلار، كىم ئاشكارىلاپ قويسا ئېتىپ تاشلايمىز ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق، — دېيىشتى ھەممەيلەن.
غەزەپلەنگەن ھەمدۇللا بولغان ئىشنى شۇ ئاخشىملا ئايۇپ فۇگۇەنگە دوكلات قىلدى ۋە ئاخىرىدا:
— بۇ ئادەم شېڭ شىسەيگە سېتىلغان ساتقىن بولسا كېرەك ھەم بىزنىڭ ئارمىزغا كىرگەن چاپاندەك قىلىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى. ئايۇپ فۇگۇەن بۇگۇن ئاخشام شۇ يەرگە بارغانلارنى خاتىرىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەمدۇللا ياقۇپ يىڭفۇنى كۆرسە ئەزرائىلنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئاجايىپ بىر غۇلغۇلا پەيدا بولدى ۋە ئۇزاققا قالماي بۇرۇنقى ئىتتىپاقلاشقان جەڭگىۋار قوشۇندا ئىنتىزامنى بۇزىدىغان، ئىككى تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىدىغان ھەم بىر - بىرىگە قورال تەڭلەيدىغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى.

*　　　*　　　*

نويابىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ھاۋا خېلىلا سوغۇق، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كۈز شامىلى توختىماي چىقىپ تۇراتتى. دەل - دەرەخلەرنىڭ قالدۇق يوپۇرماقلىرىمۇ ئۇچۇپ چۇشۇۋاتاتتى. يەرلەر كېچىسى توڭلاپ، كۈندۈزى ئېرىپ تۇراتتى. ياقۇپ يىڭفۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئابدۇكېرىم ئەلەمنى «يوقلاش» ئۇچۇن يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئەلەم چىۋىنكۆلدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كارى بولمىدى.
— ئابدۇكېرىم ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشەتتىم، — دېدى ئۇ دەرۋازىۋەنگە.
— ئۆزلىرى كىم؟ مەن تونۇمۇدۇم ئاغا، — دېدى دەرۋازىۋەن.

— مەن ياقۇپ يىڭغۇ، ئۇرۇمچىدىن كەلدىم. ئاخۇن يىڭ-جاڭغا خوجىنىياز ھاجىمدىن سالام ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ.

— تۇرۇپ تۇرسىلا ئاغا، مەن خەۋەر قىلاي، — دەپ دەر-ۋازىۋەن كىرىپ كەتتى. ياقۇپ يىڭغۇ بولسا ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قانداق قولغا كەلتۈرۈپ، شېڭ شىسەيىنىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن دەرۋازىۋەن پەيدا بولدى.

— قېنى مەرھەمەت ئاغا، ئاخۇنۇم سىلىنى كۈتۈۋا-تىدۇ، — دېدى ۋە ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلارنى ئايۋاننىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆزى كۈتۈۋالدى. ياقۇپ يىڭغۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان تەسۋىر بويىچە ئابدۇكې-رىم ئەلەمنى دەرھال تونۇدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاخۇنۇم، دىدارلىرىنى كۆرگەنلى-كىم ئۈچۈن ئاللادىن مىننەتدارمەن، — دېدى ياقۇپ يىڭغۇ قولى-نى كۆكسىگە قويۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. خۇش كەپسەن ئاغا، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەممۇ لوپلۇق تەلەپپۇزدا. ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئابدۇكېرىم ئەلەم مېھماننى ئۆيگە باشلىدى.

— ئۆيگە مەرھەمەت قىل ئاغا، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم يەنە. بۇ لوپلۇقلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئۆزلىرى ھۆرمەت قىلغان ئادەمنى چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ئاغا» دەيت-تى. لېكىن، بۇ سۆز ياقۇپ يىڭغۇ ئۈچۈن غەلىتە تۇيۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىمىغانغا سالدى. ئۇلار ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ياڭ مىڭجۇنى مېھمان قىلغان ۋاساجوپ مېھمانخانىسىغا كىردى. ياقۇپ يىڭغۇ تۆردىكى قېلىن يېكەنداز ئۈستىگە چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان-دىن كېيىن ئادەت بويىچە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ «ئامىن! ئاللا-

ھۇ ئەكبەر» دەپ يۈزلىرىنى سىلىدى.

— ئاخۇنۇم سالامەت تۇرۇپلا، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ.

— خۇداغا شۈكۈر ئاغا، ئۆزۈڭمۇ سالامەت كەپسەن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم.

— ئۆزلىرىگە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن شېڭ دوبەن جاناب-لىرى سالام دېدى، — دېدى. ياقۇپ يىڭفۇ ۋە ئەلەمنىڭ كۆزد-نىڭ ئىچىگە قارىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇكېرىم ئەلەم تەمتى-رەپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ياقۇپ يىڭفۇغا قاراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاران تەستە:

— ئۇ، ئاتىلىرىمىز سالامەت بولسۇن، — دېيەلىدى.

— خوجىنىياز ھاجىم بىلەن شېڭ دوبەن مېنى بۇ يەرگە تۇردى يىڭجاڭنىڭ جانابلىرىغا قىلغان ئاھانەتلىرى ئۈچۈن ئۆز-لىرىدىن كەچۈرۈم سوراشقا ئەۋەتتى، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ.

— خۇدايىم ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، دۆلىتىنى زىيادە قىلسۇن، — سەن بىلمەيسەن ئاغا تۇردى يىڭجاڭ دېگەن مۇتىھەم ماڭا ئاز ئاھانەت قىلمىدى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم يىغلامسىراپ، — ئىككى يىلدىن بۇيان ئەزرائىل ئۆيۈمنى چۆر-گىلەپ يۈردى.

— شۇنداق ئاخۇنۇم مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىلىدەك بىر يۇرت ئاتىسىنى قاقشاتقان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالدى. سىلىنى خوجىنىياز ھاجىم بىلەن شېڭ دوبەن قوللايدۇ. سىلىگە ھېچكىم كۆز ئالاي-تالمايدۇ، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ.

— خۇدايىم كۆزۈمگە كۆرسەتەرسەن، كۆزۈمگە كۆرسە-تەرسەن، — دەپ ئابدۇكېرىم ئەلەم كۆزىگە ياش ئالدى ۋە ياقۇپ يىڭفۇغا تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى. ئۇلار ئەمدى گەپنى پەقەت ئۆزلىرى ئاران ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا قىلىشاتتى. «پېسە — پېسىنى قاراڭغۇدا تونۇيدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ئۇلار

بۇرۇن زادىلا كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇلارغا زادىلا ۋاسىتىچى كەتمىدى. بىر كۆرۈپلا بىر - بىرىنى تونۇپ قالدى. شۇ كۈنى ياقۇپ يىڭفۇ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇردى. ئۇلار قانداق قىلغاندا قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇشتى. لېكىن، بىرەر ئەپلىك چارە تاپالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىم ئەلەم:

— بۇ يەردە باھاۋۇدۇن ھاجى، ئېزىز ھاجى دېگەن ئادەملەرمۇ بار. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ يان تۈۋرۈكى، — دېدى.

— كېرەك يوق، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، تۆردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەننى يوقاتساقلا، سىلى دېگەن ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ كېسىپلا، — بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى قەتئىي مەخپىي تۇتسىلا.

— ماقۇل ئاغا. لېكىن، ئۇ ئىككىسىنى يوقاتماق تەس. ئىلاھىم دوتەينىڭ ئىشىدەك بولۇپ قالمىغىدى، — دەپ ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

— بۇ قېتىم ھەرگىز ئانداق بولمايدۇ. ئۇ چاغدا دوتەي ئەخمەقلىق قىلىپ تۆردى يىڭجاڭنى تۇتقان ھامان ئۆلتۈرمىگەچكە، ئاخىر ئۆزى ئۆلدى. بۇ قېتىم بىز ئۇلارنى تۇتقان ھامان ئۆلتۈرىمىز. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بېشى بىر چارەكتىن ئالتۇنغا يارايدۇ، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئابدۇكېرىم ئەلەمگە شۇنداق ئىشەنچلىك تۇيۇلدىكى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قان ئېقىپ تۇرغان باشلىرى ئۆز قولىدا تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىسى ياقۇپ يىڭفۇ ئابدۇكېرىم ئەلەمنى راسا قايمۇقتۇردى ۋە قۇتراتتى. ئۇ قايتقان چېغىدا بۇگۈنكى سۆھبەتتىن تولىمۇ مەمنۇن بولغانىدى. ئەسلىدە قارانىيەت ئابدۇكېرىم ئەلەمگە يېڭىدىن قانات چىققاندەك بولدى ۋە بۇ ياش يىگىتنى ئۆيلەپ قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىقىنىدا ئويناتماق-

چى بولدى. ئۆزى تاپقان بۇ ھېيلىگەرلىكتىن ئۇمۇ بەك مەمنۇن بولۇپ كەتتى.

— ھەي خوتۇن، ھەي خوتۇن، بۇ يىگىتكە خوتۇن ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئۇ بولسا كىچىككىنە بىر تۆشۈك. بۇ تۆشۈك نېمىدېگەن قۇدرەتلىك ـ ھە؟. . . نى ـ نى يىگىتلەرنى تىز پۈكتۈرۈپ، باش ئەگدۈرگەننىڭ ھەممىسى ئاشۇ كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئەمەسمۇ؟ خوتۇن كىشى دېگەننىڭ ئۆزى ئاجىز بولسىمۇ نۇرغۇن ئەرلەرنى بىر ـ بىرىنى ئۇرۇشقا، ھەتتا ئۆلتۈرۈشكە سەۋەبچى بولغانمۇ، نى ـ نى مەن ـ مەن دېگەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانمۇ ئاشۇ ئەمەسمۇ؟! . . . ئۇ شۇنداق دەپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى ۋە ئۆزى ئويلاپ تاپقان بۇ ئەقىلدىن خۇش بولۇپ ھىجىيىپ قويدى. شۇ چاغدا ئايالى چاقىردى.

— ئاخۇنۇم بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

ئۇ ياتاق ئۆيگە چىقىپ يوتقانغا كىرىپ ياتقان بولسىمۇ خېلىغىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا ياقۇپ يىڭفۇ بىلەن سۆھبەتتە كەتتى. راستىنلا تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ئايۇپ فۇگۇەننىڭ بېشى بىر چارەكتىن ئالتۇنغا يارارمۇ؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كەتمەيتتى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىر چارەك ئالتۇننىڭ قانچە سەر بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالمىدى. ئۇ شۇنداق ئويلا ـ ئويلا ئاخىر ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە ياقۇپ يىڭفۇنى كۆردى. ئۇ يوغان بىر جەدە ئاتنى مىنىپ كېتىپ بارغۇدەك. ئاتنىڭمۇ، ياقۇپ يىڭفۇنىڭمۇ ئۈچەي ـ باغرى يەردە سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇ ياقۇپ يىڭفۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋالماقچى بولۇپ يۈگۈرگەنىدى. ياقۇپ يىڭفۇنىڭ ئۈچىيى پۇتىغا يۆگىشىپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئۈستىۋېشى قانغا بۇلغىنىپ كەتتى. بۇ ياقۇپ يىڭفۇنىڭ قېنىمىش.

. .

— ۋايجان مېنى قۇتقۇزۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇ-
كېرىم ئەلەم. لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋازى زادىلا چىقمىغۇدەك.
— ۋارقىرىما، ۋارقىرىساڭمۇ ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، — دې-
گۈدەك بىر كۆزەينەكلىك ئادەم قولىنى شىلتىپ.
— مەن قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۇ-
نىڭدىن.
— سەن دوزاقتا، — دېدى ھېلىقى ئادەم.
— ياق - ياق، مەن جەننەتكە كىرىمەن، جەننەتكە. . . —
دەپ ۋارقىرىدى ئابدۇكېرىم ئەلەم. شۇ چاغدا خوتۇنى ئۇنى
سىلكىشكە باشلىدى.
— ئاخۇنۇم، ئاخۇنـۇم، نېمــە بـولدىلا؟ كۆزلىرىنــى
ئاچسىلا.
خوتۇنىنىڭ سىلكىشىدىن ئابدۇكېرىم ئەلەم ئويغىنىپ كەت-
تى. ئۇ ناھايىتى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ خېلى
تەستە ئېسىگە كەلدى.
— نېمە بولدىلا ئاخۇنۇم؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى.
— قارا بېسىپتۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەلەم تەستە. شۇ
كېچىسى ئۇ زادىلا ئۇخلىمىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇخلىيالمى-
دى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ياقۇپ يىگۇنى تىللاپ چىقتى. لېكىن،
«سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەندەك
ئۇنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى ئاغدۇرۇش شېرىن خىيالى ئۇنىڭ مې-
ڭىسىدىن زادىلا كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى غەلىتە
چۈش ئابدۇكېرىم ئەلەمگە ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# مەلئۇنلار گۇرۇھى

قۇرۇتتەك يامرىدى جاي - جايىدا جاسوس،
ئاياغ - ئاستى قىلىندى، بېتتى نامۇس.
—— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

1937 - يىلىنىڭ كىرىش هارپا كېچىسى.
هاۋا ناهايىتى سوغۇق ئىدى. چىللە كىرگەندىن بۇيان توخ-
تىماي قار يېغىپ تۇراتتى. هەممە نەرسە قار ئاستىدا قالغان-
دى. ئەتىگەنلىرى شەرقتىن چىقىۋاتقان شىۋىرغان قار ئۇچقۇنى
پەيدا قىلىپ، يۈزلەرنى ئېچىشتۇرۇپ ئۆتەتتى. تۇن پەردىسى
تارتىلغاندىن كېيىن هاۋانىڭ تۇتۇقلۇقىدىن يۇلتۇزلارنى كۆرگى-
لى بولمايتتى. گاهى كۈنلىرى هاۋانىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن تۇمشۇ-
قىڭدىكى نەرسىنىمۇ پەرق ئەتمەك ناهايىتى تەس ئىدى. يولۇچى-
لار پەقەت ئەقىل كۆزى ئارقىلىقلا يوللارنى پەرقلەندۈرۈپ ماڭات-
تى. گاهى چاغلاردا يولۇچىلار ئۆزىنىڭ خىيال ئېكرانىدىن
چەتلەپ كېتىپ يول بويىدىكى دەرەخلەرگە، تاملارغا ئۇسۇۋالات-
تى. قار تىقىلىپ قالغان ئورەكلەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇنداق
چاغلاردا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ كىيىملىرىدىكى قارلا-
نى قېقىۋېتىپ يەنە ئېهتىيات بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇراتتى.
بۈگۈن ئاخشام ياقۇپ يىگىت يېڭى يىل كىرىش مۇناسىۋىتى
بىلەن مېهمان چاقىرغانىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۆزىنىڭ

قانچىلىك يىلتىز تارتقانلىقىنى سىناپ باقماقچىدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ھاكىم گاجىت بەكرىنىڭ كىچىك ئوغلى ئابلا شوپىنىڭ ياتىقىنى تاللىدى. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «ساراڭ شوپە» دەپ ئاتايتتى. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى ھارامزادە، ئۇرۇش- قاق، دادىسىنىڭ ئەمىلىنى پەش قىلىپ ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بىلمەيدىغان بىر مۇتىھەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھېچكىم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايتتى. راستىنى ئېيتقاندا كىشىلەر ئۇنىڭدىن قاچات- تى. ياقۇپ يىڭفۇ ئاشۇ مۇتىھەمنىڭ ياتىقىنى تاللىغانىدى. ئۇ- نىڭ ياتىقى ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئاكىلىرىدىن سەل چەتتىرەك ئىدى. «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ » دېگەن بىكار گەپ ئەمەس دەپ ئويلايتتى ياقۇپ يىڭفۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ قېتىمقى ئولتۇ- رۇشنى ئاشۇ قاراڭغۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ياقۇپ يىڭفۇ كې- لىپلا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئابلا شوپە ئۆيلەنمىگەن، ئويۇن تاما- شاغا ئامراق، پۇلغا، خوتۇنغا ناھايىتى ئاچ كۆز بىر نېمە ئىدى. ياقۇپ يىڭفۇدا بولسا شېڭ شىسەي بەرگەن پۇل خېلى كۆپ ئىدى. ئابلا شوپىنىڭ نادانلىق تۈپەيلىدىن يۇقىرىقىدەك ئاجىز- لىقلىرىنىڭ بولۇشى، ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىدا بولىدىغان ئەر- كە ـ نايناقلىقى قارا نىيەت ياقۇپ يىڭفۇ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاكىم گاجىت بەكرىنىڭ لۈك- چۈنلۈك بولۇشى بىلەن ئۇ ئۆزىنى ھاكىم بىلەن بىر يۇرتلۇق كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا راسا خۇشامەت قىلدى ۋە ئۆز ئادەم بولۇپ، خالىغان چاغدا كىرىپ ـ چىقىپ يۈردى ۋە ئابلا شوپىنى ئۆزىگە تارتىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭغا كۆپ ساقلاشقا توغرا كەلمى- دى. بىر كۈنى قىمار ئويناپ ئابلا شوپە خېلى كۆپ پۇلنى ئۇتتۇرۇپ قويدى ۋە خىجالەت بولۇپ قالدى. لېكىن، دادىسى ئۇنىڭغا كۆپ پۇل بەرمەيتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ قوزغىلاڭچىلار رايونىدا پەقەت ئاق تەڭگە (كۆمۈش پۇل) دىن باشقا ھەرقانداق

پۇل ئۆتمەيتتى. ئابلا شويىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ياقۇپ يىڭفۇ يانچۇقىدىن ئون دانە كۆمۈش تەڭگە ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا تەڭلىدى:
— مە. . . ئاله ئۇكام، قەرزلىرىڭنى بېرىۋەت.
— ياق ئالالمايمەن. ئۇنىڭغا قايتۇرغۇدەك پۇلۇم يوق، — دېدى ئابلا شويە.
— مەن ئۇنى قايتۇر دېمىدىمغۇ؟ بۇنى دوستلۇقىمىز ئۇ‐چۇن ساڭا تەقدىم قىلدىم، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. پۇلنى ئابلا شويىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.
— راسما، — دېگىنىچە ئابلا شويىنىڭ ئاغزى گەپكە كەل‐مەي قالدى[1].
— ئەلۋەتتە راست ئۇكام. ھەممىمىز بىر تۇرپانلىق تۇر‐ساق، بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟! . . . — دەپ ياقۇپ يىڭفۇ كېتىپ قالدى.
— ئەجەبمۇ مەرد ئوغۇل بالا ئىكەن، — دېدى ئابلانىڭ يېنىدا تۇرغان قىمارۋاز. ئابلا شويە قىمارۋازلارغا قەرزنى قايتۇ‐رۇپ ئاشقىنىنى يانچۇقىغا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلا شويە ياقۇپ يىڭفۇنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى ۋە ھاكىمنىڭ ئوينىڭ ئىشكى ئۇنىڭغا ھەر دائىم ئوچۇق تۇرىدىغان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار بىللە ئوۋغا چىقتى. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا بۇ يەردە تۈلكە، مولۇن، جەرەن، بۇغا، توشقان قاتارلىق ھايۋانلار، غاز، ئۆردەك، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەر قاتارلىق ئۇچار قاناتلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار بۇ قېتىمدا خېلى كۆپ ئولجىغا ئېرىشتى. بۇ ئولجىلارغا ھاكىمنىڭمۇ ئاغزى تەگدى. ئاخىرى ھاكىم گاجىت بەكرى ياقۇپ يىڭفۇدىن بۇ بەڭۋاش ئوغلىنى تەربىيىلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق پۇرسەت

---

[1] ئۇ چاغلاردا بىر تەڭگىگە بىر قوي كېلەتتى.

يوق ئىدى. ياقۇپ يىگىتلىك ئىگىسى پۇرسەتنى ھەرگىز ئۆتكۈزۈۋەت-مىدى.

— باش ئۈستىگە ھاكىم جانابلىرى. مەن بۇ يىگىتنى چوقۇم يارامىلىق بىر ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرىمەن، — دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن.

— بالىنىڭ كىچىكى دەپ ئەركىلەتسەك، ناھايىتى بېشەم بىر نېمە بولۇپ قالدى، — دېدى گاجىت بەگرى ئوغلىدىن ئاغ-رىنىپ.

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا، مەن ئۇنى چوقۇم يارامىلىق ئادەم قىلالايمەن. . . ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ياقۇپ يىگىلىك ئابلا شويىگە بىر دانە تاپانچا سوۋغا قىلدى ۋە بىرنەچچە قېتىم قارىغا ئاتقۇزدى. شۇنداق قىلىپ يېگى يىلمۇ يېقىنلاپ قالدى. ياقۇپ يىگىلىك قىسىم ئۈچۈن تەييارلانغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن بىر دانە بۇغا بىلەن ئىككى دانە جەرەن گۆشىنى ئابلا شويىگە تۇتقۇزۇپ ھارپا كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش بولىدىغانلى-قىنى ئۇقتۇردى ۋە باشقىلار بىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن مەخپىيەت-لىكنى قاتتىق ساقلاشنى تاپىلىدى.

— ئۆزئارا ئولتۇرىمىز. ئادەم كۆپ بولسا مالمانچىلىق بولىدۇ. ئۆيىمۇ كىچىك، ئارامخۇدا ئولتۇرايلى، — دېدى ياقۇپ يىگىلىك.

— ماقۇل، دادامدىنمۇ مەخپىي تۇتامدۇق؟ — دېدى ئابلا شويە.

— ھاكىمدىن ئادەم ئەيمىنىپ قالىدىكەن. ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېدى ياقۇپ يىگىلىك.

* * *

راسا قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال مەخسۇت

لەنجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى خېلىل پەيجاڭ كەلدى. بۇلار بۇگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدى. ئارقىدىن رە-
ھىم لاۋيە بىلەن توختى لاۋيە كەلدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قىرىق بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان، جىن شۇرىن ھۆكۈمىتىدىن قالغان داشقاللار ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرقانچە كىشى كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئابلا شويىنىڭ ئۆيىگە ئون ئىككى ئادەم يىغىلدى. تەكلىپ قىلىنغانلاردىن پەقەت شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن ھاكىم زۇنۇن ئىسلاموفلا كەلمىدى. كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى شېڭ شىسەينىڭ جاسوسلىرى، يەنە بىر قانچىسى قوزغىلاڭچىلار بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان قەھرىمان يىگىتلەر بولسىمۇ، ياقۇپ يىگىنىڭ يۇرتۋازلىق، تەرەپبازلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق شەۋكىتىنى قولدىن بې-
رىپ قويۇشقا باشلىغان نادان، ئىرادىسىز كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بۇگۈن ئاخشامقى ئولتۇرۇشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈ-
چۈن ئاشپەزلىككە جىن شۇرىننىڭ ئەسكەرلىكىدىن قوزغىلاڭچى-
لارغا ئەسىرگە چۈشكەن گۈچۈڭلۈق ئاشپەز ئىسكەندەر دېگەن ھاراقكەشنى تاللىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئولتۇرۇش باشتىلا كۈلكە، چاقچاقلار بىلەن باشلاندى. ھاكىم گاجىت بەكرى بىر قېتىم كىرىپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— سىلەر ياشلار ئويۇنغا ئامراق. بىراق، بالدۇرراق قاي-
تارسىلەر، — دەپ قويۇپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئولتۇرغانلار دۇتار، تەمبۇر چېلىشىۋاتاتتى.

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا ھاكىم، بىز چوقۇم سىلى دېگەندەك قىلىمىز، — دېدى ياقۇپ يىگىۇ خۇشامەت بىلەن.

گاجىت بەكرىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن داستىخان سېلى-
نىپ ئىسكەندەر تەييارلىغان تۇرلۇك قورۇما، قازان كاۋپى، جەرەن گۆشى كاۋپى، بۇغا گۆشى كاۋپى، توخۇ كاۋپى، قىرغاۋۇل كاۋپى، داڭلىق ئولار گۆشى كاۋپى قويۇلدى. بۇ

نەرسىلەرگە قوشۇلۇپ ھەر خىل دورا ـ دەرمەنلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ ئادەملەرنىڭ شۆلگەيـ لىرىنى ئاققۇزۇۋەتتى . بۇنداق نەرسىلەرنى بەزىلەر زادىلا كۆـ رۈپ باقمىغانىدى.

ــ قېنى دوستلار ئېلىڭلار. دوستىمىز ئابلا شويىنىڭ بۇگۈنكى تەييارلىقى مۇشۇكەن. ئاز بولسىمۇ كۆپكە تالىق قىلـ لىۇرسىلەر، ــ دېدى ياقۇپ يىگىفۇ.

ــ بەك جوۋاپ كېتىپتۇ، بەك جوۋاپ كېتىپتۇ، ــ دېـ يىشتى ھەممەيلەن ۋە گۆش، قورۇمىلارنى ماختاپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشتى. ئاخىرىدا توختى لاۋيە ئىسكەندەرنى چاقىردى:

ــ ئىسكەندەر قېنى سەن؟

ــ خوش، مانا مەن، ــ دەپ ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر شاپ بۇرۇت ئادەم كىردى. ئۇ بېلىگە خالات ئورنىدا بىر دانە ماتا داستىخاننى باغلىۋالغانىدى.

ــ نېمە شۇنچىۋالا مەززىلىك تائامنى ئەپكېلىسەنو، لېكىن ھېلىقى ئاچچىق سۇيىڭنى ئەپكەلمەيسىنا؟

ــ نەدىكى ئاچچىقسۇنى دەيلا. ھازىر ئۇنداق نەرسىنى ھېچكىم ئىشلىمەيدۇ ھەم ساتمايدۇ، ــ دېدى ئىسكەندەر.

ــ ئۇ نەرسىنى ساتمىسا سەن ھاراقكەش ھازىرغىچە ئۆلـ مەمتىڭ؟ ماڭ بېرىپ شۇنىڭدىن ئىككى شېشە تېپىپ كەل، ــ دەپ توختى لاۋيە يانچۇقىدىن بىر سەر تەڭگىنى ئېلىپ ئىسكەنـ دەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. دېمىسىمۇ ھاراق بار يەرنى بۇ يۇرتتا پەقەت مۇشۇ ئىسكەندەرلا بىلەتتى. ئۇ يەردىكى پۇلنى قولىغا ئالدى ۋە:

ــ بۇ قانداق بولغىنى؟ مېنى قەستلەۋاتامسىلەر؟ بۇ تۈن كېچىدە قاراۋۇللارغا ئۇچراپ قالسام قانداق بولىدۇ؟ ــ دېدى.

ــ خېلىــل پەيجــاڭ بىللە بــارسۇن، ــ دېــدى ياقــۇپ يىگىفۇ، ــ بۇگۈنكى پارولنى بىلەمسىلەر؟ كۆك ئاسمان ـ چىلـ

بۆرە، يەنى قاراۋۇل كۆك ئاسمان دېسە سىلەر چىلبۆرە دەپ جاۋاب بېرىسىلە ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق، — دېيىشتى ھەر ئىككىيلەن تەڭلا.

— قېنى تەكرارلاپ بېقىڭلار، — بۇيرۇدى ياقۇپ يىڭفۇ.

— كۆك ئاسمان ـ چىلبۆرە، يەنى قاراۋۇل كۆك ئاسمان دېسە بىز چىلبۆرە دەپ جاۋاب بېرىمىز.

— بوپتۇ ئەمىسە تېز بېرىپ، تېز قايتىڭلار. شۇنداق قىلىپ ياقۇپ يىڭفۇ ئۆزىنىڭ شايكىسىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ پارولى بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئۇلار كېتىپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئەسكەرلەر سۇ ئىچىدىغان كوكەردە لىق بىر كوكەر ئۇزۇم هاراقنى ئىسكەندەر-نىڭ ئۆيىدىن يەرگە كۆمۈلگەن جايدىن ئېلىپ كەلدى. هاراق خېلى ئۇزاق يەر ئاستىدا كۆمۈكلۈك تۇرغاچقا ناھايىتى كۈچلى-نىپ كەتكەنىدى. هاراق دەرھال چىنە ـ چىنەلەرگە قويۇلدى. ياقۇپ يىڭفۇ پىيالىنى قولىغا ئالدى.

— دوستلار، ئەتە ئۇلۇق جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25 ـ يىلى ئاياغلىشىپ 26 ـ يىلى باشلىنىدۇ. بۇ يىل بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر يىل بولىدۇ. بۇ يىلدا ھەممىمىز ئۇستىمىزگە ئالغان ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىپ، يېڭى زەپەر قۇچايلى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممىمىز يەنە بىر باشقا كىرىمىز، يېڭى يىلىڭ-لارغا مۇبارەك بولسۇن، قېنى كۆتۈرەيلى . . .

— كۆتۈرەيلى. . .

— كۆتۈرەيلى، — دېگەن ئاۋازلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاڭ-لاندى، ھەممەيلەن پىيالىلارنى بوشىتىشتى. شۇنداق قىلىپ پىيالىلار بىرقانچە قېتىم كۆتۈرۈلدى. كۈچلۈك هاراق خېلى ئۇزۇندىن بېرى هاراق ئىچمىگەن رەھىم لاۋيە بىلەن توختى لاۋيىگىمۇ خېلى تەسىر قىلدى. باشقىلار بولسا ئاللىقاچان مەست بولۇپ قالغانىدى. «ئادەم مەست بولغاندا ھايۋان بولۇپ كېتى-

دۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن. ئۇلار خۇدىنى يوقىتىپ بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي، بىرسى يەنە بىرىنى تىللىسا، بىردەمدىن كېيىن بىر - بىرىنى يالاشتى، ھەتتا بەزىلەر تۇردى يىڭجاڭ بىلەن ھاشىخاننى ھاقارەتلەشتى. ئايۇپ فۇگۇەننى غاجاشتى. قىزىپ قالغان ئابلا شويە:

— مەن دېگەن خۇدايىم بۇيرۇسا تۇردى يىڭجاڭنى ئۆلتۈرۈپ، ھاشىخاننى ئۆزۈم . . . — دەپ ئاغزىنى بۇزدى.

— تۇغرا مەن ساڭا ئۆزۈم ئىكاھلاپ قويۇمەن، — دېدى رەھىم لاۋيە.

— قوي بۇنداق گېپىڭنى مەن ئۇ قېرىنى نېمە قىلاي. پەقەت بىر قېتىملا. . .

— ئانداق بولسا ساڭا ئويماقتەك قىزدىن بىرنى تېپىپ بېرىمەن، — دېدى رەھىم لاۋيە.

— رەھمەت ساڭا رەھىم ئاكا، — دەپ ئابلا شويە رەھىم لاۋيىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى.

— شىڭ دوبەنگە رەھمەت ئېيت ئەخمەق بالا، — تۇختى لاۋيە، — خالىساڭ كەلگۇسىدە ئۇ ساڭا ئىككى قىزمۇ بېرەلەيدۇ.

— ھازىرچە ياقۇپ يىڭفۇغا رەھمەت دېسەڭ بولىدۇ ئۇكام، — دېدى توقسۇنلۇق نۇردۇن ۋارقىراپ تۇرۇپ.

— ئاستا گالۋاڭلار، نېمانچە ۋارقىرىشىسەن؟ «ھېچكىمدىن يامانلىمىغىن تامىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىغانمۇ؟ — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ ئاچچىقلاپ، — ئەتە ئۆلۈكىڭ كوچىدا قالمىسۇن يەنە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەستلەرنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى. لېكىن، ئابلاشويە يانچۇقىدىكى ياقۇپ يىڭفۇ سوۋغا قىلغان تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ:

— كىمكەن ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدىغان؟ مەن ئۇلارنىڭ مېڭى-

سىنى چۈگۈپ ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن، ـــ دەپ ئىشىككە ماڭدى. ئۇنى ياقۇپ يىڭنۇنىڭ ئۆزى توسۇۋالدى ۋە قولىدىكى تاپانچىنى تارتىۋالدى.

ـــ سەن توختى لاۋيە نەدىن تاپتىڭ شۇ هاراق دېگەن سۈيـ ـدۈكنى؟ ـــ دەپ ۋارقىرىدى ياقۇپ يىڭفۇ، ـــ بىزنى قەسلەۋا-تامسەن يا؟

ـــ كەچۈرسىلە يىڭفۇ، بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلىماپـ ـتىمەن، ـــ دېدى توختى لاۋيە.

ـــ هەممە ئىشتا ئۆزۈم ئەيىبلىك. سىلەرنى دەپ قىل قالدى«دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قالدى» دېگەندەك ئىش بولغىلى، ـــ دېدى ياقۇپ يىڭفۇ، باشقىلار جىمجىت ئولـ ـتۇرۇشاتتى، ـــ ماۋۇ تەلۋە ئىشكتىنلا چىقىپ كەتكەن بولسا هەممىمىز تۈگىشەتتۇق.

ئۇ ئابلا شويىنى ياتقۇزۇپ قويدى. ئابلا شويى هەدەپ ئاغزىـ ـنى بۇزۇپ هېلى تۇردى يىڭجاڭنى، هېلى ئايۇپ فۇگۇەننى ياكى هاشىخاننى تىللايتتى. ياكى ياقۇپ يىڭفونى ئەيىبلەيتتى:

ـــ هەي ياقۇپ يىڭفۇ دېگەن نامەرد قورالىمنى قايتۇرۇپ بەر...

ـــ مەخسۇت لەنجاڭ سىز بۇ يەردىن كەتمەي، ماۋۇ مەستكە قاراڭ، ـــ دەپ ياقۇپ يىڭفۇ ئابلا شويىنى كۆرسەتتى، ـــ قالغانـ ـلارنى مەن يولغا سېلىپ قوياي. قېنى بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىڭلار. بۇگۈنكى پارول كۆك ئاسمان ـ چىلبۆرە.

هەممەيلەن ئاستا ـ ئاستا تارقالدى. ياقۇپ شېرىكلىرىنىڭ قايتىشىنى كۆزىتىپ تۇردى. ئۇزاقتا قالماي ئابلا شويە ئۇيقۇغا كەتتى هەم ئۇيقۇ ئارىلاش هەدەپ:

ـــ مەن دېگەن تۇردى... تۇردى دېگەننى... هاشىـ ـخاننى... ياق رەهىم لاۋيە... هېلىقى قىزنى... ـــ دەيتتى.

# ئوتتۇزىنچى باب

## سۇيقەست

سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ.
——ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1937 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ۋەزىيەت يەنىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

ياقۇپ يىڭفۇ باشچىلىقىدىكى شېڭ شىسەينىڭ جاسۇسلىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن كۈرەش يەنىمۇ كۈچەيدى. شۇنداقلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ماخۇسەن كارۋانلىرى بىلەن ئالتۇنتاغ ئىچىدىكى جىلغىلاردا توختىماي كالتە جەڭلەرنى قىلىپ تۇراتتى. ئۆتكەن يىلقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قاراقچىلار ئەمدى بۇ يەرگە تۇمشۇقىنى تىقىشقا زادىلا پېتىنالمىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن بۇلىغان بايلىقلارنى ھەرقانچە خەتەرلىك بولسىمۇ، تاغ يولى بىلەن چىڭخەيگە توشۇماقتا ئىدى. چۈنكى، بۇلاڭچىلارنىڭ چوڭ ئاتامانى ماجۇڭيىڭنىڭ شورالار ھۆكۈمىتىدىن باش ـ پاناھ ئىزدەپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشى. شېڭ شىسەينىڭ قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىشى ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن بايلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆز يۇرتلىرىغا يۆتكەپ كې-

تىش قارارىغا كەلگەنىدى. لېكىن، چوڭ يولدا «يولۋاس» بار ئىدى. شۇڭا، ماخۇسەننىڭ كارۋانلىرى خەتەرلىك تاغ يوللىرىدا مېڭىشقا توغرا كەلدى. لېكىن، ئۇ يەرلەردىمۇ ئۇلارغا خاتىرجەملىك يوق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن ئابدۇنىياز كامال باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار شېڭ شىسەيگە قارشى 2 ـ قېتىملىق قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. بۇ ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر تاپقان تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن قاتارلىق خەلق ئازادلىقى ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن پېشقەدەم قوزغىلاڭچىلار بىر تەرەپتىن ئالاقىلىشىش ئۇچۇن ئابدۇنىيازغا ئادەم ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۇچۇن ۋە كۆپرەك ئاشلىق غەملىۋېلىش ئۇچۇن بىر قىسىم كۆلىمى چوڭ ۋەخپە يەرلەرنى ئۆزلىرى تېرىش قارارىغا كەلدى.

— ھەممىمىز دېھقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىتلىرىمىز خىل، ئاتلىرىمىز بار. ئۆزىمىز بىر قىسىم ۋەخپە يەرلەرنى تېرايلى، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ ئايۇپ فۇگۇەنگە، — ئۇرۇش دېگەن قورال ـ ياراغ بىلەنلا ئەمەس يەنە ئاشلىق بىلەن بولىدۇ. كونىلار: «بوش تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

— ياقۇپ يىڭفۇزى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.

— قانداق قىلاتتۇق. ئۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن. بىز يەنە ناسىر بەگنىڭ جايىغا كۆچۈپ چىقايلى. ئۇ يەردە ۋەخپە يەرلەر كۆپ، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— ياقۇپ يىڭفۇنى جايلىۋەتسەك بولاتتى. بىرەر چاتاق تېرىپ قويامدىكىن دەپ ناھايىتى ئەنسىرەيمەن، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن، — بولۇپمۇ يىڭجاڭ سىزدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەردە سىزگە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، پۈتۈن قىلغان ئەجرىمىز

بىكارغا كېتىدۇ.
— قورقماڭ دوستۇم ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ. ئابدۇنىياز-نىڭ قېشىغا كەتكەن ئادىمىمىز قايتىپ كەلگۈچە بىز ناسىر بەگنىڭ جايىدا تۇرۇپ تەييارلىقنى قىلىۋېرەيلى. ئەگەردە خۇدا بىزگە نۇسرەت بېرىپ ئىشلىرىمىز يۇرۇشۇپ كەتسە، ياقۇپ يىگىنۇلار ئەمەس، باشقىلارمۇ بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ، — دېدى تۇر-دى يىگىجاڭ تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ.
— ھەي يىگىجاڭ، ھەي يىگىجاڭ، سىز بەكلا كەڭ قورساق ئادەم - دە؟!... كۆڭلىڭىز تۈز بولغاچقا ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزدەك كۆرىسىز، — دېدى ئايۇپ فۇگوەن ئەپسۇسلانغان ھالدا.
— سىزمۇ ئانچىۋالا ئويلاپ كەتمەڭ دوستۇم. بىز دېگەن ئۆلۈمنى ئالىقىنىمىزغا ئېلىپ قويغان ئادەملەر، — دېدى تۇردى يىگىجاڭ، — شۇنداق بولسۇن. ۋاقتىدا ناسىر بەگنىڭ جايىغا كۆچۈپ كېتەيلى.
— شۇنداق بولسىمۇ ياقۇپ يىگىنۇنى نازارەت قىلىشقا ئادەم قالدۇرايلى. مەن بىرەر يامان ئىش يۈز بېرىدىغاندەك ئەنسىرەپلا تۇرىمەن، — دېدى ئايۇپ فۇگوەن.
— بۇ يەردە مەن قالاي، — دېدى شۇ چاغقىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كىيىمىگە تۇگمە قاداش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ھاشىخان.
— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟ خەق سەندىن گۇمان قىل-مامدۇ؟ — دېدى تۇردى يىگىجاڭ ھەيران بولۇپ، — ئۇ چاغدا مەندىن بۇرۇن سېنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەمدۇ؟
— ئانداق بولمايدۇ. بۇ ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېدى ھاشىخان ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن.
— قانداق توغرىلايسەن؟ — دەپ ئەجەبلەندى تۇردى يىگىجاڭ.

— سىلى گۈلىستان خانىنى[1] كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىلا. ئۇ سىلىگە ھەمراھ بولىدۇ. ھەم خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ. مەن «كۈنداشنى كۆرەر كۆزۈم يوق» دەپ مۇشۇ يەردە قالىمەن-دە، ياقۇپ يىڭفۇنى ئۆزۈم نازارەت قىلىمەن، — دېدى ھاشىخان.

— ئەقىل - ھوشۇڭ جايىدىمۇ سەن خوتۇنىنىڭ؟! — دەپ ئاچچىقلاندى تۇردى يىڭجاڭ، — مەن خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئالسام، نۇرغۇن يىگىتلەر بويتاق يۈرسە، بۇ ئىش قاملىشامدۇ؟

— ئەقىل - ھوشۇم راسا جايىدا، جايىدا بولمىسا ئېرىمنى خەققە ئۆتۈنۈپ بېرىمەن دەمدىمەن، — دەپ كۈلدى ھاشىخان، — ھازىرقى ۋەزىيەتتە مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. «ئۆت ئاچچىقىدىن كۆت ئاچچىقى يامان» دېگەن تەمسىل بىزگە ئەسقاتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ياق، مەن قوشۇلمايمەن، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ، — مەن سەندىن بۆلەكنى سۆيمەيمەن دەپ قەسەم قىلغان.

— كېرەك يوق. مەن شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق بېرىمەن، — دېدى ھاشىخان چاقچاق قىلىپ، — مەن دېگەن تۇەنجاڭ. مۇبارەك بولسۇن يېڭى كۈيئوغۇل.

— قويە چاقچىقىڭنى! — دەپ تۇردى يىڭجاڭ قىزىرىپ كەتتى. شۇ چاغقىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئايۇپ فۇگۇەن بىلەن ھاشىخان كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاھ خۇدا تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.

— بۇ چاقچاق ئەمەس، راست گەپ، — دېدى ھاشىخان كېسىپلا.

— بۇ ئەقىل بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئايۇپ

---

① ئېرىنى تۇڭگانلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن گۈلىستان خانىنى ئۆتكەن يىلى ئۇلار كۆنچىدىن ئېلىپ كەلگەن. ئۇ 1984 - يىلى كورلا تىكىنچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

فۇگوۋەن، ــ بىراق سىلەر دېگەن ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلار ئارىغا بىر ئاق تىكەن ئۈنىسە قانداق بولۇر؟ سىز چىدىيالارسىزمۇ سىڭلىم؟

ــ ئەلۋەتتە چىدايمەن. گۈلىستانخان قارا باتۇرغا ئوخشىمايدۇ. ئىبرىمنى گۈلىستانخان يۇتۇۋەتمەس. ئەمما، ئۇنى ياقۇپ يىڭفۇ يۇتۇۋەتمەكچى، ــ دېدى ھاشىخان.

ــ گۈلىستانخان ئۇنارمۇ؟ ــ دېدى ئايۇپ فۇگوۋەن ئىككىلىنىپ.

ــ ئۇنى ئۆزۈم ئۇنۇتىمەن، ــ دېــدى ھاشىخــان ئىشەنچ بىلەن.

ــ ياق مەن سەندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، ــ دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

ــ ئەخمەق بولمىسىلا، بۇ ئىلاجىسىزلىقتىن قىلىنىۋاتقان ئىش. دۇشمەننى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتسەك، پۇت ـ قولى باغلانغان قويغا ئوخشاپ قالامدۇق؟! سىلى تېخىغىچە مېنى چۈشەنمەپلا، ــ دېدى ھاشىخان. ئۇ ئىبرىگە تېخىمۇ ئوماق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ يەنە گەپ ياندۇراي دېسە ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى شۇنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن گەپ توگىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەممە ئىش ھاشىخاننىڭ دېگىنىدەك بولدى.

*　　*　　*

يازمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. قوزغىلاڭچىلار قىلغان تېرىلغۇلىرىدىن خېلى ئوبدان ھوسۇل ئالدى. بۇرۇنقى بىرلىككە كەلگەن ۋە ئىتتىپاقلاشقان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ياقۇپ يىڭفۇ ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى كەلگەندىن كېيىن ئىتتىپاقى بۇزۇلغانىدى. خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن بەزى پەرمان ۋە يول-

يورۇقلار كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. بۇ يىل باش يازدىن باشلاپ ئۇرۇمچىدىن بىر قىسىم ئادەم كېلىپ ھاۋارايى پونكىتى ۋە ئايرودروم قۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى شورالار ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئادەملەر بولۇپ، قال- غانلار خەنزۇ ئىدى. ئۇلار ھاكىم گاجىت بەكرى بىلەن تۇردى يىڭجاڭغا خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن بۇيرۇق ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇيرۇقتا ئايرودروم قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان لازىملىق نەرسى- لەرنى ۋاقتىدا تېپىپ بېرىشنى، لازىم بولسا قوشۇننى قۇرۇلۇش- قا قاتناشتۇرۇشنى بۇيرۇغانىدى. ئايرودروم قۇرۇشقا كەلگەنلەر بىلەن ياقۇپ يىڭفۇ ئاسانلا ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى. بىرەر ئىش بولسا ھەممىسى ئۇنى ئىزدەيتتى. بۇ ئەھۋاللارنى ياقۇپ يىڭفۇ بىلەن بىر ھويلىدا ئولتۇرۇۋاتقان ھاشىخان ۋاقتى - ۋاقتىدا شتابقا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇ ئىشتا بولۇپمۇ ياقۇپ يىڭفۇنىڭ خوتۇنى جەمىلەخاننى ھاشىخان ئۆزىگە ياردەمچى قىلى- ۋالدى.

ئابدۇنىياز كامال قېشىغا ئەۋەتكەن ئىككى ئادەمنىڭ بىر- سىمۇ قايتىپ كەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن تۇردى يىڭجاڭ تولىمۇ كەم سۆز ھەم خىيالچان بولۇپ قالدى ھەم توختىماي تاماكا چېكەتتى. گاھى چاغلاردا سائەت - سائەتلەپ بىر نۇقتىغا تىكى- لىپ ئولتۇراتتى. ئىككىنچى قېتىملىق شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭنىڭ باشلانغانلىقىنى ئايغاقچىلار خەۋەر قىلغان بولسىمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۈگۈن تۇردى يىڭجاڭ يەنە بۇرۇنقىدەك ھەر خىل خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇ- راتتى. ئىشخانىغا ئايۇپ فۇگۇەن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قوغۇن بار ئىدى.

— سىز قوغۇنغا بەكلا ئامراق جۇمۇ، — دېدى تۇردى يىڭ- جاڭ كۈلۈمسىرەپ.

— بۇ يەرنىڭ قوغۇننى كۆرسەملا ئۆز يۇرتۇم ئېسىمگە

كېپقالىدۇ. سىزگە ئېيتسام بۇ يەرنىڭ قوغۇنىدەك قوغۇن پەقەت قۇمۇلدىلا بار، — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن قوغۇننى تىلىۋېتىپ.

ئۇلار جوزا ئۈستىگە تىلىپ قويۇلغان قوغۇننى يېگەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. قوغۇن بەكمۇ تاتلىق ھەم چۈرۈك بولۇپ، تەمى تىلنى ياراتتى. چاينىسا گۈچ - گۈچ قىلاتتى.

— ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق «شېكەر سۈيى» ئىكەن، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ قوغۇننى ماختاپ، — بىزنىڭ كورلىدا قوغۇننىڭ رەڭگى چىرايلىق بولىدۇ. ئەمما، تەمى بۇنداق تاتلىق بولمايتتى.

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ — سورىدى ئايۇپ فۇگۇەن.

— بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن يەر زەي، ئىككىنچىدىن شۇمبۇيا چىقىدۇ. شۇنىڭدىن بولسا كېرەك، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ يەرنىڭ مېۋىلىرىنىڭ بۇنداق تاتلىق بولغىنىغا قارىغاندا كورلا نەشپۈتىنى بۇ يەردە ئۆستۈرسە قانچىلىك تاتلىق بولۇر دەپ ئويلاپ كېتىمەن. چۈنكى، بۇ يەردە زەيمۇ، شۇم بۇيىمۇ يوقكەن.

— سىزنىڭ بىر باغ قىلغۇڭىز بار ئىكەن - دە؟ — دەپ سورىدى ئايۇپ فۇگۇەن.

— ھەي تاڭەي، — دەپ بېشىنى چايقىدى تۇردى يىڭجاڭ، — بىزگە ئانداق ئىش نېسىپ بولماسمىكىن دەپ قورقىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى ئايۇپ فۇگۇەن ھەيران بولۇپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى بۇ قېتىمقى ئىككىنچى قېتىملىق شېڭ شىسەيگە قارشى ئابدۇنىياز قوزغىلاڭدا شورالار ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيگە يان باسسا شېڭ شىسەي ھالاك بولىدۇ. ئۇ چاغدا

بىزمۇ ئىچىدە يۈكتىن قۇتۇلىمىز. ئۇلار ئارىلىشىپ قالسا قوز.
غىلاڭچىلار ھالاك بولىدۇ. ئارقىدىنلا بىزگە قول سالىدۇ.
ھازىر قۇرۇلۇۋاتقان ئايرودروم شۇ مەقسەت ئۈچۈن بولسا كې -
رەك، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ غەمكىنلىك بىلەن.
— شۇنداقمۇ بولۇرمۇ؟ — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. شورالار ھۆكۈمىتى بىزنىڭ
روناق تېپىشىمىزنى زادىلا خالىمايدىكەن. بۇنى پاكىت ئىسپاتلى.
دى. بۇنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز. ھاجى ئاكام ئىشەنگەن بۇ
تاغدا زادىلا كىيىك ياتمىدى، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.
— ھازىر قوزغىلاڭچىلار كۈچاغا كەپتۇمىش، — دېدى ئا.
يۇپ فۇگۇەن.
— بىراق، بىزنىڭ ئاڭلاۋاتقىنىمىز پەقەت ئايغاقچىلار ئە.
ۋەتكەن مىش - مىش گەپلەر. ئەمما، بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن ئادەم يوق، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.
— ئىش شۇنداق بولسا، بىزنىڭ يېنىمىزدىكى ماۋۇ شۇم.
بۇيا سەل - پەل جىمىپ قالغاندەك تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى
ئايۇپ فۇگۇەن.
— بۇنىڭ سەۋەبى ئۆزىڭىزگە مەلۇم. ئۇ قورساق تىڭشاپ
قالدى. قوزغىلاڭچىلار يېڭەرمۇ؟ ياكى شېڭ شىسەي يېڭەرمۇ؟
دەۋاتىدۇ. ئەگەردە شورالار ھۆكۈمىتى بۇ قېتىممۇ بۇرۇنقىدەك
ئەسكەر چىقىرىپ شېڭ شىسەيگە ياردەم بەرسە ئۇ چوقۇم بىزگە
ھۇجۇم باشلايدۇ، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.
— شۇڭا، پەخەس بولايلى. ھوشيار بولايلى دېمەكچىمۇ -
سىز؟ — دېدى ئايۇپ فۇگۇەن.
— شۇنداق ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئايرودروم قۇرۇشقا
كەلگەنلەر ياقۇپ يىڭفۇغا ھەمكارلىشىدۇ، — دېدى تۇردى
يىڭجاڭ، — ئەھۋال ئېغىر ھەم مۇرەككەپ. خىيال قىلساڭ
قورققۇڭ كېلىدۇ. يەنە ھاۋارايى پونكىتى قۇرۇۋاتقانلارمۇ بار.

— ئامال بولمىسا تارىم بويىغا چېكىنەرمىز، — دېدى ئا-
يۇپ فۇگۇەن.

— ھاجى ئاكامغۇ كەتتى. ئەگەردە ئابدۇنىياز ھالاك بولسا
بۇ ئىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. خەلق ئۇرۇشتىن تويدى.
بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، — دېدى تۇردى يىڭ-
جاڭ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — ئەل ئىچىدە ئابرويىمىز يوق.

— ئۇھ. . . — دېدى ئايۇپ فۇگۇەنمۇ ئۇلۇغ - كىچىك
تىنىپ، — سىز نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز يىڭجاڭ؟

ئۇلار شۇ كۈنى خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئايۇپ فۇگۇەن
شۇنچە يىلدىن بۇيان تۇردى يىڭجاڭنى بۇنداق ئەھۋالدا كۆرمىگە-
نىدى ھەم ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۆت - بەش يىلدىن بۇيان
ئۆزمەي جەڭ قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر بولسىمۇ، ھازىرغىچە
بۇ گۇنكىدەك ئۈمىدسىزلەنمىگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بەكمۇ
يېتىمسىرەپ قالغاندەك ئاجىز ھېس قىلىشتى.

* * *

ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى تەبىئەت ئۆزىنىڭ يازغا خاس
يېشىل مەخمەل تونىنى سېلىۋېتىپ، كۈزگە خاس ئالتۇن رەڭ
كىمخاب تونىنى كىيدى. كۈز شامىلى سارغايغان غازاڭلارنى
ئۇچۇرتۇپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ باشقا جايلاردىن بىر ئاي
كېيىن قىش بولىدىغان بۇ يۇرتتا ھاۋا خېلىلا ئىللىق ئىدى.
ئەتىگەن - ئاخشامدا ئازراق سوغۇق بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا
پەرۋا قىلمايتتى. ھاشخان بولسا ھەر كۈنى ياقۇپ يىڭفۇنى
پايلاشنى داۋاملاشتۇراتتى. يېقىندىن بۇيان ياقۇپ يىڭفۇنىڭ ھە-
رىكىتى بىرئاز جانلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، شورالار ھۆكۈمى-
تى ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ قەشقەردە،
كۇچادىكى ئايرودرومنى ئېلىش ئۇرۇشىدا ئايروپىلان، تانكىلار-

نى ئىشقا سېلىپ ماخۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ بىرلەشمە قو-
شۇننى مەغلۇپ قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار داۋاملىق
شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەبەر
بەرمەكتە ئىدى. نەتىجىدە شېڭ شىسەيگە قارشى ئىككىنچى قې-
تىملىق قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەرلىشىپ قالغانى-
دى. بۇ توغرىدىكى خەۋەرلەرنى ئايغاقچىلار داۋاملىق يەتكۈزۈپ
تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل سۇسلىشىپ قالغان ياقۇپ
يىڭفۇنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى جانلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ-
غا چاقىلىققا ئايرودروم قۇرۇشقا ۋە ھاۋارايى پونكىتى قۇرۇشقا
كەلگەن رۇسلار بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى ئالاھىدە
مەدەت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. تۆت - بەش يىلدىن بۇيان ئازادلىق
ئۈچۈن جەڭ قىلىپ كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار چوڭ ئوكياندا
كومپاسسىز، خەرىتىسىز قالغان كېمىگە ئوخشاپ قالغانىدى.
قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئال ئۇلارنى قىيناپتتى. تۇر-
دى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن قاتارلىق زور بىر تۇركۇم كىشىلەر
«ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشسەڭ كۆتۈم ئاغرىدى دېمە» دېگەن
تەمسىلدە چىڭ تۇرۇۋاتاتتى. ياقۇپ يىڭفۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا
چۈشكەن بىر قىسىملار كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ چۈشكۈن-
لەشكەنىدى.

ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا بىر ھەپتە قالغاندا يا-
قۇپ يىڭفۇغا ئايرودروم قۇرۇشقا كەلگەنلەردىن بىرسى شېڭ
شىسەينىڭ يېڭى پەرمانىنى يەتكۈزدى. بۇ تېلېگرامما ئارقىلىق
ئەۋەتكەن پەرماننىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«خوجىنىياز ھاجى[1] خائىنلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ
شايكىلىرى بىلەن قولغا چۈشتى. سەن ياقۇپ يىڭفۇغا شۇنى
بۇيرۇيمەنكى 1 - نويابىرغىچە شۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارنى بىر

---

① خوجىنىياز ھاجىم 1937 - يىل 12 - ئۆكتەبىردە تۇتقۇن قىلىنغان.

ياقلىق قىلىشىڭ كېرەك. كىچىكسەڭ ھەربىي سوتقا تارتىلى-
سەن».

— ۋاقتى كەلگەندە بىز سىلەرگە ياردەملىشىمىز، — دېدى تېلېگراممىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئىشەنچ بىلەن.

— ماقۇل. مەن دەرھال ئورۇنلاشتۇراي دېدى ياقۇپ يىگى-
فۇ، — ۋاقتىنى مەن سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن.

* * *

1937 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۈمە. ھاۋا ئوچۇق. كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى شەرق تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇراتتى. بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا بازار ئەتىگەندىلا قىزىپ كەتكەنىدى. ھەممە ياقتىن سەۋزە - پىياز بىلەن قوي يېغىنىڭ لەززەتلىك پۇرىقى كېلەتتى. باققاللار ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەرنى ماختاپ توۋلىشاتتى. ناۋايلار توختىماي خېرىدار قىچقىراتتى.

— ياغ يەپ كەت، ياغ يەپ كەت....

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ياقۇپ يىگىفۇ شورالار ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ھاكىم زۇنۇن ئىبسلاموفنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن بۇيرۇقنى ئۇنىڭغا بەردى. زۇنۇن ئىبسلاموف خەتنى كۆرۈپ خېلى ئۇزاق لام - جىم دېمەي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ياقۇپ يىگىفۇغا بېشى بىلەن سىرتنى ئىشارەت قىلدى. ئارقىدىن ئۆزىمۇ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى شۇ يەردە يەنى ئىمىن بەگنىڭ جايىدا ئىدى. ئۇ ئىشخانىسىنى ئاچتى. چۈنكى، ئۆيدە ئۇنىڭ ئايالى بار ئىدى.

— مېنى قوزغىلاڭچىلار ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ لېكىن مەن يەنىلا شىڭ دوبەن ئەۋەتكەن ھاكىم. مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ — دېدى ئۇ.

— سىلى ئەتىلا بۇ يەرنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللىرىغا ئالىلا. شۇڭا، بۇ ئىشتا سىلىنىڭ قانداق ياخشى مەسلىھەتلىرى بار ئىكەن؟ دەپ كەلدىم، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ ھاكىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ئەمىسە ئىشنى قاچان باشلايسىز؟ — دېدى ياقۇپ يىڭفۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن زۇنۇن ئىسلاموف.

— بۈگۈن كېچىدىلا.

— شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈم شۇكى ئىنىم، ئامال بولسا قان تۆكۈلمىگىنى تۈزۈك. ھەر ئىككى تەرەپتە قورال بار، چىرايلىقچە ھەل قىلغىلى بولماسمۇ؟

— كۆرەش قانسىز بولمايدۇ، — دەپ دوق قىلدى ياقۇپ يىڭفۇ، — بۇ ئەزەلدىن شۇنداق. چىرايلىقچە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار رېئاللىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. بولۇپمۇ تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن، تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئالۋاستى خوتۇنى. ئۇ ھەممىدىن يامان. يەنە بىر قانچىسى بار، شۇلارنى يوقاتماي تۇرۇپ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

— ئامال بار ئۇكام قان تۆكمەيلى، — دېدى زۇنۇن ئىسلاموف يالۋۇرغاندەك قىلىپ، لېكىن ئۇنىڭ گېپى ياقۇپ يىڭفۇغا ياقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىر ئاز ئولتۇردى. زۇنۇن ئىسلاموف ياقۇپ يىڭفۇغا خېلى نەسىھەت قىلدى.

— قېرى لامزەللە، — دەپ تىللىدى ياقۇپ يىڭفۇ زۇنۇن ئىسلاموف بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، — دەۋاتقان گېپىنى قاراڭ. «قان تۆكمەڭ» دېگىنى نېمىسى؟ توخۇ يۈرەك. . . ئۇ ئاشۇنداق غودۇڭشىغاچ «غوجامنىڭ يوق ۋاقتىدا كۆزۈمنى ئالايتىۋالدىم» دېگەندەك ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغاچ، بازاردىن گۆش - ياغ، گۈرۈچ، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

— نېمانداق جىق نەرسە ئېلىۋالدىلا؟ — دەپ سورىدى خو-

تۈنى ئۆنگدىن.

— ھاشىخان ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغاندىن بۇيان تالا - تۈزگە تولا چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا ئېرى ئۆنگغا ۋاپاسىزلىق قىلدى، كۆنداشلىقنىڭ دەردى يامان بولىدۇ، ئۇ يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ قالغاندۇ. ئاخشاملىقتا مۇشۇ سارايدا ئولتۇرۇۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ ئاياللىرىنى چاقىرىپ بىر ئولتۇرۇش قىلىپ بەرگىن. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسۇن، — دېدى ياقۇپ يىڭفۇ ئايالىنى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

— ماقۇل، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى جەمىلىخان ھەيران بولۇپ، چۈنكى ياقۇپ يىڭفۇ ئادەتتە ھاشىخانغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆزى بىلەن تۇرغاننى كۆرۈپ قالسا، «ئۇ نېمە دېدى؟» دەپ كوچىلاپ سورايتتى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئېرىنىڭ بۈگۈنكى ئىشىغا زادىلا ئەقلى يەتمىدى.

ياقۇپ يىڭفۇ خوتۇنىغا ئىش تاپشۇرغاندىن كېيىن مەخپىيەت-لىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزى توختى لاۋيىنى ئىزدەپ باردى.

— سىز بۈگۈن كېچە باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ شەھەردىكى ئۆيىنى نازارەت قىلىڭ. ھەرقانداق ئادەم كىرمەكچى بولسا جايى-دا ئېتىپ تاشلاڭ، — دېدى - دە، يېنىدىن بىر دانە تاپانچىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ. چوقۇم ئورۇندايمەن، — دېدى توختى لاۋيە.

ئۇ توختى لاۋيىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، رەھىم لاۋيىنى ئىز-دەپ باراي دەپ مېڭىشىغا، كوچىدا ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان رەھىم لاۋيىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى ۋە يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ ئوراشقا باشلىدى.

— ئەجەبمۇ ۋاقتىدا ئۇچرىدىڭىز، — دېدى ئۇ رەھىم لاۋ-يىنىڭ تاماكىسىدا قولىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — بۇ-

گۈن كەچتە سىز ئابلاشويە بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىنىڭ يېزىدىكى ئۆيىنى نازارەت قىلىڭ، ھېچكىم يېقىنلاشمىسۇن. بولۇپمۇ تۇر-دى يىڭجاڭ ياكى ئايۇپ فۇگۇەن يېقىنلاشسا جايىدا ئېتىپ تاش-لاڭ، قورال ئابلا شويىدە.

ئۇ بۇ گەپلەرنى شۇنداق ئاستا قىلدىكى، ئەگەردە رەھىم لاۋيە:

— ئۇقتۇم، قەتئىي ئىجرا قىلىمىز، — دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىقىدىن ئۆزىمۇ گۇمان قىلغان بولاتتى. ئۇ رە-ھىم لاۋيىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى ۋە ئۆيىگە قايت-تى. بۇ چاغدا جۇمە ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مەخسۇت لەنجاڭ بىلەن ئاخشاملا كېلىشىپ قويغان، ئەمدى ئىشنى باشلى-سىلا بولاتتى. ئۇ ئۆيىدە بىر ئاز بىر نەرسە يەۋېلىپ، تاھارەت ئېلىپ جۇمەگە باردى. جۇمەدىن يانغان چاغدا مەخ-سۇت لەنجاڭغا:

— كېلىشكىنىمىز بويىچە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئىشنى باشلايمىز. ئايرودروم قورۇۋاتقانلارغا ئۆزىڭىز خەۋەر قى-لىڭ، — دېدى.

— ئۇقتۇم. سىز بۇ يەردىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ، مەخسۇت لەنجاڭ بازارنى ئىشغال قىلىپ، ھاكىمنى تۇتقۇن قىلىش، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش، ۋە باشقا تار-ماقلارنى قولغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

* * *

شۇ كۈنى قاش - قارايغان چاغ. قۇياش دۇنيانىڭ يېرىمىنى يورۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئىككىنچى تەرىپىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ قارشى

تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. تەبىئەت ئۆزىنىڭ تۈن پەردىسىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى. كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن رەسمىي قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا ناسىربەگنىڭ شەرققە قاراپ تۇرغان ناھايىتى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭگە سېلىنغان تاختا كۆۋرۈكتە ياقۇپ يىڭفو پەيدا بولۇپ قالدى. كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇرغان قاراۋۇل ياقۇپ يىڭفۇنى كۆرۈپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ تىك تۇردى.

— يىڭجاڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ يىڭفۇ قاراۋۇلدىن.

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى قاراۋۇل.

— يىڭجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىدى. بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىشىم مۇمكىن. سەن ئاتنى ئوتقا قويۇۋېتىپ چىق، — دەپ ياقۇپ يىڭفۇ ئاتنىڭ جولۇۋۇرىنى قاراۋۇلغا تۇتقۇزدى - دە، ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى شۇنداق تېزلىكتە ئېلىۋالدى، — سەن چىققىچە قاراۋۇللۇقنى مەن قىلىپ تۇراي.

شۇنداق قىلىپ ياقۇپ يىڭفۇ ھېچ كۈچىمەيلا قاراۋۇلنى قورالسىزلاندۇردى. قاراۋۇل بىر ئالدىغا بىر كەينىگە قاراپ ئاتنى يېتىلەپ ئاتخانا تەرەپكە كەتتى. ياقۇپ يىڭفۇ مىلتىقنىڭ چاقمىقىنى قايرىپ ئۇنىڭ ئىچىدە ئوق بار ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— خۇدايىم ماڭا مەدەت بەردى، — دەپ ئويلاپ كۆڭلىدە بۇ ئىشتىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتى - دە، ناسىر بەگنىڭ ئايۋىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئايۋاننىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى ئۆي تۇردى يىڭجاڭنىڭ ياتىقى ئىدى. ئۇنى ياقۇپ يىڭفۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۆيدە تۇردى يىڭجاڭ مورا ئوچاقتىكى سۇس كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئو-

نىڭ ئايالى گۇلىستانخان بىلەن ئايۇپ فۇگۇەننىڭ ئايالى تۇرد-
خان ئاشخانىدا ئىدى. ئۆينى جىنچىراغ سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى.
شۇ ئارىلىقتا ھاجەتكە چىققان ئايۇپ فۇگۇەن، ياقۇپ يىڭفۇنىڭ
مىلتىق كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى غىل - پال كۆرۈپ
قېلىپ، ئۇمۇ ئالدىراپ ئايۋانغا قاراپ يۈگۈردى. ھاۋا بىر ئاز
سوغۇق بولغاچقا ئۆينىڭ ئىشىكى بوشراق يېپىقلىق ئىدى.

ياقۇپ يىڭفۇ ئىشىكنى پۇتى بىلەن ئېچىپ كىرگىنىچە تۇردى
يىڭجاڭغا قاراپ ئوق چىقاردى. لېكىن، ئوق بېرىپ تامغا تەگ-
دى. ياقۇپ يىڭفۇ ئىككىنچى قېتىم چاقماقنى باستى. ئەمما،
مىلتىق ئېتىلمىدى. مىلتىقتا پەقەت بىر تالىلا ئوق بار ئىدى.
ياقۇپ يىڭفۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئوق چىقارغانلىقىنى كۆرگەن
تۇردى يىڭجاڭ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ غەربىي تېمى-
دىكى دېرىزىگە قاراپ يۈگۈردى. ياندىكى تاپانچىنى ئېلىشقا ئۈل-
گۈرمەيتتى، ئېسىلسا كۈچى يەتمەيتتى. شۇڭا، ياقۇپ يىڭفۇ
مىلتىقنى تاشلاپ، ئىشىك دەملەيدىغان ئۇزۇن ياغاچنى قولىغا
ئېلىپ تۇردى يىڭجاڭنىڭ بېشىنى چەنلەپ ئۇردى. ئەمما، تۇر-
دى يىڭجاڭ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغاچقا ياغاچ ئۇنىڭ
بېشىنى سۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ياقۇپ يىڭفۇ ئىككىنچى قېتىم
ياغاچنى كۆتۈرگەندە يېتىپ كەلگەن ئايۇپ فۇگۇەن ئۇنى ئېتى-
ۋەتتى. تۇردى يىڭجاڭ بىر تېپىك بىلەن دېرىزىنى سۇندۇرۇپ
سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن، ئۆزىنى توختىتىپ ئالالماي ئۆي-
نىڭ كەينىدىكى كۆلگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ۋاقتىدا
يېتىپ كەلگەن ئايۇپ فۇگۇەن تۇردى يىڭجاڭنى قۇتقۇزۇپ قال-
دى. بۇ ئىشلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بەردى.
ئوق تەككەن ياقۇپ يىڭفۇ مەيدىسىنى چاڭگاللىغىنىچە لەيلەپ
بېرىپ سۇس ئوت كۆيۈۋاتقان مورا ئوچاققا يىقىلدى. شۇنىڭ
بىلەن پۈتۈن ناسىر بەگنىڭ جايىدا (بەگ مەھەللىسىدە) پاتىپا-

راقچىلىق باشلىنىپ كەتتى.

ئەھۋالنى ئۇقالماي قالغان تۇردى يىڭجاڭ كۆلنىڭ مۇزدەك سۇيىدىن تەستە چىقىپ، ناسىر بەگنىڭ بىغىدىن ئۆتۈپ توختا- خۇن ئايدىڭۋاشنىڭ ئالمىلىق بىغى ئارقىلىق شىمال تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ يەردىن ئىككى كىلومېتىرچە ماڭسا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ يېزىدىكى جايىغا باراتتى. ئۇ باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ جايىغا بېرىپ، ئەزەلدىن ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئائىلىدىن بىر ئات، بىر ئاز ئوزۇق، كىيىم - كېچەك ئېلىپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ بىر ياقتا يوشۇرۇ- نۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. لېكىن، كېچە قاراڭغۇ ئېتىزلىقلار ئېگىز - پەس بولغاچقا ماڭماق ناھايىتى تەس ئىدى. شۇنداقلا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا تاشقى كىيىملىرى ئاستا - ئاستا قېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا قورال بولمىغاچقا ئېھتىيات قىلمىسا تېخىمۇ بولمايتتى. ئۇ بارغانسېرى سوغۇقتىن تىترەپ كېتىۋا- تاتتى. ئۇ يېرىم يولغا بارغاندا چىشلىرى كاسىلداشقا باشلىدى. ئامالسىز يول بويىدىكى قۇربان سوپىنىڭ يوغان دەرۋازىسىنى قاقتى. خۇپتەنگە تاھارەت ئېلىۋاتقان ئۆي ئىگىسى تۇردى يىڭ- جاڭنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ھەيران بولغانلىقىدىن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ماڭا ئۇستۈمگە كىيگۈدەك بىر نەرسە، بېشىمغا بىر تۇماق بەرسىڭىز ئاكا، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ.

— ماقۇل ئۇكام، — دەپ ئېگىز بويلۇق كوسا ئادەم، ئۆي- گە كىرىپ كېتىپ بىر دانە ئۇزۇن جۇۋا، بىر دانە كونا تۇماق ئاچىقىپ بەردى. تۇردى يىڭجاڭ دەرھال جۇۋا بىلەن تۇماقنى كىيدى ۋە ئۆي ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۆز يولىنى داۋاملاش- تۇردى. ئۇ ئەمدى ئەندىشە قىلمىسىمۇ بولىدۇ. بىردەمدىلا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ مانا شۇنداق

شېرىن خىياللار بىلەن كېتىپ باراتتى. . . .
بۇ چاغدا ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار پىلدىرلاپ تۇراتتى. ناسىر بەگنىڭ جايى تەرەپتىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭ-لىنىپ تۇراتتى. گاھىدا بۇ ئاۋازلار ئۆزىنى چاقىرغاندەك ئاڭلى-ناتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ جايىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئاياغ ئاستىدىكى قۇملۇق يولنى غىچ - غىچ قىلىپ دەسسەپ كېتىپ باراتتى. يەنە بەش يۈز قەدەم ماڭسىلا باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ جايىغا يېتىپ باراتتى. ئۇ قۇربان سوپى بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ يەرلىرىنىڭ پاسىلىدىكى ئېگىز ئېرىققا يېتىپ كەلدى. ئېرىقنىڭ چۆرىسىنى قومۇش، بۆيا، قىياق، چىغ قاتارلىق سارغىيىپ كەتكەن سامان غوللۇق ئۆسۈمە-لۈكلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنى توخ-تاتتى.
— توختا كىم سەن؟
— بۇ مەن، — دېدى تۇردى يىڭجاڭ. ئۇ خېلىلا ئىسسىپ قالغانىدى.
— تۇردىكامۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە ھېلىقى ئاۋاز. بۇ ئاۋازنى تۇردى يىڭجاڭ تونۇدى ھەم خۇش بولدى، دېمەك ئۆز ئادەم دەپ ئويلىدى.
— ئابلا شويىمۇ سەن؟
— ھەئە. يېنىڭىزدا كىم بار؟ — دېدى ئابلا شويە.
— يالغۇز. . .
تۇردى يىڭجاڭ شۇنداق دېيىشىگە ئۇنىڭغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. ئۇ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە يىقىلدى. قەيسەر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى، ما-جۇڭيىڭ، ماخۇسەنلەرمۇ، شېڭ شىسەيمۇ ئۆلتۈرەلمىگەن، تا-

لاي جەڭلەردىن ساق ـ سالامەت چىققان قەھرىمان جەڭچى تۇردى بەكرى ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان خائىنلارنىڭ ئوقىدا ئەنە شۇنداق قۇربان بولدى.

ئابلاشويە بىلەن رەھىم لاۋيە يېرىم سائەتچە شۇ يەردە ئولتۇردى. كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۇرگەن قاتىل رەھىم لاۋيە تۇردى يىڭجاڭنىڭ بۇرنىغا قولىنى تۇتۇپ باقتى:

— ئۆلۈپتۇ، — دېدى ئۇ. بۇ چاغدا ئايۇپ فۇگۇەن باشچىلىقىدىكى تۇردى يىڭجاڭنىڭ يىگىتلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىشىۋاتاتتى. ئاياغ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ بۇ ئىككى مەلئۇن تىكىۋەتتى. ئۇلارنى تۇن پەردىسى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇلار ئىككىسى قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئادەملەرنىڭ يىغلاشقان، قاتىللارنى تىللىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ قورققانلىقىدىن پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۆز خوجايىنى ياقۇپ يىڭفۇغا خەۋەر قىلىشقا ئالدىراپ كېتىپ باراتتى. شۇ كېچىسى قوزغىلاڭچىلار كۆز يۇممىدى. ئۇلار ناسىر بەگنىڭ جايىدىن باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ جايىغىچە، باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ جايىدىن جەرەن بۇلاقىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنى قويماي ئاختۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، قاتىللارنى زادىلا تاپالمىدى.

*       *       *

— يىغلاڭلار باللىرىم يىغلاڭلار! — دەيتتى باھاۋۇدۇن ھاجىم ئوغۇللىرىغا، — ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۇچۇن شېھىت بولغان غازىلار ئۇچۇن يىغلاڭلار!

ئۇ ئۆزى گەپ قىلىۋاتسىمۇ، كۆزىدىن چىققان ياش ساقىلىنى بويلاپ مەيدىسىگە ئاقاتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە شۇ ئۆيدىكى ئىشلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى بەللىرىگە ئاق

باغلاپ يىغلاشماقتا ئىدى.

— ۋاي قېرىنداشىم، ئاھ قېرىنداشىم...

«ئۆلگەننىڭ ئېتى توقۇغلۇق» دېگەن گەپ راست ئىكەن. تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ:

— تۇردى يىگىتچاڭنى ياقۇپ يىگىۋ ئېتىۋېتىپتۇ، — دېگەن پاجىئەلىك خەۋەر پۈتۈن يۇرتقا چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ تاڭ يورۇشى بىلەن باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ يېزىدىكى جايىغا ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. ئەر - ئايال، ياش - قېرى دېمەي ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى كەلمەكتە ئىدى. باھاۋۇدۇن ھاجىم كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاق باغلاپ تۇراتتى. ئۇ تۇردى يىگىتچاڭنى بەك ياخشى كۆرەتتى. تۇردى يىگىتچاڭنىڭ باتۇرلۇقى، ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولغانىدى. ئۇ تۇردى يىگىتچاڭدىن ياش پەرقى سەل - پەل كىچىك بولغان ئىككى ئوغلىغا دائىم:

— ئوغۇل بالا دېگەن تۇردى يىگىتچاڭدەك باتۇر ھەم كەڭ قورساق، مەرد ھەم ئاق كۆڭۈل بولۇشى كېرەك — دەيتتى. لېكىن، بۈگۈن بولسا ئۇ يوق. شۇڭا، ياشىنىپ قالغان باھاۋۇ-دۇن ھاجىمنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. يىغلىماي دېسە يۈرىكى ئېچىشاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ياش تۆكۈشى ئىدى.

ئالەم ئاش ۋاقتى بولغان چاغدا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئاڭلى-غانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئۆي، ئايۋان، ھويلا، كۆل بېشى، ئىشىك ئالدىدا ئادەم مىغمى-دايتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرىغا قوشۇلۇپ، ئايۇپ فۇگوەن باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ھازا تۇتۇپ يىغلاشماقتا ئىدى. ھازىدارلار دەرۋازا ئالدىدىن چوڭ يولغىچە سەپ تارتىپ

تۇرۇشاتتى. كۆل بويىدىكى مەسچىتتە موللا ئۆلىمالار مەرھۇمـ. نىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇماقتا ئىدى. كەنتلەرنىڭ ھەممىسى ھازىدارلار بىلەن:

ـــ ئەلھوكمىلىللا، ـــ دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياش تۆكەتتى. بۇگۈن يىغلىمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغانىدى. ئىچكىرىدە بولسا ھاشىخان يىغلاپ بوغۇلۇپ كەتكەنىدى.

ـ ـ غەپلەتتە قاپتىمەن ھەمراھىم، سەن بولمىساڭ ماڭا بۇ ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى بار ھەمراھىم. . . . ئۇنى ئىككى خوتۇن قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇراتتى. باھاۋۇدۇن ھاجىم پات ـ پات كېلىپ ھاشىخانغا تەسەللى بېرەتتى:

ـــ يىغلىماڭ قىزىم، ئەمدى مەرھۇمنىڭ قورسىقىڭىزدىكى بالىسىنى ئويلاڭ.

ـــ مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ! ھاجىم دادا! مەن دۇنيادا باش پاناھسىز قالدىم ئەمەسمۇ؟ ـــ دەپ ھاشىخان تېخىمۇ بەك يىغلاپ كېتەتتى. راست ئەمەسمۇ؟ ھاشىخان يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ! ھەي كاژ پەلەك. ھاشىخاننىڭ بۇ دۇنيادا پۈتۈن ياشاش ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى. ئۇ ھەممىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇنىڭ دەردىنى چۈشىنىدىغانلار بەكمۇ ئاز ئىدى.

جۈمە ۋاقتى مەرھۇم تۇردى يىڭجاڭنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، بازارنىڭ غەربىدىكى «شېھىتلىكىم» گە ئېلىپ ماڭدى. تاۋۇتقا قىزىل جايناماز يېپىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە مەرھۇمغا ئابلا شويە ئاتقان ئوق تەككەندە قان بولۇپ كەتكەن جۇۋىنى ياپتى. باش تەرىپىگە بىر دانە قاما تۇماق كىيگۈزۈپ، بىر دانە ئاپتومات بىلەن تۇردى يىڭجاڭنىڭ تاپانچىسىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئاستى. ئۇنىڭ پۈتۈن مۈلكى شۇ ئىدى. تاۋۇتنىڭ ئالدىدا قارىيىلار ھۆكمەت ئېيتىپ، جەرە سېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا

باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى، ئايۇپ فۇگۇەن، ھوشۇر لەنجاڭ، ئىبراھىم لەنجاڭ، ئارىپ لەنجاڭ ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلار بىلەن پۈتۈن يۇرت خەلقى ماڭدى. تاۋۇت قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. ھەممە ئادەم تاۋۇتنى بىردەم كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە بۇ ئىشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلەتتى. بۇ يەردە پەقەت تۇزكورلار بىلەن مەخسۇت لەنجاڭ باشچىلىقىدىكى شىڭ شىسەينىڭ غالچىلىرىلا يوق ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئۈچ كۈنگىچە ناسىر بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولغا تاشلىۋەتكەن ئۆز خوجايىنى ياقۇپ يىڭفۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ كېتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. مەرھۇم يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن باھاۋۇدۇن ھاجىم:

— دۈشەنبە كۈنى پۈتۈن يۇرت خەلقىنى مەرھۇم تۇردى يىڭجاڭنىڭ نەزىرىسىگە تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى.

1937 ـ يىل 1 ـ نويابىر كۈنى باھاۋۇدۇن ھاجىم بىر كالا، بەش قوي سويۇپ، يىگىرمە چارەك گۈرۈچ سېلىپ مەرھۇمنىڭ نەزىرىسىنى بەردى. چۈش ۋاقتىدا ئايۇپ فۇگۇەن باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار باھاۋۇدۇن ھاجىمنىڭ باشلىشى بىلەن تۇپراق بېشىغا چىقتى. بۇ چاغدا «شېھىتلىكىم» دە يېڭى، چىرايلىق بىر قەبرە قاتۇرۇلغان بولۇپ، سوۋاقلىرى تېخى قۇرۇمىغانىدى. بۇ مەرھۇم تۇردى يىڭجاڭنىڭ قەبرىسى ئىدى. ئۇلار قەبرە ئالدىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇشتى. قادىر ئىشانەم ئايەت ئوقۇدى.

— ئامىن! — دەپ ھەممەيلەن مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار باھاۋۇدۇن ھاجىم ۋە پۈتۈن يۇرت خەلقى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

ھاشىخان بولسا تۇردى يىڭجاڭنىڭ قاما تۇمىقىنى، ھەربىي كىيىمىنى كىيىپ، تاپانچىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، جىرەن

قاشقا ئېتىنى مىنىپ، خۇددى رىۋايەتلەردىكى باھادىرلاردەك ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ھەممە ئادەمنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالغان ياقۇپ يىگفونىڭ ئۆلۈكىنى ئىتلار يېرىمىنى يەپ بولغان چاغدا مەخسۇت لەنجاڭ ئادەم ئەۋەتىپ كۆمدۈرۈۋەتتى.

# ئاخىرقى سۆز

توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىركۈن نەۋرىمىز، يا ئەۋرىمىز.
——ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

مېنىڭ بۇ پاجىئەلىك تارىخىي ھېكايەم شۇنىڭ بىلەن
ئاياغلاشتى.
قەيسەر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى تۇردى بەكرد-
نىڭ خائىنلارنىڭ ئوقىدا قۇربان بولۇشى بىلەن تۆت يىل سەك-
كىز ئاي يىگىرمە ئالتە كۈن يەنى 1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ
3 ـ كۈنىدىن 1937 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە
داۋام قىلغان ھەيۋەتلىك دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى.
خوجىنىياز ھاجىم تەرىپىدىن بەلگىلەپ ئەۋەتىلگەن ناھىيىنىڭ
مۇئاۋىن ھاكىمى، قوراللىق دېھقان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كوماند-
ىرى بولغان بۇ قەھرىمان جەڭچى چاقىلىقتا ئۇدا تۆت يىل جەڭ
قىلدى. ئۇ قاراقچى ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بۇلىغان ناھايىتى
نۇرغۇن بايلىقلارنى تارتىۋالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ بۇ دۇنياغا
پاك كېلىپ، پاك كەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىد-
ىن پەقەت بىر دانە تاپانچا، ئىككى قۇر ھەربىي كېيىم، بىر
دانە دۇربۇن (ياڭ مىڭجۇدىن ئولجا ئالغان) دىن باشقا ھېچ
نەرسە تېپىلمىدى ياكى چاقىلىقتا بىرەر كەپتەرخانىمۇ سالمىدى.
تۇردى يىڭجاڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا دېھقانلار
قوزغىلىڭىنى مەغلۇپ قىلىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن

ئابلا شويە (ساراڭ شويە) ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن دادىسىنىڭ قاماققا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشى بىلەن شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولغانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ زىندانغا تاشلاندى.

1937 ـ يىل 1 ـ نويابىر كۈنى خېلى زور بىر تۈركۈم دېھقان قوزغىلاڭچىلار تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئايالى ھاشىخان ۋە ئايۇپ فۇگۇەننىڭ يېتەكچىلىكىدە چاقىلىقنى تاشلاپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا قىش قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار چىۋىنكۆلدە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ئىلاجىسىز تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئايۇپ فۇگۇەن ۋە قازاق پالۋىنى ئوسمان باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىن كەلگەن يىگىتلەر قورۇق تاغدىن ئۆتۈپ، قەدىمكى كارۋان يولى (يىپەك يولى) بىلەن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقتى. قالغانلار يەنە تىكەنلىككە بېرىپ ئىككىگە بۆلۈندى. ئارىف لەنجاڭ باشچىلىقىدىكى تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىن كەلگەن يىگىتلەر شىڭدى تېغى ئارقىلىق تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. ھاشىخان ۋە ھوشۇرلەنجاڭ قاتارلىق كورلا، لوپنۇر، كۇچادىن كەلگەن يىگىتلەر كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ كورلىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ھاشىخان كورلىغا بېرىپ مىڭ تەستە چەرچىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ 1938 ـ يىل 5 ـ ئايدا بىر ئوغۇل تۇغدى. شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ تەقىپ قىلىشى، يوقسۇزچىلىق، ئۆز ۋەتىنىڭ يېتىشمىگەنلىكى، تېببىي ياردەمنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن بالا ساق تۇغۇلغان بولسىمۇ، قەھرىمان ئانا ئۆلۈپ كەتتى. بالىغا «ئىسمائىل» دەپ ئىسىم قويدى ۋە بۇ بالىنى باشقىلار بېقىپ چوڭ قىلدى. بالا تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي ساقچىلىرى «ھاشىخان تۇەنجاڭ» نى تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەندە، چەرچىدىكى كۆپچىلىك خەلق ئۇنىڭ تۇغۇتتا ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىشپىيون ـ ساق-

چىلار ئىشەنمەي مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى ئېچىپ، تونۇيدىغانلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ئۇنى تاشلاپ كەتتى. 1952 ـ يىلىدىكى سولچىل لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ تۇتقۇندا ئۆز ۋاقتىدا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلغان بىر تۈركۈم قوزغىلاڭچىلار «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنغاندا، بۇنى كۆرگەن كورلىدىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق ھەم ۋىجدانلىق كىشىلەر ئىنقىلاب ئەۋلادى ئىسمائىل تۈردىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغان بىر سوۋېت پۇقراسىغا يالۋۇرۇپ قوشۇپ قويۇپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىۋەتتى، ئۇ ھازىر قازاقىستاندا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئايۇپ فۇگۇەنمۇ 1952 ـ يىلى قۇمۇلدا قولغا ئېلىندى. ئۇ نۇرغۇنلىغان تۈرمىلەرگە يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر 1966 ـ يىلى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېڭىسۇ دېگەن يەردىكى تۈرمىگە قامالدى. 1968 ـ يىلى چاقىلىق خەلقى يېڭىسۇنىڭ توغرا ئېرىق، كۆك ئېگىز دېگەن يەرلىرىدە تېرىقچىلىق قىلغاندا ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن ئايۇپ فۇگۇەننى تونۇۋالغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ «مەن ئايۇپ فۇگۇەن» دېگەن ۋە چاقىلىقتا قالغان كۆپلىگەن قوزغىلاڭچى دوستلىرىنى سورىغان. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا خەۋىرىمىز يوق. يوقىرىقىلار كىتابىمىزدىكى ئاساسلىق ئىجابىي شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى. كېيىنكى چاغلاردا كىتابىمىزدىكى سەلبىي شەخسلەرنىڭمۇ ئەھۋالى ياخشى بولمىدى.

1937 ـ يىل 1 ـ نويابىر كۇنى چاقىلىقتا رەسمىي شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى تىكلەندى. زۇنۇن ئىسلاموف ھاكىم بولدى. ۋاڭ جىجا ساقچى باشلىقى بولدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي لى تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى پۈتۈنلەي سوۋېت قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئۈچ مىڭ نەپەر شەرقىي شىماللىق ئەسكەرلەر كەلدى. ئۇلار كېلىپلا خەلقنىڭ يۈرىكىنى موجوش ئۈچۈن ئاقاخۇننى تۇتۇپ كەتتى ۋە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا جا-

سوُسلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدە چوڭ تېنىتىش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە بۇ كىچىككىنە ناھىيە پۈتۈنلەي ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كەتتى.
1938 - يىلى ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئوسمان شاڭيو قاتارلىق ئۆز ۋاقتىدا قوزغىلاڭغا باشلىق بولغان. لېكىن، جىددىي پەيتلەردە دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرنى شېڭ شىسەيىنىڭ ساقچى ئىدارىسى تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى ۋە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابدۇكېرىم ئەلەمنى تۇتىدىغان چاغدا شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرىدىن بەزىلەر: «ئابدۇكېرىم ئەلەم جىددىي پەيتلەردە بىز تەرەپتە تۇرغان» دېگەندە ساقچى باشلىقى ۋاڭ جىجا:
«ئۆز خەلقىدىن يۈز ئۆرىگەن ئادەم بىزگە ئەسقاتاتتىمۇ؟» دېگەن...
ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ياردەمچىسى — داڭلىق ئوۋچى مەرگەن، چېلىشچى پالۋان، ئوغلاقچى باتۇر سامساق كۆكبېشىنى خوتۈنى ئاشنىسى پاسار بىلەن بىرلىشىپ 1938 - يىلى يازدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار 1952 - يىلى «پانتۈركست» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلدى. بىر قىسمى بىر مەزگىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. شۇ چاغدىكى قوزغىلاڭچىلاردىن هازىرغىچە هايات قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. ئۇلار مېنى كۆپلىگەن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلارغا كۆپ رەھمەت. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەسىرىمدە مەلۇم سەۋەنلىكنىڭ بولۇشى چوقۇم. شۇنداق جايلىرى چىقىپ قالسا بارلىق خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھەم كىتابخانلارنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1997 - يىل 25 - ئىيۇن.
1998 - يىلى قايتا تۈزىتىلدى.

17.1.2004

图书在版编目(CIP)数据
天女下凡:维吾尔文/苏来曼·阿布都热衣木著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.11
ISBN7—228—06141
Ⅰ·天… Ⅱ·①苏…②热… Ⅲ·长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ·I247.5
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 55827 号

责任编辑:吉利力·穆罕默德
封面设计:加维兰·吉利力
责任校对:阿此亚·艾和买提

天女下凡

(长篇小说)

苏来曼·阿布都热衣木

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路 348 号邮政编码 830001)
乌鲁木齐市第十四中印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 15.75 印张 2 插页
2000 年 11 月第 1 版 2000 年 11 月第 1 次印刷
印数:1—3000
ISBN7 — 228 — 06141—1/I·2265 定价:22.00 元